ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئەلقۇننىڭ ئانا يۇرتتىكى ساياھىتى

(باللار رومانى)



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئەلقۇدنىڭ ئانا يۇرتىدىكى ساياھىتى

## ئەخمەتجان قۇربان سابىرنىڭ بالىلار ئۈچۈن نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرى

1. كالتە قۇيرۇق چاشقان
2. بالىلار يۇمۇرلىرى
3. بالىلار چاقچاقلىرى
4. تونۇر بېشىدىكى چۆچەكلەر (3 قىسىم)
5. ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە رەسىملىك بالىلار تېپىشماقلىرى (5 قىسىم)
6. ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە قىزىقارلىق سوئال ـ جاۋابلار (10 قىسىم)
7. ئۇيغۇر بالىلار تېپىشماقلىرى
8. ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى
9. ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى
10. ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى
11. ئەلقۇدنىڭ ئانا يۇرتىدىكى ساياھىتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى


ISBN 978-7-5631-2191-5

9 787563 121915 >

（民文）定价：26.00元



ئاپتور ئەخمەتجان قۇربان سابىرى تۇرسۇن قۇربان (ئوڭدىن بىرىنچى كىشى)، تۇرسۇنمۇھەممەت
پەخرىدىن (سولدىن ئىككىنچى كىشى)، نۇرمۇھەممەت زامان (سولدىن بىرىنچى كىشى) قاتارلىق
ئۇستازلىرى بىلەن بىللە



تەسەۋۋۇر كەپتىرىم ئەلقۇد بىلەن بىللە ئانا يۇرتۇمنىڭ ئىللىق قۇچاقلىرىدا سەيلە قىلغاندا سۆيۈملۈك بالىلارنى گۈزەل فانتازىيىلىك دۇنيادىن بەھرە ئالدۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. بۇ رومانىم ئەنە شۇ ئىستىكىمنىڭ كىچىككىنە جىلۋىسىدۇر.

— ئاپتوردىن

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئەلقۇدنىڭ ئانا يۇرتتىكى ساياھىتى

( بالىلار رومانى )



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئالىيە ئابدۇكېرىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىيە ئابدۇكېرىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن
قىستۇرما رەسىم سىزغۇچى: تۇرسۇن ئىسھاق

# ئەلقۇدنىڭ ئانا يۇرتتىكى ساياھىتى

(بالىلار رومانى)

ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

*   *   *

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى No14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm X 1230mm ، 1/32، باسما تاۋىقى: 12.25
2008 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

*   *   *

ISBN 978 – 7 – 5631 – 2191 – 5
باھاسى: 26.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

1 . خاسىيەتلىك تۇمار ........................ 1
2 . تۇمارنىڭ تۇنجى كارامىتى ........................ 8
3 . سايرام كۆلى........................ 14
4 . سايرامنىڭ ئاستىدا ........................ 21
5 . ئىلى دەرياسى ........................ 29
6 . دەريا ئۈستىدە ........................ 38
7 . بوغدا تاغلىرى ۋە بوغدا كۆلى ........................ 42
8 . ئويۇن غارى ........................ 48
9 . ئۈرۈمچىدە........................ 56
10 . جەنۇبىي تاغدىكى كېچە ........................ 63
11 . كارىزدىكى چۈش ........................ 72
12 . ئەلقۇد ئېيتقان ھېكايە ........................ 81
13 . قاناس ........................ 89
14 . ئالتاي تاغلىرى ........................ 94
15 . جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى ئېزىقىش ........................ 102
16 . دىنوزاۋر دەۋرىدىن قايتىش ........................ 108
17 . تەڭرىتاغدا........................ 115
18 . مۇز ئاستىدىن چىققان مەخلۇق ........................ 124
19 . ئەلقۇدنىڭ جاسارىتى ........................ 131
20 . تاغدىكى شادلىق ........................ 137
21 . ئويۇن ........................ 145
22 . ئەلقۇدنىڭ شاھ بولغانلىقى ........................ 153
23 . ئەلقۇد قومۇلدا........................ 163
24 . مەكتەپتە ........................ 171
25 . ئالتۇنتاغدىكى چۆچەك ........................ 180

26 . شادلىق بايرىمى ........................ 189
27 . غايىب بولغان گۈلزارلىق ........................ 198
28 . باغراشتىكى ھېكايە ........................ 206
29 . باغراشتىكى يېشىل ھويلا ........................ 212
30 . قومۇش سانغۇننىڭ ھېكايىسى ........................ 219
31 . بايىنبۇلاقتىكى يىغىلىش ........................ 227
32 . جىن راست بارمىدۇ ........................ 236
33 . تەكلىماكان ........................ 243
34 . تەكلىماكاندىكى ئالۋۇن ........................ 251
35 . تارىم دەرياسى ........................ 258
36 . لوپنوردىكى ئوتاقتا ........................ 267
37 . قارا ئۆمۆچۈك ........................ 274
38 . ياخشىلىق غارى ........................ 282
39 . مەھەللىدىكى ھېكايە ........................ 289
40 . قىشلىق تەتىلدىكى ئىشلار ........................ 297
41 . مېھرىبانلىق ........................ 304
42 . نورۇز سەيلىسى ........................ 310
43 . سۇغا چۆمۈلۈش ........................ 317
44 . قەشقەردە بىر كۈن ........................ 324
45 . قەشقەرگە قايتا سەپەر ........................ 329
46 . ئەلقۇد خوتەندە ........................ 336

# 1 . خاسىيەتلىك تۇمار

يازلىق تەتىلدە ئۆز مەھەللىسىدە قانغۇدەك ئويناۋاتقان ئەلقۇدنىڭ تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى كۆرۈپ باققۇسى، ئۇ يەرلەردىكى تۇرلۇك يېڭىلىقلار بىلەن ئۇچراشقۇسى كېلەتتى. بوۋىسى ھەسەن مۇدىر ئېلىپ بەرگەن ئانا يۇرتىنىڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئانا يۇرتنى سەيلە قىلىش، چۈشىنىش ئارزۇسى كۈچەيدى. ئەلقۇد بوۋىسىدىن ئالغان ئانا يۇرتىنىڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت كىتابلارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇيتتى. ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى؛ تۆمۈر، خانتەڭرى، بوغدا چوققىلىرى؛ باغراش، سايرام، بوغدا كۆللىرى؛ تارىم، ئىلى دەرياسى، تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقى؛ خىسلەتكە تولغان ئالتاي، ئالتۇن تاغلىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يېڭى، قەدىمىي ماكانلار . . . ئەلقۇدنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگۈسى، ئۇ يەرلەردىكى بايلىقلار ھەم گۈزەل مەنزىرىلەر بىلەن تونۇشقۇسى، ئۇ يەرلەردىكى بالىلار بىلەن ئوينىغۇسى كېلەتتى. تاغىسى ئەكرەمنىڭ ئەلقۇدنى باشلاپ، ئۇ يەرلەرنى ئايلاندۇرۇشقا ۋاقتى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ مىنىبۇسىنىڭ قاتناش دائىرىسى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئاشۇ چەكلىك لىنىيىدە كىرا قىلىپ پۇل تاپاتتى. ئەلقۇدنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ئۆزى تېخى كۆرۈپ باقمىغان مەھەللىلەرگە بېرىپ بولسىمۇ سەيلە ـ ساياھەت قىلغۇسى كەلدى. شۇڭا، ئۇ قىزىلقۇم مەھەللىسىگە بارماقچى بولدى. تاغىسى ئەكرەم مىنىبۇسى بىلەن ئۇ يەرگىمۇ قاتناپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ئەلقۇدنىڭ دادىسى ئەنۋەر ئاكىنىڭ دوستى ئىدرىس ئاكىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئۇلار دائىم ئەلقۇدلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇراتتى. ئىدرىس ئاكىنىڭ ئىلدوس ئىسىملىك ئوغلى ئەلقۇدنىڭ يېقىن دوستى ئىدى.

— بوپتۇ ، تەتىل بولغاندىن كېيىن كاللىسىنى سەگىتىپ ئويناپ كەلسۇن ! — دېدى ئەلقۇدنىڭ ئانىسى جەۋھەرگۇل ھەدە مۇلايىملىق بىلەن .

ئەلقۇدنى تاغىسى ئەكرەم قىزىلقۇمغا — ئىلدوسلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى . تەتىلدە زېرىكىپ ئولتۇرغان ئىلدوسمۇ ئەلقۇدنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى .

قىزىلقۇم قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان بوستانلىق مەھەللە ئىدى . قۇملۇقلار ئارىسىدا بۇنداق گۈزەل ، يېشىل مەھەللىنىڭ بارلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى . مەھەللىنىڭ ئەتراپى تۈرلۈك ئىپاتە ئورمانلىرى بىلەن قورشالغاندىن باشقا ، مەھەللىدىكى باغلار ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى . ئىلدوس ئەلقۇد- نى ئاشۇ باغلاردىكى تۈرلۈك مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكۈزدى . بۇ يەردە- كى باغلارنىڭ قورۇ تاملىرى يوق بولۇپ ، ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . سەيلىدىن كېيىن ئىلدوس ئەلقۇدنى ئېلىپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىردى . قۇم بارخانلىرى يۇلغۇن ، چاكاندا ، يانتاق ، سۆكسۆك قاتارلىق چاتقاللار بىلەن ئورالغان بولۇپ ئۆزگە- چە تۈس ئالغانىدى . بۇ قۇملۇقنىڭ بىر ئۇچى يېشىل ئېتىزلىقلارغا ئايلىنىپ ئىلى دەرياسى بىلەن تۇتىشاتتى .

— ئەنە ئاۋۇ ئىلى دەرياسى ، — دېدى ئىلدوس پارقىراق لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان ئېقىننى كۆرسىتىپ ، — دەريانىڭ قارشى قىرغىقى چاپچال ناھىيىسى . كۆردۇڭمۇ ، ئاۋۇ كۆۋرۈك تېخى يېقىندىلا پۈتۈپ ، بىزگە چاپچال ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھىرى- نى يېقىنلاشتۇردى .

ئەلقۇدنىڭ بۇ يەردىكى ئورمانلىقلار ئارىسىدا ئوينىغۇسى بار ئىدى . بىراق ، ئىلدوس ئۆيدىكىلەر ئىزدەپ قالمىسۇن ، ئۆيگە كې- تەيلى دېگەچكە ، ئامالسىز قايتىپ كەلدى .

ئەلقۇد قۇملۇقتىكى ئاشۇ ئورمانلىقلارغا قانمىغانىدى . ئۇنىڭ ئورمانلىقلارغا تۇتاشقان تەبىئىي توغراقلىقلارنى سەيلە قىلغۇسى كېلەتتى . . .

ئەلقۇد بۈگۈن سەھەر ئورنىدىن تۇردى. ئىلدوس يوتقاننى بىر چەتكە تېپىۋېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئىلدوسنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ تېخى تۇرمىغانىدى. ئەلقۇد كىيىملىرىنى كىيىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، مەھەللىدىن چىقىپ يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقتى. مەھەللىدىن خورازلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىققان ئىس مەھەللە ئاسمىنىدا ئاقۇچ، كۆكۈچ تۇمان پەيدا قىلغانىدى. ھويلىلاردا بەزى ئاياللار كالا سېغىۋاتاتتى. سەھەرچى كېلىنلەر ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپىۋاتاتتى. ئەلقۇد قىزىلقۇم مەھەللىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى. ئەلقۇد قۇشلارنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سالغاچ تەبىئىي توغراقلىقلار ئارىسىغا كەلدى. توغراقلارنى يېقىن دوستلىرى بىلەن كۆرۈشكەندەك بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ قويدى. ئۇ توغراقلىقنى يېرىم سائەت ئايلانغاندىن كېيىن، يوغان توغراققا يۆلىنىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ ئولاشتى...

— ئەلقۇد، ھەي ئەلقۇد! بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ، چارچاپ قاپسەندە... — ئەلقۇد چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى. ھازىرقى ئاۋاز خۇددى ئەلقۇدنىڭ بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ئەلقۇد ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قاراپ ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قۇلاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ باقتى.

— ھەي ئەلقۇد، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! ئۈچ قېتىم سالام قىلساممۇ بىر قېتىم ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ جاۋاب بەرمىدىڭغۇ؟ — ئەمدى ئەلقۇد ئالدىدىكى بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئۈستىگە ئاق تون كىيگەن، ئاق ساقاللىق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بوۋاينى كۆردى. بوۋاي جۇلالىق ئاق نۇر ئىچىدە ئىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوۋا، بايا ئاڭلىماي قاپتىمەن، سىزنىمۇ ئەمدى كۆرۈشۈم، بولمىسا سىزگە سالام قىلاتتىم، — ئەلقۇد

ئالدىدىكى بوۋاينىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلمەي هودۇقۇپ قالدى، — هۆرمەتلىك بوۋا، سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ — ئەلقۇد تاڭ سەھەردە ئۇچراپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ جىن - شاياتۇن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى.

— مېنىڭ نەدىن كېلىشىم ئانچە مۇھىم ئەمەس، مەن ھەممىلا يەردە بار، مەن سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى، مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلارغا ياردەم قىلىمەن. مەن راست گەپ قىلىدىغان، سەممىي بالا ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. شۇڭا، ساڭا ياردەم قىلغىلى كەلدىم. سېنىڭ قانداق ئارزۇيۇڭ بار؟ ماڭا دېگىن، ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزىمەن، — ئەلقۇد بوۋاينىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. — سېنىڭ قانداق ئارزۇيۇڭ بار؟ مەن پەقەت بىرلا ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزىمەن. ئوبدان ئويلىنىپ ئەڭ مۇھىم ئارزۇيۇڭنى دېگىن!

بوۋاينىڭ ئاۋازى يېقىملىق ۋە جاراڭلىق ئىدى. ئەلقۇدنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆپ بولغاچقا، قايسى ئارزۇسىنى دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى - دە، نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك تېز جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ مۇشۇ ئانا يۇرتىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ساياھەت قىلغۇم بار ئىدى. ئۇ يەرلەرگە بارماق بەك تەسكەن. شۇڭا ئانا يۇرتىمىزنى ساياھەت قىلالايدىغان بىرەر نەرسە بولسا بولاتتى... بىراق، مەن سىز دېگەندەك ئۇنچىۋالا ئاق كۆڭۈل، سەممىيمۇ ئەمەس، مېنىڭمۇ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىم بار. شۇڭا ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئانچە لايىق ئەمەستەك تۇرىمەن...

بوۋاي خىرىلداپ كۈلدى. ئەلقۇد شوخلۇقىنى يوقىتىپ، ياۋاشلاپ قالغانىدى. بوۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سېنىڭ مۇشۇ گەپنى قىلغانلىقىڭمۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي بالا ئىكەنلىكىڭنىڭ ئىسپاتى. ھەرقانداق ئادەمدە كەمچىلىك بولى-

دۇ، بىراق ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ساڭا ئوخشاش ئېتىراپ قىلىدىغانلار ئاز. مەن ساڭا ئانا يۇرتنى سەيلە قىلىشىڭنى ئاسانلاشتۇرىدىغان بىر سوۋغات بەرمەكچىمەن، — شۇ چاغدا بوۋاينىڭ قولىدا نۇر چېچىپ تۇرغان تۇمار پەيدا بولدى. تۇمارنىڭ يىپىمۇ ئالماستەك جۇلالىنىپ تۇراتتى، — بۇ سېنىڭ ئانا يۇرتۇڭدىكى سەن ئىسمىنى ئاڭلىغان، كۆرۈپ باقمىغان يەرلەرگە بېرىشىڭنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك بىلەن قىلغان ئىشلىرىڭغا ياردەم بېرىدۇ. كۆڭلۈڭدە سەمىمىيەتسىزلىك، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەر باش كۆتۈرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ. قەلبىڭدىكى پەزىلەتلەر كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ ئاشىدۇ. سەن بۇ تۇمارنى قولۇڭغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە دېمەيسەن، بولمىسا تۇمار ساڭا ياردەم قىلالمايدۇ.

ئەلقۇد بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، بوۋاينىڭ تۇمارنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە دېمەيسەن دېگەن گېپى ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويدى. شۇڭا ئۇ، بوۋاي نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بوۋا، بوۋا، مەن بۇ تۇمارنىڭ سىرىنى بىلال بىلەن زىلال دېگەن ئىككى دوستۇمغا دېسەم بولارمۇ؟ مەن ئۇلاردىن ھەرقانداق سىرىمنى يوشۇرماي كەلگەنىدىم. شۇڭا بۇ تۇماردىن ئاشۇ ئىككى دوستۇم بىلەن بىللە پايدىلانسام بولارمۇ؟ — بوۋاي يەنە كۈلدى:

— زىلال بىلەن بىلالغا نۇرغۇن سىرلىرىڭنى دېگىنىڭ راست، بىراق، ھەرقانداق سىرىمنى يوشۇرماي كەلدىم دېگىنىڭ يالغان. دەپ باقە، سېنىڭ ھازىرمۇ ئاپاڭ بىلەن داداڭغىمۇ دېمەيدىغان نۇرغۇن سىرلىرىڭ بار، شۇنداقمۇ؟ — ئەلقۇد خىجىل بولغاندەك تىرنىقىنى تاتىلىدى، — بىراق، مۇشۇ گېپىڭدىن شەخسىيەتسىزلىكىڭنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، سەن خاسىيەتلىك تۇمارغا ئېرىشىش ئالدىدىمۇ يېقىن دوستلىرىڭنى ئويلاۋاتىسەن، مانا بۇ ياخشى بالىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت، مەن مۇشۇ پەزىلىتىڭ ئۈچۈن بول-

سىمۇ بۇ تۇمارنى ساڭا بېرىمەن . . . ئاشۇ ئىككى دوستۇڭدىن باشقىلارغا تۇمارنىڭ خاسىيىتىنى دېمە ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمگە دېمەيمەن .

— ئۇلارغىمۇ تۇمارنىڭ سىرىنى ساقلاش ھەققىدە گەپ قىلدۇ-شىڭ كېرەك .

— ماقۇل ، — ئەلقۇدنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى . بوۋاي نۇر ئىچىدە يوقاپ كەتتى . ھېلىقى تۇمار ئەلقۇدنىڭ قولىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى .

— بوۋا ، بوۋا ! — ئەلقۇد بىرنەچچە قېتىم توۋلىغان بولسىمۇ ، سادا كەلمىدى . بىردىنلا تۇماردىن ئەلقۇدنىڭ سىڭلىسى دىلراباننىڭ چۇچۇك ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋاز چىقتى :


— ئەلقۇد ، مەن تۇمار ، بوۋام ئەمدى گېپىڭىزنى ئاڭلىيالماي-دۇ ، قانداق گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ ، مېنى بوينىڭىزغا ئېسىۋال-سىڭىز بولىدۇ ، مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمگە كۆرۈنمەيمەن . بىلال بىلەن زىلالمۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ . . .

ئەلقۇد توغراققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى . توغراقلىقتا سەھەر قۇشلىرى چاڭىلدايتتى . ئەلقۇد بايىقى ئىشلارنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا قارىدى . خاسى-يەتلىك تۇمارنىڭ بوينىدا جۇلالىنىپ تۇرغانلىقى بايىقى ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . ئۇ بوينىدىكى تۇ-مارنى خۇشاللىق بىلەن سىلاپ قويدى ــ دە ، «بۇ تۇمار مېنىڭ ئانا يۇرتنى سەيلە قىلىشىمغا ياردەم قىلىدىغان بولدى ، مەن بۇنى بىر سىناپ باقاي ، سەھەردە ئىلدوسلارنىڭ ئۆيىدىن تۇيدۇرماي چىقىپ كەتكەندىم . مېنى ئۆزۈم ياتقان ئورۇنغا ھازىرلا ئاپىرىپ قويۇڭ !» دەپ كۆزىنى يۇمدى ۋە بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى . راست دېگەندەك ئەلقۇد ئۆزىنى ئىلدوسلارنىڭ ئۆيىد-ە كۆرپىنىڭ ئۈستىدە كۆردى . ئاياغ ۋە كىيىملىرىمۇ ئاخشام سالغان يېرىگە سېلىقلىق تۇراتتى . ئىلدوسمۇ بەخىرامان ئۇخلاۋاتات-تى . ئىلدوسنىڭ ئاپىسى بېلىقىز ھەدە ھويلىلارنى سۈپۈرۈۋاتاتتى .

ئىدرىس ئاكا توخۇ ، غازلارغا دان بېرىۋاتاتتى . ئەلقۇدنىڭ بايا توغراقلىققا چىقىپ كىرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگەنىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى ـ دە ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى ، ئىلدوسمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى .

ئەلقۇد بىلەن ئىلدوس قىزىلقۇمنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئايلاندى . ئورمانلىقلار ئارىسىدىكى كۆللەردە سۇ ئۈزۈپ ئوينىدى . قوغۇن ـ تاۋۇزلۇقلارغا بېرىپ قوغۇنچى بوۋاي پىچىپ بەرگەن تاتلىق قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى يېدى . ئۇ قىزىلقۇمدا يەنە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن ، ئەكرەم تاغىسىنىڭ مىنىبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئەلقۇد تۇمارىغا قارىسىلا ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇيتتى .





# 2 . تۇمارنىڭ تۇنجى كارامىتى

ئەلقۇد مەھەللىگە قايتىپ كېلىپ خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يۈردى . ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا تۇمارنى سىلاپ قوياتتى . «مېنىڭ خاسىيەتلىك تۇمارىم بار» دەپ ھەممە ئادەمگە دېگۇسى ، تۇمارنىڭ تۇرلۇك خاسىيەتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغۇسى كېلەتتى . بىراق ، نۇرلۇق بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ جىمىپ قالات-تى . ھېلىمۇ ياخشى بىلال بىلەن زىلالغا بۇ تۇمارنىڭ سىرىنى دېسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە رۇخسەت ئېلىۋالغىنى . ئەلقۇد : ھەسەن بو-ۋامغا دېسەم بولامدۇ دەپ ئەجەب سورىۋالماپتىمەن ، تۇمارنىڭ سىرى-نى ھەسەن بوۋامغا دېگىلى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ؟ — دەپ ئويلىدى ، — بۇ گەپنى تۇماردىن سوراپ باقاي . بۇ تۇمارمۇ گەپ قىلالايدۇ ئەمەسمۇ ، تۇمارىمنىڭ ئاۋازى سىڭلىم دىل-رابانىڭ ئاۋازىغا بەك ئوخشايدىكەن . ئەلقۇد شۇنداق خىياللار بىلەن كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى تۇ-ماردا بولغاچقا ، دوستلىرى بىلال ۋە زىلال بىلەن كۆرۈشكەن بولسى-مۇ ، تۈزۈك پاراڭلاشمىدى . ئۇلارنىڭ «ئىككى كۈندىن بېرى نەگە باردىڭ ؟ ئاڭلىساق قىزىلقۇمغا بېرىپسەن ، ئۇ يەردە قانداق ئويۇنلار-نى ئوينىدىڭلار» دېگەن سوئالىغا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىپ قويدى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ ئۆزلىرىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقىدىن خاپا بولدى .

— ھەي ، سەن قىزىلقۇمغا بېرىپ كېلىپلا ئۆزگىرىپ قاپسەن-غۇ ، خۇددى يوغان بىر يەرگە بارغاندەك ، ئۆزۈڭچە بىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن . زىلال ، ماڭە كېتەيلى ، بۇ ئۆزى يالغۇز ئوينىسۇن ! — بىلال زىلالنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى . شۇ چاغدىلا ئەلقۇد ئۇلارغا ئوبدانىراق مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ :

— ھەي ، بىلال ، قىزىق ئىكەنسەنغۇ ، مىجەزىم يوق ، ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ ، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرسام ئەجەب خاپا بولۇپ كەتتىڭلار ، — دېدى .

— ھە ، مۇنداق دېمەمسەن ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالساڭ نېمە بولدىكىن دەپتىمەن ، — بىلال پەسكويىغا چۈشۈپ ئەلتۇدىنىڭ ھويلىسى ئالدىدىكى كۆتەككە كېلىپ ئولتۇردى .

زىلال خۇددى چوڭ ئادەملەردەك ئەلقۇدىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ بېقىپ :

— بېشىڭغۇ قىزىغاندەك ئەمەس ، بىزنىڭ ئۆيدە تاۋۇز بار ، ئەكېلەيمۇ ، دادامنىڭ دېيىشىچە تاۋۇز ئىسسىقنى ياندۇرىدىكەن ، — دېدى .

— تاۋۇز كىمنىڭ ئۆيدە يوق ، داداڭ بىر تاۋۇز تېرىپ قاپتىكەن يوغان بىر نېمەڭ باردەك كەچكىچە تاۋۇزنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپسەن ، — بىلال ئۆزىچە شۇنداق دەپ قويدى .

— ھە راست ، مەن سىلەرگە قىزىلقۇمدىن تاۋۇز ئالغاچ كەلگەنىدىم . مېڭىڭلار ھويلىغا كىرەيلى ، — ئەلقۇد بىلالنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ، — قىزىلقۇمنىڭ تاۋۇزى بەك تاتلىق بولىدىكەن .

بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىردى . ئەلقۇد چايخانىدىكى سۇپىنىڭ ئۈستىگە شىرەنى قويغاندىن كېيىن ئۆيدىن يوغان بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پىچتى .

تاۋۇز ناھايىتى تاتلىق بولۇپ ، ئۇرۇقى ئاز ئىدى . تاۋۇز بىلال بىلەن زىلالغا تېتىپ كەتكەچكە بايىقى خاپىلىقلىرىمۇ يوقاپ كەتتى . بىلال زىلالنى تېرىكتۇرمەكچى بولۇپ ئاغزىنى چىكىلدىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— پاھ ، تاۋۇز دېگەن مانا مۇنداق بولمامدۇ ، بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە تاۋۇز تېرىۋاتقانلارنىڭ تاۋۇزىنى تاۋۇز دېگىلى بولامدۇ ؟ شۇنداق لاۋزا تاۋۇزنى قىممەت ساتىدىكەن تېخى . . .

— كىم قىممەت سېتىپتۇ ؟ — زىلال بىلالنىڭ نېمە مەقسەتتە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى .

— مەن سېنىڭ داداڭنى دېدىممۇ ؟ !

— دادامنى دېمەي كىمنى دېدىڭ؟

ئۇلار چۈجە خورازلاردەك ياقىلىشىپ مۇشتلىشىپ قالغىلى تاس قالدى. ئەلقۇد ئاجرىتىۋالمىغان بولسا بەلكىم ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى قان قىلغان بولاتتى.

بىلال بىلەن زىلالنىڭ ھەر ئىككىسى ئەلقۇدنىڭ يېقىن دوستى بولسىمۇ، بەزى چاغلاردا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تالىشىپ مۇشتىلىشىپ كېتەتتى. يەنە بەزى چاغلاردا قوشماق ئاكا - ئۇكىلاردەك بىر - بىرىدىن ئايرىلماي ئىناق - ئېجىل بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئەلقۇد بۈگۈنمۇ ئۇلارغا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى.

— بىز بىر مەھەللىدىكى، بىر سىنىپتىكى يېقىن دوستلار تۇرۇپ، مۇشۇنداق كىچىك ئىشلار ئۈچۈن جېدەللىشىپ، مۇشتلىشىپ يۈرسەك خەق نېمە دەيدۇ، مەن سىلەرگە سىلەر ئاڭلاپ باقمىغان، ئاڭلىساڭلارمۇ ئانچە ئىشەنمەيدىغان بىر گەپنى دەپ بېرەي. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەندىنمۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىسىلەر.

— بىزنى خۇشال قىلىدىغان قانداق گەپتى ئۇ؟ ھازىرلا دېگىنە! — بىلال بىلەن زىلال سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ ئەلقۇدتىن سورىدى.

— تېخى ۋاقتى ئەمەس، — دېدى ئەلقۇد ئۇلارنىڭ ئەپلىشىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، — مەن بۇ گەپنى چوقۇم سىلەرگە دەيمەن. لېكىن، سىلەر بۈگۈن ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن جېدەللەشمەيمىز دەپ ۋەدە بېرىشىڭلار كېرەك.

ئەلقۇدنىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىلال بىلەن زىلال ئۆزلىرىگە ئەلقۇدنىڭ پايدىلىق بىر گەپنى يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشەندى. شۇڭا، ئۇلار ئەلقۇدقا «بۇنىڭدىن كېيىن جېدەللەشمەيمىز، ئۇرۇشمايمىز» دەپ ۋەدە بەردى.

بىلال بىلەن زىلال ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئەلقۇدنىڭ تالاغا چىققۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ خىيالىنى تۇمار ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ راستىنلا مىجەزى يوق ئادەمدەك ئېچكىرىكى ئۆيگە كىرىۋالدى. ئەلقۇدنىڭ ئاپىسى جەۋھەرگۈل يوتقان - كۆرپىلەرنى سۆكۈپ يۇيۇۋاتاتتى. دادىسى ئەنۋەر ئاكا تاقاق بېشىدا ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە

چۈشلۈك تاماققىمۇ كەلمىدى . ئەلقۇد تۇمارغا قارىغىنىچە ، ئەڭ ئاۋۋال قايسى يەرگە بارساق بولار دەپ خېلى كۆپ ئويلاندى .

تۈنۈگۈنكى گەپ بويىچە بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى ئەتىگەندىلا ئىزدەپ كەلدى . ئۇلار ئەلقۇدتىن ئاڭلايدىغان ھېلىقى مەخپىيەتلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى .

ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى باشلاپ مەھەللىدىن خېلى يىراقتىكى قوناقلىققا كىردى . بۇ يەرگە ئادەتتە ئادەم ئانچە كۆپ بارمايتتى . ئۇلار قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىت ئۈزۈملەر مەي بولۇپ پىشقان يەرگە كېلىپ ئولتۇردى . بىلال بىلەن زىلال «ھېلىقى مەخپىيەتلىكنى دېمەمسەن ؟» دېگەندەك ئەلقۇدقا تىكىلدى . ئەلقۇد چوڭ ئادەملەردەك سالماق ۋە كەم سۆز بولۇۋالغانىدى .

— سىلەرنىڭ مەن بىلەن بىللە ئانا يۇرتىمىزنىڭ گۈزەل يەرلىرىنى سەيلە قىلغۇڭلار بارمۇ ؟ — ئەلقۇدنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى بىلالغا تازا ياقمىدى .

— ئاغىنە ، پايدىلىق مەخپىيەت دېگىنىڭ مۇشۇمۇ ؟ ئەمدى مەن سەن بىلەن سەيلە قىلغىلى چىقمايمەن ، بولدى ، بولدى ، بىزگە دېمەكچى بولغان مەخپىي گېپىڭ شۇ بولسا . . . زىلال بىلەن ئىككىڭلار بېرىڭلار ، ئەمسە مەن كەتتىم ، — بىلال ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى .

— گەپنى ئاخىرغىچە ئاڭلىغىنا ، سىلەر ھازىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭلار ، باشقا گەپنى شۇ چاغدا قىلىشىمىز . ئاندىن كېتىمەن ، ھېچ يەرگە بارمايمەن دېسەڭلارمۇ ئۇلگۈرىسىلەر ، — بىلال ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ ، قايتىپ كېلىپ ئىت ئۈزۈمى يېگەچ ئەلقۇدنىڭ گېپىگە پەرۋاسىز قۇلاق سالدى .

— سىلەرنىڭ ئالدى بىلەن قايسى يەرنى كۆرگۈڭلار بار ؟

— سايرامنى ! — بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنىڭ بىرلا ۋاقىتتا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇلار ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى . ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىدىن سايرام كۆلىنىڭ بويىدا ئويناپ كەلدۇق ، سايرام كۆلى بەك چىرايلىق دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى .

— ئەمىسە مەن سىلەرنى ھازىرلا سايرام كۆلى بويىغا ئاپىرى-

مەن . هازىردىن باشلاپ مەندىن ھەرقانداق سوئالنى سورىمايسىلەر . بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچىمىز كۆرگەن ۋە قىلغان ئىشنى ھېچكىمگە دېمەيسىلەر ، بولامدۇ ؟

— ماقۇل ، ماقۇل ، ۋاي - ۋۇي ، سىرلىق گەپلىرىڭ ئەجەب كۆپىيىپ كەتتى ، — بىلال بىلەن زىلال خۇشياقمىغاندەك شۇنداق دەپ قويۇپ ، ئىت ئۈزۈمى يېدى .

— بۇ گەپكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭلار ، بۇ يەرگە بۈگۈن ئىت ئۈزۈمى يېگىلى كەلمىدۇق ، مۇھىم گەپ بار دەپ كەلدۇق ، نېمانداق گېپىمگە قۇلاق سالمايسىلەر دەيمەن ، — ئەلقۇدنىڭ ئاچ-چىقى كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بىلال بىلەن زىلال ئىت ئۈزۈمى يېيىشنى قويۇپ ئەلقۇدقا تىكىلىپ قاراشتى .

— مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىسىلەر ، مەندىن ھەرقانداق سوئال سورىمايسىلەر ، مەخپىيەتلىكنى ساقلايسىلەر ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ .

— ئۇنداق بولسا كېلىڭلار ، ئۈچىمىز قۇچاقلىشايلى ، — ئەلقۇدنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى .

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ! مەندىن رۇخسەتسىز كۆزۈڭلارنى ھەرگىز ئاچماڭلار ! — ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمدى . ئۇلارنىڭ بەدىنى-گە سوغۇق شامال ئۇرۇلۇپ ، قۇلاق تۈۋىدە لەگلەكنىڭ دارقىراتمى-سىنىڭ غۇڭۇلدىغىنىغا ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇلاردا ئېگىزگە كۆتۈرۈلگەندەك ، چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ، ئۆزلىرىنى كۆچلۈك شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى . ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بايىقى ھالەتلەر يوقاپ ، ئۇلار بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ جىمجىت تۇرۇشتى .

— كۆزىمىزنى ئاچايلى ! — ئۆز گېپىنىڭ خاتا چىقىپ قېلى-شىدىن ئەنسىرىگەندەك ئەلقۇد كۆزىنى ئاستا ئاچتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ كۆزىنى ئاچتى . «پاھ !» ئەلقۇد ھەيران قالدى . بىلال بىلەن زىلال بۇ كارامەتتىن ھەيران قىلىپ ۋارقىرىۋەتتى :

— ھەي ، بالىلار ، بىز سايرام كۆلى بويىغا كەپتۇق ! بىز

قانداق كېلىپ قالدۇق؟ ئەلقۇد، سەن بىزنى بۇ يەرگە قانداق ئەكەلدىڭ؟ چۈشىمىزمۇ، ئوڭىمىزمۇ بۇ؟ — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدتىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورىماقچى ئىدى. ئەلقۇدنىڭ «مەندىن ھەرقانداق سوئالنى سورىمايسىلەر» دېگەن گېپىنى ئەسكە ئېلىپ جىمىپ قالدى.

ئاۋغۇست ئېيى بولغاچقا سايرام كۆلى بويلىرى ھەقىقەتەن گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. كۆل خۇددى زەڭگەر ئاسماننىڭ يەرگە چۈشكەن بالىسىدەك جىلۋىلىنىپ چايقىلىپ تۇراتتى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاچ تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەل مەنزىرىلەردىن زوقلانماقتا ئىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق باشلىق تاغلار، سايرام كۆلىگە تۇتىشىپ تۇرغان يېشىل يايلاقلار، كۆلنى ئوراپ تۇرغان تاغلاردىكى قارىغاي، شەمشادلار، ئوتلاقتا توپ - توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن مال - چارۋىلار، گۈل - چېچەكلەر بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئەلقۇدلار ھەممىنى ئۇنتۇپ بۇ يەردىكى تەبىئىي مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلاندى. قىرغاقتا ھەيۋەت بىلەن ئۆرۈلۈپ تۇرغان سۇدا قولىنى يۇدى. ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ كۆلنىڭ چەت قىرغىقىدىكى دولقۇنلۇق مۇزدەك سۇغا كېچىپ ئوينىدى. سۈپسۈزۈك سۇ ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان رەڭگارەڭ سۈزۈك تاشلارنى تېرىپ يانچۇقلىرىغا سالدى. بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ بۇ كارامىتىگە ھەقىقەتەن ھەيران قالدى...

# 3 . سايرام كۆلى

ئەلقۇدلار سايرام كۆلى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ئاشۇ بىلىق كۆلچەكلىرىدىن بىرنەچچە ھەسسە چوڭ دەپ ئويلىغانىدى . ئۇلار سايرام كۆلىنى كۆرگەن چاغدا ھەقىقەتەن ھەيران قالدى . كۆلنىڭ بەزى يەرلىرى ئاقۇچ تۇمانلار ئىچىدە غايىب بولغاچقا ئۇ تېخىمۇ چوڭ ۋە پايانسىز كۆرۈنەتتى .

ئەلقۇدلار خۇشاللىقىدىن چېپىپ ـ سەكرەپ يۈرۈپ ھارغىنىنىمۇ بىلمىدى . بىلال بىلەن زىلال بۇ يەرنىڭ سايرام كۆلى ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنمىگەندەك ئەتراپتىكى ساياھەتچىلەردىن ئەلقۇدقا بىلدۈرمەي سوراپ باقتى . ساياھەتچىلەر بۇ يەرنىڭ سايرام كۆلى ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقىچىلا جاۋاب بەردى . شۇ چاغدىلا ئۇلار بۇ يەرنىڭ سايرام كۆلى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى .

ئۇلار كۆلدىن ئانچە يىراق بولمىغان يېشىل ئوتلاققا كېلىپ ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى .

— بۇ كۆل قانچىلىك چوڭقۇردۇ ؟

— بۇ كۆلنىڭ كەڭلىكى قانچىلىكتۇ ؟

— مەن بوۋامدىن :

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ ،
يا ئاقمايدۇ ، تاشمايدۇ .
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلسە ،
ياش ، قېرىغا باقمايدۇ .

دېگەن قوشاقنى ئاڭلىغانىدىم . راست ، بۇ كۆلنىڭ سۈيى ھېچ يەرگە ئاقمايدىغان تۇرسا تېشىپ كەتمەمدىغاندۇ ؟

بىلال بىلەن زىلال بۇ سوئاللارنى ئەلقۇدتىن سورىماقچى بولغان

بولسىمۇ ، بىراق ، ئۇنىڭغا سوئال سورىمايمىز دەپ ۋەدە بەرگەن بولغاچقا ، بىر - بىرىدىن سوئال سوراۋاتاتتى . شۇ چاغدا تۇمار ئەلقۇدقا سايرام كۆلى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى . بىراق ، تۇمار- نىڭ سۆزىنى بىلال بىلەن زىلال ئاڭلىيالمىغاچقا ، ئەلقۇد ئۇلارغا تۇماردىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە سۆزلەپ بەردى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ سايرام كۆلى ھەققىدە بۇنداق كۆپ بىلىمگە ئىگە ئىكەنلى- كىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ھەيرانلىق بىلەن قۇلاق سالدى .

— سايرام كۆلى رايونىمىز بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز كۆللەرنىڭ بىرى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 2070 مېتىر ئېگىزلىك- تە ، كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر ، شەكلى نەشپۈتكە ئوخشاپ قالىدۇ ، ئۇنى ئوراپ تۇرغان تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى 3200 مېتىر- دىن يۇقىرى ، كۆلگە قۇيۇلىدىغان ئېقىنلىرى تىنىمسىز داۋالغۇي- دۇ ، ئەمما قىرغاقلاردىن ئاشالمايدۇ . بۇ كۆل يېپىق كۆلگە كىرى- دۇ . سايرام كۆلى يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بول- غان . ئۇنىڭ قانچە مىڭ يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىگە بىرنەرسە دېيىشمۇ تەس . ئەينى ۋاقىتلاردا كۆل سۈيى ھازىرقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى . تاغلاردا قارلارنىڭ كۆپىيىشى ، قار سۇلىرىنىڭ كۆل- گە قۇيۇلۇشى سۇ يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى پەيدا قىلغان ۋە كۆل بارغانسېرى كېڭەيگەن . سايرام كۆلىنى ئوراپ تۇرغان تاغ ۋە تاغ جىرالىرىدا بۇغا ، يولۋاس ، يىلپىز ، بۆرە ، تۈلكە ، تاغ ئۆچكىسى ، قاراقۇيرۇق ، ئارقار ۋە باشقا ھايۋانلار ياشاپ كەلمەكتە . ھەر يىلى 6 - ئايلاردىن باشلاپ توپ - توپ سۇ قۇشلىرى سايرام كۆلىدە ئۈزۈپ ناۋا قىلىدۇ .

ئەلقۇدنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ بىلال بىلەن زىلالمۇ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغاندەك بولدى .

— ھەي ، بالىلار ، — دېدى زىلال ، — بىز سايرام كۆلىنى كۆرىمىز دەپ كەلگەندىن كېيىن قانغۇدەك كۆرسەك بولاتتى . ھازىر بىز ئۇنىڭ قىرغىقىنىلا كۆردۇق . بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش پارا- خوت ، كاتېرغا چىقىپ كۆلنى قانغۇدەك كۆرمەمدۇق .

— كاتېرغا بىكارغا چىقارمايدۇ ، پۇل ئالىدۇ ، پۇل ! — دېدى بىلال خاپا بولغاندەك ، — بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەم يېنىمىزغا پۇل سېلىشۋالماپتۇق .

— شۇ ئەمەسمۇ ، ئەلقۇد گەپنى ئوچۇق قىلماي ، — بىلالمۇ خاپا بولغاندەك غودۇڭشىپ كەتتى . ئەلقۇدمۇ ھازىر تۇمار بىلەن مۇشۇ ھەقتە پاراڭلىشىۋاتاتتى .

— دوستلىرىمىنىڭ كاتېرغا چىققۇسى بار ئىكەن ، سىزچە قانداق قىلساق بولار ؟

— سىلەر ھازىر كۆل بويىغا بېرىۋېرىڭلار ! مەن سىلەرگە كاتېر پەيدا قىلىپ بېرىمەن .

ئادەتتە تۇمار بىلەن ئەلقۇدنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گېپىنى بىلال بىلەن زىلال ئاڭلىيالمايتتى . ھازىر ئەلقۇد تۇمار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ ئەلقۇد ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈندى .

— ئەلقۇد ، سەن نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟ بىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ . . . — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدتىن نارازى بولغاندەك غودۇڭشىپ كەتتى . ئەلقۇد شۇ چاغدا خۇشال بولۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى :

— مېڭىڭلار ، مەن سىلەرنى كاتېر بىلەن ئوينىتىمەن ، — ئەلقۇد كۆل تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدقا ئەگىشىپ يۈگۈردى . ئۇلار كۆل بويىغا كەلگەندە چاققانغىنە ، چىرايلىق بىر كاتېر تۇراتتى . ئەلقۇدلار كاتېرغا چىقتى . پاھ ، كاتېرنى ھېچكىم ھەيدىمىسىمۇ كۆل يۈزىدە ئۈچقاندەك مېڭىشقا باشلىدى . بىلال بىلەن زىلال خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى :

— كۆردۈڭلارمۇ ، بىزنىڭ كاتېرىمىز بەك نوچى ، كۆردۈڭلارمۇ ، — قىرغاقتا شۇنچە كۆپ ئادەم بولسىمۇ ھېچكىم ئۇلارغا قاراپ قويمىدى . قارىغانلارمۇ پەرۋاسىز ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى .

كاتېر كۆلگە ئىچكىرىلەپ تېز ماڭدى . تاغ شامىلى ئۇلارغا ئۆزگىچە ھوزۇر بېغىشلىماقتا ئىدى . كاتېرنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتـ

قان ئاپئاق بۇژغۇنلار كۆل يۈزىنى غىدىقلاپ جانلاندۇرغاندەك قىلات-
تى . ئەلقۇد پەخىرلەنگەن هالدا بىلال بىلەن زىلالغا قاراپ مەمنۇن-
لۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى . كۆل يۈزىدە ئەركىن ئويناپ يۈرگەن
بىر توپ سىېرىق ئۆردەك ئۈركۈپ پۈررىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى .
بۇ خىل مەنزىرە ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ تۇيۇلدى .
بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئەلقۇدتىن بۇ كاتېرنى بىزگە كىم بەردى ؟
ئۇ نېمىشقا ئۆزى ماڭىدۇ ؟ دېگەندەك بىرمۇنچە سوئاللارنى سورىغۇ-
سى بولسىمۇ لېكىن ، باشتا دېيىشكەن ۋەدىسى بويىچە سوراشقا
پېتىنالمىدى .

كاتېر سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئەلقۇدلارنى كۆلنىڭ مەنزىرى-
سىنى ئوبدان كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك ، ئاستا ماڭدى . قىرغاقتىكى
ساياهەتچىلەر ئۇلارنى تونۇيدىغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ چۇرقى-
رىشاتتى . ئۇلار كۆلدە يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ئايلانغاندىن كېيىن
كاتېر توختاپ دولقۇننىڭ يۆنىلىشى بويىچە تەۋرىنىشكە باشلىدى .
ئەلقۇد كاتېرنى تۇمارغا دەپ توختاتقانىدى . ئەلقۇدلار قىرغاقتىن
يىراقلىشىپ ئاقۇچ تۇمانلار ئىچىدە سۇس كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ
تاغقا يېقىنلىشىپ قالغاچقا ، قىرغاقنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئەلقۇد
بۇ كارامەتلەردىن مەغرۇرلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، بىلال بىلەن زىلال
مەڭدەپ قالغاندەك گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي ئولتۇراتتى .

— هەي ، بىز بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى ، كېتەيـ-
لىچۇ ، ئاتا ـ ئانىمىز ئىزدەپ قالمىسۇن يەنە .

— هــەئە ، — دېدى زىلالمۇ بىلالنىڭ گېپىنى قوللاپ ، —
كۆزىمىزنى يۇمساق هېلىقىدەك قىلىپ ئەكەتكىن بىزنى .

— كېلە ـ كەلمەي كېتىمىز دەيدىكەنسىلەر ، ئالدىرىماي تۇ-
رۇڭلار ، سايرام كۆلىگە كەلگەن ئادەم كۆلگە چۆمۈلمىسەك قانداق
بولىدۇ .

— ياق ، ياق ، — دېدى بىلال ، — مەن سايرام كۆلىنىڭ
چوڭقۇرلۇقىنى يۈز مېتىردىن ئاشىدۇ دەپ ئاڭلىغان . ئۇنىڭغا چۆ-
كۈپ كەتسەك مەڭگۈ چىقالمايمىز .

زىلالمۇ سۇغا چۈشسەك هەرگىز بولمايدۇ ، دېگەن مەنىدە بىر-

مۇنچە غودۇڭشىدى .

بۇ چاغدا ئەلقۇد تۇمار بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى :

— تۇمار ، سىز بىزنى كۆلنىڭ ئاستىنى ساياھەت قىلدۇرالامسىز ؟

— سىلەر خالىساڭلارلا مەن سىلەرنى كۆل ئاستىدىكى بېلىق باللار ۋە قىسقۇچپاقا قىزلار بىلەن دوست قىلىپ قويالايمەن ، — تۇمار سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى .

— بىزنىڭ سۇ ئاستىدىكى بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلالامسىز ؟

— ئەلۋەتتە .

— سۇ ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قالمايدىغاندىمىز ؟

— ياق ، مەن سىلەرنى ئۇ يەردىمۇ ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالغاندەك بەخىرامان يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن .

— كۆلنىڭ ئاستىدا بېلىق باللار بىلەن قىسقۇچپاقا قىزلار بارمۇ ؟

— شۇنداق ، سىلەر كۆل ئاستىدا ئۇلار بىلەن ئەركىن پاراڭلىشالايسىلەر .


— ئۇنداق بولسا بەك ياخشىكەن ، رەھمەت سىزگە ، — ئەلقۇد بەك خۇشال بولدى .

بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدتىن كاتېر بۇزۇلۇپ قالدىمۇ نېمە دەپ سورىماقچى ئىدى . بىراق سوئال سوراشقا مۇمكىنچىلىك بولمىغاچقا ، ئۇنىڭدىن ئۆيگە قايتىشنى يەنە تەلەپ قىلدى .

بىلال ئادەتتە سوئال دېگەن سۆزنى بەك ئۆچ كۆرەتتى . ئۇ نەچچە قېتىم «دۇنيادىن سوئال دېگەن سۆزنى يوق قىلىۋەتكىلى بولماسمۇ ؟ ئۇنى يوق قىلىۋەتكىلى بولغان بولسا ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ئۇ چاغدا مۇئەللىملەرمۇ بىزدىن دەرس سورىيالمايتتى . ئىمتىھان ئالالمايتتى» دەپ ئويلىغانىدى . ئەمدى ئۇ سوئال دېگەن بۇ سۆزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ سۆز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئەگەر ئۇلارنىڭ سوئال سوراش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانمىغان بولسا ، ئەلقۇدتىن كۆپ سوئاللارنى سورىماقچى ئىدى . بىلال بىلەن

زىلال سايرام كۆلىگە كېلىپ ئويناۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولسىمۇ ،
سوئال سورىيالماي نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە تېگىشلىك چۈشەنچە-
گە ئىگە بولالمىدى .
— كېتىشكە ئەجەب ئالدىراپ كەتتىڭلار ، مېنى ھېلىقى قوناق-
لىقتا قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاڭلار !
بىلال بىلەن زىلال بۇ گەپنى ئاڭلاپ كېتىدىغان ئوخشايمىز
دەپ ، ئىتتىك كېلىپ ئەلقۇدنى قۇچاقلىدى .
— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ، — ئەلقۇدنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن
بىلال بىلەن زىلال كۆزلىرىنى يۇمدى . ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا غۇيۇل-
دىغان ، شۇۋۇلدىغان ، شىلدىرلىغان ، بىۇلىدۇقىلىغان ئاۋازلار
ئاڭلاندى .
— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار ! — ئۇلار تەڭلا كۆزلىرىنى ئېچىپ ،
ئۆزىنى كۆل ئاستىدىكى يېشىل مۇخلار بىلەن زىننەتلەنگەن تاش
ئورمانلار ئارىسىدا كۆردى . بىلال بىلەن زىلال نەگە كېلىپ قالغان-
لىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى .
— بىز ھازىر سايرام كۆلىنىڭ ئاستىدا ، بىز بۇ يەردە بېلىق
باللار ۋە قىسقۇچپاقا قىزلار بىلەن كۆرۈشىمىز . ئۇلار بىلەن
دوست بولۇپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايمىز .
بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئەتراپىغا
ئەلەڭلەپ قارىدى . مۇخلۇق تاشلاردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆپۈك-
چىلەر ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سۇ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى .
بىراق ، بۇ يەردىكى سۇ خۇددى ھاۋادەك يېنىك ئىدى . ئۇلار بېشىنى
كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى . بۇ يەردە ئاسماننى كۆرگىلى بولمىسىمۇ
يۇقىرى تەرەپ خۇددى چىراغدەك ئاپئاق نۇرلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار
بۇ يەردە كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلەلمى-
دى . بۇ يەردىكى تاش ئورمانلار ئارىسىدىكى چىغىر يولغا ئوخشاپ
كېتىدىغان سىلىق ۋە تۈز يوللاردا مېڭىش كىشىگە تولىمۇ ھۇزۇر-
لۇق تۇيۇلاتتى . بۇ يەردە ئەلقۇدلار بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتى-
ۋاتقاندەك يېنىك ۋە لەرزان قەدەم تاشلايتتى . ئەلقۇدلار تاش ئورمان-
لار ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ گۈزەل بىر

غار ئىچىگە كىرىپ قالدى . غار ئىچى ھەسەن ـ ھۈسەندەك چاقناپ تۇرغان رەڭدار نۇر ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى . بۇ غاردا قۇيرۇق تەرىپى بىلىققا ، بېشى ئەلقۇدلارغا ئوپمۇئوخشاش بېلىق باللار تۇر- لۇك ئويۇنچۇقلاردا ئويناۋاتاتتى . قارىماققا بۇ يەر چوڭ شەھەرلەردە- كى باللار باغچىسىنىڭ ئويۇن ئويناش مەيدانىغا ئوخشاپ كېتەتتى . ئەلقۇدلار باشتا بۇ يەردىكى بېلىق باللارنىڭ غەلىتە تەقى - تۇرقىغا قاراپ ھەيران قالغان بولسىمۇ ، كۆپ ئۆتمەيلا ئويۇنچۇقلارغا بېرىلىپ كەتتى . تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان بېلىق باللارمۇ ئۇلارنى كۆرمەيۋاتقاندەك ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنىنى ئويناۋەردى .





# 4 . سايرامنىڭ ئاستىدا

ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى بېلىق بالىلارغا ھەيران قالغان ، ھەتتا ئاززاق قورقۇۋاتقان بولسىمۇ ، تۈرلۈك ئويۇنچۇقلار ئۇلارنى جەلپ قىلىۋالغاچقا ، ئۇدۇل كەلگەن ئويۇنچۇقنى ئويناپ خۇشال بولۇپ كەتتى .

ئەلقۇدلار بېلىق بالىلارغا ئەگىشىپ غارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، بىر توپ مەيدانىغا كېلىپ قالدى . بۇ يەردە بېلىق بالىلار بىلەن قىسقۇچپاقا قىزلارنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى . مەيدان ئەلقۇدلار پۇتبول ئوينايدىغان مەيداندىن سەل كىچىك ئىدى . مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە كەڭلىكى بىر مېتىرمۇ كەلمەيدىغان تاش قاپقا بار ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭدا ۋاراتار يوق ئىدى . ھەربىر كوماندىدا ئۇچتىنلا ماھىر بار ئىدى . ئويناۋاتقان توپنىڭ رەڭگى يېشىل مۇخقا ئوخشىسىمۇ چوڭ - كىچىكلىكى ئەلقۇدلار ئوينايدىغان پۇتبولدىن پەرقلەنمەيتتى . ئۇلارغا رېپىرى قوماندانلىق قىلاتتى . باشقا قائىدىلىرىمۇ ئەلقۇدلارنىڭ پۇتبول ئويناش قائىدىسىگە ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى . بۇ يەرگە يىغىلغان تاماشىبىنلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئەلقۇدلارمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇلارنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆردى . مۇسابىقە بىرنەچچە مەيدان داۋاملاشقاندىن كېيىن بېلىق بالىلار قىسقۇچپاقا قىزلارنى ئۇتۇۋالدى . قىسقۇچپاقا قىزلار روھى چۈشكەن ھالدا قاياققىدۇر كېتىپ قالدى . بېلىق بالىلار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ ، چۇرقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشتى . ئۇلار ئەلقۇدلارنىڭ پۇت تەرىپىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان بولغاچقا ، ئۇلارنى بېلىق بالىلارمىكىن دەپ قالغانىدى . غەلىبە تەنتەنىلىرى ئاياغلىشىپ بېلىق بالىلار ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا بېلىق بالىلاردىن بىرى ئەلقۇدلارنىڭ ئىككى پۇتلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى :

— ھەي ، قاراڭلار ، ئاۋۇلار بىز چۆچەكتە ئاڭلىغان ئادەم بالىلىرى ئىكەن ، بۇ يەردە ئادەم بالىلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ — بېلىق بالىلار ئەلقۇدلارغا قاراپ تولىمۇ ھەيران قالدى . بۇرۇن سايرام كۆلىنىڭ ئاستىدىكى بۇ بېلىق بالىلارنىڭ يۇرتىغا بىرەر قېتىممۇ ئادەم بالىلىرى كېلىپ باقمىغانىدى . بېلىق بالىلار مېھماندوست ۋە ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ئەلقۇدلارغا سالام قىلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، سىلەر ئادەم بالىلىرى ئوخشىمامسىلەر ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بىز ئادەم بالىلىرى ، مەن ئەلقۇد ، يېنىمدىكى بۇ ئىككى دوستۇمنىڭ ئىسمى بىلال ۋە زىلال .

بېلىق بالىلار پەقەت ئەلقۇدنىڭ بىز ئادەم بالىلىرى دېگەن گېپىنىلا چۈشەندى . ئەلقۇد ، بىلال ، زىلال دېگەن ئىسىملارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى . بۇ يەردىكى بېلىق بالىلاردا ئىسىم قويۇش ئادىتى يوق ئىدى .

— سىلەر بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار ؟ بىزنىڭ بۇ يۇرتقا ئادەم بالىلىرى كېلىپ باقمىغان . سىلەرنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگىنىڭلاردىن ئىنتايىن خۇشالمىز . يۇرتىمىزدا قانغۇچە ئويىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز . بىراق سىلەر ھازىر بىز بىلەن بېرىپ بېلىق بوۋاي بىلەن كۆرۈشمىسەڭلار بولمايدۇ .

بىلال بىلەن زىلال بۇ يەردىكى ئالامەتلەرگە قاراپ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قورقۇمسىراپ تۇراتتى . ئەلقۇد بېلىق بالىلار بىلەن ئۆز مەھەللىسىدىكى بالىلار بىلەن پاراڭلاشقاندەك ئەركىن پاراڭلاشتى :

— بىز بۇ يەرگە سەيلە قىلغىلى كەلگەن ، سىلەر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق . سىلەرنى نېمە دەپ ئاتىساق بولار ؟

— بىزنى بېلىق بالىلار دەپ ئاتىساڭلار بولىدۇ ، بايا بىز بىلەن توپ مۇسابىقىسىگە چۈشكەنلەر قىسقۇچپاقا قىزلار .

— ئۇنداق بولسا ، بېلىق بوۋاينىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭلار !

بېلىق بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆيلىرىگە تارقاپ كەتتى . بايا ئەلقۇدلار بىلەن پاراڭلاشقان بېلىق بالا بىلەن يەنە بىر بېلىق بالا

ئەلقۇدلارغا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار غارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن-سېرى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆردى. يېشىل مۇخ بىلەن قاپلانغان تاش ئورمانلار ئەمدى ھەيۋەتلىك تاش مۇنارلارغا ئايلاندى. بۇ يەردىكى ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ چاقناشلىرى تېخىمۇ جۇلالىق ئىدى. ئۇلار ئاشۇنداق تاش ئورمان ۋە تاش مۇنارلارنى ئارىلاپ چىغىر يول بىلەن خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئاسفالت يولغا ئوخشايدىغان يېشىل يولغا چىقتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەلقۇدنىڭ تاغىسى ھەيدىگەن مىنىبۇسقا ئوخشاش بىر تاش ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىنى مەخسۇس شوپۇر ھەيدىمەيتتى. ئەل-قۇدلار بېلىق بالىلارنىڭ كەينىدىن «تاش ماشىنا»غا چىقىپ «تاش ئولتۇرغۇ»لاردا ئولتۇردى. «تاش ماشىنا»نىڭ چاقى بولمىسىمۇ ئۇ بېلىق بالىلارنىڭ چاۋاك چېلىپ قويۇشى بىلەن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. «تاش ماشىنا» ھەيۋەتلىك بىر تاش دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بېلىق بالىلاردىن بىرى چاۋاك چېلىۋىدى ماشىنا توختىدى.

بېلىق بالىلار تاش دەرۋازىغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى. دەرۋا-زا ھايال بولمايلا ئېچىلدى. ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپلا بۇ يەردە چاقناپ تۇرغان نۇرلارنىڭ تېخىمۇ جۇلالىق ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— بېلىق بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدۇق، سالام بېرىڭلار! — بايا ئەلقۇدلار بىلەن پاراڭلاشقان بېلىق بالا شۇنداق دېدى. ئەلقۇدلار زەڭگەر نۇر ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇر-غان بېلىق بوۋايغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — بېلىق بوۋاينىڭ ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ ھەيران قالمىغىنىغا قارىغاندا ئۇ ئەلقۇدلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بولغاندەك قىلاتتى. بېلىق بوۋاي ئەلقۇدلارنى بېلىق بالىلار بىلەن بىللە ئايرىم مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى كۇتۇپخانىغا باشلاپ كىرىپ قىزغىن سۆھبەتلەشتى.

— بىزنىڭ بۇ يۇرتقا تارىختىن بېرى ئادەم بالىلىرى كېلىپ

باقمىغان ، — بىلىق بوۋاي قولىغا قېلىن بىر كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلىغاچ سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى : — سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭلار تارىخقا يېزىلىدۇ .

كىتابقا ئامراق ئەلقۇد كىتابنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇۋالدى . ئۇ «بىلىق بالىلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتاب ئىدى .

— بۇ يەردىكى يېزىقمۇ ئادەم بالىلىرى ئىشلىتىدىغان يېزىق بىلەن ئوخشاش ، مېنىڭ بوۋامنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ ئادەم بالىلار ياشايدىغان ئاشۇ قۇرۇقلۇقتا ياشىغانىكەنتۇق . لېكىن ، بىزگە قۇرۇقلۇقتا چىقىش نېسىپ بولمىدى . ئادەم بالىلىرىنى بەك ئەقىللىق دەپ ئاڭلىغان مەن . شۇڭا ، سىلەردىن بىزنىڭ مۇشۇ ئانا يۇرتىمىزدىكى كۆللەر ھەققىدە سوئال سوراپ باقاي ، جاۋاب بېرەلەمسىلەركىن ، — بىلىق بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئەلقۇدلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى . ئەمدى بىلىق بوۋاينىڭ چىرايى سۇرلۇك تۇس ئېلىپ ، بايىقى مېھرىبانلىقى يوقاپ ، كۆزلىرى ئادەمنى قورقۇتقۇدەك پارقىراپ كەتتى . ئاۋازىمۇ سوغۇق ۋە يېقىمسىز چىقتى ، — مەن شۇنى ئېنىق ئېيتىپ قوياي ، ئەگەر سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاب بېرەلمىسەڭلار بىلىق بالىلار يۇرتىنىڭ قائىدىسى بويىچە سىلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىمەن . توغرا جاۋاب بېرەلىسەڭلار مۇكاپاتلايمەن .

بىلال بىلەن زىلال قورقۇپ كەتتى . ئۇلار كۆللەر ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيتتى . ئۇلار ئۈمىدىنى ئەلقۇدقا باغلىدى . ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىردىن ھەم ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن كۆللەر ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغان بولسىمۇ يەنە ئەنسىرىدى . شۇنداقتىمۇ ھودۇقۇپ كەتمىدى .

— ئانا يۇرتىمىزدىكى كۆللەر قانداق كۆللەر تىپىغا كىرىدۇ ؟

سوئاللارغا ئەلقۇد جاۋاب بەردى . شۇنداقتىمۇ بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدمۇ جاۋاب بېرەلمەي قالارمۇ ، خاتا جاۋاب بېرىپ قالارمۇ ، دەپ ئەنسىرەيتتى .

— ئانا يۇرتىمىزدىكى كۆللەر ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق رايون كۆللىرى تىپىغا كىرىدۇ .

— ئانا يۇرتىمىزدىكى كۆللەرنىڭ ئومۇمىي مەيدانى قانچىلىك؟ ئۇ رايونىمىز ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؟

ئەلقۇد بۇ سوئالغىمۇ ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي تېزلا جاۋاب بەردى:

— رايونىمىزدىكى كۆللەرنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 9700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، رايونىمىز ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 0.6% نى ئىگىلەيدۇ.

بېلىق بوۋاي ئەلقۇدنىڭ جاۋابىنىڭ توغرا - خاتالىقى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىنمۇ بىرنەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ يەنىلا سورلۇك قىياپەت بىلەن سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— رايونىمىزدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز كۆل قايسى؟

— بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كۆل، يەنى سايرام كۆلى، — ئەلقۇد ناھايىتى ئىشەنچلىك، مەغرۇر جاۋاب بېرىۋاتقاچقا بىلال بىلەن زىلالمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، بېلىق بوۋاينىڭ سوئالى تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى.

— سايرام كۆلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قانچە مېتىر؟

— 100 مېتىردىن ئاشىدۇ.

— سايرام كۆلىدە قايسى ۋاقىتتىن قاچانغىچە مۇز تۇتىدۇ؟

— 11 - ئايدىن 3 - ئايغىچە مۇز تۇتىدۇ.

— سايرام كۆلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى بىلەمسەن؟

— سايرام كۆلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى يەر ئاستى سۈيىدىن كېلىدۇ.

ئەمدى بېلىق بوۋاي رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ بىلال بىلەن زىلالدىن سورىدى:

— سىلەرچە دوستۇڭلارنىڭ جاۋابى توغرا بولدىمۇ؟

— توغرا بولدى، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا ئىشەنگەچكە تېزلا جاۋاب بەردى.

— ئىسمىڭ نېمە ئىدى؟ — بېلىق بوۋاي ئەلقۇدتىن سورىدى.

— ئەلقۇد .
— سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارچۇ ؟
— بىلال !
— زىلال .
— ئىسمىڭلار چىرايلىق ئىكەن . ئەلقۇد سوئالىمغا توغرا جاۋاب بەردى . بۇ سوئالىمغا بىلىق بالىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ جاۋاب بېرەلەيدىغانلار ئاز . ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ماكان ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ بىرنەرسە بىلمىسەك بولمايدۇ . مەن ھازىرقى سوئاللارنى بىلىق بالىلاردىنمۇ سورىغان ، بىراق ئەلقۇدتەك توغرا جاۋاب بەرگەنلىرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن . ئۆزۈڭلار دەڭلار ، سىلەرنى قانداق مۇكاپاتلىسام بولىدۇ ؟ — بىلىق بوۋاينىڭ بۇ سوئالىغا ئەلقۇدلار جاۋاب بېرەلمەي ئويلىنىپ قالدى .
— سىلەر توپ ئوينىيالامسىلەر ؟ بايا مەيداندا پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆردۈڭلارغۇ دەيمەن .
— كۆردۇق ، كۆردۇق ، بىز پۇتبول ئويناشقا بەك ئامراق . بۇ سوئالغا ئەلقۇدتىن بۇرۇن بىلال بىلەن زىلال جاۋاب بەردى .
— ئۇنداق بولسا بىلىق بالىلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ باقامسىلەر ؟ سىلەرمۇ نەق ئۈچ ئىكەنسىلەر . بىزنىڭ بۇ يەردە پۇتبول مۇسابىقىسىدە بىر كوماندىدا ئۈچ ئەزا بولىدۇ . ھەممىڭلار ئوينىيالايدىغانسىلەر ؟
— ئوينايمىز .
مۇسابىقە كۆرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بىلىق بالىلار مەيدانغا يىغىلغانىدى . ئادەتتىكى مۇسابىقىلەردە مۇسابىقە كۆرىدىغان بىلىق بالىلار بۇنچىۋالا كۆپ يىغىلمايتتى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەم بالىلارنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدى .
ئادەم بالىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان بىلىق بالىلار ئەلقۇدلارغا ھەيران بولۇپ قاراشتى . بولۇپمۇ ئەلقۇدلارنىڭ بىر جۈپ پۇتى بىلىق بالىلارغا تولىمۇ غەلىتە كۆرۈندى .
مۇسابىقىگە بىلىق بالىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇستا ئۈچ ماھىر قاتناشتى . ئەلقۇد ، بىلال ۋە زىلالمۇ ئۆز مەھەللىسى ۋە مەكتىپىدە

ئۇستا ماھىرلاردىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىتە بىر مۇھىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ جانلىنىپ كەتكەنىدى. مۇسابىقە باشلىنىشقا ئاز قالغاندا قىسقۇچپاقا قىزلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ پۇتبولنى قانداق ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدى.

مۇسابىقىگە قىسقۇچپاقا قىزلاردىن بىرى رېپىرىلىق قىلدى. بۇنداق مۇسابىقە سايرام كۆلى ئاستىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاچقا تاماشىبىنلارنىمۇ جەلپ قىلدى. بېلىق بالىلار ۋە قىسقۇچپاقا قىزلار مۇسابىقە مەيدانىغا تىكىلگەنىدى.

مۇسابىقە جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 1 ـ مەيداندا ئەلقۇدلار مەيدانغا ماسلىشىپ، بۇ يەردىكى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ بەزى قائىدىلىرىنى بىلىپ بولغۇچە بېلىق بالىلار بىر توپ كىرگۈزۈۋالدى. بېلىق بالىلار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ كەتتى. 2 ـ مەيدان يېرىملاشقۇچە بېلىق بالىلار كوماندىسى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇلار توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. ئارىلىقتا ئەلقۇدلارنىڭ ۋاراتاسىغا بىرنەچچە توپ كىرىپ كەتكىلى تاس قالدى. توپ ئاساسەن ئەلقۇدلارنىڭ ۋاراتارى تەرەپتە ئوينىلىۋاتاتتى. 2 ـ مەيدان ئاياغلىشىشقا ئاز قالغاندا ئەلقۇد ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ توپنى ماھىرلىق بىلەن ئوينىتىپ، شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بېلىق بالىلار كوماندىسىدىكى ئۈچ ماھىرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېپىشقان بولسىمۇ، توپنى تارتىۋالالمىدى. تاماشىبىنلار ئارىسىدا قىقاس ـ سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. ئۆز كوماندىسىدىن پەخىرلىنىپ، تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇرغان بېلىق بوۋاي جىددىيلىشىپ قالدى. ئورنىدىن نەچچە تۇرۇپ، نەچچە ئولتۇردى.

ئەلقۇد توپنى قارشى تەرەپنىڭ قاپقىقىغا نەچچە مېتىر قالغاندا ئادەم ئىشەنمىگۈدەك تېزلىك بىلەن كۈچەپ تەپكەنىدى، توپ قاپقىغا كىردى. تاماشىبىنلار ئارىسىدا بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن قىزغىن ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى كۆتۈرۈۋېلىپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى.

3 ـ مەيدان باشلانغاندىن كېيىن بىلىق باللار كوماندىسى ئەزالىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئالماشتۇردى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى . بىلىق باللار كوماندىسىدىكىلەرنىڭ مۇداپىئەسىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى . ئاخىرقى بىر توپ ئۇلارنىڭ يېڭىش ـ يېڭىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق توپ ئىدى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدقا ماسلىشىپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى . 3 ـ مەيدان يېرىملاشقاندا ئەلقۇدنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىلىق بوۋاينىڭ «ئەگەر سىلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئۇتتۇرساڭلار سوئالىمغا توغرا جاۋاب بەرگەننىڭ مۇكاپاتىغا قوشۇپ يەنە مۇكاپات بېرىمەن ، ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار جازالايمەن» دېگەن سۆزى جاراڭلاشقا باشلىدى . شۇڭا ، ئەلقۇد تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ بارغانسېرى روھلىنىپ كەتتى . قاپقىغا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ بىلىق باللارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى . بىلىق باللار «رېپېرى ، سەن ئادەم باللارغا يان بېسىۋاتىسەن» دەپ جېدەل چىقاردى . ھەممىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان بىلىق بوۋاي رېپېرىنىڭ توغرا ھۆكۈم چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى .

مۇسابىقە ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا ئەلقۇد يەنە بىر توپ كىرگۈزۈۋەتتى . تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئالقىش ۋە نارازىلىق چۇقانلىرى كۆتۈرۈلدى . بىلىق بوۋاي ئەلقۇدلارنى ئالقىشلىغاچقا ، باشقا بىلىق باللار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى .

بىلىق بوۋاي ئۇلارنى ئەڭ ياخشى پۇتبول بىلەن مۇكاپاتلىدى . ئەلقۇدلار ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كەتمەكچى بولدى . ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى قۇچاقلاپ كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار دېگەنىدى ، ئۇلار كۆزىنى يۇمدى .

شىلدىرلىغان ، بۇلدۇقلىغان ، پولتۇڭلىغان ، غۇيۇلدىغان ۋە شۇۋۇلدىغان ئاۋازلار ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ تۇردى .

— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار ! — ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزلىرىنى مەھەللىدىكى قوناقلىقتا كۆردى .

# 5 . ئىلى دەرياسى

بىلال بىلەن زىلال يەنە مەھەللىگە كېلىپ قالغانلىقىدىن خۇ-شال بولدى . ئۇلارنىڭ ئېغىز - ماڭلايلىرىدا ئۇلار يىگەن ئىت ئۈزۈمىنىڭ قارىسى شۇ پېتى تۇراتتى .

— ھەي ، بىز يوقاپ كەتكىلى ئۈزۈن بولدى ، تېز بولۇڭلار ، ئۆيدىكىلەر چوقۇم بىزدىن ئەنسىرەپ قالدى ، — ئەلقۇدنىڭ مۇشۇ گېپىدىن كېيىن بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدقا ئەگىشىپ مەھەللىگە يۈگۈردى .

ئەلقۇد ھويلىغا كىرگەندە دادىسى ئەنۋەر ئاكا تونۇرغا ئوت قالاۋاتاتتى . ئاپىسى جەۋھەرگۈل ھەدە نان راسلاۋاتاتتى . ئەلقۇد سايرامغا بارىدىغان كۈنىمۇ دادىسى تونۇرغا ئوت سالىمەن ، بۈگۈن نان يېقىۋالايلى ، دەپ قالغانىدى . ئەلقۇد دادامدىن تىل ئاڭلايدىغان بولدۇم ، دەپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ تۇردى . تونۇرغا ئوت قالاش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئەنۋەر ئاكا ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

— بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىمەن ، دەپ چىقىپ كېتىۋاتاتتىڭ ، بىردەمدىلا قايتىپ كەپسەنغۇ ؟

دادىسىنىڭ بۇ گېپى ئەلقۇدنى گاڭگىرىتىپ قويدى . قارىغاندا دادامۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ . ئۇ يوقاپ كەتكەنلىكىمدىن خەۋەرسىز ئىكەن - دە . ئەلقۇد چايخانىنىڭ سۇپى-سىدا نان راسلاۋاتقان ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى . ئاپىسىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويدى .

— بىردەمدىلا يېنىپ كىرىپسەنغۇ .

ئاپىسىنىڭ گېپى ئەلقۇدنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى . شۇڭا ، ئۇ باشقا گەپ قىلماي ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىردى . ئۇ ئوقۇپ قويۇپ

قويغان ئەدەبىيات كىتابى شىرە ئۈستىدە شۇ پېتى تۇراتتى . ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ بويىنىدىكى تۇمارنى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، تۇمارغا مۇراجىئەت قىلدى :

— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، بۇ زادى نېمە ئىش ؟ مەن گاڭگىراپلا قالدىم ، مەن سايرامغا بېرىپ نەچچە كۈن يوقاپ كەتكەن تۇرسام ، ئۇلار مېنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىمدىن خەۋەرسىزدەكلا قىلىدىغۇ .

— شۇنداق ، سىزنىڭ هەيران قالغانلىقىڭىزنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ ، ئەمەلىيەتتە سىلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى 15 مىنۇتمۇ بولمىدى .

— نېمە ؟ بىز سايرامدا خېلى ئۇزۇن تۇرغانتۇققۇ ؟ — ئەلقۇدنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ هەيرانلىق ئىچىدە سورىدى .

— ئۇ مېنىڭ خاسىيىتىم ، سىز بۇ هەقتە كۆپ سورىماي ئۆزىڭىزنىڭ ساياهىتىنى قىلىۋەرمەمسىز ، هازىر بىلال بىلەن زىلال سىزدىنمۇ بەك هەيران قېلىۋاتىدۇ . سىز بۇنى ئۇلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ .

ئەلقۇد ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ تۇمارنىڭ گېپىگە ئىشەندى . شۇڭا ، ئۇ هويلىدىن مەهەللىگە چىقتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ هەيرانلىق ئىلكىدە ئەلقۇدنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى .

— هەي ، بالىلار ، ئاپاڭلار نەگە يوقاپ كەتتىڭ دەپ تىللىمىغاندۇ ؟

— ياق ، — دېدى زىلال هاياجاندىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ، — ئاپام ، خېلى ئۇزۇن ئوينايمەن دەۋاتاتتىڭ ، بىردەمدە يېنىپ كەپسەنغۇ دەۋاتىدۇ .

— مېنىڭ ئاپاممۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ ، نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ؟ — بىلال ئەلقۇدقا قارىدى .

— ئاستىراق گەپ قىلىڭلار ، بۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتى ئىكەن . مەنمۇ بايا ئاتا ـ ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ماڭا تەنە قىلىپ شۇنداق دەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن . تۇمارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولسام

مەنمۇ ھەيران قالغانىدىم. بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمىزگە پەقەت 15 مىنۇتتەك ۋاقىت بولۇپتۇ.
— توۋا، بىز سايرامدا ۋە سايرامنىڭ ئاستىدا نەچچە سائەت ئوينىغان تۇرساق، قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ — بىلال بېشىنى قاشلىدى.
— شۇ ئەمەسمۇ، پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — زىلال پىچىرلىدى.
— ئەمىسە قالغان گەپنى قويۇپ يەنە بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلەمدۇق؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.
— چاتاق يوق! — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا تەڭلا جاۋاب بەردى. ئەمدى ئۇلار ئەلقۇدنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان، تېخىمۇ چوڭ كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
— ئەمىسە يەنە قوناقلىققا بارايلى! — ئۇلار قوناقلىققا تېزلا يېتىپ كېلىشتى.
— ئەمدى نەگە بارساق بولار؟ — ئەلقۇد ئىت ئۈزۈمىنى يېگەچ سورىدى.
— ئىلى دەرياسىنى كۆرۈپ كېلەيلىچۇ، چوڭلار بەك ماختايدىغۇ.
— بولىدۇ، ئەمىسە مېنى قۇچاقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار! — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەلقۇدنى قۇچاقلاپ كۆزىنى يۇمدى. سايرام كۆلىگە بارغان چاغدىكى ھالەت يەنە تەكرارلاندى.
— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار، — ئۇلار كۆزىنى ئاچتى. ئەلقۇدلار ئۆزىنى كۆۋرەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقتا كۆردى. بۈگۈن دەريادا سۇ كۆپ ئىدى. دەريا سۈيى نەگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك دولقۇنلىنىپ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتاتتى. ئۇلار دەريانىڭ ئادەم يوق باش ئېقىنى تەرەپكە كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئەتراپقا قاراپ يېقىن ئەتراپتا مەھەللە ياكى ئادەم قارىسىنى ئۇچرىتالمىدى. دەريانىڭ باش - ئايىغىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىل-

گىلى بولمايتتى . ئەلقۇدلار سۇ ئۇزۇشكە ئۇستا بولسىمۇ دەرياغا چۇشۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ، بۇ دەريا يىلدا بىرنەچچە ئادەم-نى ئېقىتىپ كېتىدىغانلىقىنى ھەسەن مۇدىردىن ئاڭلىغانىدى . شۇ-ڭا ئۇلار دەريا بويىدا دەريانىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىنىغا قاراپ ئولتۇر-دى . ئەلقۇدلارنىڭ مەقسىتى سەيلە قىلىش بولسىمۇ ، ئۇلار سەيلە قىلىشنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق چۇشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى . ئويۇن ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ساياھەت ئىدى . ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىردىن «ئادەم ئۇچۇن بىلىم ئىگىلەش ھەممىدىن مۇھىم ، سىلەر ھەرقانداق ئىش قىلغاندا بىلىم ئىگىلەش-نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇڭلار» دەپ تەربىيە بەرگەندە ئەلقۇد بوۋىسىدىن :

— ئويۇن ئوينىغاندىمۇ بىلىمنى بىرىنچى ئورۇنغا قو-يامدۇق ؟ — دەپ سورىغانىدى . بوۋىسى :

— شۇنداق ، سەن ئويناۋاتقان ئويۇندىمۇ بىلىم بار ، — دېگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ئىلى دەرياسى ھەققىدە دەسلەپكى بىلىمگە ئىگە بولماقچى بولۇپ تۇمارغا مۇراجىئەت قىلدى :

— تۇمارىم ، بىزگە ئىلى دەرياسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنە ، بىز بۇ دەريا ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيمىز .

— ئەمىسە ، قۇلاق سالغىن ، بىلال بىلەن زىلالغا ئۆزۈڭ دەپ بەرگىن .

— بولىدۇ ، — ئەلقۇد بويىنىدا يالتىراپ تۇرغان تۇمارنىنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى . ئۇلار دەريا ساھىلىدىكى يۇمشاق چىملىقتا ئولتۇرۇپ دەريانى تاماشا قىلىۋاتاتتى . ئەلقۇد تۇمارنىڭ ئىلى دەرياسى ھەققىدىكى چۇشەندۇرۇشنى ئاڭلاۋاتاتتى :

ئىلى دەرياسى مەشھۇر ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىنىڭ بىرى ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارىدىنمۇ كۆپ . ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئۇچ تارماق ئېقىندىن تەركىب تاپىدۇ . ئەڭ شىمالىدىكى قاش دەرياسى دېيىلى-دۇ ، بۇ دەريا يىلان قابىرغا تېغى بىلەن ئارسان تاغلىرى ئارىسىدىن

باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ 3000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان باش مەنبەسىدە مۇزلۇقلار بىلەن ئارشاڭلار كۆپ. بۇ دەريا كۈنەس دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 320 كىلومېتىر. كۈنەس دەرياسى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تارمىقى، ئۇ، ئارسان تاغلىرى ھەم نارات تاغلىرى ئارىسىدىكى تاغ قاپتىلىدىن باشلىنىدۇ. بۇ دەريا دېڭىز يۈزىدىن 2800 مېتىر ئېگىزلىكتە، ئۇ يەردىمۇ مۇزلۇقلار ھەم ئارشاڭلار كۆپ. كۈنەس دەرياسى شەرقتىن غەربكە قاراپ قاش دەرياسى بىلەن پاراللېلىشىپ ئاقىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدا ئارسان تاغلىرى بار. تېكەس دەرياسى جەنۇبتىن كېلىپ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. تېكەس دەرياسى قاش دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىلى دەرياسى ئاخىرىدا بېرىپ قازاقىستاندىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئەگەر تېكەس دەرياسىنى ئىلى دەرياسىنىڭ باش مەنبەسى دېسەك تېكەس دەرياسى قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنىڭ ئانا يۇرتىمىز چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كەڭ يەرلىرى 2000 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى يەتتە مېتىرغا يېتىشى مۇمكىن. ئىلى دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 5 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ دەريا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرى ئىچىدە سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ دەريا ھېسابلىنىدۇ. دەريادا 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە كېمە قاتنىيالايدۇ.

تۇماردىن ئاڭلىۋالغان بۇ گەپلەر ئىشەنچلىك بولغاچقا، ئەلقۇد ئۇنى بىلال بىلەن زىلالغا دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— ئەڭ چوڭقۇر يېرى يەتتە مېتىر بولسا بەك چوڭقۇر ئىكەن، مەھەللىمىزدىكى ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىرمۇ كەلمەيدۇ، بۇ دەرياغا چۈشمىسەك بولغۇدەك.

بىلال بىلەن زىلال كۆۋرەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى.

— بىراق، چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىر كېلىدىغان سايرام كۆلىد-

گىمۇ چۈشتۇققۇ، — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا قاراپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا چۈشەيلى، بۇنىڭ ئاستىدىمۇ پۇتبول ئوينايدىغان بېلىق بالىلار باردۇ، ئۇلارنىمۇ بىر يېڭىۋالامدۇق.

— بۇ دەرياغا چۈشسەك بولمايدۇ، بىزنىڭ سايرام كۆلىگە چۈشكەنلىكىمىز بىزنىڭ چۈشىمىز بولۇشى مۇمكىن، — ئەلقۇدنىڭ گېپىنى بىلال رەت قىلدى.

— ئۇ قانداق چۈش بولىدۇ؟ ئۇ يەرگە ئۈچىمىز تەڭ چۈشكەن تۇرساق!

— ئۇغۇ شۇنداق، — ئەلقۇد باشقا گەپ قىلالماي تۇمارىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ تۇمارغا تەشەككۈر ئېيتقۇسى كەلدى. ئەگەر تۇمار بولمىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئۇزۇنغا داۋاملىشىدىغان بۇ قىزىقارلىق سەيلىسى بولمىغان بولاتتى.

— بىز ھازىر دەريانىڭ قايسى يېرىدە تۇرۇۋاتقاندىمىز؟ — زىلال ئەلقۇدتىن سورىدى. ئەلقۇد بۇ ئاددىي سوئالغىمۇ تۇمارنى ئاۋارە قىلىشنى خالىماي ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. دەريا بويىدىكى پايانسىز توقايلىقتىن تۈرلۈك قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەريا ساھىلىدىكى چىمەنزارلاردا رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر ئۈستىدە كېپىنەك، ھەسەل ھەرىسى، يىڭناغۇچ، خانقىزلار بەخىرامان سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. دەريا ئاسمىنىنىڭ كۆز يەتكۈسىز يېرىدە خۇددى بىر تىزىق مارجاندەك قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۇرنىلار ئەلقۇدلارنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى.

ئەنە شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئەر كىشىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. ناخشىدىن بىر تەبىئىي مۇڭ كېلىۋاتاتتى. ئەلقۇدلار ناخشىغا قۇلاق سالدى.

سادىرمەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
بىرنى قويماي بىلىمەن.

سادىر دەپ ئېتىم يامان ،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان .
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا ،
قومۇلخانغا پالانغان . . .


بۇ ناخشىنى ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىردىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان . ئۇلار سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىنى يادلىغان ، ھەسەن مۇدىر ئۇلارغا سادىر پالۋان ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن . ئۇلار ناخشىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى تەرەپتىن ئۈچ ئادەم خۇددى سۇ ئۈستىدە لەيلەپ كېلىۋاتقاندەك ئەلقۇدلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى . ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىسى ئۆرە ، بىرى ئولتۇراتتى . بۇ خىل ئەھۋال ئەلقۇدلارنى ھەيران قالدۇردى . ئۆرە تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ قولىدا ئۇزۇن ئىككى ياغاچ بار ئىدى . ئۇلار قولىدىكى ئۇزۇن ياغاچنى پات – پاتلا پۇلاڭشىتىپ قوياتتى . ئۇلار ئەلقۇدلارغا يېقىنلىشىپ كەلدى . ئۇلار ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ توۋلىدى . ئەلقۇدلار ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىۋاتقان نەرسىنىڭ بىر – بىرىگە چېتىۋېتىلگەن قارىغاي ئىكەنلىكىنى كۆردى . ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىسى چوڭ ئادەم ، بىرى ئەلقۇد دېمەتلىك ئوغۇل بالا ئىدى . ئەلقۇد شۇ چاغدىلا ئۇلارنى سالچىلار دەپ پەرەز قىلدى . ئەلقۇدلار بۇرۇن سالنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ سال ھەققىدە ئاڭلىغانىدى . سال ئۈستىدىكى ئىككى ئادەم قولىدىكى ئۇزۇن «پالاق» بىلەن سالنى ئەلقۇدلار تۇرغان قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ قىرغاققا تىرەپ توختاتتى . سالدىكى ئىككى چوڭ ئادەمنىڭ بىرى 60 ياشتىن ئاشقان قامەتلىك بوۋاي ، يەنە بىرى بوۋايدىنمۇ قامەتلىك 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم ئىدى . 40 ياشلاردىكى ئادەم سالدىن قىرغاققا چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈپ بىر ئۇچى سالغا باغلاقلىق تۇرغان بىلەكتەك توملۇقتىكى ئارقاننى ئەلقۇدلار تۇرغان يەرنىڭ نېرىسىدىكى يوغان دەرەخكە باغلىدى . بوۋاي بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۈستىگە ئاسما مايكا

كىيىۋالغان بولۇپ يۈز ۋە بىلەكلىرى مىستەك پارقىرايتتى.
ئەلقۇدلار سالغا قىزىقىپ قالدى. سال دېگىنى تاغدىن كېسىلـ
گەن ناھايىتى يوغان قارىغايلاردىن ئون، ئون بەشنى ئىككى باشلىق
يوغان تۆمۈر مىخ بىلەن بىر - بىرىگە چاتقان «چوڭ قېيىق» ئىدى.
قارىغايلار بىر - بىرىگە مىخلاپ چېتىلغاندىن باشقا ئارقان بىلەنمۇ
چەمبەرچاس باغلانغانىدى. سالنىڭ ئۈستىدە مەش، چېلەك ۋە باشقا
تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بار ئىدى. بوۋاي بىلەن ھېلىقى ئادەم
ئەلقۇدلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.
— بىزنىڭ ئادەم كۆرمىگىنىمىزگىمۇ خېلى بولۇپ قاپتۇ.
سىلەر بۇ يەرگە كىم بىلەن كەلدىڭلار، ئۇماق باللار؟ ھەي،
جۇشقۇن، بۇ دوستلىرىڭغا سالاممۇ قىلمايسەنغۇ، — بوۋاي كالتە
ئىشتان بىلەن مايكا كىيىۋالغان بالىغا شۇنداق دېدى. ئەلقۇدلار
ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە قارىدى.
— بىز بۇ يەرگە ئويناپ كەلگەن.
— ئويناپ كەلگەن؟ — بوۋاي ئەلقۇدلارغا ئىشەنمىگەندەك
قاراپ قويدى، — سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار نەدە؟
— غۇلجا شەھىرىدە، — بىلال بىلەن زىلال نېمە دېيىشنى
بىلەلمەي تۇرغاندا ئەلقۇد جاۋاب بەردى.
— نېمە بىلەن كەلدىڭلار؟
ئەلقۇد بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي گەپنى باشقا ياققا
بۇرىدى:
— سىلەرچۇ؟ سىلەر بۇ سالنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭلار؟ —
بوۋاي خىرىلداپ كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.
— سىلەرنى كۆرمىگەن بولساق، بۇ يەردە گۆلەڭ[1] قىلمايتتۇق.
بۇ يەرگە ئادەتتە ئانچە ئادەم كەلمەيدۇ، سىلەردەك كىچىك باللارـ
نىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقى بىزنى قىزىقتۇردى.
جۇشقۇن ئەلقۇدلار بىلەن كونا دوستلاردەك سالاملىشىپ كۆـ
رۈشتى. ئەلقۇدلارمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. جۇشقۇن

[1] گۆلەڭ قىلىش — سالنى توختىتىش.

ناھايىتى گەپچى ، چاقچاقچى بالىدەك قىلاتتى . ئەلقۇدلارنىڭ سوئال سورىشىنى كۈتمەيلا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ ئۆزلىرىنى ئەلقۇدلارغا تونۇشتۇردى :

— قارىغاندا سىلەر بۇنداق چوڭ قېيىقنى كۆرۈپ باقمىغان ئوخشىمامسىلەر ؟ ئۇنى بىز سال دەيمىز ، مانا بۇ مېنىڭ بوۋام ، بوۋامنى ئەل - يۇرت پەخرىددىن سالچى دەيدۇ ، مانا ماۋۇ بېلىق كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان يىگىت پەرۇخ سالچى ، — جۇشقۇن دادىسىنى چاقچاق قىلىپ يىگىت دېگەچكە شەيتانلىق بىلەن تىلىنى چىقىرىپ قويدى ، — مەن بۇلارنىڭ ئىز باسارى جۇشقۇن سالچى ، — ئەلقۇدلارمۇ بۇلارغا ئۆزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى . ئەلقۇدلار ئۇلارغا تۇمارنىڭ سېھرى بىلەن كەلدۇق دېيەلمىگەچكە «بىز بۇ يەرگە ئويىنغىلى كېلىپ ئېزىپ قالدۇق» دەپ ئۇلارنى ئاران ئىشەندۈردى .





# 6 . دەريا ئۈستىدە

ئەلقۇدلار مېھرى ئىسسىق ، گەپدان سالچى بوۋاينى ئۆزىنىڭ بوۋىسىدەكلا كۆرۈپ قالدى . بوۋاي چاقچاقچى ئىدى . پەرۇخ ئاكا ئۇلارنى مەززىلىك بېلىق كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلدى . جۇشقۇن بىردەمدىلا ئۇلار بىلەن كونا دوستلاردەك چىقىشىپ كەتتى .

— بىز بۇ سال بىلەن دەريادا ئېقىنۋاتقىلى نەچچە سائەت بولدى ، بۇ يەردە بىر ئاخشام دەم ئالماقچى ئىدۇق . سىلەر ئېزىپ قالدۇق دەيسىلەر ، ئەمدى سىلەرنى غۇلجا شەھىرىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ، بۇرۇنراق ماڭمىساق بولمايدۇ .

ئەلقۇدلار ئەمدى ئۇلار بىلەن بىللە ماڭمىسا بولمايتتى . ئۇلارغا دەريادا سال بىلەن سەيلە قىلىش پۇرسىتى ئاسان كەلمەيتتى .

پەخرىددىن بوۋاي بىلەن پەرۇخ ئاكا ئۇزۇن «پالىقى» بىلەن سالنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدى . ئەلقۇدلار جۇشقۇن بىلەن بىللە سالدىكى ئالاھىدە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . دەريانىڭ شىددەتلىك ئېقىنى سالنى چايقاشقا باشلىدى . سال بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ ، بەزىدە چۈشەتتى . سال بىلەن سەيلە قىلىش ئەلقۇد ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش بولغان بولسىمۇ ، بىلال بىلەن زىلالنىڭ قورقىنىدىن كۆزلىرى پارقىراپ ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى . ئۇلارغا سال ھازىرلا چۆكۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . باشتا يۇقىرى - تۆۋەن ، ئىككى يانغا تولا تەۋرىنىپ بىلال بىلەن زىلالنى قورقۇتقان سال بىردەمدىن كېيىن خۇددى كاتاڭ يولدىن ئاسفالت يولغا چىققان ماشىنىدەك بىر خىل رىتىمدا تېز ماڭدى . ئەمدى بىلال بىلەن زىلالمۇ خاتىرجەم ھالدا دەرياغا تىكىلگەنىدى . ئۇلار دەريانىڭ يېنىك شاۋقۇنىغا جور بولۇۋاتقان پەخرىددىن بوۋاينىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى .

— بالىلىرىم ، مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئاساسەن مۇشۇ دەريادا ئۆتتەكەن دېسەممۇ بولىدۇ ، دادام ۋە بوۋاملارمۇ مۇشۇ دەريادا سالچىلىق

قىلغانىكەن. بىز بۇرۇن ياغاچلارنى مانا مۇشۇنداق سال بىلەن توشۇيتتۇق. سالچىلىق جاپالىق بولسىمۇ ئادەمنى خۇمار قىلىدىغان يېرى كۆپ، مەن بۇ دەريادىن ئايرىلالمايمەن. مەن بۇ دەريانى نېمە دېسە شۇنى بېرىدىغان، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان قەھرىمان ئانىغا ئوخشىتىمەن. بالىلىرىم، سىلەر تېخى كىچىك، بىلمەيسىلەر، مۇشۇ ئانا دەريا بىزگە ھەممىنى بەرگەن، بۇ دەريا بولمىغان بولسا مۇشۇ گۈلىستانلار، مېۋىلىك باغلار، باغرى ئىسسىق كۆجۈم مەھەللىلەر، قىسقىسى گۈزەل ھاياتلىق بولمىغان بولاتتى. ئۇ بىز نېمە دېسەك شۇنى بېرىپ كەلدى. بىراق، يېقىندىن بېرى بۇ ئۇلۇغ ئانىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇنى بۇلغايدىغان ئىشلىرىمىز بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇرۇن بۇ دەريادا نەچچە ئون خىل بېلىق ياشايتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن يوغان ئىدى. ھازىر بېلىقلار ئازلاپ كەتتى. شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە بۇلغانماقتا. بالىلىرىم، دەريانى قەدىرلەڭلار، دەريانى سۆيۈڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئۇمۇ سىلەرنى سۆيىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ گۈزەل ھايات ئاتا قىلىدۇ. بولمىسا... — پەخرىددىن بوۋاي غاڭزىسىغا باسقان موخۇركىسىنى قاتتىق شورىغىنىچە توختاپ قالدى. بوۋاي گېپىنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يىغلاۋاتقاندەك مۇڭلۇق چىقتى. ئەلقۇدلار بوۋاينىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك ئۈن ـ تىنسىز ھالدا دەرياغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا سال تۇيۇقسىز تەۋرىنىپ، شىددەت بىلەن چايقىلىشقا باشلىدى.

— بالىلىرىم، چىڭ ئولتۇرۇڭلار! — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ «پالاق»نى قولىغا ئېلىپ، سالنى باشقۇرۇشقا باشلىدى. پەرۇخ ئاكىمۇ يەنە بىر «پالاق»نى قولىغا ئېلىپ سالنىڭ تەۋرىنىشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. دەريانىڭ ئېقىنى كۈچەيگەن بولۇپ، سال گاھ خۇددى ئۇچىدىغاندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، گاھ دەريانىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك پەسلەيتتى. ئەلقۇدلار ئارقاننى چىڭ تۇتۇۋېلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، قورققىنىدىن چۇرقىرىشىپ كەتتى. بۇ خىل ھالەت ئون ـ ئون

بەش مىنۇت داۋاملاشقاندىن كېيىن سال ياۋاشلىق بىلەن بىر خىل رىتىمدا ماڭدى .

ئەلقۇدلارنىڭ يۈرىكى تېخىچىلا سىلىقلاتاتتى . جۇشقۇن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىسقىرتىپ ئولتۇراتتى .

— كۆردۈڭلارمۇ بالىلىرىم ، — دېدى پەخرىددىن بوۋاي پالاقنى بىر چەتكە قويۇپ غاڭزىسىغا موخۇركا سېلىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ، — بايا مەن سىلەرگە بۇ دەريانى مېھرىبان ئانىغا ئوخشايدۇ دېگەنىدىم ، ئۇنىڭ ئاشۇنداق غەزەپلىنىدىغان چاغلىرىمۇ بار ، دەريانىڭ غەزەپلەنمىگىنى ياخشى ، ئەگەر غەزەپلەنسە ئۆز پەرزەنتلىرى بولغان ئىنسانلارغا بالايىئاپەت ئەكېلىشتىن يانمايدۇ .

ئۇلار بىرنەچچە سائەت مېڭىپ شەھەرگە كىردى . شەھەر تەرەپتىن تۇرلۇك شاۋقۇنلار ئاڭلاندى . ئەنە ، ئىلى دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى . پەخرىددىن بوۋاي بىلەن پەرۇخ ئاكا سالنى قىرغاق تەرەپكە ھەيدىدى .

— سىلەر مۇشۇ يەردە چۈشۈۋېلىڭلار ، بىز ياغاچنى تۆۋەنگە ئاپىرىمىز ، — پەخرىددىن بوۋاينىڭ گېپىدىن كېيىن ئەلقۇدلار ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كۆۋرۈككە يېقىن يەردىكى قىرغاققا چۈشۈپ قالدى . ئۇلار جۇشقۇن بىلەن قىيالمىغان ھالدا خوشلاشتى .

كۈن پېتىشقا ئاز قالغان بولۇپ ، كەچكى شەپەق دەريا يۈزىنى قىزغۇچ تۈسكە كىرگۈزگەنىدى . دەريا بويىدىكى ئارامگاھ ، سەيلىگاھلاردا ئادەم قايناپتتى . ئەلقۇدلار ئۆزىدىنمۇ كىچىك بالىلارنىڭ سۇدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ، خۇددى سۇنى كۆرسە تۇرالمايدىغان ئۆردەك چۆجىلىرىدەك سۇغا ئۆزىنى تاشلاپ پۇخادىن چىققۇچە چۆمۈلدى . كەچ بولۇپ قالغان ئىدى . دەريا بويىدا چىراغلار يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ، شەھەردىن ئوينىغىلى چىقىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى .

ئەلقۇد تۇمارغا ئىشەنگەچكە ئۆيگە كېتىشكە ئالدىرىمىدى . بىلال بىلەن زىلالمۇ بۇ يەردىكى قاينام ـ تاشقىنلىققا قىزىقىپ ، ئەلقۇد بىلەن ئويناپ يۈردى .

ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەلقۇد تۇمارغا مۇراجىئەت

قىلىپ ، بىلال بىلەن زىلالنى قۇچاقلاپ :
— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ! — دەپ توۋلىدى . دەل شۇ چاغدا بوران چىققاندەك ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋازدىن كېيىن ئەلـ. قۇدنى بىرسى چاقىردى :
— ئەلقۇد ! ئوغلۇم ئەلقۇد !
ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى قويۇپ بېرىپ ھازىرلا يۇمغان كۆزىنى ئاچتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدنى كىم چاقىرىۋاتقاندۇ دەپ ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئەتراپقا قارىدى .
— مانا مەن ، سول تەرىپىڭلارغا قاراڭلار ، — بايىقى ئاۋاز يېقىنلا يەردىن ئاڭلاندى . ئەلقۇدلار تۇرۇۋاتقان خىلۋەت ساھىل قاراڭغۇ بولسىمۇ ، ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغاچقا ، يەنىلا يېقىن ئەتراپنى كۆرگىلى بولاتتى . ئەلقۇدلار ھەرقانچە قاراپمۇ ھېچكىمنى كۆرەلمىدى .
— مانا مەن نېمانداق كۆرەلمەيدىغانسىلەر ، — ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدا ئادەمسىمان بىرنەرسە تۇراتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سۇدەك جىمىرلايتتى . ئۇنىڭ بەدىنىدىن يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى يالت - يۇلت قىلىپ چاقنايتتى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتا ، سىز كىم بولىسىز ؟ — ئەلقۇد ئەدەپ بىلەن سورىدى . بىلال بىلەن زىلال قورقىنىدىن لاغ - لاغ تىترىگىنىچە يەردە ئولتۇرۇۋالدى .
— بالام ، سەن ئەلقۇدقۇ ، بىلال بىلەن زىلالنىمۇ تونۇيمەن ، سىلەرمۇ مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ، سىلەرمۇ مېنىڭ سۈيۈمنى ئىچىپ چوڭ بولغان . مېنىڭ ئىسمىم دەريا بوۋاي ، مەن ئادەتتىكى ئادەمـ. لەرگە كۆرۈنمەيمەن . سىلەر خىسلەتلىك ، پەزىلەتلىك ، ئىرادىلىك باللار بولغاچقا سىلەرگە كۆرۈنۈۋاتىمەن ، — دەپ دەريا بوۋاي غايىب بولدى .

# 7 . بوغدا تاغلىرى ۋە بوغدا كۆلى

ئەلقۇدلار ئىككى كۈن مەھەللىدە ئوينىدى . بىلال ، زىلال يەنە ئەلقۇد بىلەن بىللە كۆرمىگەن يەرلەرنى كۆرۈپ كېلىشكە قىزىقىسىمۇ ئەلقۇد ئىككى كۈن ئارام ئېلىشۋالايلى دېگەنىدى .

ئىككى كۈنمۇ بىردەمدە ئۆتۈپ كەتتى . ئەلقۇدلار يەنە ھېلىقى قوناقلىقىقا كەلدى . بۇ قوناقلىق ئەلقۇدلارنىڭ ئالاھىدە بېكىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى .

— بۈگۈن نەگە بارساق بولار ؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالدىن سورىدى .

— نەگە بارساق مەيلى ، بىز كۆرمىگەن چىرايلىق يەر بولسىلا بولدى ، — بىلال تېزلا جاۋاب بەردى .

— ئىش قىلىپ قورقۇنچلۇق يەرگە بارمايلى جۇمۇ ، — زىلال پەسرەك ئاۋازدا قوشۇمچە قىلدى .

— بارمىساڭ بارمىغىنە ، كەچكىچە ئاشۇنداق دەيدىكەن ، ئو-غۇل بالا تۇرۇپ قىز بالىدىنمۇ بەك قورقۇنچاق ئىكەنسەن ، — بىلال زىلالنى سىلكىشلىدى .

— كىم بارمايمەن دەپتۇ ؟

— ئەمىسە نېمە دەۋاتىسەن ؟

— مەن ساڭا گەپ قىلدىمىمۇ ، ئەلقۇدقا گەپ قىلىۋاتىمەن .

— ئەلقۇد ، بولدى ، بولدى ، بۇ قورقۇنچاقنى ئاپارمايلىچۇ ، ئۇ بارسا مەن بارمايمەن .

— بولدى قىلىڭلار ، دائىم مۇشۇنداق تاكاللىشىپ قالىدىكەن-سىلەر ، ئۇچىمىز چوقۇم بىللە بارىمىز ، مەن سىلەرنى بوغدا تاغلى-رىغا ئاپىرىمەن ، ئۇ يەردە چىرايلىق بوغدا كۆلىمۇ بار ، بوۋاملار بۇلتۇر يازدا بېرىپتىكەن . بوۋام ماڭا ئۇ يەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە بەك بارغۇم كەلگەن . كېلىڭلار ، قۇچاقلىشايلى ، كۆزۈڭ-

لارنى يۇمۇڭلار ! — بىلال بىلەن زىلال بايىقى تالاش ـ تارتىشلىرى- نى ئۇنتۇپ ئەلقۇدنى قۇچاقلىدى .

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ! — ئۇلار تەڭلا كۆزلىرىنى يۇمدى . ئەلقۇدلار يەردىن كۆتۈرۈلگەندەك بولدى . ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە غۇيۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى .

— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار ! — ئۇلار كۆزلىرىنى تەڭلا ئاچتى . پاھ ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاجايىپ گۈزەل تاغ چوققىسىدا كۆردى . بۇ يەردە كىشىنى سەگىتىدىغان سوغۇق شامال گۇرۇلدەيتتى .

— بۇ قەيەر ؟ — زىلال توڭلاپ كەتكەچكە دۈگدەرەپ تۇرۇپ سورىدى .

— بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى سىلەرگە دەپ بېرەي ، — ئەلقۇد بۇغدا ھەققىدە بوۋىسىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا تۇمارغا مۇراجىئەت قىلمايمۇ ئۆزىلا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى :

— بىز ھازىر بۇغدا تاغلىرىدا تۇرۇۋاتىمىز ، بۇغدا تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ناھايىتى قويۇق ئورمانلىق ۋە ئوتلاقلار بار ، — ئەلقۇد ھەيۋەتلىك ئورمانلار بىلەن سۇرەتتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل يايلاقلارنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاش- تۇردى ، — بۇغدا تاغلىرى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز يەرلىرى 5445 مېتىرغا يېتىدۇ . ئۇنىڭ پەس ، چوكوك بەلۋاغلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1400 مېتىردىن ئاشمايدۇ . ئەنە كۆردۈڭلارمۇ ، پارقىراپ كۆرۈنۈۋاتقىنى بۇغدا كۆ- لى ، بۇرۇن بۇ كۆل ئانا تىلىمىزدا «ساماۋى كۆل» ياكى «تەڭرى كۆلى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن . بۇ كۆل ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىگە ، بۇغدا چوققىسىنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان . ھازىر بىز بۇغدا چوققىسىنىڭ قاپتىلىدا تۇرۇۋاتىمىز ، ئاۋۇ كىچىك ئىك- كى كۆلنى كۆردۈڭلارمۇ ، قارىماققا ئۇ ئىككى كۆل بۇغدا كۆلىنىڭ قوشماق سىڭلىسىغا ئوخشايدۇ . ئادەتتە ئۇ شەرقىي كىچىك كۆل ۋە غەربىي كىچىك كۆل دەپ ئاتىلىدۇ . بۇلارنى ماڭا بوۋام ئېيتىپ بەرگەن . ئەمدى بىز تۆۋەنگە قاراپ ماڭايلى ، دىققەت قىلىڭلار ، تاغدىن پەسكە مېڭىش خېلىلا تەس ، — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى

سەگىتكەندىن كېيىن ئۇلار يېشىل شەمشاد، قارىغايلار ئارىسىدا بەھۇزۇر ماڭدى. ئاۋغۇست كۈنلىرى بولسىمۇ تاغنىڭ سوغۇق شامىلى ئادەمنى ئەندىكتۈرەتتى. ئەلقۇد بۇ يەرلەرگە بۇرۇن كېلىپ باقمىغان بولسىمۇ بوۋىسىدىن، شۇنداقلا بوۋىسىنىڭ كىتابلىرىدىن بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرنى بىلىۋالغاندى. شۇڭا، بىلال بىلەن زىلالغا خۇددى ئۆز ئۆيىنى تونۇشتۇرغاندەك راۋان تونۇشتۇردى:

— بۇغدا تاغلىرىنىڭ ئىقلىمى يازدا مۆتىدىل، قىشتا قار، يازدا يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، شامال ئاز چىقىدۇ، شۇڭا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، ئوت - چۆپلەر بولۇق بولغاچقا دىيارىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل ئوتلاقلار بار، — ئەلقۇدلار تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇلار پەسكە چۈشكەنسېرى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك دەرەخلەرنى ئۇچراتتى. ھەربىر يېڭى دەرەخ ئۇچرىغاندا ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا تونۇشتۇراتتى.

— كۆردۈڭلارمۇ، مانا ماۋۇ شەمشاد، ئەنە ئاۋۇ تاغ تېرىكى، ئۇياقتىكىسى ئاچچىق تېرەك، ھازىر بىز يېنىدىن ئۆتكىنى تاغ سۆگىتى، ئەنە ئاۋۇلار ئارچا، قارا ئارچىلار، — ئەلقۇدلار ئېھتىيات بىلەن پەسكە چۈشۈۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەلقۇدلار كېتىۋاتقان ئورمانلىقلارغا ئانچە يىراق بولمىغان ئوتلاقتا بۇغدا تاغلىرىدا ياشايدىغان ھايۋانلار جەم بولغانىدى. قويۇق شەمشاد ئورمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئوتلاق ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئادەتتە ھايۋانلارنىڭ بۇنداق جەم بولۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرمەك ناھايىتى تەس ئىدى. بۇغدا تاغلىرىدا ھايۋانلار ئىناق - ئىجىل ياشايتتى. ھازىرمۇ بۇ يەرگە ئارقار، كېيىك، تېكە، تۈلكە، قاۋان، بۆرە، بۇغا، ئۇلار، غاز، سېرىق ئۆردەك، قارا قاقىر ۋە تۇرنا قاتارلىق ھايۋانلار جەم بولغانىدى. بۇغدا تاغلىرىدىكى ھايۋانات، ئۇچار قاناتلارغا باش بولۇپ كېلىۋاتقان ئېيىق ئوتلاقنىڭ ئېگىز رەك يېرىگە چىقىۋېلىپ، ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتاتتى:

— بۈگۈن سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىشتا باشقا مەقسەتىمۇ يوق،

بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئادەملەر زادىلا چۈشەنمەيۋاتىدۇ، بىز ئۇلارغا كۆڭلىمىزنى چۈشەندۈرسەك، ئۇلار بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتـسەك دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق. بىراق، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلىدىغان بىرىمۇ بولمىغاچقا، ئۇلارغا مەقسىتىمىزنى بىلدۈرەلمەي قىينىلىپ كېلىۋاتاتتۇق. بۈگۈن بۇ يەرگە تىلىمىزنى بىلىدىغان ئەلقۇد ئىسىملىك بىر بالا كەلدى. ئۇنىڭدا خاسىيەتلىك تۇمار بار. ئۇ ئاشۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتىدە بىز بىلەن سۆزلىشەلەيـدۇ. ئەلقۇد هايۋانلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلغان. شۇڭا، بىز ئۇنى تېپىپ كېلىپ ئوبدان مېهمان قىلايلى! ئۇلارنى تېپىپ كېلىشكە قايسىڭلار مەسئۇل بولساڭلار بولار؟ — ئېيىق ئۆزىنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

— مەن باراي، مەن ئۇلارنى پۇراپ بىردەمدە تاپىمەن، — بۆرە ئالدىغا چىقتى.

— مەن تېپىپ كەلسەم بولارمىكىن، — قاۋانمۇ ئاكتىپلىق بىلەن گەپكە قوشۇلدى.

— مېنىڭ بارغىنىم ياخشىمىكىن، مەن ئۇلارغا يۇمشاق گەپ قىلىپ بىردەمدىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرىمەن، — تۈلكە خىرىلداپ كۈلـدى. ئېيىق بىردەم ئويلىنىپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئادەملەرگە ئائىت هېكايە، چۆچەكلەرنى كۆپ ئاڭلىـغان، ئۇلار هەر ئۇچىڭلارنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەلقۇد دېگەن بۇ بالا هازىر يالغۇز ئەمەس، ئىككى دوستى بىلەن بىللە كەلدى. سىلەرنى كۆرسە قورقۇپ كېتىشى مۇمكىن، — ئېيىقنىڭ هايۋانلار ئارىسىدا يۈز تېپىپ كېتىۋاتقىنىغا تازا قايىل بولماي كېلىۋاتقان قاۋان خورتۇلدىغىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— بىزنىڭ قورقۇپ كەتكۈدەك نەرىمىز بار ئىكەن؟ بۇ ئېيىق غوجامنىڭ ئۆزىنىڭ تاپقان گېپىمىكىن، — قاۋان بۆرە بىلەن تۈلكىگە سىلەر نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر دېگەندەك ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— نەدە پايدىسى بار ئىش بولسا بىزگە قىلدۇرمايدىكەن، — تۈلكىمۇ بوشراق ئاۋازدا غۇتۇلداپ قويدى.

— مېنىڭچە ، ئىبىق غوجامنىڭ گېپى توغرا ، مەن ئويلاشماي گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن . ئۇلار بالىلار تۇرسا بىزنى كۆرسە چوقۇم قورقىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچمىز بارساق ياخشى بولمىغۇدەك . ئۇلار ئىبىق غوجامدىن تېخىمۇ قورقىدۇ . شۇڭا بىزگە ۋاكالىتەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئارقار بىلەن تېكە بېرىپ كەلسۇن ، — بۆرىنىڭ گېپىنى ھەممەيلەن ماقۇللىغان بولسىمۇ قۇشلاردىن پىكىر چىقتى .

— قۇشلاردىنمۇ بىرەرىمىز بارمىساق قانداق بولىدۇ ، — دېدى سېرىق ئۆردەك غاقىلداپ تۇرۇپ . يەنە بىردەم غۇلغۇلا بولغاندىن كېيىن ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا ئارقار ، تېكە ، سېرىق ئۆردەك ، تۇرنا قاتارلىقلار بارىدىغان بولۇپ كېلىشتى .

ئەلقۇدلار تاغ ئىچىدىكى گۈزەل دۇنياغا مەپتۇن بولۇپ قالغاندى . بۇ يەردىكى تۇرلۇك دەرەخلەر ، گۈل ـ گىياھلار ئۇلارنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى .

— بىز بۇغدا كۆلىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ قالدۇق . ھازىر بۇ يەر كىشىلەرنىڭ ساياھەت قىلىدىغان يېرىگە ئايلىنىپ قالدى . ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە پايدا يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ياكى زىيان يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى تازا بىلگىلى بولمايدۇ ، بۇ يەردە دورا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ كۆپ ، — تۇمار ئەلقۇدقا تۆۋەندىكىلەرنىمۇ سۆزلەپ بەردى ، — بۇغدا تاغلىرى بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى . بۇنىڭدىن 500 مىليون يىل ئىلگىرى تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدىن باشقا جايلارمۇ چەكسىز ئىدى . بۇ ھاۋارەڭ ئاسمان بىلەن كۆپكۆك دېڭىز خۇددى يىراقتىن تۇتىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇلغىيىپ دائىم تارىم ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئۇ چاغدا بىپايان دېڭىز ئۇستىدە ئۇچۇپ يۇرۇيدىغان قۇشلار ۋە دېڭىزدىكى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى . كېيىنكى چاغلاردىكى يانار تاغلار ھەرىكىتىدىن كېيىن قۇرۇقلۇق ۋە تاغلار پەيدا بولغان ، — ئەلقۇد بۇ گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي تۇرغاندا بىرىنىڭ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى .

— ئەلقۇد ! ھەي ئەلقۇد ! — بۇ ئاۋاز بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى . ئەلۋەتتە ئۇ تۇمارنىڭ ئاۋازىمۇ ئەمەس ئىد-

دى . بىلال بىلەن زىلال بۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن سۆيۈ-
نۈپ ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سەيلە قىلىۋاتاتتى . قارىغاندا ئۇلار بايىقى
ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى .

— ئەلقۇد ، مانا بىز ، سىزنى ئىزدەپ كەلدۇق ، — ئەلقۇدلارنىڭ
ئالدىدىكى يوغان شەمشادنىڭ كەينىدىن ئارقار ، تېكە ، سېرىق ئۆر-
دەك ، تۇرنىلار چىقىپ كەلدى . ئەلقۇد باشتا ھودۇقۇپ كەتتى .
بىلال بىلەن زىلالمۇ قورقۇپ ئەلقۇدنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى .

— قورقماڭلار ، بىز سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ، — ئارقارنىڭ
ئاۋازى مۇلايىم بوۋايلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى .

— شۇنداق ، بىز سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ، — سېرىق ئۆردەك
قىزلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان زىل ئاۋازى بىلەن ئارقارنىڭ گېپىنى
تەكرارلىدى . ئەلقۇدلار خېلى ئۇزۇنغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي
قالدى .


— ئەلقۇد ، سىلەرنىڭ بىزنىڭ بۇغدا تاغلىرىغا كەلگىنىڭلارنى
قىزغىن قارشى ئالىمىز ، بۇغدا تاغلىرىدا ياشايدىغان ھايۋانلار سى-
لەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بىزنى ئالاھىدە ئالدىڭلارغا ئەۋەتتى .
مۇۋاپىق كۆرسەڭلار بىز بىلەن بىللە بارغان بولساڭلار ، باشلىقىمىز
ئېيىقنىڭ سىلەرگە دەيدىغان يۈرەك سۆزى بار ئىكەن ، — تېكە
يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلغان چاغدىلا ئەلقۇدلار ئالدىدىكى ھايۋانلارنىڭ
گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى .

— مەيلى ، — دېدى ئەلقۇد بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن
سالماقلىق بىلەن ، — سىلەر بىزنى دوستۇم دەپ بىلگەن بولساڭلار
بىزمۇ سىلەرنى دوستىمىز دەپ بىلىمىز ، قايسى تەرەپكە ماڭىمىز ؟

— بىلال بىلەن زىلال ماڭا مىنسۇن ، سىز ئارقارغا
مىنىڭ ! — تېكىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئەلقۇدلار تېكە ۋە ئارقارغا
مىندى .

ئارقار بىلەن تېكە خۇددى قۇشلاردەك قانات قېقىپ ئۇچۇشقا
باشلىدى . ئۇلارغا قانات پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئەلقۇدلار بىلەل-
مەي قالدى . ئۇلار بۇغدا تاغلىرى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ ، بۇ تاغلار-
نىڭ ۋە بۇغدا كۆلىنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى .





# 8 . ئويۇن غارى

قويۇق شەمشادلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ گۈزەل ئوتلاق بۇگۈن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى . بۇ يەرگە جەم بولغان ھايۋانلار تولىمۇ ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى . ئۇلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئاسمانغا قارىشاتتى . ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ قولىدا «ئەلقۇدلارنى قارشى ئالايلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان كىچىك تۇغلار لەپىلدەيتتى . ئارىدىن يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «كەلدى ! ئەلقۇدلار كەلدى !» دېگەن شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى . ئاسماندا تېكە ، ئارقارغا مىنىپ كېلىۋاتقان ئەلقۇدلار كۆرۈندى .

سېرىق ئۆردەك بىلەن تۇرنىمۇ خۇددى ئەلقۇدلارنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقاندەك تېكە بىلەن ئارقارنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى . بۇ يەرگە يىغىلغان ھايۋانلار تېزلىكتە چەمبەر ھاسىل قىلدى . ئەلقۇدلار ئەنە شۇ چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوندى . ئېيىق ، بۇغا قاتارلىقلار ئەلقۇدلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . بۇ يەردىكى ھايۋانلار ئەلقۇدلارغا ھەيران بولغاندەك قاراۋاتاتتى . ئارقار بىلەن تېكىنىڭ بايىقى قانىتى غايىب بولدى . ئەلقۇدلار ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن بۇنچە قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى .

ئەلقۇدلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن ئېيىق قاتارلىق بىرنەچچە ھايۋاندىن باشقىلىرى تارقاپ كەتتى . ئېيىق باشچىلىقىدىكى بەش ـ ئالتە ھايۋان ئەلقۇدلارنى شەمشادلىقنىڭ شەرقىدىكى يېشىل كارىدورلۇق زالغا ئېلىپ كىردى . بۇ زالدىن تەبىئەتنىڭ ، يەنى بۇغدا تاغلىرىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىنى كۆرگىلى بولاتتى . زالنىڭ شەرقىي تەرىپىدە خۇددى بۇغدا چوققىسىغا ئوخشايدىغان كىچىك چوققا كۆزگە تاشلىناتتى . بۇ يەرگە يەنە بۇغدا كۆلى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرغان ئىككى كىچىك كۆلگە تەقلىد قىلىنغان

ئۈچ كۆلچەكمۇ ئالاھىدە زىننەت بېغىشلايتتى . يېشىل زالنىڭ تام ۋە تورۇسلىرى قارىغاي ، شەمشاد ۋە باشقا گۈل ـ گىياھلار بىلەن بېزەلگەنىدى . ئەلقۇدلار ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان شىرەنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇردى . تۇرنا ، سېرىق ئۆردەكلەرنىڭ مولازىملىق قىلىشى بىلەن شىرەگە بۇغدا تاغلىرىدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان ئالاھىدە قورۇ- مىلار كەلتۈرۈلدى . ئەلقۇدلارغا قورۇمىلار بەك تېتىپ كەتتى .

— گېپىمىزنى قىلغاچ ئولتۇرايلى ! — دەپ گەپ باشلىدى ئېيىق يېشىل رەڭلىك جاملارغا قاراقات شەربىتىنى قۇيۇۋالغاندىن كېيىن ، — مەن بۇنى ئىچىشتىن بۇرۇن سىلەرنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چاقىرغانلىقىمنى شەرھلەپ ئۆتەي !

بىلال بىلەن زىلال كەلتۈرۈلۈۋاتقان خىلمۇخىل قورۇمىلارغا بەك بېرىلىپ كەتكەچكە ئېيىق باشلىقنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي يەپ ـ ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن ئەلقۇد خاپا بولغان بولسىمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن گەپ قىلمىدى . بىلال بىلەن زىلال كېلىۋاتقان قورۇمىلارغا بويۇنداپ قارايتتى . ئالدىدىكى- نى يەپ بولۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى قورۇمىلارغىمۇ چاڭ سالات- تى . ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنىڭ شالتاق بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەن كارى بولماي شالاپشىتىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەيتتى . بىر ـ بىرىگە قاراپ ئورۇنسىز كۈلەتتى . ئېيىقنى مازاق قىلىۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ ، پىخىلداپ كۈلەتتى .

ئېيىق ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرسى- مۇ ، ئۇلارنىڭ بالا ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىدى . بۇغا قاتارلىقلارمۇ ئېيىقنىڭ گېپىگە قۇلاق سې- لىپ ئولتۇردى .

— ھۆرمەتلىك بالىلار ، ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سالساڭلار ، — بۇ گەپ بىلال بىلەن زىلالغا قارىتىپ ئېيتىلغانىدى . ئەلقۇدمۇ ئۇلارغا كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇڭلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەنىدى . شۇڭا ، بىلال بىلەن زىلالمۇ جىمىپ قالدى .

— ئەسلىي بۇ بۇغدا تاغلىرىدا 140 خىلدىن ئارتۇق ھايۋان ،

ئۇچار قاناتلار جەم بولۇپ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايتتۇق، بۇ گۈزەل تاغ باغرىدا بىزگە ياشاش ئىمكانىيىتى كۆپ ئىدى. يېقىندىن بېرى ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرى بۇ يەرلەردىن كۆچۈپ كەتتى، يەنە بەزىلىرى ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى. بۇ يەردە ئۆسىدىغان بەزى قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەرمۇ يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىزنى — بۇ يەردە ياشاۋاتقان بارلىق ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئازابلىماقتا. يەنە كېلىپ ھازىر ياز كۈنلىرى بولغاچقا ئاشۇ خاسىيەتلىك بۇغدا كۆللىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر مىغىلدايدىغان بولدى. بۇنداق دېسەم بۇ گۈزەل يەرلەرگە بىز كەلسەك بولمامدىكەن، دەپ خاپا بولۇشىڭلار مۇمكىن، مەنچە بۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ئادەملەر بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولساق بولىۋېرىدۇ. لېكىن، بەزى ئادەملەر ئاشۇ گۈزەل تەبىئەتنى قوغداشنى بىلمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بەزى ئاڭسىز، قالاق ئادەملەر ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارغا، قىممەتلىك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان يەتكۈ-زۈۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ مەقسىتى بۇ يەرلەرنى ئادەملەر ئۈچۈن گۈزەل سەيلىگاھ قىلىپ بېرىش بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئادەملەر بۇغدا تاغلىرى ۋە بۇغدا كۆللىرىنىڭ تەبىئىي گۈزەل مۇھىتىنى بىلىپ ـ بىلمەي خۇنۈكلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بىز ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدا خاتىرجەم، ئورتاق يا-شاشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىز ئۇلارغا مەقسىتىمىزنى ھەرقانداق قى-لىپمۇ بىلدۈرەلمەيمىز. ئۇلار بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلمەيدۇ. بۈگۈن بىز نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلاردىن خۇشال بولۇپ كەتتۇق؟ چۈنكى، سىلەر مۇشۇ يەرشارىدىكى بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئۈچ ئادەم. بىزدە ئىنسانلاردا يوق بولغان بىر خىل سەزگۈ بار، بىز ئىشلارنى ئالدىن ھېس قىلالايمىز. ئۆزىمىزگە پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىشلارنى ئالدىن بىلەلەيمىز. شۇڭا، بىز سىلەردەك بالىلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن. سىلەر ئۇلارغا دەپ قويساڭلار، ئۇلار ئورتاق ئائىلىمىز بولغان بۇ گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىغا زىيان يەتكۈزمىسە، — بۈگۈن ئەلقۇد

تېخىمۇ ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئېيىقنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالغاندەك زەڭ سېلىپ ئاڭلىدى. ئېيىقنىڭ خۇددى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردەك سالماق سۆزلىشى ئۇنى تەسىرلەندۈردى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بىز چوقۇم بۇ گەپلىرىڭىزنى ئادەملەرگە يەتكۈزىمىز، بۇ گەپلىرىڭىزنى تەبىئەت ئوقۇتقۇچىمىزمۇ دېگەندەك قىلغان. مېنىڭچە، ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى هازىر سىز دېگەن ئاشۇ گەپلەرنى چۈشىنىدۇ ھەم شۇ بويىچە ئىش قىلىۋاتىدۇ.

— چوقۇم يەتكۈزىمىز! — بىلال بىلەن زىلالمۇ قورسىقى تويغاچقا يېشىل يوپۇرماق بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئېرتقاچ گەپكە قوشۇلدى. ئەلقۇدلارنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئېيىق، بۇغىلار خۇشال بولدى.

— بۇ يەرنىڭ تاماق ـ قورۇملىرى بەك تەملىككەن! — بىلال بىلەن زىلال چىن قەلبىدىن ماختاشتى.

— شۇنداق، تەبىئەت بەرگەن نېمەتلەر ئەڭ تەملىك بولىدۇ، — ئەلقۇد ئۆزىنىڭ بۇ گەپنى نەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلەلمەي بىردەم ئويلىنىپ قالدى. توغرا، ئەلقۇد بۇ گەپنى بوۋىسىدىن ئۆگەنگەنىكەن. بۇگۈن ئەلقۇدنىڭ چوڭ ئادەملەردەك بولۇۋېلىپ ھايۋانلارنىڭ ئالدىدا بىلال بىلەن زىلالغا گەپ بەرمەيۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەچكە، خاپا بولۇپ غودۇراشقا باشلىدى.

— بولدى، بولدى، كېتەيلىچۇ، بۇ يەرگە ئويناپمىز دەپ كېلىپ، ئېيىقنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرامدۇق، ماقۇل دەپ بەرسەك ماۋۇ بۇغا دېگەن ئاداشمۇ يەنە يېرىم كۈن سۆزلەيدىغان ئوخشايدۇ، سېنىڭمۇ ئەجەب بۇلار بىلەن تىلىڭ بىر بولۇپ كەتتىغۇ، — بۇ چاغدا بۇغىمۇ ئېيىق سۆزلىگەننى مەنمۇ سۆزلىيەلەيمەن دېگەندەك ئادەملەر بىلەن دوست بولۇپ، چۈشىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى دېگەن تېمىدا توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئېيىق دەپ بولغان گەپلەرنى تەكرارلاۋاتاتتى. بۇغا ئېيىقنىڭ بۇ يەرگە باشلىق بولۇۋالغانلىقىغا تازا رازى ئەمەس ئىدى. ئېيىقمۇ بۇغىنىڭ بۇ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— باللارغا دەيدىغان گېپىمىز يېتەرلىك بولدى ، گەپنى تەكرارلاۋەرمەيلى ، ئۇلارنىڭ قورسىقى تويدى . ئەمدى ئۇلارنى ئويۇن غارىغا ئەكىرىپ ئوينىتايلى ! — ئېيىقنىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن بۇغا يەنە بىردەم ۋاتىلداپ توختاپ قالدى . ئەسلىي بۇ زىياپەتكە قاتنىشىش سالاھىيىتى يوق بولسىمۇ ، ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ كىرىۋالغان تۈلكە ئەلقۇدلارغا ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى بىلدۈرۈپ يۈرەك - باغرىنى تۆكمەكچى ئىدى ، بىراق ئېيىق ئۇنىڭغا سۆزلەش پۇرستى بەرمىدى . شۇڭا ، تۈلكىنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتە ئادەملەرگە ياخشىچاق بولۇۋېلىش مەقسىتىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى .

— بولدى ، گەپ مۇشۇنچىلىك بولسۇن ، باللارنى ئويۇن غارىغا ئەكىرىپ ئوينىتىڭلار دەۋاتىمەن ، — ئېيىقنىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن بىلال بىلەن زىلال :

— ئويۇن غارى ! ئاشۇنداق غارمۇ بارمۇ ؟ بىز ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلار كۆپمۇ ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى . ئەلقۇدنىڭ شۇنداق ۋارقىرغۇسى بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئەلقۇدمۇ ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىسا ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى .

ئويۇن غارىنىڭ ئىچى يورۇپ تۇراتتى . غارنىڭ تام - تورۇسلىرىدا ھەسەن - ھۈسەنلەر چاقنايتتى . تەبىئەتتىكى جىمى گۈزەللىك مۇشۇ غارغا مۇجەسسەملەنگەندەك قىلاتتى . غار ئىچىدىن سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ، قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ۋە باشقا جان - جانىۋارلارنىڭ تۈرلۈك تىلدا ئۈنلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ تەبىئەتتىكى ئەڭ گۈزەل كۈيدەك ئويۇن غارىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى .

غار چوڭ بولغاچقا ئەلقۇدلار خېلى ئۇزۇن مېڭىپمۇ ئويۇن غارىنىڭ ئايىغىغا چىقىپ بولالمىدى .

— سىلەر يامغۇر ياغقاندىن كېيىن كۆرىدىغان ھەسەن - ھۈسەن كۆپ ۋاقىتنى مۇشۇ ئويۇن غارىدا ئۆتكۈزىدۇ . ئۇلار قۇياش بوۋاينىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرى ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىمەن دېسەڭلار مەن ئۇلارنى ئالدىڭلارغا ئەكېلەي ، — دېدى ئېيىق .

— بولىدۇ ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويايلى ، — دېدى ئەلقۇد

ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرۈشكە ئالدىراپ .
— ئۇلارنى كۆرگىلى بولامدۇ ؟ ئۇلار كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇر تۇرسا ، — بىلال بىلەن زىلال كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە سورىدى .
— سىلەر ئۇلارنى قانداق قىياپەتتە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساڭلار شۇنداق قىياپەتتە پەيدا بولىدۇ ، ئۇنى قانداق قىياپەتتە كۆرۈشنى خالايسىلەركىن؟ — بۇغمۇ بوش كەلمەي پۇرسەتنى تۇتۇپ ئارىلىقتا گەپ قىستۇرۇۋالغانلىقىدىن خۇشال بولدى .
— ئەلقۇد قانداق قىياپەتتە كۆرۈشنى خالىسا بىزمۇ شۇنى خالايمىز ، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا قاراپ قويدى .
— ئۇنداق بولسا مەن . . . — ئېيىق ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى .
— ئارزۇيىڭىزنى دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، ئارزۇ قىلىۋېرىڭ !
ئەلقۇد ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ چىرايلىق ، ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دېمەت ، قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكا بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەرھال ئاق يۈزلۈك ، بۇدۇر چاچلىق ، كۆزلىرى يوغان ئەلقۇدلار بىلەن تەڭ دېمەت ئىككى ئوغۇل پەيدا بولۇپ ، ئەلقۇدلارغا سالام قىلدى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، مېھمانلار ! ئويۇن غارىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز ! — ئەلقۇدلار «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى .
— بىز سىلەرنى دوستىمىز دەپ بىلىمىز ، بۇ يەردە سىلەر ئارزۇ قىلغان ئويۇن ـ تاماشىنىڭ ھەرقاندىقى بار . قېنى ، خالىغىنىڭلارنى ئويناڭلار .
ئويۇن غارى چىرايلىق بولسىمۇ ، ئەلقۇدلار بىرەر ئويۇنچۇق ياكى باشقا نەرسىلەرنى كۆرەلمىدى . ئىشقىلىپ ئەلقۇدلار بۇ يەردە قانداق ئويناشنى تازا بىلەلمىدى . ئېيىق بىلەن بۇغا ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ قۇلىقىغا «بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرەيلى ، ئىككىڭلار ئۇلارنى ئوينىتىڭلار» دېگەندىن كېيىن ئەلقۇدلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ھەسەن ـ ھۈسەن ئەلقۇدلارنى ئويۇن

غارنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىردى . غار ئىچىدە ئەلقۇد-
لار كۆرۈپ باقمىغان گۈزەل مەنزىرىلەر بولسىمۇ ئەلقۇدلار يەنىلا
ئويناشنى بىلمىدى . شۇڭا ئەلقۇد ھەسەن - ھۈسەنلەردىن سورىدى :
— بۇ يەرنى نېمىشقا ئويۇن غارى دەيدۇ ؟
— بۇ يەردە دۇنيادىكى ھەرقانداق جان - جانىۋارلارنىڭ بالىلى-
رى ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلار بار .
— ئەمىسە بىز ئوينىغۇدەك ئويۇنچۇق كۆرمىدۇققۇ ؟ — ئەلقۇد
قايتۇرۇپ سورىدى .
— سىلەر نېمىنى ئويناشنى ئارزۇ قىلساڭلار شۇ پەيدا بولى-
دۇ ، بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا ئويۇنچۇق پەيدا بولىدۇ ، يەنە بىر
ئويۇنچۇقنى ئوينىماقچى بولساڭلار باشتىكى ئويۇنچۇقلار يوقاپ يېڭى
ئويۇنچۇق پەيدا بولىدۇ .
— راستمۇ ؟ ! — ئەلقۇدلار تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى .
— راست ، ئىشەنمىسەڭلار ، سىناپ باقماسىلەر ، —
ھەسەن - ھۈسەن سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى .
ئەلقۇدلار ئەمدى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئويۇنچۇقلارنى پەيدا
قىلىپ ئويناشقا باشلىدى . ئۇلار تۇرۇپلا كىچىك پىكاپنى چىقىرىپ
غارقىرىتىپ ھەيدىسە ، تۇرۇپلا كىچىك ئايروپىلان بىلەن غار ئىچىدە
ئۇچۇپ يۈرەتتى . تۇرۇپلا پاراشوت ، گاز شارى بىلەن يۇقىرى ئۆر-
لىسە ، تۇرۇپلا تۇلپارلارغا مىنىپ ، چېپىپ يۈرەتتى . تۇرۇپلا پىلى-
موت ، ئاپتوماتلارنى ئېسىپ جەڭچىلەردەك جەڭگە چۈشۈپ كەتسە ،
تۇرۇپلا تانكىلارنى غارقىرىتىپ ھەيدەيتتى . . . ئەلقۇدلار ئۇچۇن بۇ
يەردە ئۇلار ئارزۇ قىلغان ھەرقانداق ئويۇنچۇق پەيدا بولاتتى . ئەل-
قۇدلار ئايروپىلان بىلەن ئۇچماقچى بولسا غار بىردىنلا كۆك ئاسمان-
لىق كەڭ مەيدانغا ئايلىناتتى . تۇلپارغا مىنگەندە يايلاققا ئايلىناتتى .
ئىشقىلىپ ئۇلار ھەرقانداق ئويۇنچۇقنى ئوينىشى بىلەن تەڭ غارمۇ
شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ تۇراتتى .
ئەلقۇدلار ئويۇن غارىدا ئويۇنغا قانمايۋاتاتتى . ئۇلار خۇدنى
يوقىتىپ خېلى ئۇزۇن ئوينىغاندىن كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كەتتى .
ئەلقۇدلار ئەمدى ھەسەن - ھۈسەن بىلەن خوشلىشىپ قايتماق-

چى بولدى . ھەسەن ــ ھۈسەنمۇ ئۇلارنى «ۋاقىت بولسا يەنە كېلىڭ-لار ، بۇ يەردە سىلەر كۆرۈشۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن دوستلار بار . ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىڭلار ، كېيىن كەلگەندە كۆرۈشەرسىلەر» دەپ ئۇزىتىپ قويدى .

ئەلقۇدلار ئويۇن غارىدىن چىقىپ ئېيىق ، بۇغا قاتارلىق ھايۋان-لارغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتتى ھەم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنسان-لارغا چوقۇم يەتكۈزىمىز دەپ ۋەدە بېرىپ ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى .

ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن يەنە مەھەللىگە قايتىپ كەلدى . ۋارىس قاتارلىق باللار «سىلەر باياتىن بېرى نەگە يوقاپ كەتتىڭلار ؟ ئۆستەڭگە سۇغا چۈشۈپ كەلگەن ئوخشىمامسىلەر» دەپ سوراپ قويدى . ئەلقۇدلار ئۆيگە كىرگەندە ئاتا ــ ئانىلىرىمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە بىر سائەتمۇ بولمىغانىدى .

# 9 . ئۈرۈمچىدە

ئەلقۇد ، بىلال ۋە زىلال ئۈچى مەھەللىدە يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى . تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا يەرلەردىكى ساياھىتىگە بىرنەچچە مىنۇت كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەلقۇدلار ئۈچۈن ھەر قېتىملىق ساياھەت خېلى ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئەلقۇدلار ساياھەت جەريانىدا ئۇچراۋاتقان تۇرلۇك كەچۈرمىشلەر ئۇلارنى ھەيران قالدۇراتتى ۋە خۇشال قىلاتتى . بەزىدە ئۇلار قورقۇپمۇ قالاتتى . بىلال بىلەن زىلالنىڭ ساياھەتتە كۆرگەنلىرىنى مەھەللىدىكى ۋارىس قاتارلىق باشقا بالىلارغا سۆزلەپ بەرگۈسى ، ئۇ يەردە بولغان ئىشلار ئارقىلىق پەخىرلەنگۈسى كېلەتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساياھەت جەريانىدىكى ئىشلىرىنى باشقىلارغا دېسە تۇمارنىڭ خاسىيىتى ئاجىزلايتتى ياكى يوقاپ كېتەتتى . ئەلقۇدنىڭمۇ بالىلارغا ئاشۇ ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگۈسى ، پو ئاتقۇسى بولسىمۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى .

ھازىر تەتىل ۋاقتى بولغاچقا ئەلقۇدلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يەنە كۆپ يەرلەرنى ساياھەت قىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار قايسى يەرنى ساياھەت قىلىشنى بىلەلمەي ، يەنە ئىككى كۈننى مەھەللىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى .

بۈگۈن ئەلقۇدلار ھېلىقى قوناقلىقتا يەنە كەلدى .

— ھە ، ئەلقۇد ، ئەمدى نەگە بارىمىز ؟ ! — بىلال بىلەن زىلال مەي بولۇپ پىشقان ئىت ئۈزۈملەرنى يېگەچ سورىدى .

— يۇرتىمىزدىكى ئەڭ كاتتا شەھەر ئۈرۈمچىنى بىر كۆرسەك بولارمىكىن ، بۈلتۈر بوۋام يىغىنغا بېرىپ ئۈرۈمچىنى بەك ماختاپ كەتكەنىدى ، — ئەلقۇد تۇمارنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى .

— ھەي ، ئۈرۈمچىنى بەك چوڭ دەيدۇ ، ئادەممۇ بەك كۆپ-مىش ، ئۇ يەردە ئېزىپ قالماسمىز - ھە ؟ — زىلال ئەنسىرىگەندەك

سورىدى .
شۇ چاغدا تۇماردىن سادا كەلدى :
— زىلالنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار ، سىلەر ئۈرۈمچىنىڭ ھەمـ
ـمە يېرىنى كۆرۈپ بولالمايسىلەر ، سىلەر ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ، مەن ھەربىرىڭلارغا بىردىن ئۈچقۇ پەيدا قىلىپ بېرەي ، سىلەر شۇ ئۈچقۇ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ كۆرسەڭلار ، مەن چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن . سىلەر شۇ چاغدا ئۆزۈڭـ
ـلار تەپسىلىي ساياھەت قىلىمىز دېگەن يەردىن بىر - ئىككىنى تاللاپ ساياھەت قىلساڭلار بولىدۇ .
ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ گېپىگە قوشۇلدى .
— ئۇنداق بولسا ئۈرۈمچىگە بېرىشتىن بۇرۇن بىزگە ئۈرۈمـ
ـچىنىڭ جۇغراپىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز بوپتىكەن .
ئەلقۇد تۇمارغا قاراپ قويدى .
تۇمار ئۈرۈمچىنى جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسىدەك تەپسىلىي تو-
نۇشتۇردى . ھازىر بىلال ۋە زىلالمۇ تۇمارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىـ
ـغان بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇلارمۇ تۇمارنىڭ ئاۋازىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى :
— ئۈرۈمچى ئۇزۇن تارىختا ئىگە شەھەر ، بۇنىڭدىن بىرقانچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۇ سۈيى ئەلۋەك ، ئوت - چۆپلىرى مول گۈزەل يايلاق ئىدى . يەر ئاستى سۇلىرى ، بۇلاق سۇلىرى ۋە سۇ مەنبەلىرىـ
ـنىڭ ئانىسى بولغان مۇزلۇقلار ، يامغۇر ۋە قار سۇلىرى ئۈرۈمچى دەرياسىنى شەكىللەندۈرگەن . ئۈرۈمچىنىڭ قەدىمىي ئاتىلىشى «ئۇ-
رۇمتاي» ئىدى . بۇ خون تىلى بولۇپ ، بۇ سۆز بۇنىڭدىن 2100 يىل ئىلگىرى بار ئىدى . ياخشى جاي دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى .
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپى يامالىق تېغى ۋە قىزىلتاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۈرۈمچى شەھىرىـ
ـنىڭ قاراۋۇلىدەك ھەيۋەتلىك بوغدا چوققىسى مەغرۇرانە قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرىدۇ . ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي تاغ (دۇڭشەن) ، جەنۇ-
بىي تاغ (نەنشەن) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ مەنبەسىگە ئىگە .
ھازىرچە ئۈرۈمچى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك بىلىپ تۇرۇڭلار ، قالغىـ

نىنى بارغاندىن كېيىن بىلسەڭلارمۇ بولىدۇ ، — تۇمار جىمىپ قالدى .

— ئۇنداق بولسا كېلىڭلار ، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى قۇچاقلىدى . ھەر قېتىمقى ساياھەتكە چىقىشتىن بۇرۇنقى ھەرىكەت ۋە ھالەتلەر تەكرارلاندى .

— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار ! — ئەلقۇدنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۇلار تەڭلا كۆزىنى ئاچتى ۋە ئۆزىنى قىزىلتاغنىڭ چوققىسىدا كۆردى . بۇرۇنقى گىياھسىز قىزىلتاغ دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھلارغا پۈركىنىپ يېشىل تاغقا ئايلانغانىدى . بۇ يەردىن قارىغاندا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى .

— پاھ ، نېمىدېگەن كۆپ ئېگىز بىنالار بۇ ! — ئەلقۇدلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي نەچچە قېتىم ئۇۋۇلاپ يەنە قارىدى . بىنالار ، كوچىلار ، كوچىلاردا توختىماي مىغىلداپ يۈرگەن ئادەم ۋە ئاپتوموبىللار ، تۈرلۈك ئاۋازلاردىن شەكىللەنگەن ياڭراق سادا تاغلار ئارىسىدا رەڭدار چىراغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان بۇ شەھەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغانىدى .

— بۇ ئۈرۈمچى شەھىرى ئىكەن - دە ، — ئۇلار ھاياجانلانغان ھالدا شۇنداق دەۋەتتى .

— شۇنداق ، — دېدى تۇمار چۈچۈك ئاۋازى بىلەن چاڭىلداپ سۆزلەپ ، — ھازىر سىلەر قىزىلتاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇۋاتىسىلەر ، سىلەرگە بىردىن ئۇچقۇ تەقدىم قىلاي ، ئۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاسمىنىنى سەيلە قىلىڭلار ، — ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدا موتىسىكلىتقا ئوخشايدىغان ئۇچقۇ پەيدا بولدى .

— ئۇچقۇنىڭ ئوڭ قولىقىنى بۇرىساڭلار كۆتۈرۈلىدۇ ، سول قولىقىنى بۇرىساڭلار تۆۋەنلەيدۇ ، — تۇمارنىڭ سۆزىدىن كېيىن ، ئەلقۇدلار ئۇچقۇغا مىنىپ ئوڭ قولىقىنى بۇرىغانىدى ، ئۇچقۇ لەرزان كۆتۈرۈلۈپ ئالدىرىماي ئۇچۇشقا باشلىدى . ئەمدى ئۇلار ئۈرۈمچى شەھىرىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈشكە باشلىدى .

ئەلقۇدلارنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئاساسەن بىنا ۋە ئاپتوموبىللار بول-

سىمۇ ئۇلار ئۇچۇن خۇشاللىق بولدى . ئۇلار شەھەر ئاسمىنىدا خېلى ئۇزۇن ئۇچقاندىن كېيىن ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا :
— ئۈرۈمچى شەھىرى بەك چوڭ ئىكەن ، بىز ئاۋۋال قايسى يەرنى زىيارەت قىلساق بولار ؟ — دېدى .
— قەيەرنى ساياھەت قىلىمىز دېسەڭ شۇ يەرنى زىيارەت قىلايلى .
— باغچىلارنى زىيارەت قىلساق بولاتتى ، بىراق قىزىلتاغ باغچىسى ، خەلق باغچىسى ، ئىستىراھەت باغچىسى ، سۇ ئۈستى باغچىسى ، ھايۋانات باغچىسى دېگەندەك نۇرغۇن باغچىلار بار ئىكەن .
— ئۇنداق بولسا ھايۋانات باغچىسىنى زىيارەت قىلايلىچۇ . ھايۋانلار بىلەن پاراڭلىشىشمۇ كۆڭۈللۈك ئىكەن ، — بىلال بىلەن زىلال تەڭلا شۇنداق دېدى .
— سىلەرمۇ مەندەك ئويلاپسىلەر . ئۇنداق بولسا ھايۋانات باغچىسىغا چۈشەيلىمۇ ؟
— بولىدۇ ، بولىدۇ ! — بىلال بىلەن زىلال خۇشال بولۇپ كەتتى .
— ئۇچقۇنىڭ سول قۇلىقىنى بۇراڭلار ، — دېدى ئەلقۇد .
ئۇلار تەڭلا ئۇچقۇلىرىنىڭ سول قۇلىقىنى بۇرىدى . ئۇچقۇ ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ ھايۋانات باغچىسىنىڭ ئادەم كۆرمەيدىغان چەترەك يېرىدىكى ئورمانلار ئارىسىغا قوندى . ئەلقۇدلار ئۇچقۇنى قانداق قىلارىمىز دەپ تۇرغاندا ئۇچقۇ خۇددى شامالدا غايىب بولغان سوپۇن شارچىسىدەك يوقاپ كەتتى .
— مېڭىڭلار ، بۇ يەردىكى تۇرلۇك ھايۋانلارنى كۆرىمىز ، — ئۇلار باغچىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى . بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا باغچىدا ئادەم كۆپ ئىدى . بۇ يەردە ھايۋانلار چوڭ - كىچىك قەپەسلەرگە سولانغانىدى . ھەربىر ھايۋاننىڭ قەپىسىنىڭ ئالدىغا شۇ ھايۋاننىڭ «قىسقىچە تەرجىمىھالى» يېزىپ قويۇلغانىدى . بالىلار ئوينايدىغان تۇرلۇك ئويۇنچۇقلارمۇ كۆپ ئىدى . شۇ ئويۇنچۇقلاردا بالىلار چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتاتتى .
بۇ يەردە يولۋاس ، شىر ، يىلپىز ، بۆرە ، تۇلكە ، مايمۇن ،

بۇغا، بۆكەن، زىراپە، ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك ھەمدە ئاق قۇ، تۇرنا، قىرغاۋۇل قاتارلىق تۈرلۈك ھايۋان ۋە قۇشلار بار ئىدى. ئەلقۇدلار بۇ ھايۋانلارنى تېلېۋىزوردىلا كۆرگەنىدى. تېلېۋىزوردىكى ئۇ ھايۋانلار بەكمۇ شوخ ۋە تېتىك ئىدى. بىراق، بۇ يەردىكى ھايۋانلارنىڭ مىسكىن ۋە بىچارىلىقى ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئاغرىتتى. شىر ۋە يولۋاسلارمۇ خۇددى ياۋاش كالىدەك بولۇپ قالغانىدى. شىر ئېڭىكىنى ئالدى ئىككى پۇتىغا قويۇپ، كۆزىنى بىر يۇمۇپ، بىر ئېچىپ ياتاتتى. شىر باققۇچى ئۇنىڭ ئالدىغا قانداقتۇر بىر گۆشنى ئەكېلىپ تاشلاپ بەردى. شىر گۆشنى خۇشياقمىغاندەك چايناشقا باشلىدى. يولۋاسمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇلاردىكى يىرتقۇچلۇق ۋە ياۋايىلىق نەرلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئەلقۇدلار يەنە ئەتراپى ئېگىز سىم توساقلار بىلەن قاشالانغان سۇنئىي تاغدا ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى يوقاتقان مايمۇنلارنىڭ سەھنىدىكى قىزىقچىلاردەك تۈرلۈك قىلىقلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ مايمۇنلارمۇ تەمەخور بولۇپ قالغانىدى. كۆرۈۋاتقانلار بىرەر تال كەمپۈت، مېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى تاشلاپ بەرسە شۇنىڭغا تۇشلۇقلا «ئويۇن قويۇپ بېرىپ» توختىۋالاتتى.

ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى ھايۋانلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. قەپەستىكى ھايۋانلار ئۇلارنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. ئەمدى ئۇلار ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى گۈزەل تاغلاردىن بىرى، بولغان جەنۇبىي تاغ (نەنشەن)گە بارماقچى بولدى.

ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن جەنۇبىي تاغقا بىردەمدە يېتىپ كەلدى. جەنۇبىي تاغ ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. قارىغايلار، شارقىراتمىلار، يېشىل يايلاقلار، ئاق باشلىق چوققىلار، زەڭگەر ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار ئەلقۇدلارنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. ئەپسۇسلىنارلىقى جەنۇبىي تاغنىڭ شەھەردىن خېلىلا يىراقتا بولغانلىقىغا قارىماي بۇ يەردىمۇ ئادەملەر مىغىلدايتتى. شۇنچە كۆپ كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەننى ئاز دەپ، تاغنىڭ بەزى يەرلىرىگە داچا ۋە بىنالار سېلىنغانىدى. بۇ ھال تاغنىڭ گۈزەل تەبىئىتىنى سۇنئىيلەشتۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى

تەبىئىي گۈزەللىككە تويمايۋاتاتتى . ئۇلار بىردەم تاغ بويلاپ ماڭسا ، يەنە بىردەم تاغ ئاشاتتى . تاغ ئارىلىرىدا ئادەم يوق تىپتىنچ يەرلەر- مۇ بار ئىدى . ئەلقۇدلار تاغ قاپتىلىدىكى بىر يايلاقتا كېلىپ قالدى . ئوتلاقتا ئوت - چۆپلەر مول بولۇپ ، بۇ يەردىن تەبىئەتنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى . ئەلقۇدلار يۇمشاق چۆپكە ئۆزىنى تاشلاپ ئارام ئالدى .

— بۇ يەردە ئوينايدىغان نەرسىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن . بايىقى باغچىغا قايتايلىچۇ ، — زىلال تاغدىن زېرىككەندەك شۇنداق دېدى .

— ئۇنداق قەپەستىكى مايمۇن ، يولۋاس ، كىچىك باللار ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلار ھەممە يەردە بار تۇرسا ، بۇنداق گۈزەل تاغلار نەدە بار ؟ — ئەلقۇد زىلالغا خاپا بولدى .

— شۇ ئەمەسمۇ ، بۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسنى ئېلىۋالساقمۇ بوپتىكەن ، بىر ئوبدان ئوينىتىپ قويۇۋاتسا كەچكىچە غودۇڭشىيدىغان نەرسىكەن بۇ ، — بىلال زىلالنى سىلكىدى .

— كىم نەرسە ئىكەن ؟ — زىلال چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ، — گەپ قىلمىسام ، ئۆزۈڭچە مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋاپسىنا !

— قانچىلىك نەرسە ئىدىڭ سەن ؟

— سەن قانچىلىك نەرسە ئىدىڭ ؟ — بىلال بىلەن زىلال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ ، سوقۇ- شۇپ كەتتى . ئەلقۇد ئۇلارنى مىڭ بىر جاپادا ئاجراتتى .

— بولدى ، بولدى ، بۇنداق سوقۇشساڭلار كېتەيلى . مېنى قوچاقلاڭلار كېتىمىز ، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى قۇچاقلىدى .

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار !

ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ غۇڭۇلدىغان ، شىلدىر- لىغان ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلانمىدى .

— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار !

ئەلقۇدلار كۆزلىرىنى ئاچتى . ئۇلار يەنىلا شۇ ئوتلاقتا تۇراتتى .

— بۇ نېمە گەپ ؟ قايتا كېلىڭلار ، — ئەلقۇد تۇمارغا مەھەللى- گە ئاپىرىپ قويۇش ھەققىدە يېلىنغان بولسىمۇ ، تۇمار ئۆز خاسىيى-

تىنى كۆرستەلمىدى .

— ئاپلا ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ تۇمار ئىشلىمەيۋاتىدۇ . ئەمدى ئۆيگە قانداق كېتىمىز ؟ ! — ئەلقۇدنىڭ ئاۋازىمۇ قورققاندەك يىغلامسىراپ چىقتى .

— قانداق قىلارمىز ؟ بىز بۇ يەرنىڭ نەلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرساق ، — بىلالمۇ يىغلامسىرىدى .

— مەن سىلەرگە دېگەنغۇ ، ئۇرۇشساڭلار تۇمار خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ دەپ .

— ھەممىنى قىلغان مۇشۇ .

— ھەممىنى قىلغان سەن .

— بىلال بىلەن زىلال يەنە سوقۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى .

— مەن سىلەرگە نېمە دەۋاتىمەن ؟ يەنە سوقۇشساڭلار بۇ تاغدىن مەڭگۈ كېتەلمەيمىز ! — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى .


ئەلقۇد تۇمارغا يەنە مۇراجىئەت قىلدى :


— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، سىزگە نېمە بولدى ؟ بىزنى بۇ يەردىن ۋاقتىدا ئېلىپ كېتىڭ ، بىزنى بۇ تاغ ئىچىگە بۇنداق تاشلاپ قويىسىڭىز ، يىرتقۇچلار يەپ كېتىشى مۇمكىن ، — ئەلقۇد تۇمارغا ھەرقانچە يېلىنغان بولسىمۇ تۇماردىن سادا چىقمىدى .

— بىز تۇماردىن ئايرىلىپ قاپتۇق ، ھازىرمۇ كەچ بولغىلى ئاز قاپتۇ . ئادەملەر بار يەرنى تېپىۋالايلى . ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار ، — ئەلقۇد غەيرەتكە كەلگەن بىلەن بىلال ۋە زىلال شۇمشەرەپ قالغانىدى . زىلال ئاخىر ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى .

— سىلەر ماڭا يىغلاپ بەرسەڭلار مەن كىمگە يىغلايمەن ؟ تېزرەك مېڭىڭلار ، ئادەملەرنى تېپىۋالساقلا ئامالىنى قىلغىلى بولىدۇ ، — ئەلقۇد شۇنداق دەۋاتقان بولسىمۇ ناھايىتى قورقۇۋاتاتتى .

ئەلقۇدلار ئوتلاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى جىراغا چۈشتى . جىرادا تاغ سۈيى شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى . بۇ جىرا ئەلقۇدلار بايا كۆرگەن جىرا بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئەلقۇدلار يولنى خاتا ماڭغانىدى .





# 10 . جەنۇبىي تاغدىكى كېچە

ئەلقۇدلار خېلى ئۇزۇن مېڭىپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىگە قايتىدىغان تاشيولنى تاپالمىدى . ئۇلار جىرا ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى . قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ بولغانىدى . ئاۋغۇستنىڭ كۆنلىرى بولغىنىغا قارىماي گۈگۈم بولا ـ بولمايلا بىر خىل سوغۇق شامال ھۇۋۇلداشقا باشلىدى .

— ھەي ، ئەلقۇد ، بىز نەگە كېتىۋاتىمىز ؟ بايا بىز ماڭغان يول ئەمەسقۇ ، بۇ تۇمارنى يەنە ئىشقا سېلىپ باقايلىچۇ ، — ئەلقۇدقا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بىلال شۇنداق دېدى . زىلالمۇ جىمىپ قالغانىدى . ئۇ تاغلاردىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك سادالارغا قورقۇنچ بىلەن قۇلاق سالاتتى . غودۇڭشىغۇسى بولسىمۇ غودۇڭشىيالمايۋاتاتتى . ئەلقۇدمۇ جىمىپ قالغانىدى . ئۇ ئەمدى يولنى خاتا ماڭغانلىقىنى بىلگەنىدى . ئۇمۇ قانداق قىلارمىز دېگەن گەپنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋاتاتتى . ئۇ بىلالنىڭ گېپىدىن كېيىن تۇمارنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولدى .

— كېلىڭلار ! مېنى قۇچاقلاڭلار ، — بىلال بىلەن زىلال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەلقۇدنى قۇچاقلىدى .

ئۇلار ئەلقۇدنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۆزىنى يۇمۇپ ، ئاچقان بولسىمۇ ، تۇمار يەنىلا ئۇلارغا ياردەم قىلمىدى . قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى . ئاسماندا چاقناپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار بۇ يەرنى ئازراق بولسىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى . ئاخىر ئەلقۇدلار مېڭىشتىن توختىدى . ئۇلار ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ماڭغانىدى . ئۇلار يوغان شەمشادنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى . شەمشادنىڭ تۈۋى قۇرۇق ۋە شامالدىن دالدىلانغىلى بولاتتى . بىلالنىڭ چاپىنى يېپىنىپ بولغاچقا تولغاپ دۈگدەرەپ قالغانىدى . زىلال ئاللىبۇرۇن يىغلىماقچى بولغان بولسىمۇ ، مەھەللىگە بارغاندا بىلالنىڭ ۋارىسلارغا «زىلال بەك قور-

قوْنچاق ئىكەن ، مەن يىغلىمىدىم ، ئۇ قورقۇپ يىغلىدى » دەپ كۆرەڭلىشىدىن ئەنسىرەپ يىغلىيالمىدى . مىنىڭ يىغلىغىنىم بىلەنمۇ بولىدىغان ئىش بولدى ، دەپ ئويلىدى زىلال ئۆز - ئۆزىگە . بىلال زىلالنىڭ هازىرغىچە يىغلىماي كېتىۋاتقىنىغا هەيران ئىدى . شۇڭا ئۇ زىلالغا پات - پات قاراپ قوياتتى .

— مۇشۇ يەردە بىرئاز ئولتۇرايلى ، — ئەلقۇدنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى . بۇ بىلال بىلەن زىلالنى تېخىمۇ ئەنسىرەتتى . ئۇلار بەك چارچاپ كەتكەچكە شەمشادقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇش تولىمۇ راهەت بىلىندى . ئۇلارنىڭ قورسىقىمۇ كورکىراۋاتاتتى .

— هەي ، ئاپام پىشۇرغان گۆشناننى بەزىدە مايلىق قىلىۋېتىپسەن دەپ يېمەيتتىم . هازىر ئاشۇ گۆشنان بولغان بولسا . . .

ئەلقۇدنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەچكە ئۇيقۇ ئارىلاش خىيال سۈردى . بىلال بىلەن زىلالنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاچقا ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن پولۇ ، مانتا ، سامسا ، كاۋاپ ، لەڭمەن ، سامبۇسا ، پەرمۇدە دېگەندەك تاماقلارنىڭ هەممىسى ئۆتتى . . .

— هەي ، باشقا تاماق بولمىسىمۇ بىر پارچە نان بولغان بولسا ، — ئەلقۇد بوۋىسى هەسەن مۇدىرنىڭ : «نان دېگەن ئۇلۇغ ، ناننىڭ ئۇۋاقلىرىغا دەسسەپ سالماڭلار » دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا ئىككى تەرەپتىن يېپىشىپ ئۇنى خېلى ئىسسىتىپ قويدى .

— كەچ بولۇپ كەتتى . مۇشۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزۇۋالساق ، ئەتە بۇ يەرگە ساياهەتكە كەلگەنلەردىن ياردەم سورايمىز ، هازىرچە باشقا گەپنى قويۇپ ئۇخلايلى ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇلار ئۇخلىماقچى بولدى . دېمىسىمۇ ئۇلارغا ئۇخلاپ تاڭ ئېتىشنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار بىر - بىرىگە يېپىشقىنىچە ئۇخلىماقچى بولدى ، بىراق . . .

بىلال تۇيۇقسىزلا لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالسىمۇ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى . بىلالنىڭ چاپىنى يېلىڭ ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بايا ئۇ ئاچ

قورساقتا جىرادىكى مۇزدەك سۇنى كۆپ ئىچىۋالغانىدى . ئەلقۇد ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى . بىلال بەكلا قىزىپ كەتكەنىدى .

— مەن بەك توڭلاپ كېتىۋاتىمەن ، — دېدى بىلال لاغىلداپ تىترەپ .

— قىزىپ قاپسەن ! قانداق قىلارمىز ، سوغۇق سۇنى بەك كۆپ ئىچمەڭلار دېسەم . . . — ئەلقۇد كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشىنى قاشلىدى .

— ئۇنىڭ چاپىنى يېلىڭ ئىكەن . مېنىڭ چاپىنىمنى كىيىۋالسۇن ! — زىلال چاپىنىنى سالدى ، ئۇنىڭ چاپىنى قېلىن ئىدى . ئەلقۇد بىلالنىڭ چاپىنىنى زىلالغا بەردى ۋە :

— مېنىڭ چاپىنىمنى كىيەمسەن يا ، بۇ چاپان بەك يېلىڭ ئىكەن ، — دېدى .

— ياق ، مەن ئانچە توڭلىمايمەن ، — زىلال ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنگەندەك مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى . بىلال زىلالنىڭ چاپىنىنى كىيىپ تىترەشتىن توختاپ ، بوش ۋە رىتىملىق خورەك تارتىشقا باشلىدى . ئەلقۇد بىلەن زىلال بىلالنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇنى ئىككى تەرەپتىن قۇچاقلىدى . ئۇلار ئاستا - ئاستا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇلار قانچىلىك ئۇخلىدىكىن ، يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان بۆرىنىڭ هۇۋلىشى ئەلقۇد بىلەن زىلالنى ئويغىتىۋەتتى . لېكىن ، بىلال يەنىلا شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . بىلالنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ قالغانىدى .

بۆرىنىڭ هۇۋلىشى يېقىنلاشقانسېرى ئەلقۇد سەگەكلەشتى .

— ئەمدى دىققەت قىلمىساق بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىمىز ، بىلالنى ئويغىتايلى ، بۆرىلەر يېقىنلىشىۋاتىدۇ ، — ئەلقۇد بىلالنى بوش تۇرتۇپ ئويغاتتى . زىلال قولىغا رەگەتكە ئېلىۋالغانىدى . ئادەت-تە زىلالنىڭ بويىنىدىن رەگەتكە ، يانچۇقىدىن تاش ئايرىلمايتتى . هازىرمۇ ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدا بىرمۇنچە تاش بار ئىدى . بىلال ئويغىنىپ «نېمە بولدى» دېگەندەك ئەلقۇدقا قارىدى .

— تېز بولغىن ، بۇ تاغدىكى بۆرىلەر هىدىمىزنى پۇراپ قالغان

ئوخشايدۇ ، يېقىنلا يەردىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنى ئاڭلىنىۋاتىدۇ .
دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالايلى .

بىلال ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى . ئۇمۇ بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لاپ قورقۇپ قالغانىدى .

— تېز بولۇڭلار ، مەن سىلەرنى دەرەخكە چىقىرىۋېتەي ، بو-
لۇڭلار ، مۇرەمگە دەسسەڭلار ، — بۇ ئەلقۇدنىڭ ئاۋازى ئىدى .

— ياق ، سىلەر مۇرەمگە دەسسەڭلار ، سىلەرگە قارىغاندا مەن
دەرەخكە تېز چىقالايمەن ! — زىلال كەسكىنلىك بىلەن ۋارقىرىدى .

راست ، زىلال نۇرغۇن ئىشلاردا ئەلقۇد بىلەن بىلالغا يېتەلمە-
سىمۇ ، رەگەتكە ئېتىش ، دەرەخكە چىقىشتا مەھەللىدە ئۇنىڭغا تەڭ
كېلەلەيدىغانلار يوق ئىدى . ئەلقۇد بىلەن بىلالمۇ ئۇنىڭ بۇ ئارتۇق-
چىلىقىغا قايىل ئىدى .

يېقىنلا يەردىن تۆت يېشىل توچكا كۆرۈندى . ئۇلار كېچىدە
بۆرىنىڭ كۆزىنىڭ ئاشۇنداق ياندىغانلىقىنى تېلېۋىزوردىن كۆرگە-
نىدى . ئەلقۇد بىلەن بىلال زىلالنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ شەمشاد
دەرىخىگە چىقىۋالدى . زىلالمۇ مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن دەرەخكە
چىقىۋالدى . زىلال دەرەخكە چىقىپ بولۇشىغىلا ھېلىقى تۆت يېشىل
توچكا يېتىپ كېلىپ دەرەخنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراشقا باشلىدى .
موزايدەك چوڭلۇقتىكى ئىككى بۆرە دەرەخنىڭ ئۈستىگە تىكىلگىنى-
چە ئايلىنىشقا باشلىدى . تۇرۇپ - تۇرۇپلا دەرەخكە ئالدى پۇتىنى
ئېلىپ يامىشىپ باقاتتى . ئەلقۇدلار دەرەخكە چىقىۋالغانلىقىدىن خۇ-
شال بولسىمۇ ، بۆرىلەرنىڭ خىرىس قىلىپ دەرەخكە ياماشقىنىنى
كۆرۈپ نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى .

ئەلقۇد «بۆرە دەرەخكە چىقالامدۇ - چىقالمامدۇ ؟» دېگەن
سوئالغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى . ئۇ بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ ھايۋان-
لار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرىنى ئەسكە ئېلىپ خاتىرجەم
بولدى . توغرا ، بۆرە مۇشۇك ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئەمەس . بۆرە
دەرەخكە چىقالمايدۇ . بىلال دەرەخكە چىقىۋالغانلىقىدىن ئازراق خا-
تىرجەم بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، زىلالنىڭ باياتىدىن بېرى كۆرسى-
تىۋاتقان قەھرىمانلىقى ئۇنىڭ ئىچى تارلىقىنى سەل قوزغاپ قويۇۋا-

تاتتى . بۇگۈن ئەجەب قەھرىمان بولۇپ كەتتىيا ئۇ ، مەھەللىگە بارغاندا ۋارىسلارغا ئۆزىنى ماختاپ مېنى . . . بۆرىنىڭ كۈچەپ ھۇۋلىشى بىلالنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى .

كۆپ ئۆتمەي يەنە يەتتە ـ سەككىز بۆرە يېتىپ كەلدى . ئۇلار دەرەخنىڭ ئۇستىدىكى ئولجىنى تەڭ يەيمىز دېگەندەك بىر ـ بىرىنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىنى يالىشىپ قويدى . باشتا كەلگەن ئىككى بۆرە ئالدى پۇتىنى دەرەخكە ئارتقىنىچە ئەلقۇدلارغا تىكىلىپ تۇراتتى . كېيىن كەلگەنلىرىمۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىدا پىتىراپ يۈرەتتى .

بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بۆرىلەر كېتىدىغاندەك قىلمايتتى . ھېلىقى ئىككى بۆرە يەنىلا بايىقى ھالەتتە مىدىرلىماي تۇراتتى . زىلال خېلىدىن بېرى قورقۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولسىمۇ ، ئاخىر كۆزىنى ئاچتى ـ دە ، بوينىدىكى رەگەتكىنى ئېلىپ يانچۇقىدىكى تاشنىڭ ئەڭ يوغىنىنى تاللاپ ئالدى .

— مەندىن سەل نېرى تۇرۇڭلار ، — زىلال شۇنداق دەپلا رەگەتكىسىنى سوزۇپ تۇرۇپ دەرەخكە يامىشىپ تۇرغان يوغان بۆرىنىڭ تۇمشۇقىنى چەنلەپ ئاتتى . تۇمشۇقىغا ئوقتەك تەگكەن تاش زەربىسىدىن نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان ئەركەك بۆرە قاتتىق ھۇۋلىغىنىچە كەينىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى ـ دە ، يىقىلغان يېرىدىن تۇرۇپ تىكىۋەتتى . قالغان بۆرىلەرمۇ بەدەر قاچتى .

ئەلقۇد زىلالنىڭ باتۇرلۇقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى .

— يارايسەن ئاداش ، يارايسەن ، بۇگۈن سەن ھەقىقەتەن باتۇرلۇق قىلدىڭ ! — ئەلقۇدنىڭ زىلالنى ماختاشلىرى بىلالغا ئانچە ياقمىدى . «بۇگۈن ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئامەت كېلىپ قالدى . مەن رەگەتكەمنى ئېلىۋالغان بولسامغۇ ئۇنداق تەييار تۇرۇپ بەرگەن بۆرىنىڭ تۇمشۇقىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتمەي» بىلال بۇ گەپلەرنى سىرتىغا چىقىرالمىدى .

بىلالنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ يېنىكلەپ قالدى . زىلالنىڭ قېلىن چاپىنى ئۇنى ئىنتايىن راھەتلەندۈردى . شۇنداقتىمۇ زىلالنىڭ چاپىنىنى كىيىۋەرسە بولمايدىغاندەك تۇيۇلدى . شۇڭا ، چاپاننى سېلىپ زىلالغا تەڭلىدى .

— ئاله ماۋۇ چاپىنىڭنى ، مەن ئۆزۈمنىڭكىنى كىيەي .

— كىيىۋەرگىن ، چاپىنىڭ بەك يېرىلىپ كەتكەن ، ئاغرىپ قالىسەن ، — ئەلقۇدنىڭ بۇ گېپى بىلالنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى .

— زىلال نېپىز چاپان كىيسە ئاغرىپ قالمامدىكەن ؟ ئۇ خاسىيەتلىك ئادەم ئوخشىمامدۇ ؟ ئەجەب ئۇنىڭ گېپىنىلا قىلىدىغان بولۇپ قاپسىنا ، — بىلال يەنە ئىچى تارلىق بىلەن غودۇراپ قويدى . بىلالنىڭ بۇ گېپىگە ئەلقۇدنىڭ ئاچچىقى كەلدى .

— ھەي بىلال ، بىز ھازىر نەدە ؟ خۇددى مەھەللىدە ئويناۋاتقاندەك ئورۇنسىز ئىش ئۈچۈن غودۇرايدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ ، زىلالنىڭ چاپىنىنى كىيمىگەن بولساڭ قىزىتماڭ يانمىغان بولاتتى . بۆرە كەلگەندە كىمنىڭ مورىسىگە دەسسەپ دەرەخكە چىققانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن . بىز مۇشۇنداق خەتەرلىك چاغلاردىمۇ ئىناق ئۆتەلمىسەك قانداق يېقىن دوست بولالايمىز ؟

ئەلقۇدنىڭ گېپى بىلالغا تەسىر قىلغاچقا زىلالنىڭ چاپىنىنى يەنە كىيىۋالدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە زىلال ئاشۇنداق قەھرىمان بولۇپ كېتەرمۇ ، دېگەن گەپ تەكرارلىناتتى . يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىمۇ بېسىقىپ قالدى . ئورمانلىقتا ئادەمنى قورقۇتقۇدەك بىر خىل تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . باياتىن بېرى يېنىك چىقىۋاتقان تاغ شامىلىمۇ ئۇخلاپ قالغاندەك جىمىپ قالدى . ئاشۇ تىمتاسلىق ئىچىدىمۇ يەنە ئاللىقانداقتۇر نەرسىلەرنىڭ شىۋىرلىغان ، غوڭۇلدىغان ، تاراقلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى . قارىغاندا تاغ ئىچىدىكى بارلىق جانلىقلار ئۇيقۇغا كەتكەندى . ئەلقۇدلارمۇ دەرەخ شاخلىرىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى .

ئەلقۇدلار تاڭغا يېقىن ئويغىنىپ كەتتى . تاڭنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن ھاۋا باشقىچىلا سوۋۇپ كەتكەندى . ئەلقۇد ئەمدى قانداق قىلارمىز ، ئۆيدىكىلەر بىزدىن ئەنسىرەپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ، ئۆيگە قانداق قايتارمىز دېگەن خىياللارنى قىلماسلىققا تىرىشتى . ئۇلارنىڭ ھازىرقى خىيالى ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى ئۇچرىتىش ئىدى . سەھەر قۇشلىرى ئويغانغانىدى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ چۇرۇلدىغان ، ۋىچىرلىغان ، سوزۇپ - سوزۇپ

ئۈنلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— باللار، بولۇڭلار، تاشيول تەرەپكە ماڭايلى! — دېدى بىلال تىترەپ تۇرۇپ، زىلال بىلەن ئەلقۇدمۇ توڭلاپ تىترەپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ زىلال بىلالنىڭ نېپىز چاپىنىنى كىيىۋالغاچقا تېخىمۇ توڭلاپ كېتىۋاتاتتى. بىلال شۇ چاغدا زىلالنىڭ چاپىنىنى سېلىپ ئۈنىڭغا تەڭلىدى.

— رەھمەت ساڭا، بۇ چاپىنىڭ راستتىنلا ئىسسىق ئىكەن، مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭكىنى كىيەي، — زىلال توڭلاپ تۇرغاچقا باشقا گەپ قىلماي بىلالنىڭ چاپىنىنى سېلىپ بەردى.

تاڭ سۈزۈلگەنىدى. ئەلقۇدلار تاشيول تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق دېگەن بىلەن قايسى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇلار يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىن ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەلقۇدلار خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇلار يولنى توغرا ماڭغانىدى. ئەلقۇدلار تۇمارنى بىرنەچچە قېتىم سىناپ باققان بولسىمۇ ئۈنىڭدىن سادا چىقمىدى.

ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئەلقۇدلارغا باشقىچە جان كىرگۈزدى.

— تېز ماڭايلى! — ئۇلار تېخىمۇ تېز ماڭدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى بىر قارا ئېيىق توسۇۋالدى.

— ھەي، سەنلەر مەن ئوينايدىغان يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈشىسەن؟ بۇ يەرگە سەندەك ئۇششاق باللارنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشى جۇمۇ، بۇ ئەجەب ياخشى بولدى، ئادەملەر بالامنى ئېلىپ قاچقاندى. ئۇلاردىن ئۆچۈمنى ئالىدىغان بولدۇم، — ئەلقۇدلار تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئېيىقنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئېيىق ئەلقۇدلار تەرەپكە خىرىس قىلىپ، ئالدىدا ماڭغان زىلالنى قۇچاقلاپلا ئېلىپ قاچتى. زىلال: «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىراپ يىغلاۋاتاتتى. ئېيىق سەت، قوپال ئاۋازى بىلەن:

— يىغلىما ئوبدان بالام، مەن سېنى بېقىۋالىمەن، نېمە دېسەڭ شۇنى تەييار قىلىپ بېرىمەن، — دېگىنىچە ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىۋاتاتتى. ئەلقۇد بىلەن بىلال ئېيىقنى قوغلىدى. ئې-

يىق بىر تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .
— كەينىمدىن يەنە كەلسەڭلار دوستۇڭلارنىڭ بويىنىنى ئۇزۇۋې-
تىمەن ، — ئېيىق زىلالنىڭ بويىنىنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى .
— ھەي ئېيىق ، سەن نېمىشقا بىزگە يامانلىق قىلىسەن ؟ دوستىمىزنى قويۇپ بەرگىن ، — دېدى ئەلقۇد بىلەن بىلال .
— سەن بۇنى ئاتا - ئاناڭدىن سورا ، ئۇلارمۇ مېنىڭ بالىلى-رىمنى تۇتۇپ كەتكەن . مەن سىلەرگە يامانلىق قىلمايمەن . مەن بۇنى بالا قىلىپ بېقىۋالىمەن . ماڭا ئەسلىي ئىككى بالا كېرەك ئىدى . قېنى ، ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار كېلىڭلار ، مەن سىلەرنى بالا قىلىۋالاي ، — ئېيىق غەلىتە ئۇمچىيىپ قويدى ، ئەلقۇد بىلەن بىلال تەڭلا ئېيىقنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى :
— ئەمىسە سەن ئۇچىلىمىزنى بېقىۋالغىن ، سەن دوستىمىزغا زىيان يەتكۈزمىسەڭلا بىز ساڭا بالا بولۇشقا رازى .
— ياق ، ماڭا ئۈچ بالا كېرەك ئەمەس ، ئىككى بالا بولسىلا بولدى . بىرىڭلار كېلىڭلار ، بولمىسا دوستۇڭلارنىڭ بويىنىنى ئۈزۈ-ۋېتىمەن ، — ئېيىقنىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن ئەلقۇد بىلەن بىلال «مەن بارىمەن ، مەن بارىمەن» دەپ خېلى ئۇزۇنغىچە تالاشتى . ئاخىر ئەلقۇد بىلالغا ماقۇل بولدى . بىلال ئېيىقنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئېيىق ئۇنى يەنە بىر قولتۇقىغا قىسىۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلدى :
— ھا - ھا - ھا ، مەن سەندەك رەھىمسىز ئادەملەرنى بالا قىلىپ باقىدىغان ساراڭ ئەمەس ، ئۇلار مېنىڭ ئىككى بالامنى كۆز ئالدىمدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئەمدى قىساسىمنى ئالىدىغان بولدۇم . مەن سەن شۇمتەكلەرنىڭ بويىنىنى ئۇزۇۋېتىمەن .
ئېيىق بىلال بىلەن زىلالنىڭ بويىنىنى قوشقاچنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ، قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئەلقۇدنى ئىككى چامداپلا تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ بويىنىنىمۇ ئۈزمەكچى بولدى . . . «ۋايجان !» ئەلقۇد قاتتىق ۋارقى-رىۋەتتى . دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان بىلال بىلەن زىلالمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى .

— ئەلقۇد ، ساڭا نېمە بولدى ؟ ! — بىلال بىلەن زىلال تەڭلا سورىدى .

— قارا بېسىپ قاپتۇ ـ دە ، — ئەلقۇد ئىتتىك بىرنەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇمارىغا خىتاب قىلدى .

— تۇمارىم ، سىز بارمۇ ؟

— مەن بار ، — تۇماردىن سادا كەلدى . ئـەلقۇد خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى . «تېز بولۇڭلار مېنى قۇچاقلاڭلار !» بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى قۇچاقلىدى .

ئەلقۇدلار ئۆزلىرىنى يەنە ھېلىقى قوناقلىقتا كۆردى .

# 11 . كارىزدىكى چۈش

ئەلقۇدلار ئاتا ـ ئانىمىزغا كىچىچە نەگە باردىڭلار دېسە نېمە دەرمىز ، دەپ ئەنسىرەپ ئۆيگە كەلدى . بىراق ، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى .
— ئاخشام مېنى ئىزدەپ قالمىغانسىلەر ؟ — ئەلقۇد ئاپىسىدىن سورىدى .
— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ بالا ، ئاخشام سەن بۇرۇنلا ئۇخلىغان تۇرساڭ ، نېمىشقا ئىزدەيمىز ؟ — هويلىدا قۇرۇتۇش ئۈچۈن پەمىدۇر توغراۋاتقان جەۋھەرگۈل هەدە خاپا بولۇپ غودۇرىدى ، — سەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى بىر سائەتمۇ بولمىغان تۇرسا . . .
ئاپىسى ئۇنداق دېگەن بىلەن ئەلقۇد چارچىغانىدى . قورسىقىمۇ ئېچىۋاتاتتى . شۇڭا ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئېشىپ قالغان ئەتكەنچايغا نان چىلاپ قورسىقىنى توقلىغاندىن كېيىن ، ياستۇقتىن بىرنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلىماقچى بولدى . لېكىن ئۇخلىيالمىدى . تۈرلۈك خىياللار ۋە سوئاللار ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمىدى . ئەلقۇد تۇماردىن سورىدى :
— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، ئۇرۇمچىدىكى جەنۇبىي تاغقا كەلگەندە نېمە ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلمىدىڭىز ؟ تاس قالدىڭىز بىزنى بۆرىلەرگە يەم قىلىپ بەرگىلى ، يەنە تېخى قارا ئېيىق بوينۇمنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس قالدى .
— مەن سىزگە دېگەن ئىدىمغۇ ، — دەپ گەپ باشلىدى تۇمار ، — سىلەر پەزىلەتسىز ئىشلارنى قىلساڭلار مەن ئاجىزلايمەن . هەتتا خاسىيىتىمنى يوقىتىمەن ، ئەگەر سىلەر ۋاقتىدا ئەقلىڭلارنى تاپمىغان بولساڭلار سىلەرگە ياردەم قىلمىغان بولاتتىم ، بىلال بىلەن زىلالغا ئېيتقىن ، ئۇلار يەنە ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشسا مەن يەنە . . . — ئەلقۇد هەممىنى چۈشەندى . تۇمارنى

بەرگەن بوۋاينىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ خىجىل بولدى . بىلال بىلەن زىلال ئۇچۇن تۇماردىن ئەپۇ سورىدى .

ئۇچەيلەن مەھەللىدە بىر كۈن ئوينىغاندىن كېيىن يەنە ساياھەتكە چىقماقچى بولدى . ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ يەنە ھېلىقى قوناقلىققا كەلدى .

— بىز يەنە بىر يەرگە بارىمىز ، ئەمدى يەنە ئۇرۇشساڭلار سىلەرنى ئاپارمايمەن . ئۇرۇشساڭلار تۇمار بىزگە ياردەم قىلمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن . بىز تۇماردىن ئايرىلساق ئۇنداق گۈزەل يەرلەرنى كۆرەلمەيمىز . كۆردۈڭلارغۇ ، بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كەتكىلى تاسلا قالدۇق . بارامسىلەر قانداق ؟ بولمىسا مەن ئۆزۈم كېتىۋېرەيمۇ ؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا خاپا بولغاندەك قارىدى .

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇرۇشمايمىز ، سەن بىلەن ساياھەت قىلىشقا كۆنۈپ قالدۇق ، ھەر قېتىمقى ساياھىتىمىز بەك قىزىقارلىق ۋە يېڭىچە بولۇۋاتىدۇ ، — بىلال بىلەن زىلال تەڭلا سۆزلەپ كەتتى .

— ماقۇل ، يەنە ئۇرۇشۇپ قالساڭلار سىلەرنى ھېچ يەرگە ئېلىپ بارمايمەن . مۇشۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالسۇن ، — ئەلقۇدنىڭمۇ بىلال بىلەن زىلالنى قويۇپ ھېچ يەرگە بارغۇسى يوق ئىدى ، — ئەمىسە ھازىر يولغا چىقىمىز ، مېنى قۇچاقلاڭلار ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن بىلال بىلەن زىلال ئۇنى قۇچاقلىدى . . .

ئەلقۇدلار ئۆزىنى نان يېقىش ئالدىدا تۇرغان تونۇرنىڭ تەپتى باردەك قىزىق قاقاس تاغنىڭ ئۈستىدە كۆردى .

— پاھ ، نېمانچە ئىسسىق يەرگە كېلىپ قالدۇق ، نەگە ئەكەلدىڭ بىزنى ، ئەلقۇد ؟ — بىلال بىلەن زىلال بۇ يەرنىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاقشاپ تۇرۇپ سورىدى .

— تۇرپانغا كەلدۇق ، بىز ھازىر يالقۇنتاغنىڭ ئۈستىدە . بۇ ئانا يۇرتىمىزدىكى يازدا ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان يەر ، — بىلال بىلەن زىلال بۇ ئويمانلىقتىكى بوستانلىقلار ۋە ئۈزۈمزارلىقلارغا قاراپ ، بۇ قەدىمىي ماكاننىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىدىن ھوزۇر

ئالدى .

— بۇ يەرگە ھېلىقى سوْن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجېلار كېلىپ بۇ تاغنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپتىكەنغۇ؟ — بىلال ئەلقۇدتىن سورىدى .

بۇ سوئالنى بۇرۇن ئەلقۇد بوۋىسىدىن سورىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بوۋىسىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئېسىگە ئېلىپ ئالدىرىماي جاۋاب بەردى :

— سوْن ۋۇكۇڭلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن بولۇشى ناتايىن ، ئۇ بىر چۆچەك ، بۇ يەرگە مانا بىز راستتىنلا كەلدۇق . بۇ يەردىكى خەلقنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى بۇ ئاتەش ماكاندا قەھرىمانلىق ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقىنى ھەقىقەت . بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە ، بىر شائىر يالقۇنتاغ ھەققىدە مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغانىكەن :

رىۋايەتتە بۇ يالقۇنتاغنى ،
دېگەن ئىكەن كىمدۇر ئۆچۈرگەن .
ئۆچكەن ئەمەس يالقۇنلۇق تاغنى ،
ئانا خەلقىم دىلغا كۆچۈرگەن .

ئەلقۇدلار پاراڭلاشقاچ تاغدىن چۈشۈپ ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر ئورمانلىققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، تۇمارنىڭ تۇرپان ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالدى :

تۇرپان قەدىمكى زاماندا يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ ، ئاساسلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن يارغول قەدىمكى شەھىرى ، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، بېزەكلىك مىڭئۆي ، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ، كارىز سەيلىگاھى ، ئايدىڭكۆل ، بۇيلۇق قاتارلىقلار بار .

— ئالدى بىلەن قايسى يەرلەرنى ساياھەت قىلغۇڭلار بار؟ — دەپ سورىدى تۇمار .

— ئوقۇتقۇچىمىز كارىز ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بېرەتتى ، شۇڭا كارىزنى بىر كۆرۈپ كەلسەك قانداق؟

ئەلقۇدلار ئۆزلىرىنى لەخمىگە ئوخشاش سالقىن كارىز ئىچىدە كۆردى . يەر ئاستىدىكى ئېرىقتا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى ، ئۇلار مۇزدەك كارىز سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچتى . «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا » دەپ ئۇلار كارىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ خۇشال بولدى . پۈتۈن دۇنيانى تاڭ قالدۇرغان بۇ سۇ قۇرۇلۇشى ئەلقۇدلارنى ئەلۋەتتە هەيران قالدۇراتتى . ئەلقۇد شۇ چاغدا بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن كارىز هەققىدىكى تۆۋەندىكى گەپلەرنى ئېسىگە ئالدى :

كارىز خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەهسۇلى . تۇرپاندىدەك مەشهۇر ئويمانلىقتىكى هارارەتلىك ماكاندا ياشاش ئۈچۈن سۇنىڭ ئىنتايىن مۇهىملىقىنى بىلگەن ئەجدادلىرىمىز كارىزدىن ئىبارەت مۇقەددەس سۇ قۇرۇلۇشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . تۇرپاننىڭ جۇغراپىيىۋى مۇهىتى ۋە كىلىماتى ئالاهىدە بولغانلىقتىن خەلقىمىز كارىزنى ئىجاد قىلغان . كارىز بولمىغان بولسا تۇرپاننىڭ شەربەتلىك ئۈزۈمى بولمىغان بولاتتى . كارىز ئاساسەن تىك قۇدۇق ، يەر ئاستىدىكى تەشمە ، يەر ئۈستىدىكى ئېرىق ۋە كىچىك كۆلدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان . تۇرپاندا جەمئىي 1000 غا يېقىن كارىز بار . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5000 كىلومېتىر كېلىدۇ . ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن يەر ئاستى دەرياسى دېيىشكە بولىدۇ .

ئەلقۇدلار يالقۇنتاغنىڭ ئوتتەك ئىسسىقىدا تەرلەپ چىپىلداپ كەتكەچكە كارىزدىكى سالقىن هاۋادىن راهەتلەندى . بىلال بىلەن زىلال ئوينايدىغان يەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ ، كارىز ئىچىدە چېپىپ ، تاقلاپ يۈرەتتى . مۇزدەك كارىز سۈيىدىن دوم يېتىپ ئىچەتتى . سۇغا كېچىپ چاپاتتى . ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي هاياجان بىلەن ۋارقىرايتتى . ئەلقۇدمۇ كارىزنى كۆرگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى . ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئوينىغاندىن كېيىن كارىزدىكى سالقىن ۋە نەمخۇش هاۋادىن نەپەس ئېلىپ بىردەم ئارام ئالدى .

كارىز — تۇرپاننىڭ جان تومۇرى ، كارىزدا ئېقىۋاتقان سۇ ئۇنىڭ قېنى ۋە جېنى . مۇشۇ كارىز بولغاچقىلا تۇرپان دۇنياغا

داڭلىق قەدىمىي ماكانغا ئايلىنالىغان . كارىز — تۇرپاندىكى بۇگۇن-
كى ئەۋلادلارغا ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىق .
— ھەي ئەلقۇد ، بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭلار ؟ — ئەلقۇد بىر
قىزنىڭ تووۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىدى .
خېلىدىن بېرى سەكرەپ - تاقلاپ ئەمدىلا ئارام تاپقان بىلال بىلەن
زىلالمۇ ئەلقۇدقا توۋلاۋاتقان قايسى قىزدۇر دېگەندەك ئەتراپقا
قارىدى .
كارىزنىڭ ئىچى بىردىنلا نۇرلاندى . ئاشۇ نۇر بىلەن بىللە
ئەلقۇدلار بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك كۆرۈنىدىغان چاچلىرى ئېقىۋاتقان
سۇدەك سۈزۈك ، كىيىملىرى ئېقىن سۇدەك جىلۋىلىك ئۈچ قىز
ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدىلا پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ ئاۋازى خۇددى سۇنىڭ
شىلدىرلىشىغا ئوخشايتتى . چاچلىرىغا قىستۇرۇلغان گۈللەر سۇدىن
ئۆرلەپ چىققان ئاق بۇژغۇنلارغا ئوخشايتتى . بۇ قىزلارنىڭ يۈز ۋە
قوللىرى ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە پارقىراق ئىدى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — قىزلار ئەلقۇدلارغا سالام قىلدى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — قىزلارنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ
قالغان ئەلقۇد ئاران شۇنداق دېيەلىدى . قىزلارنى كۆرگەن بىلال
بىلەن زىلالمۇ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپ قالدى .
— سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى ئاڭلاپ ئانىمىز سىلەرنى قارشى
ئېلىشقا بىزنى ئالاھىدە ئەۋەتتى . بىز ئۈچ ئاچا - سىڭىل ، مېنىڭ
ئىسمىم سۈزۈك ، مانا ماۋۇ سىڭلىمنىڭ ئىسمى ئۇنچە ، مانا ماۋۇ
ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى تامچە . بىز سىلەرنى ئوبدان بىلىمىز ، —
قىزلار ئەلقۇد ، بىلال ۋە زىلالنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ
بەردى .
— مېڭىڭلار ! بىزنىڭ مەھەللىگە بارايلى ! — سۈزۈك ئەلقۇد-
لارنى ئەدەپ بىلەن تەكلىپ قىلدى .
— سىلەرنىڭ مەھەللە قەيەردە ؟ — ئەلقۇد گۇمان بىلەن سوئال
تاشلىدى .
— مۇشۇ كارىزنىڭ ئىچى بىلەن ماڭساق بىردەمدىلا يېتىپ
بارىمىز .

ئەلقۇدلار قىزلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى، كارىزنىڭ ئىچى قا-راڭغۇ بولسىمۇ قىزلار كېلىشى بىلەن كۈندۈزدەك يورۇدى. ئەلقۇد-لار بۇ نۇرنىڭ نەدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇلار يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ناھايىتى يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قىزلار دەرۋازىغا قاراپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلدى. ئەلقۇدلارمۇ ئىختىيارسىز ھالدا قىزلارغا ئەگىشىپ سالام قىلدى. دەرۋازىدىن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سادا ئاڭلىنىپ دەرۋازا ئېچىلدى. ئەلقۇدلار قىزلارنىڭ كەينىدىن كىردى. دەرۋازى-نىڭ ئىچى ئۈزۈمزارلىق، باغۇ بوستانلىق، گۈزەل بىر ماكان ئىدى. سانسىزلىغان قۇشلار بۇ يەردە چاڭىلداپ سايراپ تۇراتتى. ئاسماندا ئاي ياكى قۇياشنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەلقۇدلار قىزلار-نىڭ كەينىدىن سۈزۈك سۇدەك يۇمشاق يولغا دەسسەپ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن قىزلار ئۇلارنى يەنە بىر كىچىك دەرۋازىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان ھويلىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى.

ئۆيدە مۇشۇ ئۈچ قىزغا ئوخشايدىغان مەرى ئىسسىق بىر موماي ئەلقۇدلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— كېلىڭلار بالىلىرىم، كېلىڭلار، يۇقىرى چىقىڭلار! — ئەلقۇدلارغا بۇ ئۆي خۇددى مومىسىنىڭ ئۆيىدەك يېقىملىق تۇيۇل-دى. ئەلقۇدلار ئۆيىنىڭ تۆرىگە چىقىپ يۇمشاق يېكەندازلار ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ تارتىنىپ گەپ قىلالمىدى.

— بالىلىرىم، سىلەرنىڭ ماكانىمىزغا كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، ئىسمىم چەشمە موماي، مەن بۇ يەردە مۇشۇ قىزلىرىم بىلەن بىللە ياشاۋاتقىلى نەچچە مىڭ يىل بولدى. مەن سىلەر زىيارەت قىلىۋاتقان يالقۇنتاغ ئېتىكىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىپ كەلدىم. يالقۇنتاغ، ئەسلىي ئىدىقۇت تېغى، بەخت ـ سائادەت تېغى دېگەن مەنىگە ئىگە. سىلەر كۆرگەن كارىزدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇنى مانا مەن زېمىنغا تەقدىم قىلغان. ئەگەر مەن بولمى-سام تۇرپاننىڭ مەرۋايىتتەك ئۈزۈملىرى، تاتلىق قوغۇن ـ تاۋۇزلى-رى ۋە يەنە باشقا مېۋىلىرى بولمايدۇ. مەقسىتىڭلارنىڭ تۇرپاننى

سایاھەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەن . سىلەر بۇ خاسىيەتلىك زېمىننى بىرنەچچە كۈندىلا زىيارەت قىلىپ بولالمايسىلەر . بىز بولغاچقا مەشھۇر ئايدىڭكۆل ، چەكسىز ئۈزۈمزارلىقلار ، ھايات قاي-ناپ تۇرغان ئېتىزلىقلار ، بوستانلىقلار بولغان . ئەينى چاغلاردىكى يارغول ، ئاستانە قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرمۇ بىزنىڭ خاسىيىتىد-مىز بىلەن گۈللەپ ياشنىغان . بىز تۇرپان خەلقى بىلەن يېقىن تۇغقان بولىمىز . ئۇلار بولمىسا بىزمۇ بولمايمىز ، بىز بولمىساق ئۇلارمۇ بولمايدۇ ، — مومايىنىڭ ئاۋازى بۇلاقلارنىڭ بۇلدۇقلىغىنىد-نى ئەسلىتەتتى ، — ۋۇي ، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئالدىڭلارغا داستىخان سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان .

چەشمە موماي قىزلىرى بىلەن بىللە ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا داس-تىخان سېلىپ ، ئۇلارنى تۈرلۈك تاماقلار بىلەن مېھمان قىلدى . تاماقتىن كېيىن ناھايىتى تاتلىق ۋە شىرنىلىك مېۋىلەر ئەلقۇدلارغا لەززەت بېغىشلىدى .

— قىزلىرىم ، ئەمدى بۇ دوستۇڭلارنى ئويىنىتىپ كېلىڭلار ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلاي ، — موماي شۇنداق دەپ ئىچكىرى-كى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

قىزلار ئەلقۇدلارنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ باغ سەيلىسى قىلدۇر-غاچ ، چايقىلىپ تۇرغان بىر دېڭىزنىڭ بويىغا ئېلىپ كەلدى .

— مانا بۇ يەر ئاستى دېڭىزى ، — دېدى سۈزۈك ھاياجان بىلەن ، — ئۇ بىزنىڭ ھاياتلىق مەنبەيىمىز ، مۇشۇ دېڭىز بولمىغان بولسا ، بىزمۇ بولمىغان بولاتتۇق ، قىسقىسى ، يالقۇنتاغ باغرىدىكى ئاشۇ گۈزەل ماكان تۇرپان بولمىغان بولاتتى .

ئەلقۇدلار دېڭىزنىڭ قىرغاقىقا يېقىن يېرىدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىدى . قىزلار بىلەن ئۆزلىشىپ قالغاچقا ئۇلاردىن تۈرلۈك سو-ئاللارنى سورىدى .

— بۇ يەر ئاستىدىكى دېڭىز بىلەن تۇرپاندىكى ئۈزۈمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟

— مۇشۇ دېڭىز بولمىسا كارىزدىكى سۇ بولمايدۇ ، كارىزدىكى سۇ بولمىسا تۇرپاندىكى ئۈزۈممۇ بولمايدۇ ، شۇڭا ئاپام بايا تۇرپاندى-

كى خەلق بىز بىلەن قان ـ قېرىنداش دېدىغۇ . بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇشۇ يەر ئاستى دېڭىزىنى قوغداش ، تۇرپاندىكى خەلق كارىز ئارقىلىق ئۇنى باغۇ بوستانلارغا ، ئېتىز ـ قىرلارغا يەتكۈزىدۇ . . . ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر .

— چۈشەندۇق ، چۈشەندۇق ، — بىلال بىلەن زىلال گەپنىڭ تېگىگە يەتمەيلا شۇنداق دەپ قويدى . قىزلار چىرايلىق كاتېرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى ئويناتماقچى بولغانىدى . ئەلقۇدلار كاتېرغا چىقىپ قىزلار بىللە بىلەن قانغۇدەك ئوينىدى . ئەلقۇدلار قۇياشنى كۆرەلمەيۋاتقان بولسىمۇ ، بۇ يەر كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى .

ئارىدىن يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كاتېردىكى قىزلار تۇيۇقسىز غايىب بولدى . كاتېر قانات چىقىرىپ ئايروپىلانغا ئايلاندى ـ دە ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . ئەلقۇدلار ئۆزىنى تۇرپاننىڭ هارارەتلىك ئاسمىنىدا كۆردى . ئەدىقۇت تېغىدىن كېلىۋاتقان هارارەت ئەلقۇدلارغا چەكسىز بىر مۇهەببەتنى تەقدىم قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇلار پەسكە قارىدى . چۈنكى ، ئايروپىلان ئانچە ئېگىزگە كۆتۈرۈلمىگەنىدى . ئەنە سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ، ئەلقۇدلار ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بۇ مۇنارنى زىيارەت قىلدى . تۇمار ئەلقۇدلارغا مۇنارنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى :

— بۇ مۇنار تۇرپان شەهرىنىڭ شەرقىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان . 1778 ـ يىلى سېلىنغان . يۇرتىمىزدا ساقلىنىپ قالغان قويۇق ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئەڭ ئېگىز مۇنار بولۇپ ، ئېگىزلىكى 37 مېتىر كېلىدۇ . خىشلىرى گۈل چىقىرىپ تىزىلغان .

ئەلقۇدلار مۇنارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئايلانما پەلەمپەيلەرنى سانىغاچ مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقتى .

— پەلەمپەينى ساناپ بولدۇڭلارمۇ ؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالدىن سورىدى .

— هەئە ، نەق 70 پەلەمپەي بار ئىكەن ، — دېدى بىلال هاسىراپ تۇرۇپ .

— خاتا دېدىڭ ، 71 پەلەمپەي ئىكەن ، — ئۇلار تالاش ـ

تارتىش قىلىپ سوقۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى .


ئەلقۇدمۇ پەلەمپەينى ئەستايىدىللىق بىلەن سانىغانىدى .

— بىلال ، سەن خاتا ساناپ قاپسەن ، پەلەمپەي 71 ئىكەن ، — بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ سوقۇشماسلىق ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسى ئېسىگە كەلگەن بولسا كېرەك ، ئۇلار جىمىپ قالدى .

ئەلقۇدلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ، يەنى 1 - ئەسىردىكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر — ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى زىيارەت قىلدى . بۇ شەھەرنىڭ سېپىللىرىنىڭ ھازىرغىچە ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل تۇرغانلىقى ئەلقۇدلارنى سۆيۈندۈردى . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلار يارغول قەدىمكى شەھىرى ، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، بۆيلۇق سەيلىگاھى ، بېزەكلىك مىڭئۆيى قاتارلىق يەرلەرنى كۆرۈپ ئۇ يەردىكى ھېكمەت ۋە خاسىيەتلەردىن زوقلاندى . تۇرپاندا ئۇلار يەنە كۆرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن يەرلەر بار ئىدى . بىراق ، ئەلقۇدلار ئاران شۇنچىلىك يەرنىلا كۆرەلىدى .

ئەلقۇدلار ئۆزلىرىنى يەنە قوناقلىقتا كۆردى .





# 12 . ئەلقۇد ئېيتقان ھېكايە

ئەلقۇدلارنىڭ تەتىل كۈنلىرى مەنىلىك ئۆتتۈۋاتاتتى . ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ساياھەت قىلىپ يۇرگەچكە مەھەللىدىكى ۋارىس ، خۇشتار قاتارلىق دوستلىرى بىلەن ئانچە ئوينىمايدىغان بولدى . ئۇلار تېخى ئارىلىقتىكى ئىككى قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسىغىمۇ قاتناشمىدى . شۇڭا ، ھەر ئىككى قېتىمدا ئەلقۇدلارنىڭ مەھەللىسى يېڭىلىپ قالدى . ۋارىس ، خۇشتارلارمۇ ئۇلارنى ئەيىبلىدى . ئۇلارنىڭ پۇتبولغىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ۋارىسلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇرگەنىدى . شۇڭا ، ئەلقۇدلار بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچيەرگە بارماي ۋارىسلار بىلەن پۇتبول ئوينىدى .

بۈگۈنمۇ ئۇلار باشقا مەھەللىدىكى ئىككى كوماندا بىلەن پۇتبول ئويناپ ھەر ئىككى كوماندىنى يېڭىۋالدى . شۇ كۈنى كەچتە باللار ئەلقۇدلارنىڭ مەھەللىسىگە يىغىلىپ ئەلقۇدتىن ھېكايە ئاڭلىماقچى بولدى . ئەلقۇد ھېكايە ئېيتىشقا ئۇستا بولۇپ ، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ياخشى ئېيتالايتتى . ئەلقۇد تۇرپانغا بارغاندا ئالغان تەسىراتلىرىغا ئاساسەن توقۇغان ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى .

— بۇلتۇر بىلال ، زىلال ئۈچىمىزنىڭ تۇرپانغا بارغانلىقىنى سىلەرگە دەپ بەرمىگەنىدۇق ، — ئەلقۇد تۇمارنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇرپانغا بۇلتۇر بارغان دەپ قويىدى . باللار ھېكايە ئاڭلاشقا قىزىقىۋاتقاچقا دىققەت بىلەن ئەلقۇدقا تىكىلدى ، — ئەنە شۇ چاغدا بىز ئېزىپ قېلىپ تۇرپان شەھرىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىغا بېرىپ قالدۇق . كۈندۈزى بارساقمۇ مەيلى ئىدى ، بىز دەل يېرىم كېچىدە بېرىپ قاپتۇق . ئاسماندا ئاي بولمىسىمۇ يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى . بىز بۇ قەبرىستانلىقتا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيتتۇق . قەبرىستانلىقتىن يىغا ـ زارغا ئوخشايدىغان ئاجايىپ قور-

قۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىساڭلار ياۋايى ھايۋانلار ھۆكرەپ يىغلاۋاتامدىكىن دەپ قالاتتىڭلار . تۇرۇپ - تۇرۇپلا دۇمباق چالغاندەك ، ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ھەرخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلارمۇ ئاڭلىناتتى . بىز بەك قورقۇپ كەتكەچكە قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قەبرىستانلىقتىن تېز چىقىپ كەتمەكچى بولدۇق . بىلال بىلەن زىلال كەينىمدىن ئەگىشىپ يۈگۈردى . بىراق ، قانچە يۈگۈرسەكمۇ بىرى پۇتىمىزنى باغلاپ قويغاندەك پەقەت ئالدىغا ماڭالمايتتۇق ، بىرى چاپىنىمىزنىڭ پېشىدىن تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى . بىز يۈگۈرۈۋاتىمىز دېگەن بىلەن بىر قەدەممۇ ماڭالمىغاندۇق . شۇ چاغدا ئالدىمىزدا مۇمىياغا ئايلانغان ئۈچ جەسەت پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى . ھېلىقى جەسەتلەرنىڭ بىرى ئالدىمىزغا كېلىپ خىرقىراق ۋە سۇرلۇك ئاۋازى بىلەن بىزگە گەپ قىلغىلى تۇردى :

— سەن شۇمتەكلەر بۇ يەرگە كېچەن ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئوخشىمامسىلەر ؟ — كەينىدە تۇرغان ئۈچ - تۆت جەسەت ئېتىلىپ كېلىپ قوللىرىمىزنى كەينىمىزگە قايرىپ تۇرۇپ سەت بىر ۋارقىرىغانىدى ، بىز قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك قاراڭغۇ بىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتۇق . بىر چاغدا ئۆزىمىزنى تاغ ئۆڭكۈرىگە ئوخشايدىغان بىر يەردە كۆردۇق . غار ئىچىگە گۇلخان يېقىلغان بولۇپ ، بۇ يەردە مۇمىياغا ئايلانغان جەسەتلەر ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىڭگۇكلاپ ماڭسا ، بەزىلىرى يۈگۈرۈپ يۈرەتتى ، يەنە بەزىلىرى ئۈن - تىنسىز ئۆرە تۇرسا ، بەزىلىرى ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى . ئۇلار بىزنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتاتتى . ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىنمۇ ئوت يېنىپ تۇراتتى .

بىلال بىلەن زىلال كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى . مەن بەك قورقۇۋاتقان بولسامۇ ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ كېچەن ئوغرىسى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم .

— بىز ھېچقاچان كېچەن ئوغرىلىغان ئەمەس ، بىز بۇ يەرگە ساياھەت ئۈچۈن كەلگەنىدۇق ، — دېدىممەن ئۇ جەسەتكە تىكىلىپ

تۇرۇپ .

— سىلەر ئوغرىلىمىغان بىلەن سىلەردەك تىرىك ئادەملەر ئوغرىلاۋاتىدۇ ، بىز ئۇلارنى جازالىماقچى بولۇپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ تۇتالماي يۈرەتتۇق . بۈگۈن ئەجەب ئوبدان تۇتۇلدۇڭلار ! بىز سىلەرنى جازالاپ ئۆچىمىزنى ئالمىساق بولمايدۇ ، — ئۇلار بىزنى قاراڭغۇ بىر غارغا ئېلىپ كىردى . قاراڭغۇ غارنىڭ تاملىرىدىكى تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدەك قاتار ئوچاقلاردىن لاۋۇلداپ ئوت ياناتتى . ئوتنىڭ شىددەت بىلەن گۇرۇلدىشى غارنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قىلىۋەتتى . بىلال بىلەن زىلال ماڭا چىڭ يېپىشىۋالغانىدى . شۇ چاغدا غارنىڭ تېمى يورۇدى . جەسەتلەر غايىب بولۇپ بېشى كەسلەنچۈكنىڭكىگە ، بەدىنى ئېيىقنىڭكىگە ، پۇتى تۆگىنىڭكىگە ئوخشايدىغان يوغان بىر مەخلۇق پەيدا بولدى . ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى يېشىل چىراغدەك يېنىپ تۇراتتى . ئېغىزىدىن چوڭ ئادەملەرنىڭ بىلىكىدەك چوڭلۇقتىكى نەشتىرى سۇرلۇك هالدا كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى .

— هە ، ئوغرىلار كېلىشتىڭمۇ ؟ ! مەن بۈگۈن هەرقايسىڭنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن ، يېڭى ئادەم گۆشى يېمىگىلى ئۇزۇن بولۇپتىكەن ، خۇمارىم تۇتۇپ بولالماي قېلىۋاتاتتىم ، مەن مەخسۇس ئوغرى ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەيمەن . ئوغرىلىق قىلمىغان ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يېيەلمەيمەن . سىلەردەك كىچەن ئوغرىلىرىنىڭ گۆشى بەك تاتلىق بولىدۇ .

— بىز كىچەن ئوغرىسى ئەمەس ، بىزنى خاتا تۇتتۇڭلار ! — بىز تەڭلا ۋارقىراپ كەتتۇق .

— كىچەن ئوغرىلىمىغان بولساڭلار باشقا نەرسە ئوغرىلىغان بولساڭلارمۇ ئوخشاش ، كىچىك باللار ئىكەنسىلەر ، مەن سىلەرگە كەڭچىلىك قىلاي ، سىلەر بۇرۇن ئوغرىلىغان نەرسەڭلاردىن ئۈچىنى سەممىيلىك بىلەن ئىقرار قىلساڭلار ، مەن سىلەرنى كەچۈرىمەن هەم سىلەرنى خۇشال ئوينايدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن .

— گېپىڭ راستمۇ ؟

— راست .

مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىم .

— بىر قېتىم قوشنىمىزنىڭ كۆكتاتلىقىدىن بىر تال تەرخە- مەك ئوغرىلىغانىدىم .

— يەنچۇ ؟

— بىر قېتىم ئالما باغقا چۈشۈپ ئالما ئوغرىلىغانىدىم .

— يەنچۇ ؟

— يەنە بىر قېتىم ، — مەن دەيمۇ - دېمەيمۇ دەپ بىردەم ئويلىنىۋالدىم ، — بىر قىز ساۋاقدىشىمنىڭ . . .

— قىز ساۋاقدىشىڭنىڭ ئىسمى نېمە ؟ راست گەپ قىل ، — ھېلىقى مەخلۇق نەشتىرىنى ۋاشىلدىتىپ چىقىرىپ قويدى .

— ھە ، تۇمارىسىنىڭ قەلىمىنى ئوغرىلىۋالغانىدىم .

— ھە ، راست گەپ قىلدىڭ ، ئەمدى ماۋۇ ئىككى دوستۇڭمۇ ئوغرىلىغان نەرسىلىرىدىن ئۈچنى ئېيتىپ بەرسۇن ، — دېدى مەخ- لۇق .

بىلال بىلەن زىلالمۇ ئوغرىلىغان نەرسىلىرىدىن ئۈچنى ئېيتىپ بەردى . ئەسلىي مېنىڭ بۇرۇن يىتىپ كەتكەن بەكەمنىمۇ زىلال ئوغرىلىۋاپتىكەن . ئارىلىقتا زىلال ئوغرىلىمىغان نەرسىدىن بىرنى ئوغرىلىدىم دەپ يالغان ئېيتقانىدى . ھېلىقى مەخلۇق زىلالنى نەش- تىرى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى . زىلال راست گەپ قىلغاندىن كېيىنلا بىزنى كەچۈرۈم قىلدى .

— سىز بىزنى خۇشال ئوينايدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ ؟ ئەمدى سىزمۇ گېپىڭىزدە تۇرمىسىڭىز بولماس ، — مەن نېمىشقىكىن ھېلىقى مەخلۇقنى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم .

— ماقۇل ، مەن سىلەرنى بېزەكلىك مىڭئۆيدە ئوينىتىپ قو- ياي ، كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ ، يۈزنى سانىغاندىن كېيىن كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار .

بىز ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يۈزنى ساناپ بولۇپ كۆزىمىزنى ئېچىپ ، ئۆزىمىزنى چىرايلىق بىر ئۆيدە كۆردۇق . ئۆي ئىچىدە

مىڭلىغان شاملار نۇرلىنىپ تۇراتتى . ئۆينىڭ تورۇسىدىن ياڭراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

— مەرھابا ! سىلەر ھازىر بېزەكلىك مىڭئۆينىڭ 77 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدە تۇرۇۋاتىسىلەر ، سىلەرگە رەسىم قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ ، — مۇشۇ گەپتىن كېيىن ئۆينىڭ شەرقىي تام تەرىپى يورۇپ ، رەڭگارەڭ تاشلار بىلەن بېزەلگەن سەھنە نامايان بولدى ـ دە ، شوخ مۇزىكا ياڭرىدى . ئۆينىڭ ئۇدۇل تېمى كىنو ئېكرانىدەك يورۇپ ، چىرايلىق سەككىز قىز پەيدا بولۇپ ، شوخ جىلۋىلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بەزىدە قاتارلىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارنى ئەسلەتسە ، تۇرۇپ موللاق ئېتىۋاتقان كەپتەرنى ئەسلىتەتتى . بەزىدە باغدا ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىۋاتقان گۈللەرنى ئەسلەتسە ، يەنە بەزىدە ئاق قۇنىڭ نازۇك قىياپىتىنى كۆرسىتەتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ خۇشاللىقىدىن توختىماي چاۋاك چالاتتى . بىر چاغدا ئارقىمىزغا قارىساق خېلى كۆپ ئادەم بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئۇسسۇل كۆرۈۋېتىپتۇ . بۇ ئادەملەر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بىرخىل قىياپەتتە سەھنىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي ئارقىمدىلا ئولتۇرغان بىر ئادەمدىن سورىدىم :

— سىلەر بۇ يەرگە نەدىن كەلدىڭلار ؟ — ھېلىقى ئادەم ماڭا مۇلايىملىق بىلەن سۇس تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ مۇنداق دېدى :

— بۇ سوئالنى مەن سىلەردىن سورىسام بولاتتى . بىز بۇ يەردە ئەزەلدىن بار رەسىم ئادەملەر ، بىز سېنىڭ بوۋاڭنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسىدىنمۇ چوڭ .

ئۇسسۇل ئاخىرلىشىپ رىياسەتچى قىز سەھنىگە چىقىپ ياڭراق ئاۋازى بىلەن سۆزلىدى :

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار ، بۈگۈن بۇ يەرگە بىزنىڭ ئون نەچچىنچى ئەۋلادىمىز بولغان ئۈچ بالا كەپتۇ ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالايلى ، — رەسىم ئادەملەر قىزغىن چاۋاك چېلىپ بىزنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى .

رىياسەتچى قىز بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ

يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، بىزدىن تۈرلۈك سوئاللارنى سورىدى .

— هازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئىچىدە بىز رەسىم ئادەملەرنىڭ جانلىق هالىتىنى كۆرگەنلەر پەقەت سىلەر ، بىزمۇ سىلەرگە ئوخشايدىغان رەسىم باللارنى بارلىققا كەلتۈرەيلى . سىلەر شۇلار بىلەن ئويناڭلار ، — دېدى رىياسەتچى قىز .

دەل شۇ چاغدا بىر بوۋاي قولىدا موي قەلەمنى تۇتقان هالدا چىقىپ ، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى . ئاندىن كېيىن تامغا بىلال ، زىلال ئۈچىمىزنىڭ رەسىمىنى ئوخشاش قىلىپ سىزىپ چىقتى . بوۋاي ، رىياسەتچى قىز ، ئۇسسۇلچىلار ۋە باشقا رەسىم ئادەملەر غايىب بولدى . بىراق ، بىز ئالتە بالا بولۇپ قالغاندۇق . گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىلەر ؟ — دېدى هېكايە توقۇۋاتقان ئەلقۇد دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان باللارغا قاراپ . ئەنقەر ، خۇشتار قاتارلىقلار كىچىك بولغاچقا ، تولىمۇ هەيران قالغانىدى . ۋارىس «سىلەر مېنى نېمىشقا شۇ يەرگە ئېلىپ بارمىغان ئىدىڭلار» دېگەندەك ئورنىدا ئولتۇرالمايۋاتاتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدنىڭ هېكايىسىنىڭ توقۇپ چىققان هېكايە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئىشىنىپ قالغانىدى . ئەلقۇد هېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى .

— بىز ئىككى ئەلقۇد ، ئىككى بىلال ۋە ئىككى زىلال بولۇپ قالغاندۇق . بىز ئۆزىمىزنى بېزەكلىكتە ئەمەس ، بەلكى بۇيىلۇق سەيلىگاهىدا كۆردۇق ، بۇ سەيلىگاهتا يۇرتىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سايالار كۆپ ئىدى . ئۇلار بىزگە قاراپ بۇ ئۈچ بالا بىر - بىرىگە نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ دېگەندەك كۇلۇشۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشاتتى . بىز ئۆزىمىزگە ئوخشايدىغان هېلىقى ئۈچ بالىدىن زادى قۇتۇلالمىدۇق . ئۇلار كۇلسەك كۇلەتتى ، خاپا بولساق خاپا بولاتتى ، كەت دېسەك بىزنىمۇ كەت دەيتتى . مەن ئىككى بىلال بىلەن ئىككى زىلالنىڭ قايسىسىنىڭ راستلىقىنى بىلەلمىدىم . بىلال بىلەن زىلالمۇ مېنى رەسىم ئەلقۇدتىن پەرقلەندۈرەلمەيۋاتاتتى . بىز بۇيىلۇقتىكى ئاشۇ سەيلىگاهتا تازا بىر ئوينىۋالماقچى بولغان بولساقمۇ ، رەسىم

باللار بىزنى ئارامىمىزغا قويمىدى. نېمە قىلساق شۇنى قىلىپ ئىچىمىزنى پۇشۇردى. بىزنى كۆرگەن بەزى ساياھەتچىلەر:

— يائاللا، ماۋۇ قوشماقلارنى بىر - بىرىگە نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ، — دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ھەيران قالغاندەك بىزگە ئەگىشەتتى. يەنە بەزىدە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ بىزگە غەلىتە مايمۇنلارغا قارىغاندەك قاراپ كالدىرلاشلىرى بىزنى بىزار قىلدى. مەنمۇ بىلال بىلەن زىلالنىڭ قايسى راست، قايسى يالغانلىقىنى بىلەلمەي تېرىكىپ كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى رەسىم باللار تۇيۇقسىز غايىب بولدى. بىز ئۇچىمىز بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاپ خۇشال بولۇپ كەتتۇق. بىز يەنە تۇرپاندىكى نۇرغۇنلىغان ئۇزۇمزارلىقلارنى زىيارەت قىلدۇق. ئاق كۆڭۈل تۇرپانلىق باللار بىلەن دوست بولۇپ، ئىدىقۇت، يارغول قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدۇق. بۈگۈن ھېكايەمنى مۇشۇ يەرگىچە ئېيتاي، — دېدى ئەلقۇد مەغرۇر ھالدا.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان ۋارىسنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ ئەلقۇدنىڭ ھېكايىسىنىڭ راست - يالغانلىقى بىلەن ئانچە كارى بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ھېكايىنىڭ بىر پېرسوناژى بولالماي قالغانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەنىدى. بىلال بىلەن زىلالنىڭ قانداق ئىكەنىنى دېگەندەك مەغرۇرانە قاراشلىرى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— ھېكايەڭگە ئىشەنمىسەڭ مەيلى، لېكىن بىزنىڭ بۇلتۇر تۇرپانغا بارغىنىمىز راست، — دېدى ئەلقۇد ۋارىسقا تىكىلىپ.

بىلال بىلەن زىلالمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرپانغا ۋە باشقا يەرلەرگە بېرىپ ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا دەپ بەرگۈسى بولغاچقا ۋارىسقا قاراپ سۆزلىدى:

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ بىز تۇرپانغىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن يەرلەرگىمۇ باردۇق، سەن مۇشۇ مەھەللىدىن باشقا يەرنى بىلمىگەندىن كېيىن جىم ئولتۇرە.

— ۋاي - ۋۇي، يوغان يەرگە بېرىشىپسەن، تولا ئادەمنىڭ

چىشىغا تەگمەي ئاز گەپ قىلىشە، تۇرپان دېگەن بىر دەمدىلا بىرىپ كېلىدىغان قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس، — دېدى ۋارىس ئۇلارغا كايىپ.

بىلال بىلەن زىلال ۋارىس بىلەن تاكاللىشىپ، سوقۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇلار تېخى خاسىيەتلىك تۇمار ھەققىدىمۇ گەپ قىلىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنىڭ گېپىنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— ۋارىس، سەنمۇ بىكاردىن - بىكار تېرىكىدىغان بولۇپ قاپسەن، ئۇ دېگەن مەن توقۇپ چىققان ھېكايە. ھېكايە دېگەنگە راست - يالغاننى ئارىلاشتۇرمىسا قانداق قىزىقى بولىدۇ، — ئەلقۇدنىڭ مۇشۇ گېپىدىن كېيىن ۋارىس خاپا بولۇپ قالغاندەك ئۆيگە كىرىپ كەتتى. باشقا بالىلارمۇ تارقاپ كەتتى. ئاخىرىدا ئەلقۇد، بىلال ۋە زىلال ئۈچى قالدى.

— ھەي، بۈگۈن مەن ھېكايىنى خاتا ئېيتىپ قويۇپتىمەن، تۇرپاندا كۆرگەنلىرىمىزنى ئۇلارغا دەپ قويۇپتىمەن. بۇنداق قىلساق تۇمارنىڭ خاسىيىتى يوقاپ كەتمىسۇن يەنە. ئەتە نەگە بارىمىز، تەتىل ۋاقتىمىزنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، ئوقۇش باشلىنىپ كەتسە ۋاقتىمىز بەك قىس بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئاتا - ئانىمىز شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ تاپشۇرۇق ئىشلەڭلار، دەرس ئۆگىنىڭ-لار دەپ ئۆيدىن چىقارمايدۇ، — دېدى ئەلقۇد.

— سەن دېگىنە، سەن ئاپارغان يەرگە بىز بېرىۋېرىمىز، — بىلال بىلەن زىلال ئەسنەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— ئەمىسە، ئەتە قاناس سەيلىگاھىغا بارايلى، بوۋام ئۇ يەرنى بەك گۈزەل دەپ ماختاپ بېرەتتى، — دېدى ئەلقۇد.

ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇلار قاناسقا بېرىشقا كېلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

# 13 . قاناس

ئەلقۇد شۇ كۈنى ئۆزۈنغچە ئۇخلىيالمىدى . ئۇ تۇمارنى پات - پاتلا تۇتۇپ قوياتتى . تۇمارمۇ ئۇيقۇغا كەتكەندەك تىۋشسىز ، نۇرسىز تۇراتتى . ئەلقۇد ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان كەچۈرمىشلەرنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئۇھ تارتىپ قويدى . ئۇ ، يوتقاننى نەچچە قېتىم يېپىپ يەنە نەچچە قېتىم تېپىپ ئېچىۋەتتى . ۋارىسنىڭ خاپا بولۇشى ئورۇنلۇق ، ئۇمۇ يېقىن دوستۇم ئىدى . ئۇنى نېمىدەپ قېتىۋالمىغان بولغىيتتىم ، دەپ ئويلىدى . بىراق ، ئەمدى بۇ ئىش مۇمكىن بولمايتتى . تۇمارنى بەرگەن بوۋايدىن نېمە دەپمۇ ۋارىسنىمۇ ئېلىۋالايچۇ دەپ سورىمىغان بولغىيتتىم دەپ پۇشايمان قىلدى . ئەلقۇد ئەمدى بۇ ھەقتىكى خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي ، بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ قاناس ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەسلىدى . «قاناس كۆلى بورچىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تارماقلىرىنىڭ بىرى بولغان قاناس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان . دەريا سۈيى كۆلنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كىرىپ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ . كۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 1374 مېتىر ئېگىز ، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر ، كەڭلىكى 1.6 — 2.9 كىلومېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 174 مېتىر ، شەكلى بىر تال ئەگرى تەرخەمەككە ئوخشاپ قالىدۇ . كۆلنىڭ سۇ يۈزى 37.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . . . بۇغدا كۆلنىڭ سەككىز ھەسسىسىگە تەڭ . گېئولوگلارنىڭ ئېنىقلىشىچە ، قاناس كۆلى بۇنىڭدىن 200 مىڭ يىل بۇرۇن پەيدا بولغانىكەن . كۆلنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل» . شۇ چاغدا ئەلقۇد يۇقىرىقى گەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى چۈشەنگەندەك بولسىمۇ بوۋىسىدىن «قاناس دېگەن نېمىدېگەن گەپ» دەپ سورىغانىدى .

— ئوبدان سورىدىڭ ، قوزام ، قاناس كۆلى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىدا «قانسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ . ھازىرقى قاناس دېگەن سۆز موڭغۇلچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، «مۇقەددەس سۇ» دېگەنلىك بولىدۇ ، — ئەلقۇد ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى .

ئەلقۇد ئويغانغاندا كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ بولغانىدى . ئەلقۇدنىڭ ئاپىسى جەۋھەرگۈل ھەدە ئەلقۇدنىڭ چېيىنى تەييار قىلىپ قويۇپ ، ئەلقۇدنىڭ ھەدىسى سۇرىيەنىڭ چاچلىرىنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈۋاتاتتى .

ئەلقۇد ئورنىدىن تۇرۇپ ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ چېيىنى ئىچىپ ، كۆۋرۈك بېشىغا چىقتى . بىلال بىلەن زىلال ئۇنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇراتتى . كۈن ئىسسىق بولسىمۇ ئۇلار قېلىن كىيىنىۋالغانىدى . . .

ئەلقۇدلار ئۆزىنى ھەيۋەتلىك دوستلۇق چوققىسىدا كۆردى . ئۇلارنىڭ بويىنىدا بىردىن دۇربۇن تۇراتتى . ئۇلار بۇنى تۇمارنىڭ خاسىيىتى دەپ بىلگەچكە باشقىچە ئويلىماي دۇربۇن بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتى . دۇربۇن بىلەن ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . تۇمار ئۇلارغا بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى .

— سىلەر دوستلۇق چوققىسىدا تۇرۇۋاتىسىلەر ، بۇ جۇڭگو - قازاقىستان چېگراسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4374 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوققا . ئەنە ئاۋۇ يېشىل مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغىنى قاناس كۆلى ، سىلەر كۆرۈۋاتقان ئاۋۇ يېشىل مارجانلار كىچىك كۆللەر . ئۇ كۆللەر خەرىتىگە چۈشمىگەن بىلەن بۇ يەردە قاناس كۆلىدىن باشقا 300 دىن ئارتۇق كۆل - كۆلچەكلەر بار ، قارا كۆل بولسا ئاشۇ كۆلچەكلەرنىڭ چوڭراقلىرىدىن بىرى . ھازىر بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى . بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەنلەر يۇرتىمىزدىمۇ بۇنداق گۈزەل يەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەي ھەيران قالىدۇ .

ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاچ تاغ چوققىسىدىن پەسكە چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا تۇماردىن يەنە سادا كەلدى :

— توختاڭلار ، سىلەر بۇ تاغدىن چۈشەلمەيسىلەر ، گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سىلەرنى خالىغان يېرىڭلارغا ئاپىرىپ قويىمەن ، — ئەلقۇدلار بۇ يەرنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدى . ھېلىمۇ ياخشى قېلىن كىيىنىۋاپتىكەن ، بولمىسا . . .

تۇمار يەنە چۈشەندۈردى :

— قاناس رايونىنى ئۈسۈملۈك مۇزېيى دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ يەردە قارىغاي ، قىزىل قارىغاي ، ئاق قېيىن قاتارلىق نەچچە مىڭ خىلدىن ئارتۇق ئۈسۈملۈك تۈرى بار . بۇ يەردە ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ تۈرى 30 خىلدىن ، قۇشلارنىڭ تۈرى 70 خىلدىن ئاشىدۇ . ھاشاراتلارنىڭ تۈرىمۇ 300 خىلدىن ئارتۇق . بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھايات قايناپ تۇرغان مۇقەددەس ماكان . ئالدى بىلەن قەيەرنى كۆرىسىلەر ؟

— ئالدى بىلەن قاناس كۆلىنى كۆرەيلىچۇ ، بۇ يەر بەك سوغۇق ئىكەن ، — توڭلاپ كەتكەن ئەلقۇد قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى .

ئەلقۇدلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزلىرىنى گۈزەل قاناس كۆلىنىڭ بويىدا كۆردى . قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى بۇ كۆل تېخىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى . كۆل ئەتراپىدىكى قىزىل قارىغايلار ، چاتقاللار ۋە كۆك ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلار كۆلگە سايە تاشلاپ ئۇنىڭغا ئۆزگىچە نازاكەت بېغىشلايتتى . كۆل خۇددى رەڭدار ۋە ئۆزگىرىشچان رەسىمدەك پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىپ تۇراتتى . ھازىر كۈز پەسلىگە يېقىنلىشىپ قالغان بولغاچقا ، كۆل بويىدىكى دەل - دەرەخ ، چاتقال ۋە باشقا ئۈسۈملۈكلەر كۆك ، قىزىل ، سېرىق ، يېشىل ، زەڭگەر ، كۆل رەڭ ۋە ئاق رەڭلەردە جۇلالىنىپ سېھىرلىك ئەينەكتەك تەبىئەتنىڭ رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ نامايان قىلاتتى .

بۇ ساياھەت پەسلى بولغاچقا ، بۇ يەردە دۇنيانىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر كۆپ ئىدى . ئەلقۇدلارمۇ بىلىپ - بىلمەي بىر ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەرگە قېتىلىۋالدى . قىزىقارلىق يېرى ئەلقۇدلارنىڭ بويىدىكى دۇربۇن رەقەملىك فوتو ئاپپاراتقا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئەلقۇدلار ساياھەتچىلەر


بىلەن بىللە ئىپتىدائىي ئورمانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل يايلاقتا ساياھەت يېتەكچىلىرى بىلەن بىللە ئات مىنىپ ئوينىدى. ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەر ۋە ساياھەت يېتەكچىلىرى ئەلقۇدلارنى ساياھەت ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى دەپ قاراپ، ئۇلاردىن كۆپ گەپ سورىمىدى. ساياھەت يېتەكچىلىرىمۇ ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە بېلىق سەيلىسى تەكچىسىدە كۆلگە قاراپ كۆل ئاستىدىكى بېلىقلار بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. بۇ يەردىكى بىر - بىرىدىن گۈزەل غاز بۇلاق، پەرىشتە قولتۇقى، سىرلىق بۇلاق، ئەجدىھا قولتۇقى قاتارلىق گۈزەل يەرلەر ئەلقۇدلارنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى. ئۇلارغا بۇ يەردىكى مەنزىرىلەر كىنو - تېلېۋىزور ۋە رەسىملەردىن كۆرگەندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ساياھەتچىلەر بىلەن قوم كەنتى، چوڭ جىلغا قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدا ھېرىش - چارچاشنى ئۇنتۇپ سەيلە - ساياھەت قىلىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇدەك بەھرىمەن بولدى. ئۇلار ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە تاغ ئېچىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ يەردە تۇرۇپ يامغۇر ياغسا، تۇرۇپلا قۇياش نۇرلۇق يۈزىنى نامايان قىلاتتى. ئۇلار بەزىدە سانسىز گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىۋاتقان گۈلىستانلارغا كىرىپ قالسا، بەزىدە قەدىمىي چاتقاللىقلار ئارىسىدا ئېزىقىپ قالاتتى.


ئەلقۇدلار قاناسقا كەلمىگەن چاغدا بۇ يەردە پەقەت بىر قاناس كۆللا بار دەپ ئويلايتتى. ئۇلار تېلېۋىزور ۋە رەسىملەردىن پەقەت قاناس كۆلىنىڭلا رەسىمىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئاشۇ كۆلنى ئوراپ تۇرغان كۆلدىنمۇ رەڭدار سىرلىق دۇنيا ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئەلقۇدلار ساياھەتچىلەر بىلەن يەنە جاپالىق ۋە ھۇزۇرلۇق بىرنەچچە سائەتلىك سەپەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ ناھايىتى گۈزەل بىر ئوتلاقتىكى قازاق ئاۋۇلىغا يېتىپ كەلدى. ئاۋۇلدىكى كىشىلەر ساياھەتچىلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۇلارنى قىمىز، بوغۇرساق، ئەتكەنچاي، قۇرۇت، ئىرىمچىك، سۈت، قېتىقلار بىلەن مېھمان قىلدى. ئارقىدىن بىر قازاق بوۋاي قولىغا دومبۇرىسىنى ئېلىپ

مېھمانلارنىڭ شەربىي ئۇچۇن قاباسنى مەدھىيىلەيدىغان بىر ناخشا ئېيتىپ بەردى . بوۋاينىڭ ئاۋازى تاغ سۇيىدەك سۇزۇك ۋە جاراڭلىق بولۇپ ، دومبۇرىنىڭ مۇڭلۇق كۈيى بىلەن بىرلىشىپ ئادەمزات كۆپ ئاياغ باسمايدىغان بۇ ھەيۋەتلىك تاغ ئىچىدە يىراقلارغا تاراپ كەتتى .

ئەلقۇدلار قازاق ئاۋۇلىدا ئوبدان مېھمان بولغاندىن كېيىن ، سىرتقا چىقىپ بۇ گۈزەل يايلاقتا ئوينىدى . بۇ يەردە خىلمۇخىل رەڭدىكى گۈللەر بىر ـ بىرى بىلەن ھۆسن تالاشقاندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى . ئەلقۇدلار ئەمدى ساياھەت ئۈمىكىدىكىلەر بىلەنمۇ كارى بولماي يايلاقنى بويلاپ سىرلىق تاغ جىراسى ئىچىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى . تاغدىكى ئورمانلىقلاردىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ناۋاسى ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغانىدى . ئەلقۇدلار ئالتاي تاغلىرىدا ئالتۇن كۆپ دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن ئالتۇن تاپقۇسى كېلىپ قالدى .





# 14 . ئالتاي تاغلىرىدا

ئەلقۇدلار تاغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى بىر ـ بىرىدىن گۈزەل ۋە سىرلىق مەنزىرىلەر ئۇلارنى خۇددى چۆچەكلەر دۇنياسىدا يۈرگەندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى . ئەلقۇد ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە يۈرۈۋېرىشنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلگەندى . بىلال ئەلقۇدنىڭ بۇ قارارىغا نارازىلىق بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ ، زىلال نېمىشقىكىن بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ كېتىۋاتاتتى .

— قاناس كۆلىنى كۆرۈپ بولدۇققۇ ، ئەمدى كېتەيلىچۇ ، يەنە ھېلىقىدەك بۆرىگە ئۇچراپ قالساق قانداق قىلىمىز ؟ ! — زىلال شۇنداق دېگەن بولسىمۇ ئەلقۇدتىن ئەيمەنگەندەك يەرگە قارىۋالدى . زىلالدىن پۇتاق چىقىرىشقا ئاران تۇرغان بىلال زىلالغا قاتتىق تەگدى :

— بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىز بىلەن كەلمىسەڭ بولغۇدەك ، بۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسنى ئېلىۋالساق بولۇپتىكەن .

— مەن نېمە قىپتىمەن ؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى زىلال .

ئۇلار يەنە تاكاللىشىپ سوقۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى ، لېكىن تۇماردىن قورقۇپ يەنە پەسكويىغا چۈشتى .

— سىلەرگە دەپ قوياي ، تۇمار بىزنى ھەرقانداق يەرگە بىر قېتىملا ئەكىلىدۇ ، ئالتاي تاغلىرى بولمىغان بولسا قاناس كۆلىمۇ بولمىغان بولاتتى . قاناس كۆلىنى كۆرۈپلا ئالتاي تاغلىرىنى كۆرۈپ كەتمىسەك پۇشايمان قىلىمىز . شۇڭا ، بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە كۆرۈشكە تېگىشلىك يەرلەرنى تولۇق كۆرەيلى . تۇمار بىزنى خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلاپلا قالماي ، بىزگە ۋاقىت جەھەتتە چەكسىز بىر ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ . بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەرغۇ ، بىز نەچچە قېتىم خېلى ئۇزۇن يوقاپ كەتسەكمۇ ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى

يوقاپ كەتتىڭلار دەپ باقتىمۇ؟ — ئەلقۇدنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن زىلالمۇ خاتىرجەم بولغاندەك جىمىپ قالدى.

ئەلقۇد تۇرلۇك گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن پۈركىنىپ تۇرغان رەڭدار يايلاقتا ئۆزىنى تاشلاپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن زەڭگەر ئاسمانغا قاراپ ئوڭدا ياتتى. بىلال بىلەن زىلالمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. تۇمار ئۇلارغا ئالتاي ۋە ئالتاي تاغلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:

ئالتاي ۋىلايىتى ئانا يۇرتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىغا، ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي ـ جەنۇب ئېتىكىگە جايلاشقان. قازاقىستان، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇب تەرىپى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىيا تاش رەسىملىرى كارىدورى، شەمىرتەك قەبرىستانلىقى، يايلاق تاش ھەيكەللى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن سىلەر بۈگۈن كۆرگەن قاناس كۆلى مەنزىرىسى مۇھاپىزەت رايونى، تاڭبالى كۆلى، بۇرۇلتوقاي ئارىشاڭ تېغى قاتارلىقلار بار. سىلەرنىڭ ئانا يۇرتىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ بولۇشۇڭلار مۇمكىن بولمىغاندەك ئالتاي رايونىنىڭمۇ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ بولالمايسىلەر، پەقەت مۇشۇ ئالتاي رايونىدىكى كۆرۈشكە تېگىشلىك خىسلەتلىك ماكانلارنىڭ ئىسمىنى دەپ بولۇشقىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمدى سىلەر دىققىتىڭلارنى ئالتاي تاغلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈڭلار، ھازىر سىلەر تۇرۇۋاتقان مۇشۇ زېمىن ئالتاي تاغلىرىغا تەۋە. بايا سىلەر قونغان دوستلۇق چوققىسى ئالتاي تاغلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا. ئالتاي تاغلىرى جۇڭگو، رۇسىيە ۋە موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگراسىغا جايلاشقان، ئۇ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھەيۋەتلىك چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئانا يۇرتىمىز دائىرىسىدىكى ئالتاي تېغى ئالتاي تاغلىرى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇبىي باغرى بولۇپ، ئۇ بىر يۈرۈش تۇتاش كەتكەن چوڭ تاغ گەۋدىلىرىدىن ئىبارەت. ئالتاي تاغ تىزمىسى گەرچە تەڭرىتاغ تىزمىسىدەك ئېگىز

ۋە ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ يەنىلا ئاسىيادىكى ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ بىرى . بۇ تاغلاردا ھازىرقى دەۋر مۇزلۇقلىرى ساقلىنىپ ياتماقتا . ئالتاي تاغلىرى ئىقلىم ، تاغ شارائىتى ۋە ئېگىزلىكنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . بۇنىڭدا شىمالىي مۇز ئوكياندىن كىرگەن ھاۋا ئېقىمى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ . ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلەكلىرىدە دەل - دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ ، شەرقىي بۆلىكىدە پايانسىز كەتكەن يېشىل يايلاقلار بار . ئالتاي تاغلىرىدىن باشلانغان ئېرتىش دەرياسى ئانا يۇرتىمىز بويىچە بىردىنبىر سىرتقى ئېقىن بولۇپ ، شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ سىستېمىسىغا كىرىدۇ .

ئالتاي تاغلىرىدا يەر ئاستى كان بايلىقلىرى كۆپ . ئەگەر بىرى سىلەردىن خالىغان بىر رۇدىنى قەيەردىن چىقىدۇ ، دەپ سورىسا ئالتاي تاغلىرىدىن دەپ جاۋاب بەرسەڭلار خاتالاشقان بولمايسىلەر . ئالتاي دېگەن سۆزمۇ «ئالتۇن تاغ» دېگەن مەنىدە بولۇپ ، كىشىلەر ئارىسىدا «ئالتايدا 72 جىلغا بار ، ھەممە جىلغىدا ئالتۇن بار» دېگەن سۆز بار . بۇ مۇتلەق ھەقىقەتتۇر . ئالتاي تاغلىرىدا ئالتۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن رۇدىلار بار .

ئالتاي تاغلىرىدىكى پايانسىز ئورمانلىقلار ھەر خىل ھايۋانلار ، ئۇچار قاناتلار بىلەن قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈگىمەس مەنبەسىدۇر . . .

چارچاپ كەتكەن ئەلقۇدلارغا ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە يېتىپ ، تۇمارنىڭ ئالتاي ۋە ئالتاي تاغلىرى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى . . .

ئەلقۇدلار ئالتاي تېغىنىڭ ئېپتىدائىي ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان گۈزەل بىر جىراسى ئىچىدە كېتىۋاتاتتى . ئەتراپتىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ، بۇلاقلاردىن ، تاغ يېرىقلىرىدىن شىلدىرلاپ تاغ باغرىغا سىڭىۋاتقان سۇلارنىڭ ئۈزۈلمەس كۈيى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . قىزىل قارىغاي ، ئاق قېيىن ، يەنە ئەلقۇدلار ئىسمىنى بىلمەيدىغان دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن ھايۋانلارنىڭ ئۈنلەشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئەلقۇدلار بۇ گۈزەل جىرادا بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن

ئاسماندىكى ئاق پاختىدەك لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار توپلىنىپ ۋە كۆپىيىپ قارىيىشقا باشلىدى . تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرگەندەك يېتىپ كەلگەن توپ - توپ بۇلۇتلار كۆك ئاسماننى بىردەمدىلا غايىب قىلدى . كەچ بولىدىغانغا تېخى خېلى ۋاقىت بولسىمۇ ، جىرا گۈگۈم ئىچىدە قارىيىشقا باشلىدى . ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ ئەلقۇدلار مۈزلاپ تىترەشكە باشلىدى .

— ئەجەب سوغۇق بولغىلى تۇردىغۇ ئەمدى ، — زىلال قايتايلى دېگەن گەپنى ئۇچۇق دېيەلمەي شۇنداق دەپ غودۇڭشىدى . كۆپ ئۆتمەي يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى . يامغۇر ئاسماندىن چېلەك بىلەن سۇ قۇيغاندەك يېغىۋاتقاچقا ئەلقۇدلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىردەمدىلا ھۆل بولۇپ كەتتى .

— كېتەيلى دېسە ئۇنىماي ، ياخشى بولدى تازا ، — زىلالنىڭ بۇ گېپىنى ئەلقۇد بىلەن بىلال ئاڭلىمىدى . ئەلقۇدلار ھازىر كېتىدۋاتقان چوڭ جىرانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چاتقاللار قويۇق ئۆسكەن كىچىك جىرا تەرەپكە ئۆتۈپ چاتقاللار ئارىسىدا يامغۇردىن پاناھلانماقچى بولدى . چاتقاللار بەك قويۇق بولغاچقا ، يول تېپىپ مېڭىش تەسكە توختىدى . ئۇلار ئەلقۇدنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تەستە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . زىلال تېرىكىپ يىغلىۋېتىشكە ئاز قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا چاندۇرماي كېتىۋاتاتتى . شۇ چاغدا ئۇلار چوڭقۇر بىر ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كەتتى . بىلال بىلەن زىلاللا ئەمەس ، ئەلقۇدمۇ قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ئۆڭكۈرنىڭ ئاستى يۇمشاق قۇم بولغاچقا ، ئۇلار قاتتىق چۈشمىدى . ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ ، بۇ يەر يامغۇردىن خالىي ھەم ۋە ئىسسىق ئىدى . شۇڭا ، غودۇڭشىپ تۇرغان زىلالغىمۇ بۇ يەر خېلى خۇشياقتى . ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەلقۇدلارنىڭ كۆزى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ ، ئۆڭكۈر ئىچىنى ئاز - تولا ئىلغا قىلالايدىغان بولدى . ئۇلار سەپسىلىپ قاراپ ئۆڭكۈرنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۆڭكۈرنىڭ ئاشۇ كېڭەيگەن تەرىپىدىن كۈننىڭ نۇرىدەك كۈچلۈك بىر يورۇقلۇق جۇلالاندى . ئەلقۇدلار باشتا كۆزلىرىگە ئىشەن-

مەي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قايتا قارىدى . نۇر بارغانسېرى كېڭىيىپ ئەلقۇدلار تەرەپكە يېقىنلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئەلقۇد ئەسلىي ئاشۇ تەرەپتە بىر چىقىش ئېغىزى بولسا شۇ يەردىن چوشۇۋاتقان يورۇق- لۇق بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئاشۇ يەردىن چىقىپ كېتەلىگەن بولدۇق دەپ ئەلقۇدقا ئەگىشىپ ماڭدى .

ئەلقۇدلار ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئۆڭكۈرمۇ چوڭىيىپ ، كې- ڭەيدى . پاھ ! ئۇلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىرىۋەتتى . ئەسلىي بۇ يەر ئالتۇن ، گۆھەرلەر بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان سىرلىق ئۆڭكۈر ئىكەن . بۇ يەردە توپ - توپى بىلەن تۇرغان ئالتۇن ، گۆھەر ، ياقۇت ، ئۈنچە - مەرۋايىتلار ئۆڭكۈر ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

— كۆردۈڭلارمۇ بالىلار ! بىز نەگە كېلىپ قالدۇق ؟ بوۋام ئېيتقان چۆچەكتىكى بايلىق ئۆڭكۈرىگە كىرىپ قالغان ئوخشايمىز . ئەمدى قانداق قىلساق بولار ؟ — زىلال خۇشاللىقىدىن ئەلقۇد بىلەن بىلالنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى . بىلالمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالغانىدى .

— گەپ قىلىڭلار ! ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئەلقۇد .

بىلال بىلەن زىلالمۇ جانلاندى . بۇنچىۋالا كۆپ بايلىقنى كۆرۈپ ئۇلارغىمۇ ئەقىل كىرىپ قالغانىدى .

— بۇنىڭغىمۇ قانداق قىلىمىز ، دېگەن گەپ كېتەمدۇ ؟ بۇ يەردىكى ئالتۇن ، گۆھەرلەرنى ئۆيىمىزگە توشۇيلى ! ئەمدى ئۇچىد- مىز ئەڭ باي ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتەلىگەن بولدۇق ، — زىلال شۇنداق دەپ دۆۋە - دۆۋە تۇرغان ئالتۇن ، گۆھەرلەرنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ ھەۋەس بىلەن قارىدى .

— بۇ بايلىقنى ئۆيگە توشۇشقۇ ئاسان ، بىراق ئۇنى ئۇچىمىز قانداق بۆلۈشىمىز ؟ بۇ يەردىكى بايلىقنىڭ زادى قانچىلىكى ماڭا مەنسۇپ ، قانچىلىكى سىلەرگە مەنسۇپ ؟ — بىلالنىڭ بايلىقلار ئالدىدا شەخسىيەتچىلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى .

— شۇنچىۋالا كۆپ بايلىقنى بۆلۈشمىسەكمۇ ، خالىغىنىمىزچە ئېلىپ كېتىپ ئىشلەتسەك بولمىدىمۇ ، بۆلۈۋېلىشنىڭ نېمە ھاجى- تى ؟ ! — زىلال بىلالنىڭ گېپىگە خاپا بولدى .

— مېنىڭچە بۆلۈشۈۋېلىشىمىز كېرەك . بولمىسا خاتىرجەم بولالمايمەن . كىمنىڭ قانچىلىك ئالىدىغانلىقىنى مەن ھازىر سىلەرگە بېكىتىپ بېرىمەن ، — بىلال بايلىقلارنى كۆرۈپ باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى ، — مەن بۇ يەردىكى بايلىقنىڭ يېرىمىنى ئالاي ، يېرىمىنى ئىككىڭلار بۆلۈشۈۋېلىڭلار ! ياق ، ياق ، مەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئالاي ، سىلەر ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئالساڭلارمۇ بولىدىغۇ ! سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى مېنىڭ ئاتا ـ ئانامغا قارىغاندا خېلى ياخشى . شۇڭا . . . — بىلال خۇددى مەست بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ توختىماي سۆزلەيتتى . ئۇ ئەلقۇد بىلەن زىلالنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىماي بۇ يەردىكى بايلىقنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋالىدىغاندەك قىلاتتى . ئەلقۇد بىلالنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسە بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئالاي دېيىشتىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى .

ئالتۇن ، گۆھەرلەرنى كۆرۈپ ئەلقۇدمۇ ھەيران قالغانىدى . بۇ بايلىقلاردا بىزنىڭ ھەققىمىز بارمۇ ؟ ئۇنى ئالساق بولارمۇ ـ بولماسمۇ ؟ توختاپتۇر ، تۇمارىمدىن سوراپ باقاي .

— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، ماڭا دەپ بەرسىڭىز ، بۇ بايلىقلارنى قانداق قىلساق بولار ؟ — ئەلقۇد بۇ سوئالنى قايتا ـ قايتا سورىغان بولسىمۇ تۇماردىن سادا چىقمىدى . ئەلقۇد تۇمارغا قارىدى . تۇمار شۇ تاپتا ئالتۇن ، گۆھەرلەردىن چىقىۋاتقان نۇر بىلەن تەڭ نۇرلىنىپ تۇراتتى . ئەلقۇدقا تۇمار بۇمۇ بىر ئىمتىھان ، سەن بۇ بايلىقلار ئالدىدا قانداق قىلىسەنكىن دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— ئىنساپ قىلىش كېرەك ، ئىنساپ ، — بۇ ئەلقۇدنىڭ مومىسى پاتەمنىساخاننىڭ داۋاملىق ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان گېپى ئىدى ، شۇڭا ئەلقۇدنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ گەپ چىقتى .

— ئىنساپ قىلماي نېمە قىپتۇق بىز ، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بىزگە خۇدايىم بەردى . بۇنى چوقۇم ئېلىپ كېتىمىز . بىزمۇ كاتتا ئۆيلەرنى سالىدىغان بولدۇق ، دادام بىچارە ئۆي سالىدىغانغا پۇل تاپالماي كېۋەزلىكتە دوك بولۇپ قالغىلى تۇردى ، — بىلال شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئۆڭكۈر ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ خىلا-

مۇخىل بايلىقلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى كۆرۈپ خۇدىنى يوقىتىپ قويدى .

— بولدى ، بۇ نەرسىلەرنى سەن ئال ، ئەلقۇد ئىككىمىز كېتەيلى ، — زىلال بىلالدىن نارازى بولدى .

— توختاپ تۇرۇڭلار ، بۇ بايلىقلارنىڭ چوقۇم ئىگىسى بار ، بىز ئۇنى ئېلىپ كەتسەك تۇمار ئوغرىلىق قىلدىڭلار دەپ خاسىيىتىنى يوقاتسا ، مۇشۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتمەيلى يەنە ، — ئەلقۇدنىڭ بۇ گېپى بىلالنى ئازراق پەسكويغا چۈشۈردى . زىلالمۇ يەنە كېتىشنىڭ جېدىلىنى قىلدى .

— بۇ نەرسىلەر ناھايىتى قىممەتلىك ، ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىۋالساقمۇ باي بولۇپ كېتىمىز ، شۇڭا ئازراقتىن ئېلىپ قايتايلى ، — ئەلقۇدلار ئالتۇن ، جاۋاھىراتلاردىن يانچۇقىغا قاچىلىدى . ئۇلار ئۆڭكۈردىن مىڭ بىر جاپادا چىقتى . بىلال يانچۇقىغا ئالتۇننى كۆپ قاچىلىۋالغاچقا ، ھەممىدىن كېيىن چىقتى .

ئەلقۇدلار ئۆڭكۈردىن چىقىشىغىلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا كالىدەك چوڭلۇقتىكى بىر بۈركۈت پەيدا بولدى .

— ھە ، نەگە قاچماقچى ؟ ئالتاي تاغلىرىدىكى ئالتۇن ، گۆھەرلەرنى ئوغرىلاپ قېچىش شۇنداق ئاسانمىكەن ! سىلەر بۇ يەرگە سەيلە - ساياھەت قىلغىلى كەلگەنمۇ ياكى ئوغرىلىق قىلغىلى كەلگەنمۇ ؟ قېنى قانداق قىلىدىكىن دېسەم راستىنلا ئوغرىلىقنى باشلاپسىلەرغۇ ، — دېدى بۈركۈت غەزەپ بىلەن .

— ھە ، بىز ، بىز . . . — بىلال بىلەن زىلال نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئەلقۇد دۇدۇقلاپ تۇرۇپ گەپ قىلدى .

— سىز ، سىز كىم بولىسىز ؟

— مەن مۇشۇ تاغنىڭ ئۆلمەس قاراۋۇلى ، — بۈركۈتنىڭ ئاۋازى تاغ سادالىرىدەك ياڭراق چىقتى ، — مەن مۇشۇ گۈزەل تاغلاردىكى ھەربىر گىياھ ، ھەربىر تاشنى قوغدايمەن . سىلەرنى ئاق كۆڭۈل ، سەبىي باللارمىكىن دېسەم ، سىلەرمۇ ئاشۇ ئوغرىلاردىن قېلىشمايدىكەنسىلەرغۇ ! مەن سىلەرنى ۋاقتىدا يەۋەتمىسەم ، چوڭ

بولۇۋالساڭلار چاتاق ، — شۇ چاغدا ئەلقۇدلار ئۆزلىرىنىڭ قوناقنىڭ دانىسىدەك كىچىكلەپ قالغانلىقىنى بىلدى . بۇركۇت ئۇلارنى چوقۇلاپ يەۋەتمەكچى بولدى . ئۇ ئالدى بىلەن بىلالنى بىرلا چوقۇلاپ يەۋەتتى . ئارقىدىن زىلالنى يېدى . نۆۋەت ئەلقۇدقا كەلدى . . .

ئەلقۇدلارنى يايلاقتا تامچىلاپ يېغىشقا باشلىغان يامغۇر ئويغىتىۋەتتى .

ئەلقۇدلار ئەمدى ئالتاي تاغلىرىدىكى ئوتلاقتا ئەمەس ، مەھەللىسىدىكى قوناقلىقتا تۇراتتى . . .

# 15 . جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى ئېزىقىش

بۈگۈن ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ ھويلىسىدىكى ئالمىلىق باغدا بوۋىسى بىلەن پاراڭلاشتى . ئەلقۇد بوۋام بىلەمدۇ ـ بىلمەمدۇ دېگەندەك ئۇنى گەپكە سالاتتى .

— بوۋا ، بىزنىڭ مۇشۇ ئانا يۇرتىمىزدا قانچە ئويمانلىق بار ؟ — ئەلقۇدقا ئالما ئاقلاپ بېرىۋاتقان ھەسەن مۇدىر ئالدىرىماي جاۋاب بەردى .

— ئەڭ چوڭ ئويمانلىقتىن ئىككىسى بار ، بىرى تارىم ئويمانلىقى ، يەنە بىرى جۇڭغار ئويمانلىقى .

— بىزگە تارىم ئويمانلىقى يېقىنمۇ ياكى جۇڭغار ئويمانلىقىمۇ ؟

— بىزگە ئەلۋەتتە جۇڭغار ئويمانلىقى يېقىن ، تارىم ئويمانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا . بۈگۈن مەن ساڭا جۇڭغار ئويمانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى ھەسەن مۇدىر ئاقلاپ بولغان ئالمىنى ئەلقۇدقا بېرىپ ، — جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى تەڭرىتاغ سىستېمىسى ، شىمالى ئالتاي تاغ سىستېمىسى ، غەربىي شىمال تەرىپى جۇڭغار تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ ، شەرقىي قىسمى قارامىل تاغلىق ۋە ئېدىرلىقلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ . جۇڭغار ئويمانلىقى خەرىتىدىن خۇددى تۇمار شەكلىدە كۆرۈنىدۇ .

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 700 كىلومېتىر كېلىدۇ . بۇ ئويمانلىقنىڭ يەر مەيدانى 380 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، ئانا يۇرتىمىز ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ % 23 نى ئىگىلەيدۇ .

ئويمانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مەنزىرىسى كۆپ خىل بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەر خىل تەبىئىي ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇربان تۇڭغۇت

قـۇملۇقـى تـەكـلىماكـان قـۇملۇقـىنىـڭ 1/14 قىسمىغا بارا-
ۋەر كېلىدۇ . . .
ئەلقۇد بوۋىسىنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقى ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايانلىرىنى ئاڭلىغان كۆنلا بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ بۇ ئويمان-لىققا كەلدى .
ئەلقۇدلار قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يۇلغۇنلۇق ، سۆكسۆك-لۈك ، چاكاندىلىقلار ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى . بۇ ، قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى ئىدى . ئەلقۇد بىز قەيەرگە كەلدۇق دېگەندەك تۇمارغا قارىدى . تۇمار زىل ئاۋازى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى .
— قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 مىللىلىتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ . 4 - ، 5 - ئايلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى-نىڭ 40 % نى ئىگىلەيدۇ . بۇ شامال ئەڭ كۆپ چىقىدىغان مەزگىل بولۇپ ، شامال بىلەن يامغۇرنىڭ بىر پەسىلگە توغرا كېلىشى شامال-نىڭ قۇمنى ئۇچۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . قىشتا قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ ، بۇ ئۆسۈملۈك-لەرنىڭ قويۇق ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلى-غان . شۇڭا ، بۇ قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كەڭ كەتكەن قۇملۇقلاردا يېڭى - يېڭى بوستانلىقلار پەيدا بولماقتا . ئەڭ مۇھىمى ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا ھەر خىل كانلاردىن نېفىت ، كۆمۈر ، سىدىرىت قاتارلىقلار بار . مەشھۇر قاراماي ، مايتاغ نېفىتلى-كى جۇڭغار ئويمانلىقىغا جايلاشقان . ئۇ ، ئۆز قوينىدا نۇرغۇن نېفىت بايلىقىنى ساقلاپ ياتماقتا .
ئەلقۇدلار قۇملۇقلار ئارىسىدا خېلى ئۇزۇن ماڭدى . زىلالغا بۇ چۆل - باياۋاننىڭ ھېچقانداق قىزىقى يوقتەك كۆرۈندى ، شۇڭا ئۇ يەنە غودۇرىدى :
— بۇ چۆل - باياۋاندا نېمە قىلىمىز ؟ جۇڭغار ئويمانلىقىدا گۈزەل قاراماي شەھىرى بار دەۋاتاتتىڭلار ، بۇ يەردە شەھەر تۇرماق ، بىرەر مەھەللىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ئەگەر بۇ يەردە ئېزىپ قالىدىغان بولساق ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپلا قالىمىز جۇمۇ ، — زىلالنىڭ گېپىد-

نى مازاق قىلغاندەك يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدىن ئىككى توشقان چىقىپ ئۇلارغا ھەييارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ، ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى . ئەلقۇدلار ئىككى توشقانغا ئەگەشتى . ئەلقۇدلار توشقاننى ئۇتالماي بىر سائەتتەك ئاۋارە بولدى . توشقان قاياققىدۇر غايىب بولدى . ئەلقۇدلار قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى . ھازىر ئۇلار توپا مۇنارلار ئارىسىدا يۈرەتتى . بۇ توپا مۇنارلار غەلىتە ئىدى . مۇنارلارنىڭ بەزىلىرى دېڭىزدىكى قىيا تاشلاردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا ، بەزىلىرى قۇچاقلىشىپ تۇرغان گىگانت ئادەملەرنى ئەسلىتەتتى . بەزىلىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئېيىقنى ئەسلەتسە ، بەزىلىرى ئېغىر يۈك ـ تاقىنى يۈدۈپ تۈگمەس سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تۆگىگە ئوخشايتتى . يەنە بىر قارىماققا بۇ يەر قەدىمىي ۋە سىرلىق شەھەرنىڭ خارابىسىدەك مەغرۇرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ غەلىتە مەنزىرىلەرگە ھەيران قالغان ئەلقۇدلارغا بۇ يەردە يەنە شامالنىڭ گۈركىرىشىگە قوشۇلۇپ ئاڭلىنىۋاتقان ئالىلقانداقتۇر جان ـ جانىۋارلارنىڭ قىيا ـ چىياسىغا ، يىرتقۇچلارنىڭ ھۇۋلاشلىرىغا ، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىگە ، زېمىننىڭ نالىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى .

ئەلقۇدلارغا بۇ يەردە توپا گەۋدىلىك گىگانت مەخلۇقلار مىڭىپ يۈرگەندەك تۇيۇلدى . چاتاق يېرى ۋەھىمىلىك ئاۋازلارنىڭ كۈچىيىشى بىلەن شامالمۇ ئەدەپ كەتتى . شامال ئۇلارنى قەغەزنى ئۇچۇرتقاندەك ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇلار ھېلىقى توپا تەنلىك مەخلۇقلارنى ئۆزىگە دالدا قىلماقچى بولغان بولسىمۇ ، ئۇلار ئەلقۇدلارنى ئىتتىرىۋەتتى . ئەلقۇدلار تۇيۇقسىز ئۇچىرىغان بۇ ئىشتىن ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە ئاسمان ـ پەلەك بىر قۇيۇن يېتىپ كېلىپ ، ئۇلارنى بىرلا يۆگەپ قوينىغا ئالدى ـ دە ، قورقۇنچلۇق شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . ئەلقۇدلار «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئەمدى بېشىغا كەلگەننى كۆرمەي ئامالى يوق ئىدى . . . ئەلقۇدلار ئۆزىنى ھەيۋەت بىلەن دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۆلنىڭ بويىدا كۆردى . پاھ ، كۆل بويىدىكى دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ئىدى . كۆل

تەرەپتىن جان ـ جانىۋارلارنىڭ غەلىتە ئۈنلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتـ
تى . ئەلقۇدلار قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلـ
مەي كۆل بويىدىكى يۇمشاق قۇم ساھىلىدا ئاسمانغا قارىغىنىچە
ياتتى . بۇ كۆل قارىماققا دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغىمۇ ئوخشاپ
قالاتتى . ئەلقۇد ئورنىدىن تۇرۇپ ، نېمە كارامەت بۇ دېگەندەك بىلال
بىلەن زىلالغا قارىدى . بىلال بىلەن زىلال مەڭدەپ قالغاندەك ئاغزىـ
نى ئېچىپ تۇراتتى .

— بالىلار ، بىز نەگە كېلىپ قالدۇق ؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن
زىلالدىن سورىدى .

— بۇنداق سىرلىق ئىشلارنى سەن بىلمىسەڭ بىز قانداق
بىلىمىز ؟ — بىلال بىلـەن زىـلال يىغـلامسىـرىغاندەك بېشىنى
قاشلىدى .

— مەنمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن ، ئالدىمىزدىكى دېڭىز بولۇپ قالسا
بىز يۇرتىمىزدىن ناھايىتى يىراققا كەتكەن بولىمىز . ئەگەر بۇ كۆل
بولسا چوقۇم باغراش كۆلى ، بىز بايىلا قۇربان تۈگۈت قۇملۇقىدا
ئىدۇق . ئەتراپنى ئايلىنىپ باقايلى .

كۆل بويىدىكى يۇمشاق قۇملۇق ساھىلدا قۇشنىڭ ياكى ھايۋاندـ
نىڭ ئاياغ ئىزىغا ئوخشايدىغـان نـاھايىتـى يوغـان ئاياغ ئىزلىرى
تۇراتتى .

ئاسماندا تـۈگىمىنىمۇ چوڭ قاناتلىق مـەخلۇقلار ئادەمنىڭ قۇـ
لاق ـ مېڭىسىنى يېگۈدەك ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . ئاشۇ
مەخلۇقلاردىن بىرنەچچىسى ئەلقۇدلارنىڭ بېشىغىلا ئۇچۇپ كەلدى .
ئۇلار قانات قېقىشىدىن پەيدا بولغان «بوران» ئەلقۇدلارنى ئۇچۇرۇپ
كەتكىلى تاس قالدى . زىلال قورقۇپ كەتكەچكە ھۆكرەپ يىغلىۋەتـ
تى . مەخلۇق ئۇلارنى پۇتلىرى ئارىسىغا قىسىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلـ
دى . مەخلۇق بىردەم ئۇچقاندىن كېيىن ، ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ ،
ساھىلغا ئانچە يىراق بولمىغان بوك ـ باراقسانلىقلار ئارىسىدىكى
بوشلۇققا قوندى . ئەلقۇدلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ، قورقۇپ
ئورنىدىن تۇردى . زىلال بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئەلقۇد بىلەن
بىلالنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى . بۇ يەر بايىقى كۆل ساھىلىدىكى

چەكسىز كەتكەن ئورمانلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدەك قىلاتتى . بۇ يەرگە قاناتلىق ۋە قاناتسىز گىگانت مەخلۇقلار توپلىشىۋالغانىدى . ئۇلار كۆزلىرىدىن سوغۇق ، كۆكۈچ نۇر تارقىتىپ ئەلقۇدلارغا قاراۋاتاتتى .

بۇ مەخلۇقلارنىڭ بەزىلىرى غايەت زور كەسلەنچۇك ، پاتمىچۇقلارغا ئوخشىسا ، بەزىلىرى پۇت ـ قولى بار قاناتلىق يىلانغا ئوخشايتتى . مەخلۇقلار ئادەملەردەك پاراڭلىشىۋاتاتتى . ئەلقۇدلار مەخلۇقلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى .

— ھەي ، بۇ غەلىتە جانىۋارلارنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ ؟ ئەجەب قورقۇنچلۇق ئىكەنغۇ ! — مەخلۇقلار ئارىسىدىكى ئەڭ زور گەۋدىلىكى ھېلىقى قاناتلىقتىن سورىدى . باشقا مەخلۇقلارمۇ ئەلقۇدلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتاتتى .

— كۆلنىڭ بويىدىن تېپىۋالدىم ، مەنمۇ باشتا كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم ، بۇلار بىر ئەمەس ئۈچ ئىكەن ، ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم . ئىشقىلىپ مەن كۆرۈپ باقمىغان جانىۋار ئىكەن . شۇڭا ، سىلەرنىمۇ كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئېلىپ كېلىشىم ، — دېدى قاناتلىق مەخلۇق .

مەخلۇقلار ئەلقۇدلاردىن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سورىمىدى . ئەلقۇد ئۇلارغا گەپ قىلماقچى بولۇپ ، ئۇلارنى قانداق ئاتاشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ قالدى . ئەلقۇد ئاخىر ئۇلارغا گەپ قىلدى .

— ھۆرمەتلىك دوستلار ، سىلەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز ، سىلەر بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز ، بۇ زادى قەيەر ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيمىز ، بىزنى قويۇپ بەرسەڭلار ، ئۆيىمىزگە كېتىۋالايلى . . . — ئەلقۇد خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەن بولسىمۇ ، مەخلۇقلاردىن ھېچقانداق جاۋاب چىقمىدى .


— پاھ ، — دېدى بايىقى ھەممىدىن زور مەخلۇق قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — ئەجەب چىرايلىق سايرايدىغان جانىۋار ئىكەن بۇ . بۇلارنى ئوبدان قەپەسكە سولاپ باقساق تازا سايراپ بېرەمدۇ نېمە ؟

مەخلۇقلار تۇيۇقسىز «كەلدى ، كەلدى ، ئۇ چوقۇم بۇ جانىۋارلارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ» دېيىشىپ كەتتى .

شۇ چاغدا بۇ يەردىكى مەخلۇقلاردىنمۇ يوغان ، ھەيۋەتلىك بىر مەخلۇق يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولتۇقىدا سومكا ، كۆزىدە كۆزەينەك بار ئىدى . ئۇ كېلىشى بىلەنلا باشقىلار ئۇنىڭغا يول بەردى . ئۇ ، سومكىسىدىن يوغان بىر مىكروسكوپنى ئېلىپ ئەلقۇدلارنى مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى . قۇياش نۇرى مىكروسكوپ ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ ئەلقۇدلارنىڭ بەدىنىنى كۆيدۈرگەندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى . مەخلۇق سومكىسىدىن يوغان بىر لۇغەتنى ئېلىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى .

— ھەي ، بۇ قانداق گەپ ! — كۆزەينەكلىك مەخلۇقنىڭ قورققىنىدىن چىرايى غەلىتە تۈس ئالدى . ئاغزى يوغان ئېچىلىپ ئاۋازى غەلىتە چىقىپ كەتتى ، — بۇ قانداق گەپ ، تېخى ۋاقتى ئەمەستىغۇ ، بۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى بىزنىڭ ھالاكىتىمىزنىڭ بېشارىتى ، چاتاق بوپتۇ ، چاتاق بوپتۇ ! — مەخلۇقنىڭ ئاۋازى زارلاپ يىغلاۋاتقاندەك تولىمۇ ئېچىنىشلىق چىقتى . ئەتراپتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ كاتتا ئالىمىنىڭ بۇنداق تەنتەكلەرچە ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، نېمە بولغاندۇ دېگەندەك بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى . بايا ئەلقۇدلارنى ئېلىپ كەلگەن قاناتلىق مەخلۇقمۇ گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك تەمتىرەپ قالدى .





# 16 . دىنوزاۋر دەۋرىدىن قايتىش

بۇ يەرگە يىغىلغان باشقا دىنوزاۋرلار كۆزەينەكلىك ئالىم دىنو-زاۋرغا ھەيران بولۇپ قارىدى . كۆزەينەكلىك دىنوزاۋر دىنوزاۋرلار-نىڭ كەلگۈسىشۇناس ئالىمى ئىدى . ئۇ ، بىردەم ئويلىنىپ ، سالماق-لىق بىلەن سۆزلىدى :

— بۇ كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنياغا خوجايىنلىق قىلىدىغان ئىن-سانلارنىڭ پۇشتى ئىكەن . بۇلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلمايدۇ ، بۇلار تېخى قۇرامىغا يەتمەپتۇ ، ئۇچىلىسى ئەركەك ئىكەن . لېكىن ، كەلگۈسىدە يەر شارىدا ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك مەخلۇق — ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىگە ھۆكۈمران-لىق قىلىدىغانلىقى بىر پەرەز ئىدى . ئىنسانلار يەر شارىدا تېخى پەيدا بولمىغان تۇرسا ، بۇلارنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىشمۇ بىر سىر . ھازىرچە بۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار بول-مىسا . . . — باشقا دىنوزاۋرلار ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئەلقۇدلارنى قويۇپ بېرىپ تارقاپ كېتىشتى .

ئەلقۇدلار دىنوزاۋرلار دەۋرىگە قايتىپ قالغانىدى . بۇ يەردىكى كۆل ۋە ھەيۋەتلىك ئورمانلىقلار دىنوزاۋرلارنىڭ بەخىرامان ياشايدى-غان ماكانى ئىدى . ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى سۇرلۇك مەنزىرە ۋە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەن دىنوزاۋرلارغا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدى . شۇڭا ، ئۇلار باشقا نەرسىنى ئۇنتۇپ بۇ يەردىكى دىنوزاۋر-لارنى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى . ئەلقۇدلارغا كەلگەن بۇ پۇرسەت ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئۇچۇن مەڭگۈ كەلمەيدىغان پۇرسەت ئىدى . چۈنكى ، دىنوزاۋرلار يەر شارىدىن يۈز مىليون يىللار ئىلگى-رى بىر كۈندىلا پاك ـ پاكىز غايىب بولغانىدى .

ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى قويۇق ئورمانلىقلار ئارىسىدا نەچچە ئون تۈننى كېلىدىغان دىنوزاۋرلارنىڭ بەخىرامان ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى

كۆردى . كۆك ئاسماندىمۇ غايەت زور شەپەرەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇچقۇر دىنوزاۋۇرلار پەرۋاز قىلاتتى . بۇ ھەيۋەتلىك مەخلۇقلار ئەل-قۇدلارغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتاتتى . بەزى دىنوزاۋۇرلار ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇراتتى . بۇ ئەلقۇدلار-نىڭ دىنوزاۋۇرلار بىلەن تونۇشۇپ ، چىقىشىپ ئۆتۈشىنىڭ ئەڭ ياخ-شى پۇرستى بولغاچقا ، ئۇلار دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ دىنوزاۋۇرلار-نىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى . دىنوزاۋۇرلار چوڭ جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ناھايى-تى كۆپ ئىدى . بۇ يەردىكى دىنوزاۋۇرلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدە يەر شارىغا خوجايىنلىق قىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاچقا ، ئۇلارغا دوستانىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتاتتى . بايىقى ئالىم دىنوزاۋۇر ئىنسانلارنى ماختاپ كۆپتۇ-رۇپ ، خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەنىدى . بۇ ئەلقۇدلارنى كۆرۈشكە قىزى-قىدىغان دىنوزاۋۇرلارنى كۆپەيتىۋەتكەنىدى . ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا بىر دىنوزاۋۇر كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

— ھۆرمەتلىك ئىنسان بالىلىرى ، مەن كەسلەنچۈك پۇتلۇقلار تۈرىدىكى بېغىشلىق دىنوزاۋۇر بولىمەن . بەدەن ئۇزۇنلۇقىم 25 مېتىر ، ئېغىرلىقىم 50 توننا كېلىدۇ . مەن ئاساسەن ئوت - چۆپ ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەيمەن ، — ئەلقۇدلار بۇنداق غايەت زور چوڭ مەخلۇقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئادەتتە بىر كالىمۇ 500 كىلوگرام كېلىدۇ . بىر كالىنى تويغۇزۇپ بولماقمۇ شۇنچە جاپالىق تۇرسا ، بۇ دىنوزاۋۇر قانچىلىك نەرسە يەيدىغاندۇ؟ ئەلقۇد خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بىر دىنوزاۋۇر كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

— مەن قاسىراقلىق دىنوزاۋۇر ، بەدەن ئۇزۇنلۇقۇم ئون مېتىر-دىن ئاشىدۇ ، ئوتخور دىنوزاۋۇر بولغىنىم بىلەن گۆشخور يىرتقۇچ دىنوزاۋۇرلاردىنمۇ قورقۇپ كەتمەيمەن . كۆرۈۋاتقانسىلەر ، مېنىڭ يوغان توقماقلىق قۇيرۇقۇم بار ، ئەگەر بىرەرسى سىلەرنى بوزەك قىلسا ماڭا دەڭلار ، قۇيرۇقۇم بىلەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن . خوش ئەمىسە ، ئەمدى قورسىقىمنى تويغۇزاي ، قورساق تويغۇزۇش

بىزنىڭ بىردىنبىر ئىشىمىز ، — قاسىراقلىق دىنوزاۋۇر تايتاڭلاپ ماڭغىنىچە يەردىكى ئوت ـ چۆپ ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى يالماپ ، غاجىلاپ يېيىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قېلىن قاسىراق قاپلىغان بولۇپ ، قۇيرۇقى ئاز دېگەندىمۇ 30 كىلوگىرام كېلەتتى . ئۇ بىر زەنجىر توپقا ئوخشايتتى . ئۇ ، يەردىكى يوغان بىر تاشنى قۇيرۇقى بىلەن ئۇرۇپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى . ئەلقۇدلار ئالدىدىكى بۇ غەلىتە مەنزىرىلەرگە كۆنۈپ قالغاچقا ، دەرەخ ئۈستىدە كىنو كۆرۈۋاتقاندەك بەخىرامان ئولتۇراتتى . بۇ مەنزىرىلەرگە قور- قۇنچاق زىلالمۇ قىزىقىپ قالغاندى . شۇ چاغدا ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەيدىغان كۈچلۈك بىر سادا ئەلقۇدلارنى چۆچۈتۈۋەتتى . يەر ـ زېمىننى تىترەتكەن بۇ ئاۋاز نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ هە ! ئەلقۇدلار بايىقى ئاۋازنى بەدىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران 60 سانتىمې- تىر كېلىدىغان بىر دىنوزاۋۇرنىڭ چىقارغانلىقىغا ئىشەنمەي قالدى . بۇ كىچىك دىنوزاۋۇر گۈركىرەك ئاۋاز بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

— مېنىڭ ئىسمىم لىۋەنجاغ دىنوزاۋۇر ، مەنمۇ يىرتقۇچ پۇتلۇق- لار تۈرىگە كىرىمەن . بەدىنىمنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ مېنى كۆزگە ئىلماسلىقىڭلار مۇمكىن . لېكىن ، دىنوزاۋۇرلار ئارىسىدا مېنىڭدەك يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچىلاردىن يەنە بىرى يوق . مەن سىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرەي ، — ئۇ كۈچەپ هۆركىرىدى . بۇ ناخشا بول- ماستىن ، هەرقانداق ئادەمنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالىدىغان ۋەھىمى- لىك سادا ئىدى . ئەلقۇدلار بۇ سادادىن هەيران بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر سادا ئاڭلىنىپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ چۆچۈتۈ- ۋەتتى . بۇ ئاۋاز ئىنتايىن جاراڭلىق ئىدى . شۇ چاغدا ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدا يەنە بىر دىنوزاۋۇر پەيدا بولدى ـ دە ، خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالغان ئوخشىمامسىلەر ، ئۇنىڭ ئاۋازى هەرگىزمۇ مېنىڭ ئاۋازىمغا يەتمەيدۇ ، مەن يىرتقۇچ پۇتلۇق گىگانت دىنوزاۋۇر . ئەگەر سىلەر كەلگۈسىدىكى ئىنسانلار دۇنياسىغا يۇقىرى ئاۋازلىق دىنوزاۋۇرنى ئېلىپ كېتىمىز دېسەڭلار مېنى ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ . دىنوزاۋۇرلار دۇنياسىدىكى ئەڭ

يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى مانا مەن . . . — گىگانت دىنوزاۋرنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا بايىقى ئاۋازلاردىنمۇ كۈچلۈك يەنە بىر سادا ئەلقۇدلارنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كەتتى . ئەمدى بۇ نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ ؟ ئەلقۇدلار ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىدى .

— ھەي ، ئىككىڭ بۇگۈن غوجا ئاكاڭنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسىلەر ، مەن بار يەردە سەن خەقنىڭ ئاۋاز ھەققىدە گەپ قىلىدىغان نېمە ھەققىڭ بار ؟ ! ھەي ، ئىنسان بالىلىرى ، ئاڭلاپ قويۇڭلار ، مەن تاجلىق دىنوزاۋر ، مەنمۇ ئوتخور دىنوزاۋر تۈرىدىن ، ئاۋازىمنى بۇ خەقكە ئوخشاش ئاغزىمدىن ئەمەس بېشىمدىكى تاجدىن چىقىرالايمەن . ئاۋازىم ئازراق بوغۇقراق بولسىمۇ ھەممىسىنىڭكىدىن كۈچلۈك ، — بۇ ئۈچ دىنوزاۋر مېنىڭ ئاۋازىم كۈچلۈك دېسە ، مېنىڭ ئاۋازىم ياڭراق دەپ جېدەللەشكىلى تۇردى . بۇ بىلال بىلەن زىلالنىڭ بەزى ئىشلاردا بەسلىشىپ سوقۇشۇپ كەتكىنىگە ئوخشاپ قالاتتى . . . ئەمەلىيەتتە ، دىنوزاۋرلار دۇنياسىدا ئاۋازىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدە تاجلىق دىنوزاۋر بىرىنچى ، گىگانت دىنوزاۋر ئىككىنچى ، لىۋەنجاغ دىنوزاۋر ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن . ئۇلارمۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق مۇشۇ تەرتىپكە قايىل بولۇپ بولغانىدى . بۇگۈن ئۇلار ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلگەندەك بىردەم تاكاللاشقاندىن كېيىن كېتىپ قېلىشتى .

دىنوزاۋرلارمۇ ئەلقۇدلارغا كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك ، ئۇلار بىلەن كارى بولماي پايانسىز ئورمانلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . ئەلقۇدلار دەرەختىن چۈشۈپ بۇ ئورمانلىقنى ئايلانماقچى بولدى . ئەلقۇدلار ئورمانلىقلار ئارىسىدىن دىنوزاۋرلارنىڭ ۋاسكېتبولچىلىك ، پۇتبولچىلىك چوڭلۇقتىكى تۇخۇملىرىنى كۆردى .

ئۇلار ئورمانلىقتىن چىقىپ بايىقى كۆل ساھىلىغا كەلدى . كۆل ئۈستىدە قاناتلىق دىنوزاۋرلار ھەيۋەت بىلەن ئۇچۇپ يۈرەتتى . بەزى دىنوزاۋرلار كۆلدە ئۈزۈپ يۈرەتتى . يەنە بەزى دىنوزاۋرلار قىرغاقلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتاتتى . ئەلقۇدلار بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغاندەك ئەركىن ئايلىنىپ يۈرەتتى . بىراق ، ئەتىگەندىن بېرى ئەلقۇدلارنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئوتخور دىنوزاۋرلار ئىدى . ئۇلار تېخى

گۆشخور دىنوزاۋرلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . بۇ يەردىكى ئوتخور دىنوزاۋرلارغا گۆشخور دىنوزاۋرلار دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى . گۆشخور دىنوزاۋرلارنىڭ بەدىنى ئوتخور دىنوزاۋرلارنىڭكىدىن كىچىكرەك بولسىمۇ ، ھەرىكىتى چاققان ۋە ئىنتايىن ۋەھشىي ئىدى . ئوتخور دىنوزاۋرلار بەدىنىنىڭ چوڭلۇقى ۋە باشقا تەبىئىي قوغدىنىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ بەزىدە ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ، يەنىلا ئامالسىز قۇربان بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى . گۆشخور دىنوزاۋرلار ئوتخور دىنوزاۋرلاردەك مۇلايىم ئەمەس ئىدى .

— ھەي ، بىز بۇ غەلىتە ھايۋانلار بار يەردە يۈرگۈچە كېتەيلىچۇ ، بۇ يەر زادى قانداق جاي ، پەقەت بىلەلمىدىم ، — بىلال يەنە غودۇڭشىدى .

— بۇ بىزدىن باشقا باللار مەڭگۈ كېلەلمەيدىغان يەر ، بىلىپ قوي ، بۇ بىز ئۈچۈن تاسادىپىي كېلىپ قالغان پۇرسەت ، بۇ پۇرسەت كېتىپ قالسا مەڭگۈ كەلمەيدۇ ، بۇ مەنزىرىلەرنى ، دىنوزاۋرلارنى بىزدىن باشقا ساياھەتچىلەر ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ ، شۇڭا ، بۇ يەردىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار ، مەھەللىگە بارغاندا باللارغا سۆزلەپ بېرىمىز ، — ئەلقۇد ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى .

— ۋاي - ۋۇي ، ئۆزىمىزنى بىكاردىن يالغانچى دېگەن ئاتاقفا قويغانىنىڭ نېمە پايدىسى ؟ ئۇلارغا بۇ يەردىكى ئىشلارنى مىڭ قېتىم سۆزلەپ بەرسەكمۇ ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ ، — بىلالمۇ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپ قالمىساق بولاتتى دەپ ئويلاۋاتقاچقا شۇنداق دەپ قويدى . «مېنىڭچە بۇ يەردىن ۋاقتىدا قايتىۋالساق بولارمىكىن» دېدى بىلال ئارقىدىنلا .

— قايتايلى ، بۇ قېتىم خەتەرگە ئۇچرىساق ئۆنداق - بۇنداق خەتەرگە ئۇچرىمايمىز جۇمۇ ، ئۇ چاغدا . . . — خۇددى مىڭلىغان شىر ۋە يولۋاسلارنىڭ يىرتقۇچلارچە ۋارقىرىغان ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋاز ئەلقۇدلارنى چۆچۈتىۋەتتى . ئەلقۇدلارنىڭ بۇ

يەرگە كېلىپ بەخىرامان يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان گۆشخور يىرتقۇچ دىنوزاۋرلار «ئۇلارنى تېزدىن كۆزدىن يوقاتمىساق، بىز-نىڭ ياشاش ھوقۇقىمىزنى تارتىۋالىدۇ» دەپ ھۇجۇم باشلىغانىدى. يىراقتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان گۆشخور دىنوزاۋرلارنى كۆرگەن ئوتخور دىنوزاۋرلار يوغان، كېلەڭسىز گەۋدىلىرىنى ئادەتتىكىدىن تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاناتلىق دىنوزاۋرلارمۇ قورققاندەك ئەنسىز چۇرقىراشتى. ئەلقۇدلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئورمان تەرەپكە قاراپ قاچتى. بىراق، ئۇلار ئورمانلىققا بېرىپ بولغۇچە گۆشخور دىنوزاۋرلار يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئاستىغا باستى ۋە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ چوڭ، سەت ۋە ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن پارە - پارە قىلىۋەتمەكچى بولدى. ئەلقۇدلار ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەچكە «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى...

ئەلقۇدلار ھوشىدىن كېتىپ قايتا ھوشىغا كەلگەن ئادەمدەك ئۆز ئۆزىچە ئۆزلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ھازىر ئۇلار قاراماي شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان ئالۋاستى شەھىرىدە ئىدى. «ئالۋاستى شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خارابىلىك ھەرقاي-سى جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان سەيلىگاھقا ئايلانغان بولسىمۇ، يەر شارىدا تېخى ئىنسانىيەت بارلىققا كەلمىگەن نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى چەكسىز كەتكەن تاتلىق كۆل ۋە كۆل ئەتراپىدا چەكسىز كەتكەن ئورمانلىقلار جايلاشقان ماكان ئىدى. ھازىر بۇ يەردىكى غەلىتە مەنزىرىلەر مەڭگۈ يوقالغان مەنزىرىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يالدامىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە توختىماي چىقىۋاتقان شامال بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاۋات-قاندەك قىلاتتى.

ئەلقۇدلار بايا گۆشخور دىنوزاۋرلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇپ كەتكەن بولغاچقا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى قاراماي شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. گۈزەل قاراماي شەھىرى ئەلقۇدلارنىڭ بايىقى قورقۇنچلىرىنى يوقاتتى. كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان قاراماي شەھىرىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق مەنزى-

ـرىسى ئۇلارنى خۇشال قىلدى . تۇمارمۇ ئەلقۇدلارغا قاراماي شەھەـ
ـرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇۋاتاتتى :

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسـ
ـمىغا جايلاشقان . . . ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن قاراـ
ماي شەھىرىنىڭ كۆندىن ـ كۆنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان نېفىت
شەھىرى ئىكەنلىكىنى ، نېفىت بۇ شەھەرنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىـ
كىنى ، نېفىت بولمىسا بۇ شەھەرمۇ مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىنى
بىلدى . ئۇلار قاراماي شەھىرىدە قاراماي نېفىتلىكىنى تۇنجى قېتىم
تاپقان سېلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلىنى كۆردى ھەمدە سېلىم بوۋاي
ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىنى ئاڭلىدى .

ئۇچەيلەن مەھەللىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بالىلارغا ئۆزـ
ـلىرىنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىدا توشقان قوغلىغانلىقى ، بورانلىق ئالـ
ۋاستى شەھىرىگە بارغانلىقى ، گۈزەل قاراماي شەھىرىدە كۆرگەنلىـ
ـرىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ ، دىنوزاۋرلار ھەققىـ
ـدىكى ھېكايىسىنى سۆزلىمىدى . ئۇلار بۇ ھېكايىگە مەھەللىدىكى
بالىلارنى مەڭگۈ ئىشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . يەنە
كېلىپ بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئۆزلىرىمۇ بىرنەرسە دېيەلـ
ـمەيتتى . ئۇ بەلكىم ئەلقۇدلارنىڭ خىيالى ، تەسەۋۋۇرى ياكى چۈشى
بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى . . .

# تەڭرىتاغدا . 17

بۈگۈن ئەلقۇدلار يەنە ھېلىقى قوناقلىقتىن تەڭرىتاغقا قىلىدىغان سەيلىسى ئۈچۈن ئاتلاندى .

ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك ئېگىز چوققىدا كۆردى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەلقۇدلار ئۈرۈمچى شەھىرىنى سەيلە قىلغاندا ئىشلەتكەن ئۇچقۇ پەيدا بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۇچقۇغا مىنىپ ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى ئۈستىدە ئەركىن ئۇچۇشقا باشلىدى . تۇمار ئەلقۇدلارغا مۇقەددەس تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈۋاتاتتى :

تەڭرىتاغلىرى ئەزەلدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنى دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ .

تەڭرىتاغلىرى بۇنىڭدىن 500 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان ، تەڭرىتېغىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن مۇزلۇقلار ، قارلىقلار ، ئاستىدا بىھېساب بايلىقلار ، تاغ قاپتاللىرىدا بۈك - باراقسان ئورمانلىقلار ، ئېدىرلىقلىرىدا پايانسىز ئوتلاق ، يايلاقلار بار . جەنۇبىدا تارىم ئويمانلىقى ، شىمالىدا جۇڭغار ئويمانلىقى ، شەرقىدە تۇرپان ئويمانلىقى بار . ئاشۇ ئويمانلىقلاردىكى بوستانلىقلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ خاسىيىتىدىن ياشىرىپ ، كۆكىرىپ تۇرىدۇ . تەڭرىتاغلىرى يۇرتىمىزنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ، ئۆلمەس ئانىسىدۇر . تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئاساسىي چوققىلىرى 7435 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆمۈر چوققىسى ، 6995 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خانتەڭرى چوققىسىدىن ئىبارەت .

تەڭرىتاغلىرىنى تولۇق كۆرۈپ چىقىش ھەقىقەتەن مۇشكۇل . تەڭرىتاغلىرى ئادەتتە شىمالىي تەڭرىتاغ ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ ، جەنۇبىي تەڭرىتاغ ، شەرقىي تەڭرىتاغدىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا

بۆلۇنىدۇ .
ئەلقۇدلار تەڭرىتاغلىرى ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ قامەتلىك سىياقىنى كۆرۈپ ئۆلمەس بىر ئاتىنىڭ مۇقەددەس ، مەڭگۈلۈك سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى . . .
ئەلقۇدلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەممە يېرىنى خاسىيەتلىك ئۇچقۇ بىلەنمۇ ئايلىنىپ بولالمايتتى . ئۇلار ئۇچقۇلىرىنى پەسلىتىپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ تۈرلۈك دەرەخلەر بىلەن بېزەلگەن قاپتاللىرىغا ، قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان چوققىلىرىغا ، قارلەيلىسى پورەكلەپ ئۈرگەن گۈلزارلىرىغا تويماي قارايتتى . ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ تۈگىمەس تاغلار ئۈستىدە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ناخشىنى ئاڭلىدى .
— ئاڭلاۋاتامسىلەر ، پەستىن بىر توپ بالىلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالدىن سورىدى .
— ئاڭلىدۇق ، بۇ يەردە يازلىق لاگېرغا كەلگەن بالىلار بارمۇ نېمە ؟ — بىلال بىلەن زىلالمۇ ئۇلارغا بارغانسېرى يېقىنلاپ ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىدىن مەكتەپتىكى ئومۇمخورنى ئاڭلىغاندەك بولدى .
ئەلقۇدلار ئۇچقۇلىرىنىڭ سول قۇلىقىنى بۇرىغانىدى ، ئۇچقۇلار ئاستا - ئاستا پەسلەپ قارلەيلىسى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۈرگان تاغ ئۈستىگە چۈشتى . ئاپئاق قارلار ئارىسىدىن ھۆپپىدە ئېچىلغان قارلەيلىسىنى كۆرۈپ ، ئۇلار ھەيران قالدى .
— قار بار يەردىمۇ گۈل ئېچىلامدۇ ؟ بۇ گۈللەر مۇزلاپ قالمامدىغاندۇ ؟ — ئەلقۇدلار شۇنداق خىيال قىلىپ ئۇچقۇلىرىنى بىر تەرەپكە قويۇپ ، ناخشا چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بۇ يەردىكى ئاپئاق قار ، خىرۇستالدەك مۇزلار ئەلقۇدلارغا قىشنى ئەسلەتتى . ئۇلار قىشنىمۇ سېغىنىپ قالغانىدى . ئۇلار قىشتا قار بوۋاي ، قار بالىلارنى ياساپ ئوينايتتى ، كانكى ، نۇر ، چانىلارنى پەقەت قىشتىلا ئوينىغىلى بولاتتى . ئاپئاق قار ئۈستىدە دومىلاپ ، بىر - بىرىگە قار ئېتىپ ئويناشمۇ ئۇلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىدى . ئۇلار توڭلاپ ، تىترەشكە باشلىدى .
— بولدى ، بۇ يەردىن كېتەيلى ، بەك سوغۇق ئىكەن ، — بىلال

بىلەن زىلال لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ قاپقىشىدى . ئەلقۇد بۇ يەردىكى ئۆزگىچە مەنزىرە ۋە توختىماي ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىغا قىزىقىپ قالغان بولسىمۇ ، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇچقۇلىرىغا مىنىپ ماڭماقچى بولغاندا بىردىنلا ئىللىق ئېقىم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر بېغىشلىدى .

— بۇ نېمە گەپ ؟ ھاۋا ئىسسىپ قالدىغۇ ! — ئەلقۇدلار ھەيران بولۇپ چۇرقىرىشىپ كەتتى .

ئەلقۇدلار يەنە بايىقى ناخشىغا قۇلاق سالدى .

ئانا تەڭرىتاغ ،
خۇددى بىر گۈلباغ .
ئۇنىڭ باغرىدا ،
ياشنايمىز ھەر چاغ .

ئۇ ئۇلۇغ ئانا ،
ئۆلمەس باشپاناھ .
ئۇ بولغاچقىلا
ياشنار يەر ـ دەريا .

ئۆلمەس ئاتا ئۇ ،
قەيسەر ، قامەتلىك .
ئۇ بولغاچقىلا
بىزمۇ ئامەتلىك .

قارلەيلىسى بىز ،
تاغ لەيلىسى بىز ،
بىزمۇ گوياكى ،
ئۇماق ئوغۇل ـ قىز .

ئەلقۇدلار ناخشىغا قۇلاق سالغاچ كېتىۋېتىپ ، تۇيۇقسىزلا

ئىككى تەرىپى قارلەيلىسى بىلەن قاپلانغان قاردەك ئاپئاق ، مۇزدەك تۇپتۇز يولغا چىقىپ قالدى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قار ـ مۇزدىن ياسالغان چىرايلىق پاكار ئىمارەتلەر ئۇلارنى جەلپ قىلدى . قۇياش نۇرىدا خىرۇستالدەك چاقناپ تۇرغان بۇ ئۆيلەر خۇددى بالىلار ئۇچۇنلا ياسالغاندەك كىچىك ۋە چىرايلىق ئىدى . يولنىڭ سول تەرىپىدە پاكار مۇز قورۇق تاملىرى بار بىر هويلا ، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇز ۋە قاردىن ياسالغان تۇرلۇك ئويۇنچۇقلار چاقناپ تۇراتتى . بۇ يەردە قارلەيلىسىدىن باشقا قار ۋە مۇزلارنىڭ رەڭگىدىكى گۇل ۋە دەرەخلەر ئەلقۇدلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەردىنمۇ گۇ-زەل ئىدى . بۇ يەردە ناخشا ئاۋازىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار ناخشىنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى . ناخ-شىنى بەزىدە بىرلا بالا ئېيتقاندەك تۇيۇلسا ، بەزىدە يۈزلىگەن بالىلار ئېيتقاندەك جاراڭلايتتى . مانا ئەمدى ناخشا بىردىنلا توختاپ ھەممە يەرنى تىمتاسلىق قاپلىدى .

ناخشا توختاپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەلقۇدلار كېتىۋاتقان يولنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىر مۇز ئاپتوموبىل چىقىپ ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . مۇز ئاپتوموبىلدىن ئۈچ بالا چۈشۈپ ئەلقۇدلارغا سالام قىلدى :

— ئەبسسالامۇئەلەيكۇم ، خۇش كەپسىلەر ! — ئەلقۇدلارمۇ ئۇلا-رنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ، — سىلەرنىڭ گۈزەل ماكانىمىزغا كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ، — بالىلارنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە دوستانە قارشى ئېلىشى ئەلقۇدلارنى سۆيۈندۈردى .

بالىلارنىڭ بىرى ئەلقۇدلار مەھەللىدە ياساپ ئوينايدىغان قار بالىغا ئوخشايتتى ، يەنە بىرى سۈزۈك مۇزدەك پارقىراپ نۇرلىنىپ تۇراتتى . بۇ ئىككىسى ئوغۇل بالا ئىدى . ئۇلارنىڭ يەنە بىرى قىز بولۇپ ، ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپلا تۇرغاچقا ، ئېچىلىپ تۇرغان قارلەيلىسىگە ئوخشايتتى .

ئەلقۇدلار بۇ يېقىملىق بالىلار بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتى . قار بالا ئەلقۇدلار بىلەن بۇرۇندىن تونۇشتەك ئەدەپ بىلەن سۆزلەيتتى :

— مېنىڭ ئىسمىم قار بالا ، سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ تاغلارنىڭ چوققىلىرى ۋە قاپتاللىرىدا ئەزەلدىن بىز قار بالىلار ياشاپ كەل-گەن . سىلەرگە كۆرۈنمەيۋاتقان بىلەن بۇ يەردە قار بالىلار ناھايىتى كۆپ ، پەقەت بىرلا قار بالا ۋەكىل بولىدىغان بولغاچقا ، مەن ۋەكىل بولۇپ سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلدىم . مانا ماۋۇ دوستىمىز مۇز بالا . بۇ يەردە مۇز باللىرىمۇ كۆپ ، سىلەر ئۇچۇن كۆرۈشۈشكە ئۇمۇ مەندەك ۋەكىل بولۇپ كەلدى .

— شۇنداق ، — قارلەيلىسى قىز قار بالىنىڭ سۆزىنى داۋام-لاشتۇردى ، — مەنمۇ قارلەيلىسى قىزلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئالدىڭ-لارغا كەلدىم . سىلەر بۇ سوغۇق تاغ ئۇستىدىمۇ باھار پەسلىدە تۇرغاندەك تۇرۇۋاتىسىلەر . بۇ خاسىيەتنى سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى كۆرگەن قارلەيلىسى ئانىمىز بەرگەن . ئۇ سىلەرگە ئىللىقلىق ئاتا قىلمىغان بولسا ، بۇ يەردە تۇرالمىغان بولاتتىڭلار ، — قارلەيلىسى قىز تۇيۇقسىز گەپتىن توختاپ قالدى ـ دە ، ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويغاندەك ئېغىزلىرىنى يىمىرىپ يەرگە قارىدى . ئەلقۇدمۇ ئۇلار-نىڭ گېپىگە يارىشا ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرماقچى بولغانىدى ، مۇز بالا ئۇنىڭغا گەپ بەرمىدى .

— تونۇشتۇرمىساڭلارمۇ سىلەرنى ئوبدان بىلىمىز ، سىلەر بىزنى كۆرمىگەن بىلەن بىز سىلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز . سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار بىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان . بىز بولمىساق سىلەر ياشاۋاتقان ئاشۇ گۈزەل مەھەللىمۇ ، سىلەر سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينايدى-غان ئۆستەڭدىكى سۇمۇ ، يەۋاتقان ئاش ـ نانمۇ بولمايدۇ ، دېمەك ، بىز بولمىساق سىلەر ياشىيالمايسىلەر ، — مۇز بالىنىڭ گېپى زىلالنىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈردى .

— گەپ قىلمىساق بىزنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمىغىلى تۇردۇڭ-لارغۇ ، سىلەر بىلەن دوست بولساق بولىدۇ ، بىراق بىز سىلەر بولمىساڭلارمۇ ياشاۋېرىمىز ، سىلەرنىڭ بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئۆس-تەڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭلار بار ؟ سىلەر . . .

— زىلال ! ئۇلار بىزگە يامان نىيەتتە گەپ قىلمىدى ، بىز مېھمانلىق سۈپىتىمىزنى ساقلاپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق

سالايلى، — ئەلقۇد زىلالىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— قېنى، سىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆيۈنخانىمىزغا باشلاپ كىرەيلى، مەرھەمەت!

مۇز باللار ئەلقۇدلارنى قورۇق تاملىرى مۇزدىن ياسالغان ئاجايىپ پاكىز مۇز ھويلىغا باشلىدى. بۇ يەردە ئەلقۇدلار مۇز ئويۇنچۇقلارنى كۆردى. مۇز بالا ئۇلارغا ئويۇنچۇقلارنى قانداق ئويناشنى ئۆگەتتى. ئويۇنغا ئامراق ئەلقۇدلار ئۇنى ھەۋەس بىلەن قانماي ئوينىدى. ئۇلار ئادەتتە كانكى ئويناشقا ئۇستا ئىدى. بۇ يەردىكى مۇز مەيدانىدا مۇز باللار بەرگەن كانكى ئاياغلارنى كىيىپ تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى چىقىرىپ ئوينىدى. ئۇلار بىردەم نۇر ئويناسا، بىردەم يەنە بىر ئويۇنچۇقنى ئوينايتتى. بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇز بالا، قار بالا ۋە قارلەيلىسى قىزنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ توختىماي ئوينايتتى. ئويۇنغا بەك بېرىلىپ كەتكەچكە قار بوۋاي بىلەن قارلەيلىسى ئانىنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. قار بوۋاي بىلەن قارلەيلىسى ئانا مۇز مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇز ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆردى. مۇز باللار ئەلقۇدلارنى توختاتماقچى بولغان بولسىمۇ قار بوۋاي توسۇپ قويدى.

— ئۇلار دېگەن بالا تۇرسا، — دېدى قار بوۋاي ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئويۇنغا ئامراق بولمىسا ئۇلارنى قانداقمۇ بالا دېگىلى بولىدۇ، ئويۇنغا ئامراق باللار ئەقىللىق بولىدۇ.

— بىراق ئويۇنمۇ لايىقىدا بولغىنى ياخشى، — قارلەيلىسى ئانا مۇلايىم ئاۋاز بىلەن قار بوۋاينىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى، — ئويۇنلا ئويناپ باشقا ئىش قىلىشنى بىلمەيدىغان، تەييارغا ھەييار بولۇپ، كاللا ئىشلەتمەيدىغان باللارنى يارامىلىق بالا دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى ئويۇندىن توختىتىڭلار، بىز ئۇلارنىڭ زېھنىنى سىناپ باقايلى.

قار بوۋايمۇ قارلەيلىسى ئانىنىڭ گېپىنى مۇۋاپىق كۆردى. ئەلقۇدلار مۇز چىراغلار نۇرلىنىپ تۇرغان، ئاپئاق قار گىلەملەر سېلىنغان، قارلەيلىسى بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانىدا مېھمان بول-

دى . ئۇلار قار بوۋاي بىلەن قارلەيلىسى ئانىنى كۆرۈپ خۇددى بوۋا ، مومىلىرىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەپلىك بالىلار ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى . قار بوۋاي ئەلقۇدلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— قارىسام ھەممىڭلار ئەقىللىق بالىلاردەك قىلىسىلەر ، مەن سىلەرگە بىرنەچچە تېپىشماق ئېيتاي ، تاپالامسىلەر ؟ — قار بوۋاينى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسىدەك كۆرۈپ قالغان ئەلقۇدلار :

— تاپىمىز ، بىز تېپىشماق تېپىشقا بەك ئامراق ، — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى .

— ئۇنداق بولسا تېپىشماقنى ئېيتىمەن ، بۇنى پەقەت مېھمانلار تاپىدۇ ، باشقىلار ئارىلاشماڭلار جۇمۇ ، — قار بوۋاي مۇز بالىلارغا مەنىلىك قاراپ قويدى .

قار بوۋاي ئەلقۇدلاردىن خېلى كۆپ تېپىشماق سورىدى . ئەلقۇدلار ئۇ تېپىشماقلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاسانلا تېپىۋالدى . بەزىلىرىنى ئويلىنىپ خېلى تەستە تاپتى . بەزى تېپىشماقلارنى تاپالمىدى . تاپالمىغانلىرىنى قار بوۋاي ئۆزى دەپ بەردى .

— بالىلىرىم ، — دېدى قار بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن ، — سىلەر ئەقىللىقكەنسىلەر ، بىزنى بۇ يەرگە يوقلاپ كەلگەنلىكىڭلارنىڭ ئۆزى ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭلاردىن دېرەك بېرىدۇ . بىز بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەزەلدىن دوستلۇق ، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار ، ئىنسانلارنىڭ تومۇرىدىكى قان بىزدىن كەلگەن . بىز بولمىساق ئىنسانلارمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ ، بايا مۇز بالا مۇشۇ گەپنى قىلسا زىلال سەن خاپا بولدۇڭ ، مۇز بالا بۇ گەپنى پو ئېتىش ئۇچۇن دېگەن ئەمەس ، راست ئەمەسمۇ ، ئىنسانلار بىزنى چۈشەنسە بولاتتى ، بىراق ئۇلار بىزنى قانچىلىك چۈشىنىۋاتىدۇ ؟ ئۇلار بىز بىلەن سىردىشىشنى ، مۇڭدىشىشنى بىلەمدۇ ، قەلبىمىزنى چۈشىنەمدۇ ؟ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالامدۇ ؟ ! — قار بوۋاي ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى .

قار - مۇزلاردىن شەكىللەنگەن پاك ۋە ئاپئاق مەنزىرىلەر

ئەلقۇدلارنى جەلپ قىلىپ تۇرسىمۇ ، قار بوۋاينىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشىدا چوڭقۇر بىر مەنىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندى .

— باللىرىم ، بەلكى سىلەر بىز بىلەن بۇ يەردىكى قار ، مۇز باللارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ ؟ ئۇلار بولمىسىمۇ بىز مەھەللىدىكى ئويۇنىمىزنى ئويناۋېرىمىز . قار دېگەن ئاسماندىن ياغىدىغان ، مۇز دېگەن ئۆستەڭدە تۇتىدىغان نەرسە دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن . بۇ يەردىكى قار ـ مۇزلۇق ماكان ئەسلىي سىلەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەيىڭلار ، بۇ يەردىكى قار ـ مۇزلۇقلار غايىب بولسا يۇرتۇڭلاردىكى بوستانلىقلارمۇ غايىب بولىدۇ ، گۈلباغلار قۇرۇيدۇ ، چۆل ـ جەزىرىلەر كۆپىيىدۇ ، ھاياتلىق ماكانىڭلار تارىيىدۇ . مۇشۇ تەڭرىتاغدىكى مۇزلۇق ، قارلىقلارنى ئاسرىغىنىڭلار ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭلارنى ئاسرىغىنىڭلاردۇر . مېنى كۆپ سۆزلەپ كەتتى دەپ خاپا بولساڭلارمۇ مەيلى . مەن ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى يەۋاتقىنىم يوق ، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەۋاتىمەن . بىز ھالاك بولساق سىلەرمۇ ھالاك بولىسىلەر ، يەنە نۇرغۇن جانلىقلار ، ئۆسۈملۈكلەر ھالاك بولىدۇ . شۇڭا ، بىزنى ئاسرىشىڭلار ، قوغدىشىڭلار كېرەك . بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قوغداش ئىقتىدارىمىز كەمچىل . شۇڭا . . .

ئەلقۇد قار بوۋاينىڭ گېپىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ قار بوۋاينىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالغانىدى .

— بوۋا ، گېپىڭىزدىن بۇ يەردىكى قار ـ مۇزلۇق ماكانغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان بىرى بار ، دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ ، لېكىن سىز كىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى دېمىدىڭىزغۇ ، بىزگە ئەڭ ئەسكىلىك قىلىۋاتقانلار كىم ؟ ئۇنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز ، ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتۇق .

— دەپ بەرسەم چوقۇم رەنجىشىڭلار ، ھەتتا گېپىمگە ئىشەنمەي مېنى ئەيىبلىشىڭلار مۇمكىن . مېنىڭچە بۇنى سىلەرگە دېيىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ ، — قار بوۋاي يىراقلارغا تىكىلگىنىچە گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدى . ھەسەن مۇدىرمۇ ئەلقۇدلارغا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بەرگەن چاغلىرىدا مۇھىم ، قىزىقارلىق گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ ، ئۇلارنى تەقەززا قىلىپ ، خېلى

ئۈز ۈنغىچە ئۈندىمەي تۇر ۇۋالاتتى . شۇڭا ، ئەلقۇد قار بوۋايغا خۇددى بوۋىسىغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلىدى .

— بوۋا ، بولۇڭە ، بىزگە ئەسكىلىك قىلغانلارنى دەپ بېرىڭە ، بىز ئۇلارنى . . .

— ماقۇل ، — قار بوۋاي ئەلقۇدنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھازىر بىزنىڭ بۇ قار - مۇزلۇق ماكانىمىز ئېرىپ ، تامچىلاپ تۈگەۋاتىدۇ ، تارىيىۋاتىدۇ ، نەچچە مىڭ ، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ ياشقا كىرگەن مۇز بوۋايلار ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ ، بىز شۇنداقتىمۇ تىركىشىپ ياشاۋاتىمىز . ئەگەر بۇ خىل ھالاكەت يولى داۋاملىشىۋەرسە ، بىز بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ غايىب بولۇشىمىز مۇمكىن . ئەمدى گېپىمنى ئوبدان ئاڭلاڭلار ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ ، ئەڭ چوڭ خەۋپ سىلەردىن — ئىنسانلاردىن كېلىدۇ . ئىنسانلارنىڭ بەزى خاتا ھەرىكەتلىرى توختىمىسا ، بىز ھالاك بولىمىز ، — ئەلقۇدلار قار بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . . .





# 18. مۇز ئاستىدىن چىققان مەخلۇق

ئەلقۇدلار قار بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇز بالا، قار بالا ۋە قارلەيلىسى قىز بىلەن يەنە نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئوينىدى. گۈزەل ۋە سىرلىق قار - مۇزلۇق مەنزىرىلەر ئۇلارغا يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى ئىلھام بېغىشلىدى. ھەتتا بۇ قار - مۇزلۇق ماكان ئەلقۇدلار ئۇچۇن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىۋاتقاندەك ئۇلار ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. بىلال بىلەن زىلالمۇ كېتىدىغاننىڭ جېدىلىنى قىلماي تۈرلۈك ئويۇن، رەڭدار مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ خۇشال سەكرەپ يۈرەتتى. ئۇلار مۇز بالىلاردىن مۇز ئۈستىدە ئوينايدىغان تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئۆگەندى. ئۇلارغا ئويۇن بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئوينىغاندىن كېيىن خوشلاشتى.

قار بالا، مۇز بالا، قارلەيلىسى قىزلارمۇ ئەلقۇدلارغا قىيالمىغاندەك ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئەلقۇدلار ئۇچقۇسىغا مىنگەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. مۇز بالىلار ئەلقۇدلارغا قول پۇلاڭلاتقىنىچە ۋارقىرىشىپ قالدى. ئەلقۇدلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تەڭرىتاغلىرىدىكى سىرلىق مەنزىرىلەرگە قانماي كېتىۋاتاتتى. ئۇچقۇمۇ پەسلەپ ئەلقۇدلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈۋېلىشىغا ياردەم قىلىۋاتاتتى. قارىغايلىقلار، شەمشادلىقلار، ياۋا مېۋىزارلىقلار، قارلىق، مۇزلۇقلار، كۆل ۋە بۇلاقلار، يېشىل ئوتلاقلار، چىمەنزارلار، سۈرلۈك چوققىلار، تۈرلۈك ھايۋانلار يايراپ يۈرگەن قاپتال، جىرالار نېمىدېگەن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك - ھە! ئۇلار ئۇچقۇنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مەنزىرىلەرنى قانغۇدەك كۆرۈۋالدى. ئۇلار تاغ مەنزىرىلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، بىر تاغ قاپتىلىغا قوندى. قاپتالنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ھەيۋەتلىك يېشىل قارىغاي-

ـلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا ، كۆنگەي تەرپى تاغ سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان جىراغا تۇتىشاتتى . كۆنگەي تەرەپنىڭ تېخىمۇ يىراقلىرىدا قارىقات ، ئالىقات ، دولانە ، ئالما ، ئۆرۈك قاتارلىق ياۋا مېۋىزارلار بار ئىدى .

ئەلقۇدلار ئالدى بىلەن ياۋا مېۋىزارغا كىرىپ مەي بولۇپ پىشقان ئۆزگىچە تەملىك ئاچچىق - چۈچۈك مېۋىلەرنى تويغۇچە يېدى . ئەلقۇدلار بىلەن تەڭ مېۋە يەۋاتقان تۈرلۈك قۇشلارنىڭ ياڭراق ناۋاسى بۇ يەرنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى . ئەلقۇدلار تاغ مېۋىـ ـلىرىنى تويغۇچە يېگەندىن كېيىن تاغ قاپتىلىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىـ ـكى ئاق چوققىغا چىقىپ باقماقچى بولدى . بۇ خانتەڭرى چوققىسى ئىدى . ئەلقۇدلار بايا بۇ چوققىغا يىراقتىن نەزەر سالغانىدى . ئۇ خۇددى مەڭگۈ داتلاشماس ، بىسى ياناماس ، غايەت زور ئالماس شەمـ ـشەرگە ئوخشايتتى . تەڭرىتاغدىكى 2 - چوققا خانتەڭرى بىر قارىسا ئاق تۇماق كىيگەن ، ئاق ساقاللىق ، قامەتلىك ئاتىغا ئوخشىسا ، بىر قارىسا ئاق رومال ئارتىپ پەرزەنتلىرىگە مېھرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئانىغا ئوخشايتتى . بۇ قاپتال خانتەڭرى چوققىسىغا يېقىنلا يەردە بولغاچقا ئەلقۇدلار ئانچە كۆچىمەيلا چوققىغا يېقىنلاشتى . پاھ ، نېمىدېگەن پاك ، نېمىدېگەن ئاق ، سۈزۈك ماكان بۇ ! بۇ يەرنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ھاياجانلانماي قالمايتتى . ھازىر ئەلقۇدلار چوققىنىڭ يېنىدىلا تۇراتتى . تۆۋەندە چوققىدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن تاغ سۇلىرى شوخلۇق بىلەن ناۋا قىلاتتى . ئۇ تاغنىڭ كۈلكىسىگە ، خانتەڭرىنىڭ ناخشىسىغا ئوخشايتتى .

نېمىشقىكىن ئەلقۇدلارنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك چوققىـ ـنى قۇچاقلىغۇسى ، ئۇنى باغرىغا ياققۇسى كەلدى . بۇ قۇدرەتلىك چوققا ئۆزىگە خاس ئاۋازى بىلەن «بالىلىرىم ، مەرھابا !» دەۋاتقانـ ـدەك تۇيۇلدى . ئاپئاق قار - مۇزلار مەڭگۈلۈك پاكلىقنىڭ قاراۋۇـ ـلىدەك قۇياش نۇرىدا جۇلالىناتتى . شۇ چاغدا تۇيۇقسىز چوققىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى قار - مۇزلار تېز ئېرىشكە باشلىدى . بۇ خۇددى قىزىق چايدا ئېرىۋاتقان قەنتكە ئوخشايتتى . ئەلقۇدلار چوققىغا يېـ

قمن يەردە بولغاچقا، قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن شىددەتلىك كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىدى. مەڭگۈلۈك قار ـ مۇزلارنىڭ تۇيۇقسىز ئېرىپ كېتىشى كىشىنى قورقۇتاتتى. بىنادەك ـ بىنادەك قار ـ مۇزلار تېز سۇرئەتتە ئېرىپ خۇددى توپان بالاسىدەك شىددەت بىلەن ئاقاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قار ـ مۇزلار ئېرىپ دەريا هاسىل بولغان مۇزلۇقتا ناهايىتى چوڭ قاپقارا بىر گەۋدە نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ قارا تۇمان ياكى قارا تۇتەككە ئوخشايتتى. ھېلىقى قارا تۇمانغا ئوخشايدىغان مەخلۇق ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى ئون نەچچە قەۋەتلىك بىناغا توغرا كېلەتتى. سىياقى گىگانت ئېيىققا ئوخشايتتى. كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرىدىن ئوت ۋە ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلەتتى. بۇ مەخلۇق قەپەستىن قۇتۇلغان جانىۋاردەك سەكرەپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ها ـ ها ـ ها! مەن قۇتۇلدۇم! قۇتۇلدۇم! قار ـ مۇزلار ئاستىدىكى نەچچە يۈز مىڭ يىللىق ئۇيقۇمنى ئۇخلاپ بولدۇم. مەن بۇ تاغدىكىلا ئەمەس پۈتۈن يەر يۈزىدىكى بارلىق هاياتلىقنى يالماپ يۇتۇۋېتىمەن، ها ـ ها ـ ها! — مەخلۇق تاغقا قاراپ ئاغزىدىن ئوت پۈركىدى. بۇ كۈچلۈك ئوت زەربىسىدىن قامەتلىك تاغمۇ سەل كەينىگە داجىپ، تەۋرەنگەندەك بولدى. ئەلقۇدلار قورقۇپ كەتتى. ئېرىگەن قار ـ مۇزلار تېزدىن سۇغا ئايلىنىپ ھەممىنى يالماپ يۇتىدىغان ئەلپازدا تۆۋەنگە قاراپ شىددەت بىلەن ئاقاتتى. ئەلقۇدلار ئەمدى چوققىغا ياماشتى. مەخلۇقنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى پۈتۈن زېمىنغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ها ـ ها ـ ها! مەن ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋېتىمەن، ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىمەن! بۇ يەردە پەقەت ئۆزۈم ياشايمەن! مېنى قار ـ مۇزلار ئارىسىغا نەچچە يۈز مىڭ يىل بەند قىلىۋەتكەنلەردىن ئۆچ ئالىمەن! مېنى بۇ قار ـ مۇزلار ئارىسىدىن كىم قۇتۇلدۇرۇپ قويدى. مەن ئۇلارغا... — مەخلۇق تۇيۇقسىز گەپتىن توختىدى، ئۇ، ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ قالغانىدى، — توختاڭلار! سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ سىلەر ئىنسانلار-

نىڭ بالىلىرىغۇ، مېنىڭ سىلەرگە رەھمىتىم بار، — مەخلۇق قولىنى سوزۇپلا ئەلقۇدلارنى ئالقىنىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار بەك قورقۇپ كەتتى. قورقۇنچاق زىلالنىڭ يىغلاشقىمۇ مادارى قالمىغانىدى. بىلال ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. ئەلقۇد بۇ غەلىتە مەخلۇققا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولار دەپ ئويلاۋاتاتتى. مەخلۇق ئالقىنىدىكى ئۇچەيلەنگە كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك تىكىلىپ قارىدى.

— يارايسىلەر، يارايسىلەر! سىلەر بولغاچقا مەن قار - مۇزلار ئارىسىدىكى نەچچە يۈز مىڭ يىللىق ئۇيقۇدىن ئويغاندىم. سىلەر بولغاچقىلا مانا بۇ تاغدا خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىمەن. سىلەر مېنىڭ دوستۇم، سىلەر بولمىغان بولساڭلار، بۇ قار - مۇزلار ئارىسىدا يەنە قانچىلىك ياتىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ماڭا ياردەم قىلدىڭلار، قار - مۇزلارنىڭ ئېرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدۇڭلار، رەھمەت، رەھمەت! — بۇ مەخلۇق بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى گەپتىن توختاپ خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈلدۈرلەپ كۈلدى، — رەھمەت دەپ قويسام، بىزگە چېقىلمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالماڭلار، سىلەرگە ھازىرچە چېقىلمىسامۇ ئاخىر . . . — مەخلۇقنىڭ يوغان ئوچاقتەك ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى لاۋۇلداپ كەتتى، — مەن باشتا بۇ تاغلاردىكى قارىغايلارنى، شەمشادلارنى، مېۋىزارلارنى، بارلىق يېشىل ماكانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، ھا - ھا - ھا! — مەخلۇق كۈلۈپ تۇرۇپ ئاغزىدىن شىددەتلىك ئوت پۈركىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت مۇزلۇق تاغ چوققىلىرىغا ئۇرۇلۇپ قارا تۇتەككە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئوت پۈركۈشى نەچچە قېتىم داۋاملاشتى. قامەتلىك تاغ ئۇنىڭ بۇ زەربىسىگە پەرۋا قىلمىغاندەك مىت قىلماي تۇرغان بولسىمۇ، قار - مۇزلار ئېرىپ خۇددى تاغلار يىغلاۋاتقاندەك سۇ ئېقىشقا باشلىدى. مەخلۇقنىڭ ئالقىنىدا تۇرغان ئەلقۇد ئۇنىڭ بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمەك، بۇ مەخلۇقتىن ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جانلىقلارغا ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، مەخلۇق ئۆزىنىڭ قار - مۇزلار ئارىسىدىن

قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئىنسانلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى دەپ قارايدى-كەن . شۇڭا ، ھازىر ئۇنىڭ ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان نىيىتى يوقتەك قىلاتتى . بولمىسا ئۇ ئەلقۇدلارنى ئاللىقاچان يالماپ يۇتۇۋەتكەن ياكى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتكەن بولاتتى . مەخلۇقنىڭ ئالىقىنىدا تۇرغان بىلال بىلەن زىلال قورققىنىدىن يۈرىكى چىقىپ كېتەيلا دېگەندى . ئۇلار بۇ ئىشنىڭ چۈشى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . زىلال ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى . بىلالمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئەلقۇدتىن سورىدى .

— ئەلقۇد ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ ! تۇمارغا دېگىن ، بۇ يەردىن تېز كېتەيلى ، بىز ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ، ئۇ بىزنى بىر پۇۋلەپلا تۇتۇنگە ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن . تېز بول ! كاللاڭنى ئىشلەت-مەمسەن ! — ئەلقۇد بىلالنىڭ گېپىگە ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمە-دى . ئۇمۇ جىددىي ئويلىنىۋاتاتتى . ئەلقۇد ھەرقانچە ئويلاپمۇ تۇمار-دىن ياردەم سوراشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى . ئەلقۇد تۇمارنى ئو-رۇنسىز ئىشلارغا ئاۋارە قىلسا بولمايتتى . ئۇ يېقىندا ئادەم يوق يەردە تۇمار بىلەن پاراڭلاشقانىدى .

بۇ يىل ئەلقۇدلارغا تەتىللىك تاپشۇرۇقلار كۆپ بېرىلگەنىدى . ئەلقۇد ئۆگىنىشكە ئامراق بولسىمۇ ، ھەددىدىن كۆپ بۇ تاپشۇرۇقلار ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويغانىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەلقۇدنىڭ كۆپ ۋاقتى ئانا يۇرتىنىڭ گۈزەل تاغۇ دەريالىرىنى ، چۆل - جەزىرىلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى . خاسىيەتلىك تۇمار ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارزۇسىنى قاندۇرۇۋاتاتتى . ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ ماتېماتىكى-دىكى قىيىن بىر مەسىلىنى يېشەلمەي قىينالدى . شۇڭا ، ئۇ تۇمار-دىن ياردەم سورىدى :

— خاسىيەتلىك تۇمارىم سىز بارمۇ ؟

— بار ، — تۇمار جاۋاب بەردى .

— ماڭا بىر ئىشقا ياردەم بەرسىڭىز بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، ھېلىمۇ مەن سىزگە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتىمەن-غۇ ، قايسى ئىشىڭىزغا ياردەم بېرىمەن ؟

— بۇ سىز ئۈچۈن ئاسان ئىش ، تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ ؟ — دەپ يالۋۇردى ئەلقۇد .

تۇماردىن سادا چىقمىدى . ئەلقۇدمۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەلىپىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە جىمىپ كەتتى .

— ئەلقۇد ، مەن سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزغا ياردەم قىلالمايمەن . ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ ماڭا قىلدۇرسىڭىز كېيىن ھۇرۇن ، كارغا كەلمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالامسىز ؟ مۇشۇنچىلىك ئىشلاردىمۇ ياردەم قىلغىلى تۇرسام ، سىزگە يامانلىق قىلغان بولىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن مېنى ئاۋارە قىلسىڭىز ، سىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىمەن ، ئەلقۇد شۇ چاغدا تۇمارغا ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى ئاۋارە قىلماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ خىجىل بولغان ھالدا تۇمارغا :

— توغرا گەپ قىلدىڭىز ، سىزگە ئورۇنسىز تەلەپ قويۇپ قاپتىمەن ، — دېگەنىدى . ئەلقۇد ھازىر تۇتەكسىمان گىگانت مەخلۇقنىڭ ئالىقىنىدا تۇرغان چېغىدىمۇ تۇماردىن ياردەم سورىمىدى . ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەقىل ئىشلىتىپ ئۇنى بويسۇندۇرماقچى بولدى .

— ئەلقۇد ، تېز بول ، تۇمارغا دېگىن ، بىز مەھەللىگە كېتەيلى ، خۇش بولۇپ قالاي !

بىلال بىلەن زىلالنىڭ ۋارقىرىشى ئەلقۇدنى خىيالىدىن ئويغاتتى . مەخلۇق كۆچەپ ئوت پۈركۈۋاتاتتى . خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ، موللاق ئېتىۋاتاتتى . مەخلۇق موللاق ئاتقاندا ئەلقۇدلار ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى . بىلال بىلەن زىلال ھۆڭرەپ يىغلىدى . ناۋادا ئەلقۇدلار ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن چۈشۈپ كەتسە ، تاغ ـ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ جېنىدىن ئايرىلاتتى . ئاخىر ئەلقۇد تۇماردىن ياردەم سورىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى . لېكىن ، تۇمارغا تايىنىپ بۇ يەردىن قېچىپلا قۇتۇلسا بولمايتتى . ئۇنداق قىلسا قورقۇنچاقلىق ، شەخسىيەتچىلىك بولۇپ قالاتتى . مەخلۇق بۇ يەردى-

كى قارىغايلىقلارغا ، شەمشادلىقلارغا ئوت قويۇپ بەرسە بۇ يەردە ياشايدىغان جان ـ جانىۋارلار ھالاك بولمامدۇ ؟ ئەلقۇدلار بۇنى كۆرۈپ بۇ يەردىن قېچىپ كەتسە . . . ياق ، بىز بۇ مەخلۇقنى يوقاتمىغۇچە بۇ يەردىن كەتسەك قورقۇنچاقلىق قىلغان بولىمىز ، شۇڭا مەن . . . ئەلقۇد تۇمارغا خىتاب قىلدى :

— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، سىز بىزنىڭ بۇ مەخلۇقنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا ، ئۇنى بويسۇندۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلىڭ .

مەخلۇق بەك كۆرەڭلەپ كەتكەچكە ، قار ـ مۇزلۇق تاغقا قاراپ ئوت پۈركۈۋاتاتتى . ئەگەر ئۇ تاغ باغرىدىكى ئورمانلىقلارغا ئوت پۈركەپ قالسا . . .

# 19 . ئەلقۇدنىڭ جاسارىتى

ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ ياردىمىدە مەخلۇقنىڭ ئالىقىنىدىن قۇتۇلۇپ ، چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق يېنىدىكى تاغ قاپتىلىدا تۇراتتى . مەخلۇق بارغانسېرى يوغىناۋاتاتتى . ئۇ تاغ بىلەن بوي تالاشقاندەك تاغنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇيالايدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى .

مەخلۇق چارچاپ قالغاندەك تاغقا يۆلىنىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن يەنىلا ئوت لاۋۇلداپ تۇراتتى . قارىغاندا مەخلۇق ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىنىڭ قايسىسىنى ئالدى بىلەن قىلىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئەلقۇدلارمۇ ئۇنىڭ جىمىپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى .

— باللار ، بۇ مەخلۇق ئورمانلىققا ئوت قويۇپ بېرىشى مۇمكىن . ناۋادا بۇ ئورمانلىققا ئوت كەتسە ئورماندا ياشاۋاتقان ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار ئۇچۇن زور ئاپەت بولىدۇ . بىز ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى توسۇشىمىز كېرەك .

— ۋاي - ۋۇي ، — زىلال قورقۇمسىراپ تۇرۇپ غودۇرىدى ، — باشقا گەپنى قويۇپ ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلىچۇ ، ئۆز جېنىمىزنى قۇتقۇزالمايۋاتساق بۇ ئورماندا ياشايدىغان ھايۋانلار بىلەن كىمنىڭ كارى ؟ تېز بوله ، تۇمارغا دېگىنە ، مەھەللىگە كېتەيلى .

— ياق ، بۇ مەخلۇق بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ . بىز بىلىپ تۇرۇپ كېتىپ قالساق قورقۇنچاقلىق بولمامدۇ ؟ بىز چوقۇم ئامال قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك ! — ئەلقۇد قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا قارشى چىقتى :

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ ، تاغدەك بەستى بار بۇ مەخلۇققا

قانداق تاقابىل تۇرىمىز ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتەيلى . بايا ئۇ بىزنى بىرلا مىجىغان بولسا مىجىقىمىز چىقىپ كەتكەن بولاتتى . تېز بولغىن ، كېتەيلى !

— مەن تۇمارغا دېدىم ، ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىمىزگە ئەمەس ، ئۇنى بويسۇندۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلىدىغان بولدى . ئېسىڭلاردا باردۇ ، مۇئەللىم بىزنى ھەرقانداق ئىشتا ئىرادىلىك بولۇڭلار دېگەن ، — ئەلقۇد كېسىپ ئېيتتى .

— ھەي ، ئەلقۇد ، گېپىمىزگە ماقۇل دېگىنە ، بۇ باشقا ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ ، بۇ ئىرادە بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەس . مۇئەللىممۇ ئۇ گەپنى بۇنداق ئىشلارغا قارىتا دېگەن ئەمەس . سەن نېمىشقا بۇ مەخلۇق بىلەن ئېلىشىمەن دەپ قالدىڭ دەيمەن ، — بىلالمۇ تېزرەك مەھەللىگە كېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقاچقا ئەلقۇدقا يالۋۇردى .

— ياق ، بۇ مەخلۇقنىڭ كۈچى ۋە بەستى بىزدىن يۇقىرى بولسىمۇ ، ئەقىل جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ ، بىز ئەقلىمىز بىلەن ئۇنى يېڭەلەيمىز ، — بىردەم تىنچلىنىپ تاغقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەخلۇق يەنە ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ كەتكەنىدى . ئەلقۇدلار ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يەنە يوغىناۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى . مەخلۇق ئەسنىگەندە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېرىلگەنىدى ، ئۇنىڭ بەستى تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋاز بىلەن كۈچەپ ھۆركىرىدى . قەدەملىرىنى يوغان ئېلىپ ئورمان تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بەلكىم ئورماندىكى جان ـ جانىۋارلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئاپەتنى بىلىپ بولغان بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ قىيا ـ چىياسى ئاڭلاندى . نېمىشقىكىن ، مەخلۇق ئوت پۈركۈشنى توختىتىپ قويغانىدى . بۇ ئەلقۇدنى ئازراق خاتىرجەم قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى يەنە ئوت پۈركىمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى .

ئەلقۇد بۇ مەخلۇقنى بويسۇندۇرىمەن ، ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىمەن دېگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئامالىنى بىلمەيتتى . مەخلۇق يەنە ئوت پۈركۈشنى باشلىدى . ئەڭ

يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ ئورمانلىقتا ئوت پۇركۈۋاتاتتى . ئورمان ئىچىدىن هايۋانلارنىڭ نالىسى، قۇشلارنىڭ قىيا - چىياسى ئاڭلاندى .

ناهايىتى تېز ئۇچۇپ كەلگەن بىر بۇركۇت ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدىكى قىياغا قونغاندىن كېيىن ئۇلارغا يالۋۇردى :

— ئەلقۇد ، تېز ياردەم قىلىڭلار ، بىزگە ياردەم قىلمىساڭلار ، بۇ يەردىكى گۈزەل ماكانىمىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ . بۇ يەردىكى قار - مۇزلۇق تاغلار چۆل تاغقا ئايلىنىپ قالىدۇ ، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ مەھەللەڭلارمۇ چۆل - جەزىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

— مەن سىزنى تونۇمىدىمغۇ ، — ئەلقۇد بۇركۇتكە سىنچىلاپ قارىدى .

— مەن سىلەرنىڭ يېقىن دوستۇڭلار تەڭرىتاغ بۇركۇتى . ئەنە ئاۋۇ ئېگىز چوققىلار مېنىڭ ماكانىم . تېز بولۇڭلار ، سىلەردىن باشقا هېچكىم بىزگە ياردەم قىلالمايدۇ . سىلەر ئەقىل ئىشلەتسەڭلار بۇ مەخلۇقنى چوقۇم يېڭەلەيسىلەر ، مەن باشقا دوستلارنىمۇ بۇ ئاپەتكە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا چاقىراي ، — بۇركۇت شۇنداق دەپ ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى . مەخلۇق بارغانسېرى كۈچەپ ئوت پۇركۈۋاتاتتى .

قارىغاي ، شەمشادلار پاراسلاپ كۆيۈپ ، ئوت يالقۇنى ئاسمان- پەلەك كۆتۈرۈلدى . ئورمان ئۈستىدە قۇشلارنىڭ قىيا - چىياسى ، ئورمانلىقتىن هايۋانلارنىڭ نالىسى ئاڭلاندى . قۇشلار تېخى ئۇچۇرما بولمىغان بالىلىرى ۋە تۇخۇملىرى ئۈچۈن نالە قىلىشۋاتاتتى .

ئەلقۇدلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئورمان ئىچىدىن قارا بۇلغۇن بىلەن تاغ تېكىسى يۈگۈرۈپ چىقتى - دە ، «تېز بولۇڭلار ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىڭلار ، دوستلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار ، ماۋۇ ئالۋاستىنى بويسۇندۇرۇڭلار !» دېدى .

ئەلقۇدلار ئۆزلىرىگە سۆزلەۋاتقان تاغ تېكىسىنى مەھەللىدىكى ئۆچكىلەرگە ئوخشاتقان بولسىمۇ ، قارا بۇلغۇننى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى . قارا بۇلغۇن بىلەن تاغ تېكىسى ئەلقۇدلارنى ئەلقۇدقا تۇمار بەرگەن بوۋايدىن ئاڭلىغانىدى .

— بىز سىلەرنى تونۇيمىز ، سىلەر بىزنىڭ دوستىمىز ، تېز

ئامالىنى قىلىڭلار ، — تاغ تېكىسى بىلەن قارا بۇلغۇن يالۋۇردى . مەخلۇق ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ چەكچىيىپ تۇراتتى .

— ھەي ، شۇمتەكلەر ، بۇ ھايۋانلار بىلەن نېمە دېيىشىۋاتىسەن ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش ، بولمىسا . . .

ئەلقۇد مەخلۇقنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى :

— سەن ئادەملەر ماڭا ياردەم قىلغان ، ئادەملەر بولمىسا قار - مۇزلار ئاستىدا ئۇزۇن يېتىپ كېتەتتىم دەۋاتاتتىڭ ، بىزنى دوست دەپ بىلسەڭ ئورمانغا ئوت پۇركۈشنى توختاتقىن . ئۇ يەردە ياشاۋاتقان جان - جانىۋارلارغا چېقىلما ، بولامدۇ ؟ سەن گېپىمگە ماقۇل دېسەڭ ، بىزمۇ ساڭا چېقىلمايمىز .

— ھا - ھا - ھا ! — مەخلۇق يەنە قاقاقلاپ كۈلدى ، — سىلەر ماڭا چېقىلالامسىلەر ؟ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان شۇمتەكلەر ، بۇ يەردىن تېز كېتىش دېسەم يەنە نېمە دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالىسىلەر ؟ مەن سىلەرنى . . . — مەخلۇق شۇنداق دەۋاتقاندا ئورماندىن ئېتىلىپ چىققان ئېيىق ، يىلپىز ، يولۋاس ئۇنىڭغا تەڭ ھۇجۇم قىلدى . بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن چۆچۈپ كەتكەن مەخلۇق :

— مېنى چىشلىۋاتقان قايسىڭلار ؟ نېمانچە قاتتىق چىشلەيسەن ! ۋايجان ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى . بىراق ، يولۋاس ، يىلپىزلارنىڭ بۇ ھۇجۇمى خۇددى كالىنى پاشا چاققانچىلىكلا بىر ئىش بولدى . مەخلۇق يولۋاس ، يىلپىز ۋە ئېيىقلارنى بىر قولى بىلەنلا يىغىشتۇرۇپ ئورمان تەرەپكە تاشلىدى . بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاغ تېكىسى بىلەن قارا بۇلغۇن چىرقىراپ كەتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى .

ئوت ئورمانغا تۇتىشىپ شىددەت بىلەن كۆيمەكتە ئىدى . ئورمان ئىچىدىكى ھايۋانلارنىڭ قىيا - چىياسى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئوت ئۆلگىيغانسېرى ئورماندىكى ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمى ئەلقۇدلار تۇرۇۋاتقان تاغ قاپتىلىغا چىقىۋالدى . مەخلۇقنىڭ بەك ئاچچىقى كەلگەچكە ، پۈتۈن تاغ ، ئورماننى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازدا ئوت پۈركۈپ ئورمانغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى . شۇ چاغدا تەگرىتاغ بۈركۈتى ئېتىلىپ كېلىپ مەخلۇقنىڭ كۆزىنى چوقۇلىماقچى بولغان بولسى-

مۇ ، مەخلۇقنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئورمان ئىچىگە موللاق ئاتقىنىچە چۇشۇپ كەتتى . ئەلقۇد تۇمارغا خىتاب قىلدى :

— ئەي خاسىيەتلىك تۇمارىم ، ماڭا بۇ مەخلۇقنى ھالاك قىلا-لايدىغان كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىڭ ! — ئەلقۇد شۇنداق دېيىشىگىلا ئۇ تاغدەك يوغىناپ كەتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ بۇ ئىشقا ھەيران قالدى . قارا بۇلغۇن بىلەن تاغ تېكىسى ۋە ئورماندىن قېچىپ چىققان باشقا ھايۋانلارمۇ ئەلقۇدقا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى . ئەلقۇدنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغىناپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق مەخ-لۇق يەنە ئوت پۈركىگىنىچە ئورمانغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئەلقۇد ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالدى . ئەلقۇدنىڭ ئالدىدا ئۇ مەخلۇق چاشقانچىلىك بولۇپ قالغانىدى .

— يەنە ئوت پۈركۈيدىغان بولساڭ بويىنۇڭنى ئۈزۈۋېتى-مەن ! — دېگەندەك ھېلىقى مەخلۇق ئەلقۇدنىڭ ئالدىدا كىچىكلەپ قالغانىدى . بۇ ئادەتتىكى بالىلارنىڭ كەپتەرنىڭ باچكىسىنى تۇتۇۋال-غىنىدەك ئىش ئىدى .

— ماڭا يوغانچىلىق قىلغان قايسىڭ ؟ — مەخلۇق ئەلقۇدنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك تىپىرلاپ ۋارقىرىدى .

ئەلقۇد مەخلۇقنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ تۇتۇۋال-دى . مەخلۇق بىردەم تىپىرلاپ بېقىپ يوغىناپ كەتكەن ئەلقۇدنى كۆرۈپ پەسكويغا چۇشتى .

— مەن ، مەن . . . نېمە قىلدىم ؟ سەن بايىقى بالىغۇ ، ئادەممۇ سەن ؟ نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ ؟ مەن . . . مەن . . . ئادەملەر مې-نىڭ دوستۇم دېدىمغۇ ، مېنى قويۇپ بەر . مەن سىلەرگە چېقىلماي-مەن ، — نېمىشقىكىن ئەلقۇد ئىككىلىنىپ قالغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى .

ئورماندىكى ئوت بارغانسېرى كېڭىيىۋاتاتتى . ھايۋانلارنىڭ خې-لى كۆپ قىسمى تاغ قاپتىلىغا چىقىۋېلىپ ئەلقۇدنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ يەنە كۆپلىگەن ھايۋانلار ، ئۇچار قاناتلار ئورماندىن چىقىپ بولالمىغانىدى . ئۇچار قاناتلار بالىلىرىغا ، تۇ-

خۇملىرىغا تارتىشىپ ئورمان ئىچىدە نالە قىلماقتا ئىدى .

ئەمدى بۇ يەردىكى ھايۋانلار ، قۇشلار ، بىلال ۋە زىلال بىلەن بىللە ئەلقۇدقا تولۇلىدى :


— ئۇ مەخلۇقنى ئۇجۇقتۇرۇپ ، ئورماندىكى ئوتنى ئۆچۈرگىن ، تېز بولغىن ! — بۇ كۈچلۈك سادا ئەلقۇدنى ئىلھاملاندۇردى . ئەلقۇد مەخلۇقنىڭ بېشىغا مۇشت بىلەن بىرنى قويۇپ ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ، تاغ ئۈستىدىكى قېلىن قار ـ مۇزلار ئارىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ مەخلۇقنى شۇ تۆشۈككە سېلىپ ، تۆپىگە قار ـ مۇزلارنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى . تۆۋەندىن تەنتەنە سادالىرى ياڭرىدى . ئەلقۇد قارلىق تاغ ئۈستىدىن بىر چاڭگال قارنى ئېلىپ سىققاندى . ئۇنىڭدىن خۇددى شارقىراپ يامغۇر ياغقاندەك سۇ ئورمانغا چۈشۈپ ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆچۈپ قالدى .

تاغ شاملى بايىقى ئوتتىن پەيدا بولغان ئىس ـ تۈتەكلەرنى بىردەمدىلا تارقىتىۋەتتى . ئاسمان يەنە ئەينەكتەك سۈزۈلدى . قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى ئاپئاق تاغ چوققىلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ ، چەكسىز ئورمانغا خاتىرجەملىك ۋە گۈزەللىك بېغىشلىدى . بىلال ، زىلال ۋە باشقا جان ـ جانىۋارلار ئەلقۇدقا تەنتەنە قىلىپ چۇرقىرىشاتتى . تەڭرىتاغ بۈركۈتى ۋە باشقا قۇشلار ئەلقۇدنىڭ مۈرە ، قوللىرىغا قونۇپ ، ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىشۋاتاتتى . ئەلقۇد پەسكە قاردى . بىرمۇنچە ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىلال بىلەن زىلال ئۇنىڭ كۆزىگە چۈمۈلىلەردەك كۆرۈندى . ئۇ پەستىن كېلىۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالدى . ئۇ بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئاۋازىنى تەستە ئاڭلىيالىدى .

— ئەلقۇد ، بولدى ، ئەمدى ئەسلىڭگە كەلگىن ! تېز بول ، ئۆيگە كېتەيلى ، — بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئاۋازى نىمدىندۇر قورققاندەك يىغلامسىراپ چىقىۋاتاتتى . ئەلقۇد تۇمارغا خىتاب قىلدى :

— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، مېنى ئەسلىمگە كەلتۈرۈڭ ! — ئەلقۇد ئەسلىگە كېلىپ بىلال ، زىلالنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى . بىلال بىلەن زىلال خۇددى ئەلقۇدتىن ئۇزۇن ئايرىلىپ قايتا كۆرۈشكەندەك ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى .





# 20 . تاغدىكى شادلىق

ئەلقۇدلار كەتمىسەك بولمايدۇ دەپ ھەرقانچە يالۋۇرغان بولسى-مۇ ، ئورمانلىقتىكى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن يول-ۋاس ، ئېيىق ، قوتاز ، قارا بۆلغۈن ، بۇغا ، بۆكەن ، بۈركۈت ، ئاق لەگلەك ، قارا بويۇن تۇرنا ، ئۇلار قاتارلىقلار سىلەرنى مېھمان قىلىپ ، ئوبدان ئوينىتىپ يولغا سېلىپ قويىمىز . سىلەر بىز ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردىڭلار ، سىلەر بولمىغان بولساڭلار ئورمان كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ، بىز ماكانىمىز ، بالا - چاقىلىرد-مىز ، ھەتتا ھاياتىمىزدىن ئايرىلغان بولاتتۇق . سىلەر بىزگە مېھ-مان بولمىساڭلار بولمايدۇ ، دەپ تۇرۇۋالدى . ئەلقۇد ئاخىر ئۇلار-نىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى .

— بىزگە مىنىڭلار ، سىلەر بۇ ئورماندا ماڭالمايسىلەر .

ئەلقۇد يولۋاسقا ، بىلال يىلپىزغا ، زىلال قوتازغا مىندى . ھەممىلا ئىشتا باشقىلار بىلەن بەسلىشىدىغان زىلال ئۇ ئىككىسى يولۋاس بىلەن يىلپىزغا مىنسە ، مەن كالىغا ئوخشايدىغان بۇ مۆڭ-گۈزلۈك ھايۋانغا مىنەمدىمەن دەپ بىرمۇنچە غودۇرىدى .

يولۋاس ، يىلپىز ، قوتازلار ئاتتىنمۇ تېز چېپىپ بىردەمدىلا ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھايۋانلار پادىشاھلىقىغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەردىكى ياغاچ ئۆيلەر ، تاش ئۆيلەر ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالارنىڭ ئۈستىدە ياغاچلاردىن ياسىلىپ رەڭدار بويالغان ئۆيلەر قۇشلارنىڭ ئۆيلىرى ئىدى .

ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىكى يېشىل مەيدانغا راسلانغان سەھنى-دە ئەلقۇدلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە مەشرەپ تەييارلىنىۋا-تاتتى . بۈگۈنكى بۇ مەشرەپنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى تەڭرى-تاغ بۈركۈتى مەشرەپتە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئارتىسلارغا نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى . يېشىل مەيدانغا تۇرغۇن ھاي-

ۋانلار ۋە قۇشلار يىغىلىۋالغانىدى . ھايۋانلارنىڭ كەيپىز باللىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ، چوقىلىشىپ ، موللاق ئېتىپ ئويناۋاتاتتى .

يولۋاس ، يىلپىز ، قوتازلار ئەلقۇدلارنى ئادەتتىكى ياغاچ ئۆي-لەردىن خېلىلا چوڭ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى . ئەلقۇدلار يولۋاسنىڭ يول باشلىشى بىلەن ياغاچ ئۆيگە كىردى .

ئەلقۇدلارنى بۇ يەردە بۇغا ، بۆكەن ، قارا بۇلغۇن ، بۆرە ، تۈلكە ، بۇركۇت ، ئۈلار ، قىرغاۋۇل ، لەگلەك ، تۇرنا قاتارلىقلار قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئەلقۇدلار ئۇچۇن ئالاھىدە تەييارلانغان زىياپەت ئەلقۇدقا ، بولۇپمۇ زىلال بىلەن بىلالغا بەكمۇ يېقىپ كەتتى . تەڭرى-تاغدىكى ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن قورسىقىنى توقلىغان بىلال بىلەن زىلالمۇ خاتىرجەم بولۇپ ، ئۆيگە كىرىشكە ئالدىراۋاتقاز-لىقىنى ئۇنتۇپ قالدى .

— مەشرەپنىڭ تەييارلىقى پۇتۇپ بولغۇچە مەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاچ ئولتۇراي ، — تەڭرىتاغ بۇركۇتى سالماقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆز باشلىدى ، — بۈگۈن بىزگە مېھمان بولۇۋاتا-قان باللار ئىنسانلار دۇنياسىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ، بىزگە مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدىغان ياخشىلىقنى قىلدى . ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بار ، نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدىلا ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇق ماكانىمىزغا ۋە ھاياتىمىزغا تەھدىت سالغانىدى . بۇلار بولمىغان بولسا بىزنىڭ بۇ گۈزەل ماكانىمىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلى-رىمىزمۇ ئامان قالمىغان بولاتتۇق . شۇڭا ، ئالدى بىلەن ئەلقۇدلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قىزغىن چاۋاك چالايلى ! — تەڭرىتاغ بۇركۇتىنىڭ سۆزىدىن كېيىن قىزغىن ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى . ئەلقۇد خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى .

— مەنمۇ بۇركۇتنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن ، — دېدى يولۋاس مۇلايىملىق بىلەن ، — ئىنسانلار بىزگە ياخشىلىق قىلسا بىزنىڭ مەڭگۇلۈك خۇشاللىقىمىز بولىدۇ ، ئەگەر ئىنسانلار بىزگە يامانلىق قىلىپ قالسا تۈگەشكىنىمىز شۇ ، مەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەلقۇد-لاردەك ئاق كۆڭۈل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، — يولۋاسنىڭ

سۆزىدىن كېيىن يەنە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى .

— ھۆرمەتلىك شاھ يولۋاس ئالىيلىرى ، — بۇ گەپتىن ھەيران قالغان بارلىق ھايۋانلار ۋە قۇشلار تېڭىرقىغىنىچە بىر - بىرىگە قارىدى . يولۋاسمۇ ئوڭايسىزلانغاندەك نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي قالدى . ئەلقۇدمۇ بۇ يەردىكى كەيپىياتنى كۆرۈپ قايسى گەپنى خاتا قىلىپ قويغاندىمەن دەپ تېڭىرقاپ قالدى . بەزى ھايۋانلار بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ، گۇڭشۇلدىشىپ كەتتى . ئېنىق بىلەن يىلپىز بۇ گەپنى چوقۇم يولۋاس ئۆزى تارقاتقان گەپ ، بولمىسا بۇ بالىلار نېمىشقا ئۇنى شاھ ئالىيلىرى دەيدۇ دېگەندەك يولۋاسقا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى . چۈنكى ، ئۇلار يولۋاس ھازىرمۇ ئۆزىنى شاھ چاغلاپ بىزنى كۆزگە ئىلماي باشقۇرۇپ يۈرىدۇ دەپ نارازى بولۇپ يۈرەتتى . سەزگۈر يولۋاس بۇ خىل كەيپىياتنى سېزىپ قېلىپ ، دەرھال سۆزلىدى :

— ئەلقۇد ، خاتا سۆزلەپ قويدىڭىز ، بۇ يەردە پادىشاھ دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس ، بۇ بىز ئۇچۇنمۇ تارىخقا ئايلىنىپ بولغان . بۇ يەردىكى ھايۋانلار ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز شاھ ، بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق چوڭ ئىشلاردا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلساقمۇ ئادەتتىكى ئىشلاردا بىر - بىرىمىزنى باشقۇرىدىغان ، بىر - بىرىمىزدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئىش يوق . ھازىر سىزنىڭ مېنى شاھ ئالىيلىرى دەپ قالغانلىقىڭىز توغرا بولمىدى ، — ئەلقۇد يولۋاسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى بىلدى .

— خاپا بولماڭلار ، بۇ گەپنى مومام ئېيتقان چۆچەك ۋە تېلېۋىزوردىن كۆرگەن كارتون فىلىملاردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە دەپ ساپتىمەن ، مەن ئەسلىي سىلەردىن رۇخسەت سورىماقچى ئىدىم ، بىزگە رۇخسەت بەرسەڭلار ، ئەمدى ئۆيگە قايتمىساق ئاتا - ئانىمىز بىزدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ ، — بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۋاس ، بۈركۈت قاتارلىقلار نارازى بولۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئويۇن تەييارلاندى . ئويۇنمۇ تەييار بولۇپ قاپتۇ . قېنى چىقايلى !

ئەلقۇدلار قارىغاي ، شەمشادلار ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل مەيدانغا

چىقتى . مەيداننىڭ غەرب تەرىپىگە چىنار ، ئارچا ، قارىغاي ۋە رەڭ-گارەڭ تاغ گۈللىرىدىن ئالاھىدە بىر سەھنە ھازىرلانغانىدى . سەھ-نىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ھايۋانلار يىغىلغانىدى . ئەلقۇدلار ئۆيدىن چىقىش بىلەنلا يېشىل مەيداندىكى ھايۋانلار قىزغىن ئالقىش ياڭرات-تى . يولۋاسلار ئەلقۇدلارنى تاش ئولتۇرغۇلارغا ئولتۇرغۇزدى . قا-رىغاندا ئويۇنچى ھايۋانلارنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندەك قىلاتتى . ئويۇن-نىڭ رىياسەتچىسى قىرغاۋۇل يولۋاس قاتارلىق ئاقساقاللارنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئويۇن باشلايدىغاندەك قىلاتتى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى نوقۇپ مۇنداق دېدى :

— ھەي ، كەتمەمدۇق ، بۇ قېتىم ئاتا - ئانىمىز چوقۇم بىزنى ئىزدەپ قالدى . ئەمدى كەتمىسەك چاتاق بولىدۇ .

— ئەنسىرىمەڭلار ، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ سىلەرنى ئىزدەپ قال-ماسلىقىغا مەن كېپىل ، — تۇمارنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن بىلال بىلەن زىلالمۇ خاتىرجەم بولدى . بۈركۈت قىرغاۋۇلغا ئويۇننى باش-لاڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى . قىرغاۋۇل سەھنىگە چىقىپ ئەدەپ بىلەن :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك مېھمانلار ، قەدىرلىك دوستلار ، ئەلقۇدلارنىڭ شەرىپىگە بېغىشلانغان ئويۇنىمىزنى ھازىر باشلايمىز . ئالدى بىلەن ئاتاقلىق ناخشىچىمىز قارا بويۇن تۇرنىنىڭ ئورۇندىشىدىكى ناخشا «ياخشى بالا ئەلقۇد» ، — دەپ ئېلان قىلدى . تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدىن قىزغىن ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈل-دى . سەھنىگە قارا بويۇن تۇرنا چىقتى . ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تاغ سۈيىنىڭ شوخ شىلدىرلىشىغا ئوخشايدىغان ياڭراق كۈي ئاڭلاندى . قارا بويۇن تۇرنا ناخشا ئېيتتى :

ئەلقۇد ئۆزى شوخ بالا ،
ئويۇننى كۆپ ئوينايدۇ .
ئۆزى باتۇر ، يۈرەكلىك ،
يامانلاردىن قورقمايدۇ .

ناخشىنىڭ بىر كۇپلېتى ئېيتىلىپ بولۇشى بىلەن تەڭ تاماشى-بىنلار ئارىسىدىن قىزغىن ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى . ئەلقۇد ئۇلارنىڭ بىردەمدىلا ئۆزىگە ئاتاپ ناخشا ئىجاد قىلغانلىقىغا ھەيران بولدى . تاماشىبىنلار ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ رىتىملىق چاۋاك چېلىشۋاتقان بولسىمۇ ، بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى كۆرەلمىگەندەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، ناخشىنى ئاڭلىمىغاندەك قىياپەتتە ئول-تۇردى . قارا بويۇن تۇرنا تۇرلۇك شوخ قىلىقلارنى چىقىرىپ ناخ-شىسىنى داۋاملاشتۇردى :

ئۇ بۇ يىلقى تەتىلدە ،
قىلدى بەك كۆپ ساياھەت .
ساياھەتتە ئۇ دائىم ،
كۆرسەتتى كۆپ كارامەت .

«ئۇ مېنىڭ ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىمنى قانداق بىلىۋال-غاندۇ ؟» ئەلقۇد ئەجەبلەندى . تاماشىبىنلار ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم چاۋاك كۆتۈرۈلدى .

يوقاتتى شۇ ئەلقۇدجان ،
بىزگە كەلگەن ئاپەتنى .
بىز تىلەيمىز ئۇنىڭغا ،
يېڭى بەخت ، ئامەتنى .

ناخشىدىن كېيىن يەنە قىزغىن چاۋاك چېلىندى . كېيىن مو-لۇن بىلەن ئاغمىخان قىزىقارلىق لەپەر ئوينىدى .

ئەلقۇد ئويۇنلارنى زوق ، ئىشتىياق بىلەن كۆردى . بىلال بىلەن زىلال خاپا بولۇپ قالغاندەك ئورنىدا مىتىلداپ ئولتۇرالمىدى . ئەل-قۇد ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە خاپا بولغان بولسىمۇ ، گەپ قىلمى-دى . بىراق ، ئۇلارنىڭ تېپىرلاشلىرى كۆپىيىپ كەتتى . ئەسلى ئۇلار نېمىشقا ئەلقۇدنى ماختاپ بىزنى ماختىمايدۇ دەپ خاپا بولۇپ

قالغانىدى . بۇگۈنكى ئويۇننى تەشكىللىگۈچىلەرمۇ ئەتراپلىق ئورۇن-لاشتۇرغانىدى . ئىككى نومۇر ئورۇندالغاندىن كېيىن ئاق لەگلەك «بىلال بىلەن زىلال» دېگەن لەپەرنى ئۇلار بىلەن ئورۇندىدى .

ئەلقۇدجاننىڭ يېقىن دوستى
بىلال ۋە زىلال .
بىرى ئۇنىڭ خۇددى چولپان ،
بىرى ئاي ھىلال .
ئەلقۇد بىلەن دائىم بىللە
ئوينايدۇ ئۇلار .
تۇرلۇك جاپا - مۇشەققەتتىن
قورقمايدۇ ئۇلار . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

بۇ لەپەردە بىلال بىلەن زىلال خېلى كۆپتۇرۇلۇپ ماختالغان-دى . بۇنى ئاڭلاپ بىلال بىلەن زىلال دەرھال مىتىلداشتىن توخ-تاپ ، ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپ كەتتى :

— ئاق لەگلەك بىلەن ئۇلار بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزنى بىلد-دىكەن . مۇشۇنداق سەنئەت نومۇرلىرى بولسا بىزمۇ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايمىز - دە .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئەلقۇدجانمۇ ئىش قىلالماس ،
ئۇلار بولمىسا .
سەيلە قىلىپ تاغ ئاشالماس ،
ئۇلار بولمىسا .
دەرەخلەرگە تېز چىقىدۇ ،
شوخ ، زېرەك زىلال .
كانكى ، نۇرنى بەك ئوينايدۇ ،
ئەقىللىق بىلال .

لەپەر مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھېچكىم چاۋاك چالمىسىمۇ بىلال بىلەن زىلال ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ ئىسقىرتىپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىلىۋاتقان بۇ ئىشى ئەلقۇدنى خىجىل قىلىپ قويدى. شۇڭا ئۇلارنى ئىشارەت بىلەن ئولتۇرغۇزدى.

— ئۆزىنى ماختىغاندا تازا چاۋاك چالىدۇ، بىزنى ماختىغاندا ئادەمنى نوقۇپ يۈرۈيدىغۇ، — زىلال خاپا بولۇپ غودۇڭشىدى. لېكىن، ئۇلار ئاق لەگلەك بىلەن ئۇلاردىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى. ئۆزلىرىنى بىردەمدىلا لەپەرگە قېتىۋالغانلىقىدىن ھەيران قالدى. لەپەردىن كېيىن قىرغاۋۇل سەھنىگە چىقىپ ئەمدى تۈلكە خانىم بىزگە «مەنمۇ ياشايچۇ» دېگەن نەسرنى ئوقۇپ بېرىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. تۈلكە خانىم بىر خىل تارتىنچاقلىق بىلەن سەھنىگە چىقىپ تاماشىبىنلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى. سەھنىگە تۈلكە بىلەن تەڭ قارا بويۇن تۇرنا پەيدىن ياسالغان ئۇزۇن، نازۇك چالغۇسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. چالغۇنىڭ پەيدىن ياسالغان ئالاھىدە كامانچىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تۈلكە بىلەن بېقىشىۋېلىپ كامانچىسىنى پەي چالغۇغا سۈركىدى. چالغۇدىن ئىنچىكە، ناھايىتى مۇڭلۇق بىر كۈي يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ياڭراشقا باشلىدى. تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. تۈلكە يېقىملىق، تەسىرلىك قىلىپ نەسر ئوقۇشقا باشلىدى:

— سىلەر مېنى بىلىسىلەر، مەنمۇ سىلەردەك ئانا زېمىنىنىڭ ئەركە بالىسى، بۇ مۇقەددەس زېمىن مېنىڭمۇ ئانام، باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماي ياشاش مېنىڭ ئارزۇيۇم. مەن ئادەملەرنىڭ باشلىرىدىكى تۇماق، تون - جۇۋىلىرىغا ياقىلىق بولۇشقا يارالمىغان. بۇرۇن مېنى بۆرە، ئېيىق، يولۋاس ۋە يىلپىزلار بوزەك قىلىپ كەلگەن. ئوۋچىلارنىڭ قاپقان، مىلتىقلىرى ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ، ئانا، مومىلىرىمنىڭ جېنىنى ئالغان. ئادەملەر تېخى مېنى قوۋ، ھىيلىگەرلىكنىڭ سىمۋولى قىلىۋالدى. ئۇلار ھىيلىگەرلىك قىلمامدىكەن؟ ئۇلار قوۋ بولغاچقا ھەممە يەردە پايدا ئېلىۋا-

تىدۇ ، ئۇلار . . . — قارا بويۇن تۇرنا چالغۇسىنى كۆچەپ چېلىپ تۇلكە خانىمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى . دېمەك ، ئۇ ئەلقۇدلارنىڭ كۆڭلىنى ئايىغانىدى . چۈنكى ، نەسرىنىڭ ئاخىرى ئادەملەرنى سۆكىدىغان ، ئادەملەرگە نارازىلىق بىلدۈرىدىغان مەزمۇنلار ئىدى . مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئۆرلەپ كەتكەچكە تۇلكە ئوقۇغان نەسرىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغىلى بولمىدى . سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن يولۋاس ئاق بويۇن تۇرنىنى ماختىدى . چۈنكى ، ئۇ چالغۇنى يۇقىرى ئاۋازدا چېلىپ تۇلكە خانىمنىڭ ئادەملەرنى ئەيىبلەيدىغان گەپلىرىنى ئەلقۇدلارغا ئاڭلاتمىغانىدى . يولۋاس تۇلكىنى «سەن نېمىشقا ئەسلىي تېكىستتە يوق مەزمۇنلارنى سەھنىدە ئوقۇيسەن؟ بۇنداق قىلساڭ ئەلقۇدلارنى ماختايمىز دېگەن گېپىمىز نەدە قالىدۇ» دەپ بىرمۇنچە خاپا بولدى . تۇلكە خانىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي شۈمشەرەپ قالدى .

— مەن . . . مەن ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ، ھاياجانلىنىپ كېتىپ شۇنداق دەپ سايتىمەن ، — تۇلكە خېلى ئۇزۇندىن كېيىن شۇنداق دېيەلىدى . يەنە بىرنەچچە نومۇردىن كېيىن ئەلقۇدلارمۇ نومۇر ئورۇنداپ بەرسۇن ، دەپ سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى .

ئەلقۇدلار سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ ، «تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردى . تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئانچە چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇنغىچە ئالقىش ياڭراتتى .

ئويۇندىن كېيىن تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەلقۇدلارغا گېپىم بار دەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى .

# 21 . ئويۇن

ئەلقۇدلارنىڭ تەتىل كۈنلىرى توشۇشقا ئاز قالغانسېرى ئۇلار تەتىلنىڭ توشماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئەلقۇدمۇ ئۆزى يالغۇز قالغان چاغدا : بىر ـ ئىككى ئاي ئوقۇپ ، تۆت ـ بەش ئاي تەتىل قىلساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ هە ! ئوقۇش باشلانسا كەچكىچە دەرس ئاڭلىغاننى ئاز دەپ تۈگىمەس تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ چارچاپ هالىمىزدىن كېتەرمىزمۇ ؟ ئەتە مەهەللىدىكى باللار بىلەن قانغۇدەك ئوينىساق بولغۇدەك ، بىراق نېمە ئويۇن ئوينىساق بولار ، رەگەتكە بىلەن قۇشقاچ سوقۇپ ئوينايلى دېسەك ، ئۇمۇ قاملاشمايدىغان ئويۇن ئىكەن . ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىمىز دەپ بىچارە قۇشقاچلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەنمىز ، قىسماق ، قاپقانلار بىلەن بۆدۈنە ، توشقان تۇتۇشمۇ خۇددى شۇنداق ئىش . هە ، راست ، قوناقلىقتىن كۆكۋاش ئېلىپ چىقىپ ئۆزىمىز پۇچۇلاپ يېسەك بولامدۇ ـ يا ، بۇمۇ بولمايدۇ ، هېلىقى ۋاقتىدا كۆكۋاش پۇچۇلاپ يېدۇق ، دەپ ئورمانلىققا ئوت قويۇۋەتكىلى تاس قالغاندۇق . . . هە ، بىلدىم ، چالما ـ كېسەك ئېتىشىپ ئوينىساق بولغۇدەك . «كۆك تېرەك» مەهەللىسىدىكى باللار هەممە ئىشتا بىز بىلەن بەسلىشىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇلار بىلەن چالما ـ كېسەك ئۇرۇشى قىلىپ ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى . قېنى قايسىمىز باتۇر ئىكەنمىز . . . ئەلقۇد خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئۇخلاپ قالدى .

ئەتىسى ئەلقۇد مەهەللىدىكى باللارنى يىغىپ «كۆك تېرەك» مەهەللىسىدىكى باللار بىلەن چالما ـ كېسەك ئېتىشىپ ئوينىماقچى بولدى .

بۇ ئويۇندا ئىككى مەهەللىنىڭ باللىرى خۇددى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى قوشۇندەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر ـ بىرىگە چالما

ـ كېسەك ، تاش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاتاتتى . ئەگەر قايسى مەھەللىسىدىكى بالىلار چالما ـ كېسەكتىن قورقۇپ قاچسا ياكى يېڭىلگەنلىكىنى جاكارلىسا شۇ تەرەپ يېڭىلگەن ھېسابلىناتتى . ۋارىس ، خۇشتارلار بۇ ئويۇننى ئوينىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇلار يېقىندىن بېرى «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى بالىلار بىلەن پۇتبول ۋە باشقا مۇسابىقىلەرگە چۈشكەندە يېڭىلىپ قېلىپ ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش پۇرسىتى تاپالماي يۈرەتتى . ئۇلار مۇسابىقىدە يېڭىلگەنسېرى «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى بالىلار يوغانچىلىق قىلىۋاتقاندەك ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— بۈگۈن مەن ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ھېلىقى ئەنزەر دېگەننىڭ بېشىنى يېرىۋەتمەيدىغان بولسام ، ئۇ بەك ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىپتۇ ، — ۋارىس قىزىرىپ ، كۆپۈپ ، سۆزلەپ كەتتى .

— سەن ئۈنچىلىك پۇتبول ئويناپ قالساڭ بىزنىمۇ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىسەن ، ھېلىمۇ كەمتەر ئىكەن . ئۇ ھەر قېتىم بىزنى مۇسابىقىدە ئۇتۇۋالغاندىمۇ ، يېڭىلىپ قالغاندىمۇ بىزنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈۋاتىدۇ ، — خۇشتار ۋارىسنى تېرىكتۇردى .

— سەن كەچكىچە ئاشۇ كۆك تېرەكتىكىلەرنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ ، ئۆيۈڭنى ئاشۇ مەھەللىگە كۆچۈرۈپ قويامدۇق يا . . .

— مەن راست گەپ قىلدىمغۇ ، ئەنزەر نەدە ھاكاۋۇر ؟

ۋارىس بىلەن خۇشتار تاكاللىشىۋاتقاندا ئەلقۇدلار «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چالما ـ كېسەك ئويۇنىنى باشلايدىغان بولۇپ كەلدى .

ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مەھەللىسى تەرەپتە تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە چالما ـ كېسەك ئېتىشقا باشلىدى . بالىلار خۇددى جەڭگە چۈشكەندەك قېنى قىزىپ كۈچەپ چالما ـ كېسەك ئاتاتتى .

ۋارىس چالما ـ كېسەكلىرىنى ئەنزەرگىلا قارىتىپ ئاتاتتى . ئۆزىنى قوغداشنى ئۇنتۇپ ، «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكىلەر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ باراتتى . ئالدىدىلا «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى باشقا بالىلار تۇرسىمۇ ئۇلار بىلەن كارى بولماي ، ئەنزەرگىلا

قارتىپ چالما ـ كېسەك ئاتاتتى . ئۇنىڭ بۇ قاراملىقى ئەلقۇدلارنى ئەنسىرەتكەن بولسا ، ئەنزەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى . بولۇپمۇ ئەنزەرنى «كۆك تېرەك» مەھەللىسىنىڭ پەخرى دەپ قارايدىغانلار ئەنزەرنى قوغداپ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كەلگەن ۋارىسقا ھۇجۇم قىلدى .

— ۋايجان ! ۋايجان بېشىم ، — ۋارىس بېشىنى تۇتقىنىچە ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇۋالغان قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ چىقىشقا باشلىدى . بۇنى كۆرگەن «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى باللار قېچىپ كەتتى .

ئەلقۇدلارنىڭ ئويناۋاتقان يېرى ئۇنىڭ بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولغاچقا ئەلقۇدلار ۋارىسنى بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . ھەسەن مۇدىر ۋارىسنىڭ بېشىدىكى قاننى توختىتىپ دورا چېپىپ تېڭىپ قويدى . ۋارىس غەزەپ بىلەن :

— بېشىمنى چوقۇم ئەنزەر يېرىۋەتتى ، — دېدى .

— نېمىشقا يېرىۋەتتى ؟ — ھەسەن مۇدىر سورىدى .

— تاش ئېتىپ .

— بىكاردىن ـ بىكارغىمۇ ؟

— چالما ـ كېسەك ئويىنىغان ئىدۇق .

— سىلەرمۇ ئۇلارغا چالما ـ كېسەك ئاتقانمۇ ـ ئاتمىغانمۇ ؟ — ھەسەن مۇدىرنىڭ جىددىي سورىغان سوئالىغا باللار جاۋاب بېرەلمەي جىم بولۇپ قالدى . بىراق ۋارىس يەنىلا تەن بەرمەي غودۇڭشىدى :

— ئاتساقمۇ بېشىغا ئاتمىغاندۇق . بېشىغا ئاتقان بولساق بېشىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتەتتۇق ، — ۋارىسنىڭ بۇ گېپىدىن باللار پاراققىدە كۈلۈشتى .

ھەسەن مۇدىر باللارنى ھويلىسىدىكى قېرى ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئولتۇرغۇزۇپ نەسىھەت قىلدى .

— چالما ـ كېسەك ئويۇننى ئوينىمىساڭلار بولمامدىكەن ؟ — ھەسەن مۇدىر ئاچچىقلىنىپ سورىدى .

— ئەمىسە قايسى ئويۇننى ئوينايمىز ؟ — ۋارىس مىشىلداپ

قويدى .

ئەلقۇدمۇ بۇۋىسىدىن سورىدى .

— بوۋا ، سىلەر كىچىك ۋاقىتىڭلاردا قانداق ئويۇنلارنى ئوينايتى-تىڭلار ؟

— بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدا ئوينايدىغان ئويۇنلىرىمىز كۆپ ئىدى . مەن بۈگۈنكى مۇشۇ ئىشىڭلارنى كۆرۈپ سىلەرگە ئاشۇ ئويۇنلارنى ئۆگىتىپ قويمىغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم . ئۇ ئويۇنلار سىد-لەرنى دوست قىلىدۇ ، كۆڭۈلۈڭلارنى خۇشال قىلىدۇ . بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىز ھەقىقەتەن كۆپ . ئاشۇ ئويۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر سىلەرنىڭ ئوينىشىڭ-لارغىمۇ ماس كېلىدۇ . شۇڭا ، مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرگە ئاشۇ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىزنى ئۆگىتەي ، مەن بىردەم ئويلىنىۋالاي ، سىلەر باغقا تۆكۈلۈپ كەتكەن ئالمىلارنى تېرىۋېتىڭلار ، — باللار ھەسەن مۇدىرنىڭ ئۆزلىرىگە ئويۇن ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىدىن خۇ-شال بولۇپ باغقا تۆكۈلگەن ئالمىلارنى تېرىشقا باشلىدى . ھەسەن مۇدىر باللارغا ئالدى بىلەن ئۆزى باللىق چاغلىرىدا ئوينىغان «قارا - قارا قۇشلارىم» ئويۇننى ئۆگەتمەكچى بولدى . بۇ ئويۇن باللاردا كوللېكتىپنى سۆيۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈس-تىگە بۇ ئويۇندا «ئايرىلغاننى بۆرە يەر» دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن . توغرا ، باللارنى ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشكە ئۈندەيدى-غان ، قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ئويۇنلىرىمىز تۇرۇپ ، باللىرىمىز ئويۇن تاپالماي بىر - بىرىگە چالما - كېسەك ئېتىپ باشلىرىنى يېرىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ ؟ ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلغان ھەسەن مۇدىر ئالما تېرىۋاتقان باللارنى يىغدى .

— بۈگۈن سىلەرگە ئۆگىتىدىغان ئويۇننىڭ ئىسمى «قارا - قارا قۇشلارىم» ، — ھەسەن مۇدىر خۇددى دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىدى .

— بۇ ئويۇنغا ئالدى بىلەن بىز «ئانا» تاللىۋالىمىز . كىمنىڭ بويى ئەڭ ئېگىز بولسا ، شۇنى ئانا قىلىمىز ، ئارىمىزدا كىمنىڭ بويى ئەڭ ئېگىز ؟

— ۋارىسنىڭ !
— ئەمىسە ۋارىس ئانا بولسۇن .
— بولىدۇ ، بولىدۇ ! — باللار پاراقلاپ كۈلۈشتى . بېشى يېرىلىپ كەتكەندىن بۇيان كۈلۈش تۇرماق ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ۋارىسمۇ كۈلدى .
— ئۇنداق بولسا مەن لاچىن بولاي ، — ھەسەن مۇدىرمۇ سەبىيلەرچە كۈلدى . ئەلقۇدمۇ بوۋىسىنىڭ مۇشۇ قىلىقىنى بەك ياخشى كۆرەتتى . بەزى چاغدا ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قالاتتى .
— ئەمىسە سىلەر ھەممىڭلار «ئانانىڭ»لارنىڭ كەينىگە تىزىلىڭ- لار ، — ھەسەن مۇدىرنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن باللار ۋارىسنىڭ كەينىگە تىزىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئويۇن باشلاندى . ئەلۋەتتە ، بۇ ئويۇن ھەسەن مۇدىر باللارغا قايتا - قايتا ئۆگەتكەندىن كېيىن باشلاندى .
ھەسەن مۇدىر : قارا - قارا قۇشلارىم .
ئارقىڭدىكى نېمىلەرىڭ ؟
ۋارىس : ئۇششاق - ئۇششاق باللارىم .
ھەسەن مۇدىر : ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ .
ۋارىس : كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ .
بۇنىڭ بىلەن «لاچىن» قاتار تىزىلغان سەپكە ھۇجۇم باشلىدى . «ئانا» باللىرىنى جان تىكىپ قوغدىدى . «ئانا» قايسى تەرەپكە قانات قاقسا باللىرىمۇ سەپتىن چۇشۇپ قالماي ئۇنىڭغا ئەگەشتى . «لاچىن»مۇ بوش كەلمىدى . ئويۇن بىرنەچچە رەت تەكرارلانغاندىن كېيىن ، ھەسەن مۇدىر سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى خۇشتارنى «ئول- جا» ئېلىۋالدى . ئويۇن مانا مۇشۇ تەرتىپدە دەۋر قىلىپ ئۇزۇن داۋاملاشتى . ھەسەن مۇدىر ئۇلارغا يەنە يۇقىرىقى ئويۇن بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان «ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك» ئويۇنىنىمۇ ئۆگەت- تى . بۇ ئويۇن يۇقىرىقى ئويۇنغا ئوخشاپ كەتسىمۇ ، بۇ ئويۇنغا قاتنىشىدىغان باللار قارىمۇقارشى ئىككى سەپ بولۇپ تىزى- لىپ بىر - بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىشىدۇ ۋە بىر - بىرىگە

قارىمۇقارشى هالدا قوشاق ئېيتىشىدۇ.

1 ـ رەت: ئاق تېرەك، كۆك تېرەك.

بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟

2 ـ رەت: باتۇر قىز كېرەك.

1 ـ رەت: باتۇر قىزنىڭ ئىسمى كىم؟

2 ـ رەت: ئىسمى ئۇنىڭ مەلىكەم.

1 ـ رەت: كۆچۈڭ يەتسە ئال كېلىپ.

سېپىمىزنى سەن يېرىپ.

2 ـ رەت: چىۋىق بىلەن ئۇرىمىز.

كەمپۈت بىلەن ئالدايمىز.

1 ـ رەت: ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايمىز.

كۆچۈڭنىمۇ سىنايمىز.


بۇنىڭ بىلەن تارتىشماق باشلىنىدۇ. 2 ـ رەت 1 ـ رەتنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭغا 1 ـ رەتتىكى بالىلار يول قويمايدۇ. نەتىجىدە سەپ بويىچە ئۆزئارا كۈچ سىنىشىش باشلىنىدۇ. ناۋادا قايسى تەرەپ سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ كېتەلىسە قولى ئايرىلىپ كەتكەن بالىنى «ئولجا» ئالغان ھېسابتا شۇ تەرەپ ئۆز سېپىگە قېتىۋالىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ سېپىدىكى بالىلار «ئولجا» ئېلىنىپ تۈگىسە، ئۇ تەرەپ يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ بىر مەيدان ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. تۈرلۈك ئويۇنلار كەينى ـ كەينىدىن قىزىپ كەتكەچكە ھەسەن مۇدىرنىڭ ھويلىسىغا بىردەمدىلا مەھەللىدىكى ھەممە بالىلار دېگۈدەك يىغىلدى. ھەسەن مۇدىر بالىلارغا ئويۇنلارنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۆگەتتى. بالىلارمۇ بۇ ئويۇنلارغا قىزىقىپ قالغاچقا ئويۇنلارنى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. ھەسەن مۇدىرنىڭ ھويلىسى بالىلار بايرىمى بولغاندەك شادلىققا چۆمدى. تەتىلدە قانداق ئويۇن ئويناشنى بىلەلمەي تۇرغان بالىلار ئۈچۈن بۇ تولىمۇ خۇشاللىق ئىش بولدى. ھەسەن مۇدىر ئۇلارغا يەنە تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئۆگىتىپ قويدى. ھەسەن مۇدىر بالىلار ئارىسىدىن يېنىپ چىقىپ پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئوينىغان ئويۇنلىرىنى ئوينا-


ۋاتقانلىقىدىن چەكسىز شادلاندى.
ئەتىسى ئەلقۇدلار مەھەللىدە يەنە تۈنۈگۈنكى ئويۇنلارنى ئويناۋا-تاتتى. ۋارىسنىڭ تېڭىقلىق بېشى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئويۇندىن قول ئۈزگۈسى كەلمىدى. شۇ چاغدا «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى ئەنزەر بىلەن يەنە ئىككى بالا ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەنزەر بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلارنى كۆ-رۈپ بېشى تېخىچىلا زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان ۋارىسنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئويۇنىنىمۇ تاشلاپ يول ياقىسىدىكى خىش پار-چىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەنزەرلەرنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.
— ھە، نېمىگە كېلىشتىڭ؟ يەنە نومۇس قىلماي بۇ مەھەللىگە كېلىشىپسەنغۇ؟! مەنمۇ بېشىڭلارنى يېرىپ باقايمۇ؟ — ۋارىس قولىدىكى خىش پارچىسىنى ئەنزەرلەرگە قارىتىپ ئاتماقچى بولدى. بىراق، ئەلقۇد ئۇنى توسۇۋالدى.
— ۋارىس، نېمانچە ئۇششۇقلۇق قىلىسەن؟ ئۇلار سېنىڭ بېشىڭنى قەستەن يېرىۋەتمىدى، ئۆزىمىز قاملاشمىغان ئويۇننى ئوي-نىغاچقا شۇنداق بولدى. بىزمۇ ئۇلارغا قارىتىپ تاش - كېسەك ئاتمىغانمۇ؟ بولتۇر بىز «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى بالىلارنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەنتۇققۇ، شۇ چاغدا ئەجەب «بىز قەستەن قىلمى-دۇق، ئۇ دېگەن ئويۇن» دەۋاتماتتىڭ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ۋارىس يەرگە قارىغىنىچە جىم تۇرۇپ قالدى.
— بىزمۇ تۈنۈگۈن خاتا قىپتۇق، — دېدى ئەنزەر ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقتىن كېيىن، — بۇ ئىش سەۋەبىدىن ئىككى مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ دوستلۇقىغا تەسىر يېتىدىغان بولدى دەپ كۆڭلىمىز يېرىم بولدى. شۇڭا، بىز ۋارىسنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنىدۇق. بىز خاتا قىپتۇق. كەچۈرگىن ۋارىس، مانا ماۋۇ ئاز بولسىمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، — ئەنزەر سېۋەتتىكى ئالما، شاپتۇل، ئۈزۈم-لەرنى ۋارىسنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ چاغدا ۋارىسنىڭ قولىدىكى خىش پارچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى...
شۇنىڭدىن كېيىن «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى بالىلار بى-لەن «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى بالىلار چالما - كېسەك ئويۇنى

ئوينىمايدىغان بولدى . ئۇلار دائىم دوستانە هالدا پۇتبول ئوينىغان-
دىن باشقا ھەسەن مۇدىر ئۆگەتكەن تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئوينايدىغان
بولدى . بۇ ئويۇنلار ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى تېخىمۇ كۇچەيتىپ ،
ئۇلارنىڭ باللىق قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى .

هازىر بۇ يەردە ھەر كۇنى دېگۇدەك باللارنىڭ شوخ ، ياڭراق
ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى :

A : ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك ،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك ؟
B : زېرەك ، چېچەن قىز كېرەك ،
باتۇر ، قەيسەر ئوغۇل كېرەك .
A : ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك .
. . . . . . . . . . . . . . .





# 22 . ئەلقۇدنىڭ شاھ بولغانلىقى

ئەلقۇدلار بۇ غەلىتە جايغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى . بۇ يەردىكى دەرەخلەرمۇ ، ئۆيلەرمۇ پاكار بولۇپ ئەلقۇدلارنىڭ بويىدىن ئازراقلا ئېگىز ئىدى . يوللارمۇ تار ۋە كالتە ئىدى . ئەمدىلا تىككەندەك كىچىك دەرەخلەر مېۋىلىگەن بولسىمۇ ، قورۇلۇپ قاقتەك بولۇپ قالغانىدى . كوچىلاردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . بۇ ئەلقۇد ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى سىرلىق ماكانغا ئوخشايتتى . ئەلقۇدلار بۇ يەردە بىرەر ئادەم ئۇچرىسا شۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى سوراپ باقماقچى بولدى . بىراق بۇ كىچىك ۋە كالتە كوچىلاردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . باغچىلاردىكى ئويۇنچۇق ئۆيلەردەك بۇ ئۆيلەردە كىملەرنىڭ ياشايدىغانلىقى ئەلقۇدلارنى بەك قىزىقتۇردى . شۇڭا ، ئەلقۇد بۇ يەردە نېمە بارلىقىنى تۇماردىن سوراپ باقماقچى بولدى :

— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، بىز ھازىر نەدە ؟ بىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدۇق ؟ — ئەلقۇد بۇ سوئالنى تۇماردىن بىرنەچچە قېتىم سورىغاندىن كېيىنلا تۇمار ئالدىرىماي جاۋاب بەردى :

— سىلەرنىڭ ھازىر قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىڭلارنى مەنمۇ بىلمەيمەن . مېنىڭمۇ بىلمەيدىغان نەرسىلىرىم كۆپ ، ھەرقانداق ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت چەكلىك بولىدۇ . مېنىڭمۇ خاسىيىتىم چەكلىك ، بەزى چاغلاردا سىلەرگە ياردەم قىلالماي قالىدىغان چاغلىرىم بولىدۇ ، كەچۈرۈڭلار ، مەن ھازىرچە سىلەرگە ياردەم قىلالمايمەن ، سىلەر ئۆزۈڭلار ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ، بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى بىلىڭلار . . . — تۇمار شۇنداق دەپ جىمىپ كەتتى . ئەلقۇدلارنى سۈر باسقاندەك بولدى . ئۇلار ئازراق ماڭغاندىن كېيىن پاكار ئويۇنچۇق ئۆيلەر غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىدا شەكلى ۋە قىياپىتى خىلمۇخىل ئېگىز ، ھەيۋەتلىك بىنالار پەيدا بولدى . كوچىلار ئازادە بولسىمۇ ، يەنىلا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . بىلال بىلەن زىلال سۈرلۈك

تىمتاسلىقتىن قورقۇپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئەلقۇدقا يېپىشى-
ۋالدى . ئۇلار هازىر قانداق ۋاقىتتا تۇرغانلىقىنى بىلەلمىدى . بايا
تېخى ئاسماندا قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى . مانا ئەمدى ئۇلار ئاسمان-
دا نۇرلىنىپ تۇرغان تولۇن ئاي ۋە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى
كۆردى . بۇ كېچىدە سىرلىق يەردە قانداق قىلارمىز دەپ بولغۇچە
ئۇلار يەنە ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنى كۆردى . ئەلقۇدلار
بۇ سىرلىق شەھەردە مېڭىۋېرىشتىن قورقتى . شۇڭا ، ئۇلار ئاسمان-
دىكى قۇياشنىڭ يەنە ئايغا ئالمىشىشىدىن بۇرۇن بۇ يەردىكى بىرەر
ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپ باقماقچى بولدى . ئۇلار يەنە بىردەم
تېڭىرقاپ ماڭغاندىن كېيىن يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى چوڭ بىر
قوۋۇقنى چەكتى . قوۋۇق خېلى ئۇزۇن چېكىلگەندىن كېيىن ئەن-
سىز غىچىرلاپ بوي ـ بەستى ئەلقۇدلار بىلەن تەڭ بولسىمۇ ، ئاپئاق
ساقىلى يەرگە تېگىپ تۇرغان بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ
ناهايىتى يوغان بىر ئالتۇن ئاچقۇچنى تۇتقۇزدى .

— بۇ نېمە ؟ بىز بۇنى نېمە قىلىمىز ؟ ! — ئەلقۇد ساقاللىق
بالىدىن شۇنداق دەپ سورىغان بولسىمۇ ئۇ هېچ نەرسە دېمەي كىرىپ
كەتتى . ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئاچقۇچتىن سادا
كەلدى :

— ئەلقۇد ، سىلەر مېنى يەرگە قويۇپ ماڭا مىنىڭلار ، سىلەر-
نى چۆچەكلەر شەهىرىگە ئېلىپ بارىمەن .

ئەلقۇد ئالدىدىكى ئاچقۇچنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك
بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى :

— بىز . . . بىز سىزگە قانداق مىنىمىز ؟

— مېنى يەرگە ياتقۇزۇپ مىنسەڭلار بولىدۇ ، — ئەلقۇدلار
بايىقىدىنمۇ يوغىناپ كەتكەن ئاچقۇچنى يەرگە ياتقۇزغاندىن كېيىن
ئۇنىڭدىن سورىدى :

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

— مەن بايىقى مەڭگۈلۈك بالىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى . مەن
بىلەن چۆچەكلەر شەهىرىنىڭ قوۋۇقىنى ئاچقىلى بولىدۇ .

— مەڭگۈلۈك بالا دېگەن قانداق بالا ئۇ ؟

— ئۇ چوڭ بولمايدىغان ، قېرىمايدىغان ، ئۆلمەيدىغان بالا .
— بايىقى ئاق ساقاللىق بالا ئۆلمەيدىغان بالىمۇ ؟
— شۇنداق ، چۆچەكلەر ئۇنىڭغا شۇنداق خاسىيەت ئاتا قىلغان .
— ئۇنداق بولسا بىزمۇ ئاشۇ مەڭگۈلۈك بالىدەك چوڭ بولمايدىغان ، قېرىمايدىغان ، ئۆلمەيدىغان بالىغا ئايلىنالامدۇق ؟
— ئۇنى بىلمەيمەن . ئۇ ، سىلەرنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى بىلىپ مېنى سىلەرگە بەردى . سىلەر ئالدى بىلەن ماڭا مىنىڭلار ، قالغان گەپنى كېيىن قىلىشارمىز ، — ئەلقۇدلار يەنە سوئال سوراۋەرسە ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ گەپ قىلالماي قالدى . ئۇلار ئالدىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ بايىقىدىن خېلىلا يوغىناپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، بىر ئاتقا ئۈچى تەڭ مىنگەندەك قاتارلىشىپ ئولتۇردى . كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە ئالتۇن ئاچقۇچ ھەيۋەتلىك بىر سۇمۇرغقا ئايلاندى . سۇمۇرغ بىرلا قانات قېقىپ ئۇلارنى ئاسماننىڭ قەھرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئەلقۇدلار قۇياشقا يېقىنلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . سۇمۇرغ خېلى ئۇزۇن ئۇچقاندىن كېيىن ، پەسلەپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى . بىلال بىلەن زىلال ھازىر بۇنداق غەيرىي كەچۈرمىشلەردىن ئانچە ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . سۇمۇرغ پەسلەپ ئۇچۇپ يەرگە چۈشكەندە يەنە ئالتۇن ئاچقۇچ ھالىتىگە كەلدى . ئەلقۇدلار ئۆزىنى يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ، تۈرلۈك رەڭدىكى قۇشلار سايراپ ، تەبىئىي فونتانلار ئېتىلىپ تۇرغان ، ئاسمىنىدا ھەسەن – ھۈسەنلەر جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈزەل بىر باغچىدا كۆردى . ئالتۇن ئاچقۇچ ئەلقۇدلارغا :
— مەن سىلەرنى «چۆچەك بالىق»نىڭ قوۋۇقى ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم . كۆردۈڭلارمۇ ؟ — ئالتۇن ئاچقۇچ بايىقى گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە يالتىراپ تۇرغان بىر ئالتۇن قوۋۇقنى كۆرسەتتى ، — مانا بۇ «چۆچەك بالىق»نىڭ ئالتۇن قوۋۇقى .
«قوۋۇق» دېگەن بۇ گەپنى ئەلقۇدلار ئانچە چۈشەنمەي بىر – بىرىگە قارىدى . ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئالتۇن ئاچقۇچ چۈشەندۈردى :

— قوۋۇق دەرۋازا دېگەن گەپ . «چۆچەك بالىق» چۆچەكلەر شەھىرى دېگەن گەپ . سىلەر موماڭلار ياكى بوۋاڭلاردىن چۆچەك ئاڭلىغانمۇ ؟ ئاشۇ چۆچەكتە ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ «چۆچەك بالىق»نىڭ ئىچىدە بار . ئاۋۇ ئالتۇن قۇلۇپنى كۆرگەنسىلەر ؟ — ئەلقۇدلار مۇشۇ گەپتىن كېيىنلا ئالتۇن قوۋۇقنىڭ ناھايىتى يوغان بىر ئالتۇن قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى .

— بۇ ئالتۇن قۇلۇپنى مەندىن باشقا ھېچكىم ئاچالمايدۇ ، — ئالتۇن ئاچقۇچ مەغرۇرلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەنمۇ بايىقى مەڭگۈلۈك بالىنىڭ رۇخسىتىسىز ئاچالمايمەن . مەن ئۇ بالا بىلەن ياشاۋاتقىلى نەچچە مىڭ يىل بولغان بولسىمۇ ، بۇ ئالتۇن قوۋۇقنى ھېچكىمگە ئېچىپ بەرمىگەنىدى . بۇنى سىلەرگە ئېچىپ بەرگەنلىكىمگە ھەيرانمەن . ئۇ دۇنيادىكى ھەممە بالىلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ . بالىلارنىڭ مەڭگۈ خۇشال ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ . ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە خۇشاللىق ئەۋەتىپ تۇرىدۇ . ھەرقانداق بالا يامان كۈنگە قالسا ئۇ ئازابلىنىدۇ . ئۆزىمۇ ھەر كۈنى بالىلارچە شادلىق ئىچىدە ياشايدۇ . ئۇنىڭدا نۇرغۇن خىسلەت ۋە خاسىيەت بار .

— ئۇنداق بولسا ، ئۇ «مەڭگۈلۈك بالا» بىز بىلەن نېمە ئۈچۈن پاراڭلاشمايدۇ ھەم دوست بولمايدۇ ؟ — ئەلقۇد ئالتۇن ئاچقۇچتىن سەممىيلىك بىلەن سورىدى .

— بەلكىم ھازىرچە ۋاقتى ئەمەس دېگەندۇ ، ئۇ كېيىن چوقۇم سىلەر بىلەن پاراڭلىشىدۇ ، مېنى سىلەرگە بەرگەنلىكى ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن دوست بولغانلىقى . ئەمدى سىلەر بىلەن كۆپ پاراڭلىشالمايمەن . قوۋۇقنى ئېچىپ بېرەي ، — ئالتۇن ئاچقۇچ شۇنداق دەپ قوۋۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلۇپقا ئۆزىنى تەگكۈزۈپ قويدى . ياڭراق كۈيدەك بىر ئاۋاز چىقىپ ، قوۋۇق ئېچىلىپ رەڭگارەڭ نۇر چاقناپ ئەلقۇدلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى . ئۇلار قانداق قىلىپ گۈزەل چۆچەكلەر شەھىرىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى . ئەلقۇدلار ئالتۇن - كۈمۈشتىن جابدۇقلىرى بار ، چاپچىپ

تۇرغان سۆلەتلىك ئۈچ ئاتقا مىنىۋالغانىدى . ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانسىز ئادەملەر قوللىرىغا رەڭگا-رەڭ گۈللەرنى جۇلالاندۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى . ئەنە شۇ چاغدىلا ئەلقۇد بېشىدا شاھلىق تاجىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ، ئۆزىنى قارشى ئېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان «خۇش كەپسىز ، شاھ ، مۇبارەك بولسۇن ! كېرەملىك شاھىمىز » دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ ، بۇ گەپنىڭ كىمگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى . بىلال بىلەن زىلال ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان بولۇپ ، سۆلىتىمۇ ئەلقۇدتىن ئانچە قېلىشمايتتى . ئەلقۇد كەينىگە قارىدى . ئۇلارنىڭ كەينىدە دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيىپ ، نەيزە ـ قالقانلارنى كۆتۈرۈۋالغان سانغۇن ۋە لەشكەرلەر ئاتلىق ۋە پىيادە كېلىۋاتاتتى . ئەلقۇدلار قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىۋات-قان سانغۇن ، ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاق ساقاللىق بىر ئەركان ئەلقۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى .

— ھۆرمەتلىك شاھىم ، سىلى بۈگۈندىن باشلاپ بىزگە شاھ بولدىلا ، ئۆزۈڭدىن بېرى ئالتۇن قوۋۇقىمىزنى كىم ئېچىپ كىرسە شۇنى خاندانلىققا شاھ قىلىمىز دەپ كەلگەنىدۇق . لېكىن ، نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، «چۆچەك بالىق»نىڭ ئالتۇن قوۋۇقىنى ھېچكىم ئېچىپ باقمىغانىدى . بۈگۈن بىز ئىنتايىن خۇ-شال . ئەمدى بىزنىڭ شاھلىق تەختىمىز مۆڭلىنىپ تۇرمايدىغان بولدى . مانا ماۋۇ ئىككى دوستلىرى سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن ئىلگە-ىرى ـ كېيىن كىرگەچكە ئوڭ ۋە سول قول ۋەزىرلىرى بولدى . بىز ھازىر ئوردىغا كېتىۋاتىمىز ، يولنى ئات بىلىدۇ ، ئاتنى مەيلىگە قويۇپ بەرسىلە . ئۇ سىلىنى ئۇدۇل ئوردىغا ئېلىپ كىرىدۇ ، — ئەلقۇدتا بىردەمدىلا شاھلارغا خاس مىجەز ـ خۇلق يېتىلىپ بولغان-دەك ئەركانغا نېمانچە كۆپ گەپ قىلىسەن ، دېگەندەك ئالىيىپ قاراپ قويدى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ۋەزىرلەرگە خاس ئاقىلانىلىك بىلەن ئاتلىرىنى ئەلقۇدنىڭ ئېتىدىن ئىككى قەدەم ئارقىدا قالدۇ-رۇپ ، ئەتراپتىكى قارشى ئالغۇچىلارغا نەزەر سالماي ئولتۇراتتى .

ئەلقۇدلار ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق مەلىكە، كېنىزەكلەر ئەلقۇدلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئەلقۇد ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە ئەقىللىق ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇشى مۇقەررەردەك ئانچە ھەيران قالمىدى. بىلال ئۆزىگە كېلىۋاتقان ئالقىش، شان - شەرەپلەرنىڭ ئەلقۇدقا كېلىۋاتقان شان - شەرەپلەرگە يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ سەل كۆرەلمىگەندەك بولدى. مەن نېمىشقىمۇ بىرقەدەم بۇرۇن ماڭمىغان بولغىيتتىم، شۇنداق قىلغان بولسام مەن شاھ بولاتتىم، ئەمدى ئەلقۇد نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دەپ ئۆتەرمەنمۇ؟ ياق، ئۇنداق بولسا بولمايدۇ. بۇ تازا ئادىل بولمىدى، دەپ ئويلاۋاتاتتى. زىلالمۇ: ئەلقۇدنىڭ شاھ بولغىنىغۇ بوپتۇ، ئۇنىڭ ھەر ھالدا خاسىيەتلىك تۇمارى بار، بىراق ماۋۇ بىلال دېگەن ئاداش نېمە دەپ ئوڭ قول ۋەزىر بولىدىكەن؟ ھوقۇق جەھەتتە ئوڭ قول ۋەزىر سول قول ۋەزىردىن ئۇستۈن تۇرىدىغان تۇرسا، ياق، ياق... مەن چوقۇم ئوڭ قول ۋەزىر بولىمەن... ياق، ياق، ئەلقۇدنىڭ خاسىيەتلىك تۇمارى بۇ يەردە نېمىگە ئىشلەيتتى. ئەڭ ياخشىسى مەن شاھ بولسام بولغۇدەك... دەپ خىيال قىلىۋاتاتتى.

ئوردا بايرامدەك قايناپ كەتتى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى شاھسىز تۇرغان ئوردا بۈگۈن يېڭى شاھنى كۆرۈپ جانلىنىپ كەتكەنىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى نەغمە - ناۋا قىلماي زېرىكىپ قالغان ئوردا سەنئەتچىلىرى، قىزىقچىلىرى يېڭى شاھقا ياخشى كۆرۈنۈۋالماقچى بولغاندەك ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئوردا ئىچىنى قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. ئەلقۇدنىڭ كۆزىگە تەخت ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، ناخشا ئېيتىپ، نەغمە قىلىۋاتقانلار كۆرۈنمىدى. ئۇ نېمىندۇر خىيال قىلغىنىچە ئولتۇراتتى. يېڭى شاھنىڭ كەيپىنىڭ تازا كۆتۈرۈلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوردا چاپارمەنلىرى ئەلقۇدنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە شاھىم، بۇ نەغمە -

ناۋالار كۆڭۈللىرىگە ياقمىغان بولسا، باشقىسىغا ئالماشتۇرايلىمۇ؟ بىردەم ئارام ئېلىۋالامىلا ياكى ھۇجرىلىرىنى ھازىرلا... — دېيىشكىلى تۇردى.

بىراق، ئەلقۇدنىڭ كاللىسىدا باشقىچە خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرۇشىنى خالىمايتتى. شۇڭا، بۇ مەملىكەتكە بىلال، زىلال ئۈچىمىز تەڭ شاھ بولايلى دېگەن پەرماننى چۈشۈرمەكچى بولدى. ئۇردىنىڭ نەغمىچى، قىزىقچىلىرى يېڭى شاھىمىزنى نېمىشقا خۇشال قىلالمايدىغاندىمىز دەپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆچەپ كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، شاھ ئەلقۇد بىلەن ۋەزىر بىلال، زىلاللار ئۇلارنىڭ نەغمە ـ سازلىرىغا قۇلاق سالماي مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

«بۇرۇن بىر دۆلەتكە ئۈچ ئادەم تەڭ شاھ بولغىنىمۇ بولغىمىغانمىدى؟ مەن ئوقۇغان چۆچەكلەردىنمۇ ئۇنداق گەپ ئۇچراتمىدىم، بۇرۇنقىلار بىلەن نېمە كارىم، مەن بىلال ۋە زىلال بىلەن جان دوست تۇرسام» ئەلقۇدنىڭ ئېسىگە ئۇلارنىڭ دوست بولغان ۋاقتى كەلدى:

دوست، دوست، چىمەن دوست،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى،
يىغلىساقمۇ تەڭ يىغلاپ،
كۈلگەندە تەڭ كۈلەيلى.
ياخشى ئوقۇپ مەكتەپتە،
كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەيلى.
بىللە ئويناپ مەھەللىدە،
تەڭ يۈگۈرۈپ، سەكرەيلى.
دوست، دوست، چىمەن دوست،
تەڭ ئويناپ، تەڭ كۈلەيلى.

«توغرا، بىز دوست بولغان چاغدا ‹تەڭ ئويناپ، تەڭ كۈلەيلى› دېگەن تۇرساق، بۇ يەردە مەن شاھ، ئۇلار ۋەزىر بولۇپ قالسا

قانداق بولىدۇ؟ مەن چوقۇم ھېلىقى ئەركانغا شاھلىقنى ئۇچىمىز تەڭ قىلىمىز دېسەم بولغۇدەك» .

— تىنچ! ساز - نەغمىلەر توختىتىلسۇن! — ئەلقۇدنىڭ بۇ تۇنجى پەرمانىدىن كېيىن نەغمىچى، قىزىقچىلار خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

— پەرمانبەردارمىز، — ئوردا ئەركانلىرى ئەلقۇدنىڭ ئالدىدا قاتار بولۇپ قول قوشتۇرۇپ، يەرگە قاراپ تۇردى.

ئەلقۇد ئاقساقاللىق ئەركاننى ئالدىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئېيتتى. لېكىن ئەركان:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئالىيلىرى، ئەلمىساقتىن تارتىپ بۇنداق ئىش بولغان ئەمەس، كەمىنىلىرى ھازىرغىچە شاھلىق ۋە شاھلىق تەختىگە ئائىت مىڭلاپ كىتاب - ناملەرنى ئوقۇغان. بىر ئوردىدا ئۈچ تەخت بولغاننى كۆرۈش ئەمەس، ئاڭلىغان ئەمەسمەن. شاھلىق پەقەت سىزگىلا مەنسۇپ، ئۇنى ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئۈتۈنۈپ بېرىشكە ياكى ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ، — دېدى.

— بۇ گەپنى باشقا ئەركانلارمۇ ئاڭلىسۇن! ئېنىق دەيلى! — ئەلقۇد شاھلارچە تەلەپپۇز بىلەن بۇيرۇق قىلدى.

— لەببەي، كېرەملىك شاھىم، — ئاقساقاللىق ئەركان ئەلقۇدقا يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن خۇشامەت بىلەن سۆزلىدى، — شاھ ئالىيلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى دېڭىزدەك پايانسىز بولغاچقا شاھلىق تەختىدە ھازىرقى مۇشۇ ئىككى ۋەزىر ئەزەم بىلەن بىللە ئولتۇرساق، ئۇچىمىز يېقىن دوستلاردىن، بۇ ئەلگە ئۇچىمىز تەڭ شاھلىق قىلساق دەيدۇ. ئوردا ئەركانلىرى بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىلال بىلەن زىلال خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار باشقا ئوردا ئەركانلىرىنىڭ نېمە دېيىشى بىلەنمۇ كارى بولماي:

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەلقۇد، ياق، شاھىمىز ناھايىتى توغرا ئويلاپتۇ. شاھنىڭ پەرمانىغا قوشۇلمايدىغان بىزنىڭ نېمە ھەددى-

مىز ، — دەپ ۋىچىرلاپ كەتتى . بىراق ، ئوردىدىكى باشقا ئەركانلار بىلال بىلەن زىلالنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي خۇددى ئالدىن دېيىشىۋالغاندەك :

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە شاھىم ، شاھلىق پەقەت سىلىگىلا مەنسۇپتۇر ، شاھلىق تەختلىرىدىن دوستلۇق ئۈچۈن تەڭ بەھرىمەن بولۇشلىرىنى قوبۇل قىلالمايمىز !

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئەلقۇد بېشىدىكى شاھلىق تاجىنى ئېغىر كۆرگەندەك بېشىدىن ئېلىپ يېنىغا قويۇپ ، — بىلال ، زىلال بىلەن ، ياق ، ياق ، ئىككى ۋەزىر ئەزەم بىلەن مەن شاھلىق تەختىدە كىمنىڭ ئولتۇرۇشى ھەققىدە چەك تاشلايلى . چەك كىمگە چىقسا شاھلىق تەختىدە شۇ ئولتۇرسۇن .

ئۇلار يەنە خېلى ئۇزۇن تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن ئاخىر چەك تاشلىماقچى بولۇشتى . ئاقساقاللىق ئەركان تىرناقچىلىك ئۈچ پارچە قەغەزنىڭ بىرىگە شاھ دېگەن خەتنى يېزىپ ئىككى پارچىسىغا ھېچ نەرسە يازماي پۈرلەپ ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈردى .

— شاھىنىڭ پەرمانى بولغاچقا بويسۇنۇشقا مەجبۇرمىز ، بۇ ئۈچ پارچە قەغەزنىڭ بىرىدە «شاھ» دېگەن خەت بار ، ئەگەر ئۇ قەغەزنى كىم ئالسا شۇ شاھ بولسۇن ! — ئەركان قەغەز بار قولىنى ئۇلارغا تەڭلىدى . بىلال بىلەن زىلال ئالدىراپ - تېنەپ بىردىن قەغەز پارچىسىنى قولىغا ئالدى .

زىلال قەغەزنى ئېچىپ ۋارقىرىۋەتتى :

— يوق ئىكەن ، مېنىڭكىدە يوق ئىكەن !

— مېنىڭكىدىمۇ يوق ئىكەن ! — دېدى بىلالمۇ .

ئەلقۇد ئەنە شۇ چاغدىلا ئالدىرىماي قەغەز پارچىسىنى ئاچتى . قەغەزدە «شاھ» دېگەن خەت نامايان بولدى .

— مۇبارەك بولسۇن شاھىم ، بىز دېمىدۇقمۇ ، شاھلىق پەقەت سىلىگىلا مەنسۇپ ! بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ، — ئەركانلار تەڭ سۈرەن سالدى .

— ياق ، ياق ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار ، ماۋۇ قېرى ئەلقۇدقا قايسى چەكنى ئېلىشنى دەپ قويغان گەپ ، بولمىسا نېمىشقا

ئۇنىڭغا . . . بولدى ، بولدى ، ئەلقۇد يالغۇز شاھ بولمايدۇ ، بىز ئۇچىمىز تەڭ شاھ بولىمىز ، چەكنى باشقىدىن تاشلايمىز ، — بىلال بىلەن زىلال ھۆرمەت تەكەللۇپىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇششۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى . بۇنى كۆرۈپ ئەلقۇدنىڭ ئاچچىقى كەلدى .

— پەرمان !

— لەببەي شاھ ئالىيلىرى .

— بۇ ئىككى مۇناپىق ۋەزىرنى ئەچىقىپ دارغا ئېسىڭلار !

ئەلقۇد چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . تاڭ ئاتقىلى خېلى بولغانددى . دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۆينى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئەلقۇد خېلىغىچە كۆزىنى ئاچالمىدى . ئەلقۇدنىڭ بېشىدا ئۇ ئاخشام ئوقۇغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتاب تۇراتتى .

# 23 . ئەلقۇد قۇمۇلدا

ئەلقۇدلارنىڭ ئۇچقۇ مىنىپ قۇمۇل ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگىنىگە بىرنەچچە سائەت بولدى . ئۇلار بۇ گۈزەل بوستانلىقنىڭ قەيىرىگە چۈشۈشنى بىلەلمەيۋاتاتتى . گاھ كۆتۈرۈلسە ، گاھ پەسلەيتتى . ئۇچقۇلار ئانچە ئېگىز ئۇچمىغاچقا يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۇمار ئەلقۇدقا قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈۋاتاتتى . ئەلقۇدنى قۇمۇلنىڭ دۇنياغا داڭلىق قوغۇنلىرى چىقىدىغان قوغۇنلۇقلىرىمۇ ، چىلانلىق ، ئۆرۈكلۈكلىرىمۇ ، گۈزەل باغداش ، ئاقتاش مەنزىرىلىك رايونلىرىمۇ ، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئابىدىلىرىمۇ قىزىقتۇرالمىدى . بۇ يەردىكى تۈرلۈك مەنزىرىلەر ئەلقۇدلارنى خۇددى تاللا بازىرىغا كىرىپ قېلىپ نېمە ئېلىشنى بىلەلمەي قالغان خېرىدارغا ئوخشىتىپ قويدى . ئەلقۇد تۇمارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالدى .

قۇمۇلدىكى تارانچى تېغىنىڭ مەھەللىگە يېقىن يېرىدا خەلق ئاغزىدا «سىرلىق جاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار . بۇ يەردىكى تاشلاردىن شەكىللەنگەن سىرلىق مەنزىرىلەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ . ئەلقۇد ئاشۇ سىرلىق جايغا چۈشۈشنى قارار قىلدى .

شۇ چاغدا مۇڭلۇق بىر كۈي ئۇلارنى جەلپ قىلىۋالدى . ئەلقۇدلار بۇ كۈينىڭ نەدىن چىققانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىدى . بۇ يەردە چوڭ ـ كىچىك تاشلاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى .

— بۇ يەردە ئادەمنى قىزىقتۇرغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەنغۇ ، — دېدى زىلال تېرىكىپ ، — شۇنداق چىرايلىق يەرلەر تۇرسا چۈشۈۋالغان يېرىمىزنى قارا .

— شۇ ئەمەسمۇ ، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى تاتلىق بولغاندىكىن قوغۇنلۇققا چۈشىدىغان گەپتى . ئۇسساپ كانايلىرىم قۇرۇپ كەتتى . ناۋاتتەك تاتلىق قوغۇندىن بىر تىلىم يەۋالغان بولساق نېمىدېگەن

ياخشى بولاتتى ـ هە ! — بىلال ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتىپ قويدى .
ئەلقۇدمۇ ئالدىراپ بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىـ
ۋاتقاندەك بېشىنى قاشلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . بارغانسېرى ياڭراق
ۋە مۇڭلۇق چىقىۋاتقان كۈي ئەلقۇدنى جەلپ قىلىۋالغاچقا ، بۇ يەرگە
خاتا چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى .
— قۇلاق سېلىڭلار ، بۇ كۈي نەدىن چىقىۋاتىدۇ ؟ — ئەلقۇد
قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىغاچ بىلال بىلەن زىلالدىن سورىدى .
— بۇ چوقۇم جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئاۋازى ، بولمىسا ئادەم
يوق بۇنداق تاشلىقتا بۇنداق كۈي نېمە قىلىدۇ ؟ — زىلال قورقۇمـ
سىراپ كۆزلىرىنى پارقىراتتى .
— چوقۇم جىنلار ئويۇن قويۇۋاتىدۇ ، — بىلال ئېرىنچەكلىك
بىلەن غودۇڭشىدى . ئەلقۇد ئاخىر بۇ ئاۋازنىڭ چوڭ ئادەملەردىنمۇ
يوغان بىر تاشنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدى . ئاقساقاللىق
بىر بوۋاي بۇ يەردىكى تاشلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك
ئولتۇرۇپ غېجەك چېلىۋاتقانىكەن . بوۋاي ئەلقۇدلارنى كۆرگەن بولـ
سىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك غېجىكىنى چېلىۋەردى . غېجەكتىن
تېخىمۇ مۇڭلۇق ، تېخىمۇ ياڭراق سادا يىراق ـ يىراقلارغا تارىدى .
ئەلقۇدلار بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . بوۋاي غېجىكىنى يەنە
بىر دەم چېلىپ توختاتتى ـ دە ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ بولغاندىن
كېيىن باللار بىلەن سالاملاشتى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام باللىرىم ، بابا سالىمىڭلارنى ئىلىك
ئېلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى . سىلەر مۇشۇ تاغ باغرىدىكى
مەھەللىدىنمۇ ياكى . . .
ئەلقۇد «ھەئە» دېگەندەك باش لىڭشىتىپ قويدى .
— بۇ يەرگە ئويناپ كەلدىڭلارمۇ ياكى مەكتەپتىن ئەكەلدىمۇ ؟
ئەلقۇد بوۋاينىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي
ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى .
— بوۋا ، بۇ غېجەك ئۆزىڭىزنىڭمۇ ؟
— شۇنداق ، بۇ غېجەك ماڭا بوۋامدىن قالغان ، بوۋامغىمۇ
بوۋىسىدىن قاپتىكەن .

— قۇمۇل غېجىكى دېگەن مۇشۇ ئىكەندە ، — ئەلقۇد غېجەكنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى .

— شۇنداق ، — بوۋاي ئەلقۇدنىڭ قولىدىكى غېجەكنى ئاۋايلاپ ئالدى ، — بۇ غېجەكنى چېلىشۋاتقىنىمغا 50 يىل بولاي دەپ قالدى . بالىلىرىم ، بۇ غېجەكتىن چىقىۋاتقان كۈي تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان قاندەك ماڭا هاياتلىق ، غەيرەت ۋە جاسارەت بېغىشلايدۇ . ئۇنىڭدىن چىققان كۈيدە خەلقىمىزنىڭ شادلىقى ، قايغۇسى ، كۈلكىسى ، يىغىسى ، تارىخى ۋە بۈگۈنى بار . ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ۋە كېلەچىكىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەيدۇ . بالىلىرىم ، سىلەرمۇ چارچاپ قالغانسىلەر ، — بوۋاي قولىدىكى غېجەكنى قويۇپ ، يېنىدا تۇرغان خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن چاڭگاللاپ - چاڭگاللاپ چىلان ئېلىپ ئەلقۇدلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ، — مانا بۇ قۇمۇل چىلىنى ، بۇ چىلان قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە ، لاپچۇق دېگەن يەرلىرىدىن چىقىدۇ . قۇمۇلغا ساياهەتكە كەلگەندەك قىلىسىلەر ، بىزنىڭ قۇمۇلغا مېهمان ئىكەنسىلەر ، مەنمۇ بۇ يەردىكى تاغۇ تاشلاردىن هۇزۇر ئالاي دەپ كەلگەنىدىم .

ئەلقۇدلار چىلاننى يەپ ماختىشىپ كەتتى :

— پاھ ! نېمىدېگەن تاتلىق چىلان بۇ ! بۇنداق تاتلىق چىلاننى يەپ باقماپتىكەنمەن .

— راست بەك تاتلىق ئىكەن ، مەن بۇنداق چوڭ چىلاننى كۆرمىگەن ، نېمىدېگەن يوغان !

— هەئە بەك تاتلىق ئىكەن ، بەك چوڭ ئىكەن ! — ئەلقۇدلار چىلاننى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى .

بوۋاي مەغرۇرانە كۈلدى .

— بىزنىڭ قۇمۇلدا تاتلىق نەرسىلەر كۆپ ، ئەمدى بۇنى يەپ بېقىڭلار ، — بوۋاي خۇرجۇنىدىن قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ تىلىپ ئەلقۇدلارغا بىر تىلىمدىن تۇتقۇزدى . ئەلقۇدلار قولىدىكى چىلاننى يانچۇقلىرىغا سېلىپ قوغۇننى ماختاپ تۇرۇپ ئىشتىها بىلەن يېيىشتى .

— قۇمۇلنىڭ قوغۇنى دۇنياغا داڭلىق ، يۇرتىمىزدا قوغۇنچە-

لىقىنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ . بۇ يەردە قوغۇنىنىڭ تاتلىق بولۇشىدا ئىككى خىل سەۋەب بار ، بىرى ، قۇمۇلدىن ئىبارەت مۇشۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ تۇرلۇك تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلىرى قوغۇنىڭ تاتلىق بولۇشىدىكى بىرىنچى ئامىل . يەنە بىرى ، يۇرتىمىزنىڭ مېھمانچان ، ئىجادچان خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جاسارىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق تەم كىرگۈزگەن . ھازىر قۇمۇلدا قوغۇننىڭ تۇرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ، سىلەر يەۋاتقان قوغۇننىڭ ئىسمى تاۋاچى ، ئۇنىڭدىن باشقا يانبۇلاق ، كۆكچى ، سېرىق كۆكچى ، يېشىل كۆكچى ، بەشەكچى ، مىژگان ، جاغدا ، شېكەر سۈيى قاتارلىق تۇرلىرىمۇ بار . قېنى باللىرىم ، تارتىنماي يەڭلار .

باللىرىم ، سىلەرگە بۇ غېجەكنى چېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ، قۇمۇل غېجىكى ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرەي ، — ئەلقۇدلار بوۋاينىڭ ئالدىدىكى تەبىئىي تاش ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى . كۆن ئىسسىق بولسىمۇ تاغنىڭ مەيىن شامىلى ئادەمگە بىر خىل سالقىنلىق ھېس قىلدۇراتتى .

— رىۋايەت دېگەن نېمە ، بوۋا ؟ — ئەلقۇد بوۋايدىن سورىدى .

— باللىرىم ، رىۋايەتنى ھېكايە ، چۆچەك دەپ چۈشەنسەڭلار بولىدۇ ، — بوۋاينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئەلقۇدلار قىزىقىپ قالدى . بوۋاي ئاۋازىغا بىر خىل مۇڭ بېرىپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى ، — بۇرۇنقى زاماندا بىر دانىشمەن چەكسىز كەتكەن ئورمانلىقتا تەبىئەت بىلەن ، جان ـ جانىۋارلار بىلەن مۇڭدىشىپ ، ئۆزىنىڭ ھايات ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىغا ئىلھام ئىزدەپ يۈرگەنىكەن . ئەتراپتىن تۇرلۇك قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ، تاغ سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى ، جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھەر خىل ئۈنلەشلىرى خۇددى مەڭگۈلۈك كۈيدەك ياڭراپ تۇرىدىكەن . دانىشمەن تەبىئەتنىڭ ئاشۇ سادالىرىنىڭ ھەقىقىي كۈيگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن . دانىشمەن ئەنە شۇنداق ئۈمىد ئىلكىدە چەكسىز ئورمان ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىدا مۇڭگۈزلىرى ھەيۋەتلىك بىر بۇغا پەيدا بولۇپتۇ .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەي ئادەمزات ، مەن ھامان بۇ يەرلەرگە

قەدەم باسىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم ، ساڭا بىر نەرسە تەقدىم قىلماقچىمەن .
دانىشمەن بوغىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئۆز يولىدا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بوغا ، مەن سېنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىيلىكىڭنى بىلىمەن ، بۇ ئورمانغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ بولغان ئوخشىمامسەن ؟
— شۇنداق ، — دەپتۇ بوغا ، — سەن بۇ يەرگە ئۆلمەس بىر كۈينى ئىزدەپ كەلگەن ، شۇنداقمۇ ؟ ! — دانىشمەن بوغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ .
— شۇنداق ، كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋاپسەن .
— مەن ساڭا ئاشۇ كۈينى بېرەلەيمەن ، — بوغا دانىشمەننى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە ئېلىپ كىرىپ قۇرۇپ قالغان بىر ئۈچەينى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ .
— مەڭگۈلۈك كۈي دېگىنىڭ مۇشۇمۇ ؟ — دانىشمەن گۇمانلانغاندەك سوراپتۇ .
— شۇنداق ، بۇ ماڭا مۇڭ ۋە ھەسرەتتىن قالغان يالداما ، مېنىڭ ئىككى بالام بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى . ئۇلار ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن سوقۇشۇپلا يۈرەتتى . ئۇلارنى ئۇرۇش - جېدەلدىن توسۇپ تۇرساممۇ ، مەن يوق چاغدا ئۇرۇشۇپ تىنىم تاپمايتتى . بىر كۈنى ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدىكى چوققىدا ئۇسۇشۇپ ، بىر - بىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ . ئۇلار ئاشۇ كۈنى تاغ چوققىسىدا نەچچە سائەتلەپ ئېلىشىپتۇ . ئاخىر بىرى چوققىدىن چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولغاندىن كېيىنلا يەنە بىرى خۇددى غالىب كەلگەن قوشۇندەك چوققىدىن چۈشمەكچى بوپتۇ . بىراق ، شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن بىر يىلپىز ئۇنىڭ جېنىغىمۇ تەھدىت سېپتۇ . ئۇ يىلپىزدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي ، چوققىدىن ئۆزىنى پەسكە ئېتىپتۇ . چوققىلاردىن دومىلاپ چۈشكىچە پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ . مەن نەچچە كۈن ياش تۆكۈپ ، ئۇلارنى ئىزدىگەن بولسامۇ تاپقىنىم ئۇلارنىڭ شاخلارغا ئېلىشىپ قالغان

مۇشۇ ئۈچەيلىرى بولدى . مەن ئۇنى قۇرۇتۇپ يادىكار قىلىپ ساقلاۋاتاتتىم . قەلبىم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، سەن بۇنىڭدىن ئۆلمەس بىر كۈينى بارلىققا كەلتۈرەلەيسەن ، — بۇغا ئۈچەينى دانىشمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ .

دانىشمەن توغراق ياغىچىدىن باش قىلىپ ، ئۆچكە تېرىسىنى تارتىپ ، ئىككى قۇلاققا ئاشۇ بۇغىنىڭ ئۈچىيىنى تارا قىلىپ غېجەكنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ غېجەكتە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ ، غېجەكتىن چىقىۋاتقان مۇڭنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈرەك - باغرىمىزنى ئېزىدىغانلىقىنى بىلگەنسىلەر . ئەلقۇدلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويدى . لېكىن ، ئەلقۇدنىڭ كاللىسىغا تاغ چوققىسىدا ئۇرۇنسىز ئىش ئۈچۈن بىكاردىن - بىكار بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇۋاتقان ئىككى بۇغىچاقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى كىرىۋالدى . بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئورۇنسىز ئىش ئۈچۈن پات - پاتلا سوقۇشۇپ قالىدىغان ئادىتى ئاشۇ ئىككى بۇغىچاقنىڭ ئۇسۇشكىنىگە ئوخشايدىغاندەك تۇيۇلدى . بوۋاي غېجەكنى قولىغا ئېلىپ ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن چېلىشقا باشلىدى . ئەلقۇدلار غېجەكنىڭ كۈيىدىن ھوزۇر ئالغاچ تاشلىق مەنزىرىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى . بۇ جايدىكى يوغان قورام تاشلار بىلەن يەرگە يېيىلىپ ياتقان ياپىلاق تاشلاردىكى ھەر خىل ئىز ۋە شەكىللەر خۇددى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ ۋە سىرلاردىن دەرس بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . توۋا ، بۇ يەر خۇددى مەڭگۈلۈك تاشقا سېھىرلەنگەن شەھەردەك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىنىۋاتاتتى . ئەنە ، ئاۋۇ تاش تۇلپار خۇددى ھازىرلا چاپچىپ يۈگۈرەيدىغاندەك ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ يەردە يەنە تۇلپارلارغا ئىشلىتىلىدىغان قوش باشلىق ئېگەر ، قايسىدۇر چاغلاردا نورۇز ئەھلىنىڭ نورۇز ئېشى ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان داش قازانلار بار ئىدى . بۇ يەردە يەنە ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ بالىلارغا يېيىپ قالدۇرغان خېمىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئەنە ، بىر ئانا بىر بالىسىنى كۆتۈرۈپ ، يەنە بىر بالىسىنى يېتىلەپ كەلمەكتە .

غېجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئەلقۇدلارغا سىرلىق ، تاشلىق ما-

كاندا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى گۈزەل بىر قەدىمىي شەھەردە سەيلە قىلدۇراتتى. بوۋاي غىچەكنى چېلىپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئەلقۇدلارمۇ بوۋايغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى.

— بالىلىرىم، — دېدى بوۋاي يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، — قۇمۇلدا سىلەر كۆرىدىغان يەرلەر كۆپ، ئەگەر بىر - بىرلەپ كۆرىمەن دېسەڭلار نەچچە يىل ۋاقىتمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن. مەنزىرىلىك جايلىرىدىنلا ئېلىپ ئېيتساق باغداش تاغلىرى، ئارتام، ئاقتاش، ئاۋازلىق قۇمتاغ، مايمۇنتاغ، زوركى ۋە سەرۋەڭ تاغلىرى، ئالتۇنلۇق قاتارلىقلار بار، — بوۋاي مەغرۇرلانغاندەك ئەلقۇدلارغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويدى. ئۇلار بوۋايدىن تۈرلۈك سوئال سوراۋاتاتتى.

— ئاۋازلىق قۇمتاغ قانداق تاغ؟ ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقامدۇ؟

— شۇنداق.

— نېمىشقا ئاۋاز چىقىدۇ؟

— بۇمۇ تەبىئەتنىڭ سىرى، تەبىئەتنىڭ بىز بىلمەيدىغان سىرلىرى كۆپ.

— ئۇنداق بولسا ئاشۇ سىرنى بىلىپ باقساق بولامدۇ؟

— سىلەر مەندىن ئىمتىهان ئېلىپ چارچىتىۋېتىدىغان ئوخشايسىلەر، مەن سىلەرنى ئاشۇ ئاۋازلىق قۇمتاغقا ئاپىراي.


ئاۋازلىق قۇمتاغ قۇمۇلدىكى قەدىمىي دەريا ۋادىسىدىكى بىر ئوتلاقتا ئىدى. ئۇ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر كېلىدىغان قۇم دۆۋىسى بولۇپ، ئانا دىيارىمىزدىكى ئەڭ چوڭ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئاۋازلىق قۇمتاغنىڭ باغرىدا چوڭ بىر ئۆستەڭ بولۇپ سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى.

ئەلقۇدلار بوۋاينىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاۋازلىق قۇمتاغنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۇنى كۆرۈپ سۇغا چۆمۈلگۈسى كەلدى. بىراق، قۇمتاغدىن چىققان ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئۇلارنى قورقۇتۇۋەتتى. بۆرىنىڭ هۇۋلىشىغا، ئاتنىڭ كىشنىشىگە، جەڭدىكى هۇررا سادالىرىغا، شىۋىرغاننىڭ هۇۋۇلدىشىغا، هاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىگە، مىڭلىغان ئادەمنىڭ قىيا - چىياسىغا ئوخشاپ كېتىدى-

غان بۇ ئاۋازلار ئادەمنى ئەندىكتۈرەتتى . ئەلقۇدلار ۋەھىمىلىك ئا-ۋازلاردىن قورقۇپ قۇمتاغقا يېقىنلىشالمىدى .

ئەلقۇدلار شۇ كۈنى يەنە قۇمۇلدىكى بىر قوغۇنلۇقتا مېھمان بولدى . قوغۇنلۇقىمۇ غېجەكچى بوۋاي باشلاپ باردى . قوغۇنلۇقتىكى خۇش چاقچاق قوغۇنچى بوۋاي ئەلقۇدلارغا تاتلىق قوغۇنلارنى پىچىپ بەردى .





# 24 . مەكتەپتە

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ئەلقۇدلار كەچكىچە ئويناپ يۈرسە مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالماڭلار. ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭمۇ سىنىپى، سىنىپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى بار. ئەلقۇدلار ئانا مەكتىپىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

راست گەپنى قىلساق بۇ يىل ئەلقۇدلارنىڭ مەكتەپكە ئانچە كەلگۈسى كەلمەي قالدى. بۇرۇن تەتىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى مەكتەپكە قاچان يىغار دەپ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن چاغلارمۇ بولغانىدى. بۇ يىل ئۇلارنىڭ كۈنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ساياھەت بىلەن ئۆتكەچكە تەتىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئەلقۇد تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغان بىلەن بىلال بىلەن زىلال تېخى ئىشلەپ بولالمىغانىدى. ئۇلار ئەلقۇدتىن كۆچۈرۈۋالماقچى بولغان بولسىمۇ ئۇ زادىلا قوشۇلمىدى.

ئەتە مەكتەپكە بارىمىز دېگەن كۈنى بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا يالۋۇردى:

— جېنىم ئاداش، كۆچۈرۈۋالايلىچۇ، ھەر يىلى كۆچۈرۈۋالاتتۇققۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كەچكىچە سېنىڭ كەينىڭدە يۈرۈپ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ۋاقىت چىقىرالمىغان تۇرساق، ماقۇل دېگىنە.

— سىلەرگە نەچچە قېتىم دېدىم، ئەگەر سىلەر بۇنداق قىلىقلىرىڭلارنى تۈگەتمىسەڭلار تۇمار خاسىيىتىنى يوقاتسا قانداق قىلىمىز؟ تۇمار دائىم ماڭا «ياخشى بالا بولساڭلار سىلەرگە كۆپ ياخشىلىق قىلىمەن، سىلەر كۆرمىگەن يەنە نۇرغۇن گۈزەل يەرلەرگە ئاپىرىمەن» دېگەنغۇ! مۇشۇنداق قىلساڭلار بۇنىڭدىن كېيىنكى ساياھىتىمىزنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان ئوخشايمىز. ئەجەب گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان بولدۇڭلارغۇ... ھەي سىلەرنىڭ ئورنىڭلارغا ۋارىس

بىلەن خۇشتارنى ئېلىشۋالغان بولسامىمۇ ، خەپ ، — ئەلقۇدنىڭ بۇ گەپلىرى تەسىر قىلغاچقا بىلال بىلەن زىلال شۇ كۈنى خېلى ۋاقىتقىچە ھەپىلىشىپ ، تاپشۇرۇقنى بىر ئامالالارنى قىلىپ ئىشلەپ بولدى .

ئەلقۇدلار ئاخىر مەكتەپكە يىغىلدى ، ئەجەبلىنەرلىكى ، ئەلقۇدلارنىڭ ساۋاقداشلىرى كۆپىيىپ قالغانىدى . ئەلقۇدلارنىڭ سىنىپىدا ئەسلىي 18 بالا بار ئىدى . ھازىر 30 دىن ئېشىپتۇ . سىنىپتىكى يەنە ئون نەچچە بالا ئەنزەرلەرنىڭ كۆك تېرەك مەھەللىسىدىن ۋە يەنە باشقا مەھەللىلەردىن كەلگەنىدى . ئەلقۇدلار بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سىنىپ مۇدىرى غالىب مۇئەللىمدىن سورىغانىدى ، مۇئەللىم :

— ساۋاقداشلار ، ئۆزۈڭلارمۇ كۆرۈۋاتىسىلەر ، ھازىر سىنىپىمىزدا 34 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن ، بۇ يىلدىن باشلاپ مەكتىپىمىز مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى . بەزى يىراق مەھەللىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، — دېدى . ئەلقۇدلار «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىن كەلگەن ئەنزەر قاتارلىق سەككىز بالىنى تونۇدى .

غالىب مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى . ئۇ 1 - يىللىقتىن تارتىپ ئەلقۇدلارنىڭ سىنىپ مۇدىرى ۋە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىدى . 40 ياشلارغا كىرىپ قالغان غالىب مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرۈشلىرى ، مۇلايىم ۋە سەممىيلىكى ، ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپچانلىقى ئۇنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلغانىدى . ئەلقۇد غالىب مۇئەللىمنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىدەك كۆرەتتى . ئەلقۇدنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرىمۇ غالىب مۇئەللىمنى بەك ھۆرمەتلەيتتى . ئەلقۇد مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ سىنىپىنىڭ باشلىقى ۋە ئۆگىنىش ھەيئىتى بولۇپ كەلگەنىدى . ئادەتتە سىنىپ ھەيئەتلىرى يىلدا بىر قېتىم سايلىناتتى . سىنىپتىكى باللار ھەر يىلى ئەلقۇدنى ھەم سىنىپ باشلىقى ، ھەم ئۆگىنىش ھەيئىتى قىلىپ سايلايتتى . ئەلقۇد دەرس ۋە باشقا جەھەتلەردە

سىنىپنىڭ ئالدى ۋە ئۆگىنىش ئۇلگىسى ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە سىنىپتىكى بالىلار ئەلقۇدقا بويسۇناتتى . سىنىپتا ھەرقانداق دەرستە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يەنە بىرى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆگىنىش ھەيئىتى بولۇپ قالاتتى . بىراق ، بۇ يىل ئەلقۇدنىڭ بۇ قوش ۋەزىپىنى تەڭ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى . غالىب مۇئەللىممۇ ھازىر سىنىپىمىزدا بىرنەچچە مەھەللىدىكى بالىلار بار ، سىنىپ ھەيئەتلىرىمۇ مۇۋاپىق ھالدا ھەرقايسى مەھەللىلەردىن سايلانسۇن ، دەپ قارىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بالىلارنىڭ ئارخىپىغا ئاساسەن ھەيئەتلەرنى ئۆزىلا بېكىتىپ ئېلان قىلدى .

ئەلقۇد يەنە سىنىپ باشلىقى بولغان بولسىمۇ «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىن كەلگەن ئەنزەر ئۆگىنىش ھەيئىتى بولغانىدى .

شۇ كۈنى ئەلقۇدلار مەكتەپتىن قايتىپ يول بويىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇردى .

— غالىب مۇئەللىممۇ قىزىق ئىكەن ، سەن تۆت - بەش يىلدىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆگىنىش ھەيئەتلىكىنى ھېلىقى ئەنزەر دېگەن ئاداشقا ئېلىپ بەرگىنى نېمە قىلغىنى ؟ — بىلال تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ غوتۇلدىدى .

— ئەلقۇدقۇ يەنىلا سىنىپ باشلىقى ، ئۆزۈڭنىڭ تەنتەربىيە ھەيئەتلىكىڭنىڭ گېپىنى بىر قىلە ، سېنىڭ ئورنىڭغا تەنتەربىيە ھەيئىتى بولغان ئاداش پۇتبولنى بەك ئوينايمىشقۇ ! — زىلال بىلالنى تېرىكتۇرمەكچى بولۇپ قەستەن شۇنداق دەپ قويدى .

— ئۇغۇ بوپتۇ ، قانچىلىك ئوينايدىغانلىقىنى ئەتە - ئۆگۈن كۆرىمىز ، بىراق ، ئەنزەر دېگەن ئاۋۇ ئاداش دەرستە ئەلقۇدتىنمۇ ئۇستىمىدۇ ؟

— شۇ ئەمەسمۇ ، ئۇ دەرستە ھەرگىزمۇ ئەلقۇدقا يېتىشەلمەيدۇ ، ھاكاۋۇرلىقى ئۇنىڭ ! — زىلال ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈردى .

ئەلقۇد بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئۇ سۆگەتنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن بۇلۇتسىز ئاسمانغا تىكىلىپ تۇراتتى . ئەلقۇد ئۆزىنىڭ سىنىپ باشلىقلىقىغا قارىغاندا ئۆگىنىش ھەيئىتى ئىكەنلىكىدىن بەك پەخىرلىنەتتى . چۈنكى ، ئۆگىنىش ھەيئىتى دېگەن مۇشۇ

گەپتىنلا شۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگۈچىنىڭ دەرستە ئۇستىلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئەلقۇدتىن سىنىپ باشلىقلىقىنى ئېلىۋالىسىمۇ مەيلىتى ، بىراق ، ئۆگىنىش ھەيئەتلىكىنى ئېلىۋالغانلىقى ئۇنىڭغىمۇ سەل ھار كەلگەندەك بولدى .

— ھەي ، غالىب مۇئەللىمدىن سوراپ باقمىدىڭمۇ ؟ ئەنزەر دېگەن ئۇ ئاداش دەرستە سەندىنمۇ ئۇستىمىكەن ؟ — بىلال ئەلقۇد-تىن سورىدى .

— ئۇنى دەرستە ئۇستا دەيدۇ ، — زىلالنىڭ بۇ گېپى ئەلقۇد-نىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك بولدى . ئەلقۇد كۆڭلىدە قېنى كۆرەرمىز دەپ قويدى .

ئەلقۇدلار دەرس بىلەن بولۇپ كېتىپ ساياھەتكە چىقىدىغان ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى . ساۋاقداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆگىنىشتىكى رىقابەتنىمۇ كۈچەيتكەندى . دېگەندەك ئەنزەر دەرستە ھەقىقەتەن ئەلقۇدتىن قېلىشمايتتى . مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرسنى شۇ زامان بىلىۋېلىپ ، بىرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرەلەيتتى . ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ تېزلا ئىشلەيتتى . بەزىدە ئەلقۇدنىڭ كەينىدە قالسا ، بەزىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەپ بولاتتى .

بىر كۈنى ماتېماتىكا دەرسىدە ئەنزەر قىيىن بىر مەسىلىنى ئەلقۇدتىن بۇرۇن ئىشلەپ بولدى ، بۇ مەسىلىنى سىنىپتا ئەنزەردىن باشقا ھېچكىم ئىشلىيەلمىدى . ئەلقۇد بىرنەچچە قېتىم قايتا - ئىشلىگەن بولسىمۇ نەتىجىسى خاتا چىقتى .

ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەنزەر دوسكىغا چى-قىپ بۇ مەسىلىنى ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈردى . بۇ ئەلقۇد ئۈچۈن تولىمۇ ھار كەلدى . ھازىر سىنىپتا ھەممە ئىشتا بەسلىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەندى . بۇ بالىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ ، يوشۇرۇن بىر خىل زىددىيەتنى پەيدا قىلىۋاتاتتى . مەسىلەن ، بۈگۈن ئوقۇتقۇچى ئەنزەر-نى ماختىغان چاغدا ئەنزەرنىڭ مەھەللىسىدىكى بالىلار چاۋاك چالغان بولسىمۇ ، باشقا مەھەللىنىڭ بالىلىرى نارازىلىق بىلدۈرگەندەك جىمجىت تۇرۇۋالدى . بىلال بىلەن زىلال قەستەن ئاغزىنى پۇرۇش-

تۇرۇپ قويدى . ئەلقۇد چاندۇرماي چاۋاك چالغان بولسىمۇ قىزىرىپ كەتتى . بۇرۇن بۇنداق چاۋاكلار ئەلقۇدقا مەنسۇپ بولاتتى . چاۋاكـ نىڭ ئەمدى ئەنزەرگە مەنسۇپ بولۇشى ئەلقۇدنى خىجىل ۋە بىئارام قىلىپ قويدى . شۇ كۈنى بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدتى بىرمۇنچە سوراق قىلدى .

— ھەي ، ساڭا نېمە بولدى ؟ ئەنزەر بىر دەمدە ئىشلەپ بولغان مەسىلىنى ئەجەب ئىشلەپ بولالمىدىڭغۇ ؟

— شۇ ئەمەسمۇ ، بىزغۇ ئىشلىيەلمىسەك مەيلى ،سېنىڭچە ، ئۇنىڭ كاللىسى شۇنچىۋالا ئىشلەمدىغاندۇ ؟

— سەن ھازىر دەرس ئۆگەنمەيۋاتامسەن نېمە ؟ مەسىلىنى ئىشـ لىيەلمىگەندە تۇمارغا دەپ ئىشلەتسەڭ بولماسمىدى ؟

— ئەنزەرنىڭمـۇ يـاردەم قىلىـدىغـان خاسىيەتلىك تۇمارى بارمۇ يا ؟

بىلال بىلەن زىلال ئاق قۇشقاچلاردەك ۋىچىرلاپ ئەلقۇدنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كەتتى . شۇ كۈنى كەچتە ئەلقۇد ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى . بۇگۈن ئەنزەردىن سەل كېيىنرەك بولسىمۇ ئاشۇ مەسىلىنى ئىشلىيەلىگەن بولسا ، ئەلقۇد بەلكىم بۇنچىۋالا تىت ـ تىت بولمىغان بولاتتى . ئەلقۇد ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۆزىنىڭ يېقىندىن بېرى ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئەلقۇد بويىندا نۇرلىنىپ تۇرغان تۇمار بىلەن پاراڭلاشتى .

— بۇگۈن مەن ساۋاقدىشىم ئەنزەر ئىشلىگەن بىر مەسىلىنى ئىشلىيەلمىدىم ، بۇ مېنى بەك خىجىل ۋە بىئارام قىلىۋاتىدۇ . سىزچە قانداق قىلسام بولار ؟

— ئالدى بىلەن مەسىلىنى ئۆزىڭىزدىن ئىزدەڭ ، يېقىندىن بېرى ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويدىڭىزمۇ ـ يوق ؟ ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بولۇپ كېتىپ ، دەرسنى تاشلاپ قـويغـان چـاغلىـرىڭىز بارمۇ ـ يوق ؟ يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سىزنىڭمۇ بەزى دەرسلەردە باشقا ساۋاقداشلىرىڭىزغا تەڭ كېلەلمەي قىلىشىڭىز تەبىـ ئىي ئەھۋال . سىزدە نەچچە يىلدىن بېرى دەرستە پەقەت مەنلا

بىرىنچى بولۇشۇم كېرەك ، مەن ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشمەن دەيدىغان پسىخىكا يېتىلىپ قالغان ، ئەنزەر ۋە باشقا ساۋاقداشلىرى-ڭىز ئىشلىيەلمىگەن مەسىلىلەرنى سىزمۇ ئىشلىدىڭىزغۇ ، سىزنىڭ-مۇ دوسكىغا چىقىپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا چۈشەندۈرۈپ قويغان چاغ-لىرىڭىز كۆپقۇ ، مېنىڭچە سىزدە شەخسىيەتچىلىك ۋە كۆرەلمەس-لىكتەك يامان خاھىش باش كۆتۈرۈپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . دەرستە بەسلىشىپ ئۆگەنگەن ياخشى ، بىراق ، ئۇ كۆرەلمەسلىك بولۇپ قالسا بولمايدۇ . باشقا سەۋەبلىرىنى ئۆزىڭىز ئەستايىدىل ئويلىشىپ بېقىڭ ، — تۇمار جىمىپ كەتتى . ئەلقۇد ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى . ئاخىر ئۇ ئۆزىدە بىر خىل مەنمەنلىك ۋە يوغانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلى-دى . دېمىسىمۇ ئەلقۇد دەرسلەردە ياخشى بولسىمۇ ، كەمتەر ئەمەس ئىدى . ئۇ دەرستە ھېچكىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ دەپ قارايتتى . ئۇنىڭدىكى مۇشۇ قانائەتچانلىق ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇ-ۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . ئەلقۇد ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . . .

بىرنەچچە قېتىملىق ئىمتىھاندا ئىمتىھان نومۇرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە دەرىجە تۇرغۇزغاندا ئەنزەر بىرىنچى ، ئەلقۇد ئىك-كىنچى بولۇپ قالدى . نەتىجە ئېلان قىلىنغان كۈنى «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى باللار ئەنزەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى .

بۇ «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى باللارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈر-دى . بۇ ئادەتتىكى سىناق ئىمتىھان بولسىمۇ ، ئەلقۇدنىڭ ئىككىنچى بولۇپ قىلىشى «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى باللارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى . بولۇپمۇ بىلال بىلەن زىلال خاپا بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى . ئەلقۇد چاندۇرمىغان بىلەن ئۆزىنىڭ ئەنزەرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىدىن تىت - تىت بولۇۋاتاتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىنىپ بويىچە ئون نەچچىنچى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي ئەلقۇدنى ئەيىبلەپ كەتتى .

— ھەي ، سەن نېمە بولۇۋاتىسەن؟ يېقىندىن بېرى ئەنزەر

دېگەن ئاداش ھەممە ئىشتا بىرىنچى بولغىلى تۇردى . سەن كەچكىچە ئىككىنچى بولىدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ ، سېنى «كۆك تېرەك»لىك باللار ئەلقۇد ئىككىنچى دەيدىغان بولۇپتۇ ، — بۇ گەپلەر ئەلقۇدقا بەك ھار كەلدى . شۇڭا ، ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئەنزەردىن ئېشىپ كەتمەكچى بولدى .

ھايت - ھۇيت دېگۈچە چارەكلىك ئىمتىھانغىمۇ ئاز قالدى . چارەكلىك ئىمتىھاندىمۇ ئەنزەر بىرىنچى ، ئەلقۇد ئىككىنچى بولسا ، ئۇلارنىڭ تەرتىپى مۇقىملىشىپ قالاتتى .

بىر كۈنى بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىمۇ چاقىرماي ھېلىقى سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقتى . ئۇلار سۆگەتنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزلىرى دائىم ئولتۇرىدىغان يەرگە چىقىپ پەس ئاۋازدا سۆزلەشتى .

— ئەلقۇدنى ئويۇنغا تۇتمىغىنىمىز ياخشى بولدى ، ئۇ دەرسنى ئۆگىنىۋەرسۇن ، بىزمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان ھېلىقى ئىشىمىز - نى قىلمىساق بولمايدۇ ، — زىلال ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسلىتىپ بىلالدىن سورىدى :

— ئۇ پىلاننىڭ قانداق پىلان ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتقانسەن ؟

— ھە ، بىلىمەن ، سومكىنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىمىز .

— توغرا ، ئەگەر مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ سومكىسىنى ئوغرىلاپ ئۆستەڭگە تاشلىۋەتمىسەك قىلغان ئىشىمىز نۆلگە تەڭ بولىدۇ .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟

— ئۇ چارەكلىك ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ بولغاندا تاشلى - غاننىڭ نېمە پايدىسى ؟

— توغرا ، ئەتىلا جۆندەيلى ، ئىشنى چۇشلۇك دەم ئېلىشتا باشلايلى .

— كىتاب - دەپتەرلىرىدىن ئايرىلغان ئەنزەر نوچىنىڭ دەرس ئۆگەنگىنىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي ، — زىلال مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— بۇ گەپنى ئەلقۇدقا دەمدۇق ، دېمەمدۇق ؟ — بىلال زىلالدىن سورىدى .

— دېمىسەك بولمايدۇ ، بىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلىۋاتـقان تۇرساق .

— ئۇنداق بولسـا ماڭە ، هازىرلا ئۇنىڭ يېنىغا بارايلى ، — بىلال بىلەن زىلال سۆگەتنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ ئەلقۇدنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

ئۇلار ئەلقۇدنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئەلقۇد باش چۆكۈرۈپ دەرس ئۆگىنىۋاتاتتى .

ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى كۆرۈپ ، دەپتەر ـ قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . بىلال بىلەن زىلال قانداق قىلىمىز دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال سەن دېگىن دېگەندەك ئىشارەتلەرنى قىلىشتى . ئاخىر بۇ گەپنى زىلال دېدى . ئەلقۇد زىلالدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئەلقۇد بۇ ئىككى دوستىدا بەزى كەمچىلىكلەر بولـسىمۇ بۇنداق يامان نىيەت بار دەپ ئويلىمىغانىدى .

— سىلەر ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىلەر ! — ئەلقۇدنىڭ چىرايى قىزىرىپ ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى ، — سىلەرنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، ئىنچىڭلار نېمانچە تار ؟ ئەنزەرنىڭ دەرستە ياخشى بولغانلىقى بىزنى خۇشال قىلسا بولىدۇ . بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك . ئۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىشتە بەسلىشىشىمىز كېرەك . سىلەر دېگەن ئۇ ئىشنى قىلىشقا هەرگىز بولمايدۇ . دوستـتۇم بولساڭلار نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار ! ئۇ گەپنى ئاغزىڭلارغا ئالغۇچى بولماڭلار !

بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدتىن بۇنداق گەپنى كۇتمىگەچكە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە مىشىلداپ جىم ئولـتۇرۇپ كەتتى . ئۇلار چوڭ بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ھېسـسىياتقا كېلىپ قالغانىدى .

شۇ كۇندىن باشلاپ ئەلقۇدلار چارەكلىك ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئورۇنسىز ئويۇن ـ تاماشىلارنى قىسـقارتتى . بىلمىگەنلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن

سوراپ ئۆگەندى . . .
چارەكلىك ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىغان كۈنى سىنىپنىڭ ئىچى ئىمتاسلىققا چۆمدى . باللارنىڭ كۆزلىرى ئەلقۇد بىلەن ئەنزەرگە تىكىلگەندى . باللار بۈگۈن قايسى بىرىنچى بولىدىكىن ، قېنى كۆرىمىزغۇ دەۋاتقاندەك تۇلتۇراتتى . غالىب مۇئەللىم باللارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندا سىنىپتا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى . بۇ ئالقىشنى «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى باللار ياڭراتقانىدى . بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ئەلقۇد بىرىنچى ، ئەنزەر ئىككىنچى بولغانىدى . بىلال بىلەن زىلالنى ھەيران قالدۇرغىنى ئەنزەرمۇ خاپا بولماقتا يوق ، ئەلقۇدنى خۇشال تەبرىكلىدى . ئەنزەرنىڭ كەڭ قورساقلىقى ئەلقۇدنىمۇ تەسىرلەندۈردى .

# 25 . ئالتۇنتاغدىكى چۆچەك

ئەلقۇدنىڭ چارەكلىك ئىمتىھاندا سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولۇغانلىقى بىلال بىلەن زىلالنى خۇشال قىلدى . ۋارىس بىلەن خۇشتارمۇ ئەلقۇدنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئەلقۇدنى خىجىل قىلىپ قويدى . چۈنكى ، بۇ ئىش مەھەللىۋازلىقتەك بولۇپ تۇيۇلدى . «كۆكدالا» مەھەللىسى بىلەن «كۆك تېرەك» مەھەللىسىنى پەقەت بىر توپىلىق يول ئايرىپ تۇراتتى . ھازىر ئەلقۇدلارنىڭ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىدە ئەتراپتىكى يەنە باشقا مەھەللىلەردىن كەلگەن بالىلارمۇ بار ئىدى . بۇنداق مەھەللىۋازلىقنى تۈگەتمىسە ساۋاقداشلارنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يېتەتتى .

ئوقۇش باشلىغاندىن بۇيان ئۇلار بىر قېتىممۇ ساياھەتكە چىقىپ باقمىدى . ئەمدى ئۇلار دەم ئېلىش كۈنلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تېخى كۆرمىگەن نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرمەكچى بولدى . ئەلقۇد ئالدى بىلەن نەگە بېرىشنى بىلەلمەي بوۋىسى ھەسەن مۇدىر بىلەن پاراڭلاشتى .

— بوۋا ، سەن گېپىنى قىلغان ئالتۇنتاغ ئالتۇنمۇ ؟

— ئۇ بىر تاغنىڭ ئىسمى ، گەرچە ئۇ تاغ پۈتۈنلەي ئالتۇن بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرى ئۇنى ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك تاغقا ئايلاندۇرغان .

— ئۇ يەردە ئالتۇندىنمۇ قىممەت نەرسىلەر بار ئوخشىمامدۇ ؟

— شۇنداق ، ئۇ يەردە قىممەتلىك ھايۋانلار ، كان بايلىقلىرى ، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر بار . . .

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلقۇد ئالتۇنتاغقا بېرىش نىيىتىگە كەلدى . بىر كۈنى ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ تۇمارنىڭ ياردىمىدە

ئالتۇنتاغقا قاراپ يولغا چىقتى .

ئەلقۇدلار ئۇچقۇلىرى بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى . ئەلقۇد تۇمارنىڭ ئالتۇنتاغ ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالغاچ ئالتۇنتاغنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىدىن ھوزۇر ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . بىلال بىلەن زىلال ئوقۇش باشلىغان ئىككى ئايدىن بېرى بۇنداق ساياھەتنى سېغىنغاچقا ، ئۇچقۇسىنى بىردەم پەسلەتسە ، بىردەم ئۆرلىتىپ ، بىردەم مولىلاق ئاتقۇزسا ، يەنە بىردەم شۇڭغۇتاتتى .

ئەلقۇد تۇمارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئالتۇنتاغقا قارىتا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى .

ئالتۇنتاغ ھازىر دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونغا ئايلاندى . ئۇ چاقىلىق ، چەرچەن ناھىيىلىرىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان . چىڭخەي ، شىزاڭ ، گەنسۇ بىلەن چېگرىداش ، يەر كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر . ئەڭ ئېگىز جايلىرى 6974 مېتىر كېلىدۇ . بۇ جايدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ تۈرى 360 خىلدىن ئاشىدۇ . . .

ئەلقۇدلار ھايۋانلارغا بەك قىزىققاچقا بۇ يەردىكى ھايۋانلارنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتتى . ئۇلار بىر جىراغا چۈشكەندە قوتازلار يېغىن ئېچىۋاتقانىكەن . ئەلقۇدلار يېقىنلا يەردىكى چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى .

تاغنىڭ ئېگىزرەك قاپتىلىغا چىقىۋالغان ، مۈڭگۈزى يوغانراق قارا قوتاز ئاچچىق مۆرەپ ، قاقشاپ سۆزلەۋاتاتتى .

— مەن يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ بۇ مەھەللىگە بۆكەن ، ئارقار ، ئېشەك دېگەنلەرنى ھەرگىز يېقىن يولاتمايلى ، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ خالىغانچە يەپ ـ ئىچىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ ؟ خۇدايىم بىزگە مۈڭگۈزنى ئۆزىنى سورىمايدىغانلارنىڭ دەككىسىنى بېرىڭلار ، دەپ بەرگەن . گەپ قىلمىساق بۆكەن ، توشقانلارمۇ بىزنى كۆزگە ئىلمىغىلى تۇردى . شۇڭا ، بۇنىڭدىن كېيىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك . يەنە باشقا گەپ بارمۇ ؟

شۇ چاغدا جۇغى كىچىكرەك بىر قوتاز گېپىم بار دېگەندەك مۆرەپ قويۇپ ، يوغان قوتازدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— يېقىندىن بېرى مەھەللىمىزگە توشقان بەك تولا كېلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇلار كۆپ نەرسە يېمىگەن بىلەن ئوت - چۆپنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ ، يېشىلزارلىقلارنى بىردەمدىلا قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن . تۈنۈگۈن مەن بىرنەچچە توشقاننىڭ ئەدىپىنى بېرەي دېسەم ، پارتلا قىلىپ بىر تۆشۈككە كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى . تېخى مېنى مازاق قىلغاندەك تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ تۇردۇ . بۆكەن ، ئارقار دېگەنلەرنىڭ قوغلىساق قاچىدىكەن ، مۇشۇ توشقان دېگەن تۆشۈك باقارلارنى قانداق قىلساق بولىدىكىن ، ئۇلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدىغاندەك قىلىدۇ . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قارا قوتازنىڭ ئاچچىقى كەلدى :

— گەپ قىل دېسەم قورقۇنچاق توشقانلارنى شىر ، يولۋاستىنمۇ يامان قىلىپ كۆرسەتكىلى تۇردۇڭغۇ . ھېلىمۇ ئىسمىڭ قوتاز بولۇپ قاپتىكەن ، تاغدەك بەستىڭ بىلەن توشقاننىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇچە نومۇس قىلساڭچۇ ، گەپنى چايناپ بېقىپ قىلايلى . نومۇسىنى كەلتۈرۈپ توشقانغا تەڭ كېلەلمەيدىكەنمىز دەۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ . . . — قوتازلارنىڭ گەپلىرى ئەلقۇدلارنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈردى . شۇڭا ، ئۇلار تاغ جىراسىدىن ئايرىلىپ ، ياندىكى بىر تاغ قاپتىلىغا يىغىلىۋالغان توشقانلارنى كۆردى . توشقانلارمۇ يىغىن ئېچىۋاتقانىكەن .

— قوتازلارغا نېمە قىپتۇق ؟ بىزنى كۆرسىلا قوغلايدىغان بولدىغۇ ، تۈنۈگۈنمۇ ئۇسۇپ قارنىمنى يېرىۋەتكىلى تاس قالدى ، — سۆزلەۋاتقان بوز توشقاننىڭ گېپىنى سېرىق توشقان بۆلۈۋەتتى :

— قارىغاندا قوتازلارمۇ بىزنىڭ گۆشىمىزنىڭ تاتلىقلىقىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ ، ئەگەر ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالسا مۈڭگۈزى بىلەن قارنىمىزنى يېرىپ ، گۆشىمىزنى كاۋاپ قىلىپ يەيدىغان ئوخشىمامدۇ . . .

خېلىدىن بېرى گەپ قىلماي جىم تۇرغان قېرى توشقان مىيى-قىدا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى :

— ھەي ، ئەخمەقلەر ، قوتازلار ھەرگىز گۆشىمىزنى يېمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزدىن ئوت - چۆپ تالىشىش . ئىشقىلىپ بۇ مۇڭگۈزلۈك مەخلۇقلار يېقىندىن بېرى بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلـ-مايۋاتىدۇ . بىزمۇ كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەرمىسەك رىزقىمىزغا قول سېلىپ ، يەيدىغىنىمىزنى تارتىۋالىدى-غان ئوخشايدۇ ، بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلىشتىكى مەقسەتمۇ قوتازلارغا تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش . شۇڭا ، كاللىنى ئىشلى-تىپ ، بۇ ھەقتە ئوبدان بىر پاراڭلىشايلى ، كىم قوتازلارنى بويسۇن-دۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالىسا ، شۇنىڭغا ئالاھىدە مۇكاپات بېرى-مىز . شۇڭا . . .

ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يوغانراق ، سېمىز توشقان سۆز قىستۇردى .

— ھەي ، نېمىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ كەتتىڭلار ، مەن تېخى تۇنۇگۈن ئون توملۇق تەزكىرە تارىخىمىزنى ئوقۇپ تۈگەتتىم . تا-رىختا قوتازلارنىڭ توشقانلارغا ئەسكىلىك قىلغان يېرى يوق ئىكەن . ئۇلار بىزنى ئۆزىنىڭ دوستىمۇ ، دۈشمىنىمۇ دەپ قارىمايدۇ ، ئۇلار-نىڭ بىز بىلەن نېمە كارى ، بىزگە يامانلىق قىلىۋاتقان زادى كىم ؟ بىز مۇشۇ ھەقتە پاراڭلىشايلى .

— بىزگە يامانلىق قىلىۋاتقان بۆرە .

— بىزگە يامانلىق قىلىۋاتقىنى تۈلكە .

— ياق ، ياق ، بىزگە يامانلىق قىلىۋاتقىنى ئادەملەر ، ئۇلار بىزگە ئەزەلدىن ئەسكىلىك قىلىپ كەلگەن ، — توشقانلارنىڭ مۇنا-زىرىسى خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىپ ، يىغىننى باشقۇرۇۋاتقان بوز توشقان گەپ باشلىغاندىن كېيىنلا جىمىپ قالدى .

— ھەي ، گەپنى سەل يىغىنچاقلايلى ! — بوز توشقاننى ئۆزىنى بىلىملىك چاغلايدىغان سېمىز توشقاننىڭ گېپى خاپا قىلىپ قويغانى-دى ، — بۇ يەردە كىتابتىكى گەپنى ئەمەس ، ئەمەلىيەتتىكى گەپنى

قىلغىنىمىز توزۇك ، ھازىر يۇز بىرىۋاتقان خەۋپ - خەتەردىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشەيلى .

ئەلقۇدلار پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى . شەيتىنى كۈچلۈك بىلال ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى . قورقۇنچاق توشقانلار بۇ شەپىنى ئاڭلاپ بىردەمدىلا پاتىپاراق بولۇپ كۆزدىن غايىب بولدى . ئەلقۇدلار ئالتۇنتاغقا كېلىپلا بۇنداق قىزىق ئىشلارنى كۆرەرمىز دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇلار ئادەتتە قىيغىتىپ يۈرگەن قوتاز ، توشقانلارنىڭ ھېچقانداق غېمى يوق ، ئۇلار ئادەملەردەك گەپ قىلالمايدۇ دەپ ئويلايتتى . ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە ئوخشاش گەپ قىلىشى ئەلقۇدلارنى ھەيران قالدۇردى .

ئەلقۇدلار كېتىۋېتىپ ئەتراپتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى . تۈرلۈك قۇشلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازدا ئۇنلەشلىرى ئاڭلىناتتى . ئەنە ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر توپ بۆكەن پەللىگە قاراپ چاپقان تەنھەرىكەتچىلەردەك ئۇچقاندەك چېپىپ ئۆتۈپ كەتتى . بۆكەنلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغان زىلال ئەلقۇدتىن سورىدى :

— ھازىر چېپىپ ئۆتۈپ كەتكەنلەر قويمۇ ، ئۆچكىمۇ ؟ — زىلالنىڭ سوئالىغا بىلال جاۋاب بەردى :

— قويمۇ ئەمەس ، ئۆچكىمۇ ئەمەس ، ئۇ دېگەن بۆكەن ، — بىلال بۆكەننى كۆرۈپ باققاچقا بىرلا كۆرۈپ تونۇۋالدى . زىلالنىڭ ئۆزىنىڭ سوئالىغا بىلالنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكىگە ئاچچىقى كەلدى .

— سەندىن سورىمىدىم ، ئەلقۇدتىن سوراۋاتىمەن . ئۇنىڭ بۆكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ ، — دەپ كايىدى زىلال .

— بىلگەن ئادەم نېمە دەپ سورايسەن ؟ — بىلال ھۆرپەيدى .

— مەن سەندىن سورىدىممۇ ؟ ئەلقۇدتىن سوراۋاتىمەن ، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ، ئۆزۈڭچە تېخى . . .

— سەن بىلمىگەن بۆكەننى بىلىدىمىغۇ ، يەنە نېمە دېمەكچىسەن ؟ — ئۇلار يەنە تۇتۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى .

— بولدى قىلىڭلار ، يەنە تاغ ئىچىدە قېلىپ بۆرىگە يەم بولغۇڭلار بار ئوخشىمامدۇ . ئۇرۇمچى جەنۇبىي تاغدا كۆرگەن كۈنلە-

رىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر، بىز ھازىر ئالتۇنتاغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا، ئەگەر تۇمار خاسىيىتىنى يوقىتىدىغان بولسا ئالتۇن-تاغنىڭ ئىچىدىن مەڭگۈ چىقالمايمىز.

— تۇمار بولمىسىمۇ ئۇچقۇمىز بارغۇ، ئۇچقۇمىز بولغان-دىكىن...

— تۇمار بولمىسا ئۇچقۇمۇ بولمايدۇ، سىلەر ئۇنى تاللا بازىرى-دىن سېتىۋالمىغان بولغىيىتتىڭلار، — ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن ئىككىيلەن جىمىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇچقۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتى-دىن پەيدا بولاتتى. شۇڭا، ئۇچقۇ ئۇلارغا كېرەك بولغاندا پەيدا بولۇپ، ئىشلەتمىگەندە ئۆزلۈكىدىن غايىب بولاتتى. بايا ئۇلار ئال-تۇنتاغنىڭ ئۈستىنى ئۇچقۇ بىلەن ئايلانغانىدى. مانا ھازىر پىيادە مېڭىپ يۈرمەمدۇ. ئۇچقۇ ئۆزلۈكىدىن غايىب بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۇچقۇنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا تۇماردىن تۆۋەن-سىز ئاۋاز چىقتى:

— ئەلقۇد مەن ھازىردىن باشلاپ ئۈچ سائەتكىچە خاسىيىتىمنى يوقىتىمەن، سىلەر مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئالتۇنتاغنى كۆرۈ-ۋېلىڭلار، — ئەلقۇد تۇمارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئەنسىرىگەن بولسىمۇ ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— ھازىردىن باشلاپ تۇمار خاسىيىتىنى يوقىتىپتۇ. بىلىپ قويۇڭلار، بۇ بايىقى سىلەر قىلغان ياخشى ئىشنىڭ مۇكاپاتى.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ھەي، ئادەمنى تولا قورقاتمىغىنە!

— قورقماڭلار، بىز ھازىرچە باشقا نەرسىنى ئويلىماي ئالتۇن-تاغنى ئوبدان كۆرۈۋالايلى، بۇ يەردە بىز كۆرىدىغان ھايۋانلار، قۇشلار، گۈل - گىياھلار كۆپ، بۇ يەردە تېخى بەزى تاسادىپىيلىق-لارغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. بىز نىيىتىمىزنى بۇزماي، ياخشى ئىش قىلساقلا تۇمارمۇ بىزگە ياردەم قىلماي قالمايدۇ، مۇھىمى بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ۋە ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىشىمىز كېرەك. ھەم-مىلا ئىشتا تۇمارغا يۆلىنىۋالساق قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدى-

غان ئادەمگە ئايلىنىپ قالامدۇق . نۇقسانلىرىمىزنى ۋاقتىدا تۈزە-تەيلى دېسەم گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭلار ، چۈجە خورازلاردەك چوقۇ-شۇپ ، سوقۇشۇپلا تۇرىدىكەنسىلەر ، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇد-نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غالىب مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىغان چاغلىرى-دىكىدەك باشلىرىنى ئېگىپ تىرناق تاتىلاپ تۇرۇشتى .

— ئەمدى باشقا گەپنى قويۇپ ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى ، — ئۇلار جىرادىكى چاتقاللىقلار ئارىسىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئېشەك-نىڭ ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى . بۇنى ئاڭلاپ بىلال بىلەن زىلال خۇشال بولۇپ كەتتى .

— ھەي ، باللار ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ چوقۇم يېقىن ئەتراپتا ئادەم بار ئىكەن . ئەمدى غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ .

— ئېشەك ھاڭرىسا ئادەم بار دېگىنىڭلار قىزىققۇ ، ئۆزۈڭلار-نىڭ نەدە تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ ؟ سىلەر ئۆزۈڭلار-چە بىرەر ئاق كۆڭۈل بوۋاي ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتىدۇ ، بىزگە ئۇ خۇرجۇنىدىن تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ ، دەپ ئويلا-ۋاتقان ئوخشىمامسىلەر ؟ بۇ يەردە ھاڭراۋاتقىنى چوقۇم ياۋا ئېشەك ،

— ئەلقۇدلار چاتقاللار ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئېشەك ھاڭراۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇلار جىلغىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر چۆپلۈكتە پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى ئېشەكنى كۆردى .

— ھەي ، ھازىر ئالتۇنتاغدىكى ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى كىمكەن بىلدىڭمۇ ؟ — بىر ئېشەك يەنە بىر ئېشەكتىن سورىدى .

— ھازىرچە بۇ ئالتۇنتاغدا بىرەرسىنىڭ مەن پادىشاھ دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم . ھەممە ھايۋانلار ئۆز ئالدىغا ياشاۋاتسا كىمگە كىم پادىشاھ بولالايتتى .

— شۇ ئەمەسمۇ ، مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا بىر پادىشاھ ، — يەنە بىر ئېشەك ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك سوزۇپ ھاڭرىدى .

— بىراق يېقىندىن بېرى ئادەملەر بۇ ياقلارغا تولا كېلىدىغان بولۇۋالدى . ئۇلار بىزگە پادىشاھ بولارمۇ ياكى . . .

— ئادەملەر پادىشاھ بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى .


— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟ ئۇلار بىزگە پادىشاھ بولسا بولمايدۇ . ئۇلار دېگەن بەك رەھىمسىز ، دوستۇم بۆكەننىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن .
— نېمە؟ سەن ماڭا بۇنداق گەپنى قىلمىغانتىڭغۇ .
— سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي دەپ دېمىگەنىدىم . ئەمدى سۆزلەپ بەرسەممۇ بولىدۇ . ئۇ چاغدا سەن كىچىك ئىدىڭ ، ئالتۇنتاغ ھازىرقىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى . ئاسماندا تۇرلۇك قۇشلار ئۇچۇپ يۇرەتتى . ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى بىزنى ھۇزۇرلاندۇراتتى . ئالتۇنتاغدىكى بارلىق ھايۋانلار ئىناق ، خاتىرجەم ياشايتتۇق . بۇ يەردىكى بۇغا ، بۆكەنلەر بىلەن دوست بولۇپ ، تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئوينايتتۇق . بىر كۈنى دوستۇم بۆكەن بىلەن بىللە مۇشۇ تاغنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئوتلاقتا ئوت - چۆپلەردىن ھۇزۇرلىنىپ ، ھەسەل ھەرىسى ۋە كېپىنەكلەرنىڭ ئۇچۇپ يۇرگىنىنى كۆرۈپ يۇرەتتۇق . تۇيۇقسىز ئالدىمىزدا ئىككى پۇتلۇق بىر مەخلۇق پەيدا بولدى . مەن باشتا ئۇنى مايمۇنمىكىن دەپتىمەن ، سىنچىلاپ قارىسام مايمۇندەك قىلمايدۇ ، ئۇستىگە غەلىتە بىر نەرسىلەرنى ئارتىۋاپتۇ ، قۇيرۇقسىز ئىكەن . قولىدا كالتەكتەك بىر نەرسە تۇرىدۇ . بىز باشتا نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇق . تۇيۇقسىز «پاڭڭىدە» قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . قارىسام دوستۇم بۆكەن ئالدىمدىلا پالاقلاپ يىقىلدى . ئۇنىڭ قورسىقىدىن قان ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى . تۇساتتىنلا «قاچ ! جېنىڭنى ئېلىپ تېز قاچ !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . مەن خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىمنى بىلىپ ، ئورمانلىققا قاراپ قاچتىم . كەينىمدىن «پاڭ ، پاڭ !» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . كەينى سول پۇتۇم چىمىدە قىلىپ قالدى . ئەسلىدە ئۇلارنىڭ قولىدىكى كالتەكتەك نەرسە ئوق مىلتىقى ئىكەن . ئادەملەر ئوق مىلتىقى دېگەن ئۇ نەرسىنى مەخسۇس بىزنى ئۆلتۇرۇش ئۇچۇن ياسىغانىكەن . ئاشۇ ئوق مىلتىقىنىڭ ئوقى پۇتۇمنى يارىلاندۇرغانىكەن . شۇڭا ، ھازىرغىچە ئاقساپ ماڭىمەنغۇ . مەن شۇ چاغدا ئورمانلىقتا تۇرۇپ ئادەملەرنىڭ بۆكەننى قانداق ئۆلتۇرگەنلىـ

كىنى ، بېشىدىن مۇڭگۈزىنى قانداق ئايرىۋالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم . ئادەملەر پادىشاھ بولسا ھەرگىز بولمايدۇ .

— ئادەملەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئەسكى ئەمەستۇ ، ئاڭلىسام بوۋىمىزنىڭ بوۋىسى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى دانىشمەن ، قىزىقچى نەسىردىن ئەپەندى بىلەن دوست بولۇپ ، پۈتۈن يەر - جاھاننى كېزىپتىكەنمىشقۇ .

— ئادەملەرنىڭغۇ ئۇنداق ھېكايە ، چۆچەكلىرى كۆپ ، بىراق ، ئۇلار بىز ئېشەكلەرنى كۆزگە ئىلمىدىكەن تاڭ ، — ئېشەكلەرنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىلال قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . ئۇ ركۈگەن ئىككى ئېشەك بەدەر تىكىۋەتتى . بىلال بىكارغا كۈلمىگەنىدى . چۈنكى ، زىلالنىڭ دادىسىنىڭ لەقىمى ئېشەك ئىدى . شۇڭا ، ئېشەك ھەققىدىكى گەپلەر زىلالنىڭ دادىسى ھەققىدىكى گەپتەك تۇيۇلۇپ كەتتى . . .





# 26 . شادلىق بايرىمى

ئەلقۇدلار ئالتۇنتاغدا يەنە نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ قىزىقارلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىدى . ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن باھالىرى ئەلقۇدلارنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى . ھازىرغىچە ئەلقۇدلار ھايۋانلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئادەملەرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدى . ئادەملەر ھەققىدە گەپ قىلىشقان ھەرقانداق ھايۋان ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان يامانلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەيتتى . ھېلىلا تېخى ئۇلار بىرنەچچە ئارقارنىڭ ئادەملەرنى سۆكۈپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . ئارقار قارىماققا ئەلقۇدنىڭ دادىسى بېقىۋاتقان كۆك قوچقارغا ئوخشاپ قالاتتى . ئۇنىڭ مۈڭگۈزىمۇ يوغان ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى :

— ئادەملەرنىڭ بۇ ئالتۇنتاغقا كىرىشىگە يول قويمىساق بولاتتى ، ئۇلار بۇ يەرگە كىرىپ دوستلىرىمىزنى خالىغانچە قىرغىن قىلىۋاتىدۇ .

— شۇ ئەمەسمۇ ، ئۇلار دەسسىگەن يەر قۇرۇيدىكەن ، ئۇلار بوۋامنىمۇ كۆز ئالدىمدىلا ئېتىۋەتكەن .

— توغرا دەيسەن ، بىراق بىز ئادەملەرگە تەڭ كېلەلەمدۇق ؟ ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىقنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى مانا مەن ئوبدان بىلىمەن ، ئەگەر ئۇ نەرسىدىن پاڭگىدە قىلغان ئاۋاز چىقىدىغان بولسا شۇ زامانلا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن . . .

— مەن تۇنۇگۈنلا تېخى ئىككى ئادەمنى كۆردۈم . ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم . ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت بىزنى ئوۋلاشلا ئەمەس ، بۇ يەردىن ئالتۇن دەمدۇ ، يەنە قانداقتۇر كان بايلىقى دەمدۇ ، ئىشقىلىپ بىرنەرسىنى تاپىمىز دەيدۇ ، تېخى دورىلىق ئۆسۈملۈك كولايمىز دېگەن گەپنىمۇ قىلدى . ئۇلار شۇنداق مەقسەت بىلەن ھەممە يەرنى قالايمىقان كولايدىكەن . كولىغان يەردىكى

گۈل ـ گىياھلار قۇرۇپ قالىدىكەن . تاغلارنىڭ ھۆسنى بۇزۇلۇپ ، ماكانىمىز ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدىكەن . ئامال بولسا ئادەملەرنى بۇ تاغقا قەدەم باستۇرمىساق بولاتتى . . .

— توغرا دەيسىلەر ، ئادەملەر بىز تەرەپكە قەدەم باسمىسۇن جۇمۇ ، بوۋام ئېيتقان ھېلىقى چۆچەكتە ئادەملەر مۇشۇ تاغنى پۈتۈنلەي ئالتۇنتاغقا ئايلاندۇرۇۋېتىمىز دەپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىكەن . ئەگەر ئۇلار مەقسىتىگە يەتكەن بولسا بىز بۇ تاغدىن بىر تالمۇ گىياھ تاپالماي ، ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولاتتۇق .

— قانداق چۆچەكتى ئۇ ؟ بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلىچۇ ! — باشقا ئارقارلار يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا مۆڭگۈزلۈك قېرى ئارقار ئالدىرىماي ھېكايىسىنى باشلىدى :

— بۇرۇنقى زاماندا بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئالتۇنتاغ گۈزەل بىر ماكان ئىكەنتۇق . بۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ ئۈستىدە ئاپئاق قارلار قىشمۇ ياز خىرۇستالدەك چاقناپ تۇراتتىكەن . قاپتاللىرىدا يىڭنە يوپۇرماقلىق ۋە كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلار ، گۈل ـ گىياھلار ياشناپ تۇرىدىكەن . يەنە تېخى يولۋاس ، يىلپىز ، ئېيىق ، مايمۇن ، بۇغا ـ مارال ، بۆكەن ، توشقان ، غاز ، ئۆردەك ، بۇركۈت ، ئاق قۇ ، ئۇلار ، قىرغاۋۇل ، بۆدۈنە ، كەكلىك ، كەپتەر ، تورغاي قاتارلىقلار ئىناق دوست بولۇپ ياشايدىكەن . تاغ چوققىلىرىدىن پەسكە قاراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلاردىن چىقىۋاتقان شىلدىرلىغان ئاۋازلار ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى بۇ يەرگە مەڭگۈلۈك بىر كۈينى بەخشەندە قىلغانىكەن . بۇ يەردىكى تۈرلۈك تاغ مېۋىلىرى ھەممىمىزنىڭ يەپ ـ ئىچىشىگە يېتىپ ئاشىدىكەن . بۇ تاغدا كۈندە دېگۈدەك شادلىق ، باياشاتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن . ئادەملەرمۇ بۇ يەردە بارلىق جانىۋارلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەنىكەن . لېكىن ، بۇ خىل ئىناقلىق ئانچە ئۇزۇنغا بارماپتۇ . تاغدا ئورۇنسىز جېدەل ـ ماجىرالار كۆپىيىپتۇ . بۆرىلەر بۆرىلىكىنى ، يولۋاسلار يولۋاسلىقىنى قىلىدىغان بولۇپتۇ . ئەسلىدە ئوت ـ چۆپ يەيدىغان بۆرە ، يولۋاسلار گۆش يېمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ . بىزگە ئوخشاش چۆپ خۇمار جانىۋارلار ئاشۇ بۆرە ، يولۋاسلارنىڭ

ئوزۇقلۇقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئادەملەرمۇ شۇنچە كۆپ ئاشلىق، مېۋە - كۆكتاتلارنى يېگىنى يەتمىگەندەك بىزنى ئوۋلاپ يېمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. تاغدا دائىم قىرىش - چېپىش، ئۇرۇپ - قوغلاش، جېدەل - ماجىرا بېسىقمايدىغان بولۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ياراتقان ئىگىمىزنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ. شۇنچە گۈزەل ماكاندا بىزنىڭ ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ، بىر - بىرىمىزنى قىرىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، بۇ تاغنى بىر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان قاقاس تۆپىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. تاغنى مۇسىبەت ۋە ھەسرەت قاپلاپتۇ. بىر كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا بارلىق جانىۋارلار ئاچلىقتىن زارلىنىپتۇ. ئادەملەرمۇ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى بارلىق جان - جانىۋارلار خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بارلىق ھايۋانلار ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى خۇداغا ئېيتقۇزۇپتۇ.

— سەن بارلىق جانىۋارلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەپسەن، قانداق تەلىپىڭ بار؟

— ئەي ئۇلۇغ خۇدا، — دەپتۇ ئادەم، — مەن ئالتۇنغا بەك ئامراق، ئەگەر بۇ تاغنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسەڭ مۇراد - مەقسىتىمگە يېتەتتىم، — خۇدا ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلىنىپتۇ.

— بارلىق جان - جانىۋارلار ساڭا ئىشىنىپ ئالدىمغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتسە سەن ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ. جان - جانىۋارلار ساڭا نېمە دېگەن؟ — بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئادەم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گەدىنىنى قاشلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ راست گەپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇلارنىڭ باشقا تەلىپى يوق ئىكەن، ئۇلار تاغنى يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بەرسە دەيدۇ.

— سېنىڭ تىلىكىڭنى بەجا كەلتۈرەيمۇ ياكى ئۇلارنىڭكىنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە مېنىڭكىنى، چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى، شۇڭا...

— پۈتۈن تاغنى ئالتۇنتاغقا ئايلاندۇرۇپ قويسام، ئۇ چۆللىنىپ

دىنمۇ ۋەھىمىلىك يەرگە ئايلىنىدۇ ، ئالتۇننىڭ قەدىرى تاشچىلىكمۇ بولماي قالىدۇ . مەيلىمۇ ؟

— مەيلى ، مەيلى . ئالتۇننىڭ قەدرى ھامان تاشتىن ئۈستۈن بولىدۇ ، ئالتۇن بولسىلا مەن ھەرقانداق ئارزۇيۇمغا يېتەلەيمەن .

— بۇ تاغدا باشقا جان - جانىۋارلار ياشىيالماي ئۆلۈپ كەتسە مەيلىمۇ ؟ — ئادەم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي تىرنىقىنى تاتىلاپتۇ ، — باشقا جانىۋارلارنى چاقىرغىن ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقاي ! — ئادەم ئامالسىز باشقىلارنى خۇدانىڭ ئالدىغا چاقىرتىپتۇ .

— سىلەرنىڭ قانداق تەلىپىڭلار بار ؟

— بىزنىڭ باشقا تەلىپىمىز يوق ، تاغ بۇرۇنقى گۈزەل ھالىتىگە كەلسىلا بولدى ، — خۇدا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ . ئالتۇنتاغ يەنە بۇرۇنقىدەك گۈزەل ھالەتكە كەپتۇ .

شۇ چاغلاردا بۆرە ، يولۋاس ، يىلپىز ، ئېيىقلارمۇ «بىز باشقا جانىۋارلارغا چېقىلمايمىز» دەپ ۋەدە بەرگەنىكەن . بىراق ، ئۇلار كۆپ ئۆتمەي ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ ، ئاجىز جان - جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈپ يەيدىغان بوپتۇ .

شۇ چاغدا ئادەم خۇدانىڭ ئالدىغا يەنە كەپتۇ .

— مېنىڭ قايسى تەلىپىمنى بەجا كەلتۈرىسىز ؟

— ھەرقانداق ئورۇنلۇق تەلەپىڭ بولسا بەجا كەلتۈرەتتىم ، سېنىڭ تەلىپىڭ بەك ئورۇنسىز بولۇپ قالدى . سەن بۇ تاغدىكى گۈل - گىياھلارنى ، جان - جانىۋارلارنى قەدىرلىسەڭ بۇ تاغ سەن ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك بايلىققا ئايلىنىدۇ ، — خۇدانىڭ بۇ گېپى ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ . بىراق ، ئۇ بۇ گەپكە خېلى ئۇزۇنغىچە ئىشەنمەپتۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئوق مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ ، جان - جانىۋارلارنى خالىغانچە قىرىپتۇ . جانىۋارلارنىڭ گۆش ۋە تېرىلىرىنى پۇل قىلىپ خەجلەپتۇ . ئالتۇن - كۈمۈش تاپىمەن دەپ تاغلارنى كولاپ ۋەيران قىلىپتۇ . ئادەملەر ئاستا - ئاستا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ . ئۇلار بۇ تاغدىكى گۈل - گىياھلارنى ،

جان ـ جانىۋارلارنى ئاسرايدىغان بولۇپتۇ . ئالتۇنتاغ ئادەملەرنىڭ ئاسرىشى ۋە قوغدىشى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ .

بۇ چۈچەكنى يېقىنلا يەردە ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىر ـ ئۇركۈت ئارقارلارنىڭ يېنىغا چۈشتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئارقارجانلار ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بۈركۈتجان ، بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ ؟

— مەن تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سىلەرنىڭ ھېكايەڭلەرنى ئاڭلىدىم ، بۇ ھېكايە مېنىمۇ تەسىرلەندۈردى . ئەگەر بۇ تاغ ئادەملەرنىڭ باشتىكى ئارزۇسى بويىچە ئالتۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا ، بۇ يەردە ھېچقايسىمىز ياشىيالمىغان بولاتتۇق . خۇدا بىزنى ئىناق ياشاڭلار دەپ بۇ تاغنى گۈزەل قىلىپ بەرگەن ، لېكىن بىز ئىناق ياشىيالمايۋاتىمىز .

— شۇنداق ، — دېدى ھېكايە ئېيتقان ئارقار يوغان مۈڭگۈزلۈك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، — بىز ئىناق ئۆتكەن بولساق بۇ تاغ تېخىمۇ گۈزەللەشكەن بولاتتى . بىز ئىناق ئۆتەلمەيۋاتىمىز . تاغدىكى بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا مەقسىتىمىزنى بىلدۈرۈپ ، ئىناق ياشاشنىڭ ئامالىنى قىلساق بولاتتى . ئادەملەر ئالتۇنغا نېمانچە ئامراقتۇ ؟ ئالتۇن شۇنچە ياخشى نەرسىمۇ ؟ ئەگەر مۇشۇ تاغ ئالتۇن بولۇپ كەتسە ، بىز نېمىشقا ياشىيالمايمىز ؟

ئارقارنىڭ بۇ سوئالىغا بۈركۈت جاۋاب بەردى :

— ئالتۇن دېگەن ئەمەلىيەتتە بىر سېرىق مېتال ، تاغ ئالتۇنغا ئايلانسا بۇ تاغدا بىز يەيدىغان ھېچنەرسە قالمايدۇ ، ئادەملەر مۇشۇ تاغنى تالىشىپ جەڭگى ـ جېدەل قىلىشى مۇمكىن . بىزگە ئالتۇندىن ھېچقانداق نەپ چىقمىغاندىن كېيىن يىراقلارغا كېتىشىمىز مۇمكىن . ئالتۇن دېگەن گەپ ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر مېتالنىڭ ئىسمى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى بايلىقنىڭ بەلگىسى ، شۇڭا ، ئۇلار بۇ تاغنى يەنىلا ئالتۇنتاغ دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ .

— بۇ تاغنى بىزمۇ ئالتۇنتاغ دەيمىزغۇ ؟ ئادەملەر قويۇپ بەرگەن ئىسىمنى ئىشلەتكۈچە ئۆز ئالدىمىزغا ئىسىم قويساق بولماـ

دۇ؟ — ئارقار بۇركۇتتىن سورىدى.

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق بىرنەرسىگە ئىسىم قويۇش ئادەملەرنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى، شۇڭا، ساڭا ئارقار، ماڭا بۇركۇت دەپ ئىسىم قويغان، — شۇ چاغدا چاتقاللىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئەلقۇدلار نەپەسمۇ ئالماي دېگۇدەك جىم-جىت تىڭشاۋاتاتتى. زىلالنىڭ بەك يۆتەلگۈسى كېلىپ كەتتى. ئەلقۇدلار تۇرغان چاتقاللىق بىلەن ئارقار، بۇركۇتلەر تۇرغان يەرنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا ئۇلار ئازراق شەپە چىقارسىلا سېزىلىپ قالاتتى. زىلال يۆتەلمەسلىككە شۇنچە تىرىشسىمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ كانىيىدىن خېلى كۈچلۈك قوش يۆتەل چىقىپ كەتتى. بۇ ئاۋازنىڭ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئارقارلار بىلەن بۇركۇت چاتقاللىقنى قورشاپ ئەلقۇدلارنى تۇتۇۋالدى.

— ياھ، بۇلار ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ئىكەن، ئادەملەر بالىلىرىمىزنى تۇتۇۋېرىمىسۇن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ باقايلى، — قېرى ئارقار خىرىلداپ كۈلدى. ئارقارلار ئەلقۇدلارنىڭ پۇت-قولىنى ئارقان بىلەن باغلىدى. ئەلقۇدلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى.

— بەك ياخشى بولدى، بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزغا يېزىلىدىغان ئىش بولدى، تارىخىمىزدا بىرەر قېتىممۇ ئادەم بالىسىنى تۇتۇپ باقمىغان، بۇ بىز ئۈچۈن يېڭىلىق بولدى، — ئارقارلار شۇنداق دېيىشىپ مەرىشىپ، سەكرىشىپ كەتتى.

— بۇلارنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — بۇركۇت يوغان مۈڭگۈزلۈك ئارقاردىن سورىدى.

— بۇلارنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرەيلىمىكىن، — يوغان مۈڭگۈزلۈك ئارقار تېزلا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئۇلار تېخى كىچىك، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرسەك رەھىمسىزلىك قىلغان بولىمىز، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئالتۇنتاغدىكى بارلىق ھايۋانلار بىر يەرگە يىغىلىپ شادلىق بايرىمى ئۆتكۈزمەكچى بولغاندۇق. مۇۋاپىق بولسا بايرامنى بۈگۈنلا ئۆتكۈزسەك، كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ، كۆپچىلىك يىغىلغاندا مەسلە-

ھەت بىلەن ئىش قىلمامدۇق .
بۇركۇتنىڭ بۇ گېپىنى يوغان مۇڭگۇزلۇك ئارقار مۇۋاپىق كۆردى .
— ياخشى گەپ ، بىراق ئۇ شادلىق بايرىمىنى نەدە ئۆتكۈزدىمىز ؟ باشقىلارغا بۇگۇن بايرام ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزنى قانداق بىلدۇرىمىز ؟ — يوغان مۇڭگۇزلۇك ئارقار بۇركۇتكە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى .
— بۇ ئاسان ، يېقىن ئەتراپتىكىلەرگە سىلەر خەۋەر قىلىڭلار ، قالغانلىرىغا مەن خەۋەر قىلاي ، — شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتلاقتا شادلىق بايرىمى ئۆتكۈزمەكچى بولدى .
بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئوتلاققا خېلى كۆپ ھايۋان ۋە قۇشلار يىغىلدى . ئەلقۇدلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى مەھكەم باغلاپ ئوتلاقنىڭ ئېگىز رەك يېرىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ئەتراپقا يىغىلدىۋالغان ھايۋانلار قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئۇلارنى تاماشا قىلدى . ھايۋانلار ئەلقۇدلار ھەققىدە گەپ - سۆز قىلىشىۋاتاتتى .
— ھەي ، بۇلار مايمۇنمۇ ياكى . . .
— شۇنىمۇ بىلمەمسەن ؟ بۇ دېگەن مايمۇن ئەمەس ئادەم ، مايمۇننىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقى بولىدۇ . . .
— قۇيرۇقىنى باستۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغاندۇ ؟
— بۇلارنى نېمىشقا باغلاپ قويغاندۇ ؟
— مەن ئادەمنى كۆرگەن ، ئادەم بۇنداق كىچىك بولمايدۇ .
— ھەي ، ئەخمەق ، ئۇلارنىڭمۇ بالىسى بار - دە ، ئادەملەرنىڭ بالىسى مۇشۇنداق كىچىك بولىدۇ - دە .
كۆپ ئۆتمەي بۇ يەرگە يىغىلغان ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلار تېخىمۇ كۆپەيدى . قارىغاندا بۇركۇت ھەممەيلەنگە خەۋەر قىلىپ بولغاندەك قىلاتتى .
ئەلقۇد بۇلار بىزنى نېمە قىلار دەپ قورقۇۋاتقان بولسىمۇ ، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى دەپ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇۋالدى . بىلال بىلەن زىلال تۇرۇپ - تۇرۇپلا غودۇڭشىپ تېرىكىپ قوياتتى .
ھايۋانلار بىردەمدىلا ئوتلاقنىڭ بىر تەرىپىگە چىرايلىق بىر

سەھنە ياسىدى . سەھنە تۈرلۈك گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەردىن ياسالغانىدى . بۈگۈنكى شادلىق بايرىمىغا يىلپىز رىياسەتچىلىك قىلدى .

— قەدىرلىك دوستلار ، بۈگۈن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن يىغىلغانلىقىمىزنى بىلىسىلەر . بۇ ئالتۇنتاغدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىملىق شادلىق بايرىمى . شۇڭا . . . — كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان تۈلكە يىلپىزنىڭ گېپىگە قوشۇق سالدى :

— سىزدىن بىر نەرسىنى سورىۋالسام بولامدۇ ؟ — ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان يىلپىزنىڭ ئەرۋاھى ئۈچقان بولسىمۇ بۈگۈنكى بايرامنىڭ شادلىق بايرىمى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۈلكىگە رۇخسەت بەردى ، — قېنى سورا ، — يىلپىزنىڭ ئاۋازى بەك قوپال چىقىپ كەتكەچكە تۈلكە سەل تەمتىرەپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى :

— نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىمقى شادلىق بايرىمىنى تۇنجى قېتىم ۋە ئاخىرقى قېتىم دەيسىز ؟ — تۈلكە يىلپىزغا تولا ماڭا ھەيۋەڭنى كۆرسەتمەي سوئالىمغا جاۋاب بېرە دېگەندەك كۆزلىرىنى سۈزۈپ ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى . يىلپىز بايىقى گەپنى مىڭ تەستە يادلىغانىدى . تۈلكىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ دەيدىغانلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەچكە ، ئاغزىغا كەلگەنچە سۆزلىدى :

— ئۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتىم بۈگۈن مېھمان بولۇپ كەلگەن ئۈچ ئادەم بالىسى بار ، ئۇلارنى ئارقاندىن بوشىتىپ سەھنىگە تەكلىپ قىلايلى ، — يىلپىز بۇ گەپنى ئۇيلاشمايلا دەپ قويغان بىلەن باشقىلار بىردەمدىلا ئىجرا قىلدى . ئەلقۇدلار سەھنىگە چىقىپ ئولتۇردى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا پىچىرلىدى :

— تۇمارغا دېگىنە ، بۇ يەردىن كېتەيلى ، بۇ يەردە قاچانغىچە يۈرىمىز ؟ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تۇرساق ، — ئەلقۇد تۇمارغا خىتاب قىلىپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا بۇغا ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ، كۆپچىلىككە

مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، قەدىرلىك دوستلار، ئادەملەر بۇرۇن بىزگە بەزى ئەسكىلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، يېقىندىن بېرى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىۋاتىدۇ، بىزنى قوغداۋاتىدۇ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىساق ياردەم قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بۇلتۇر قار قېلىن يېغىپ، يەيدىغان نەرسە تاپالمىغان چېغىمىزدا بىزگە يەم - خەشەك يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار بىزگە ھازىر ئوق چىقارمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى يامان نىيەتلەر بىزگە يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر تەرىپىدىن جازالىنىۋاتىدۇ. قارىسام بۈگۈن ئالتۇنتاغقا كەلگەن ئۈچ بالا ياخشى نىيەتلىك ئادەملەردىن ئىكەن. مەن بىلەن بۈركۈت ئۇلار ئالتۇنتاغقا كەلگەندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشىنى كۆزىتىپ تۇردۇق. ئۇلار ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدى. شۇڭا، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلايلى! — بۇغىنىڭ سۆزىدىن كېيىن قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى. يېقىندىن بېرى ئادەملەردىن كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرگەن ھايۋانلار ئەلقۇدلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە يەرگە قويمىدى. بۇ ئەلقۇدلار ئۈچۈن قىزىقارلىق تۇيۇلدى. ئۇلار ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بىراق، تۇمار ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن مەھەللىگە ئېلىپ كەلدى. مانا ھازىر ئەلقۇدلارنى ھايۋانلار ئەمەس، مەھەللىدىكى بالىلار كۆتۈرۈۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار بايىقى پۇتبول مۇسابىقىسىدە غەلىبە قىلغانىدى.

# 27 . غايىب بولغان گۈلزارلىق

ئەلقۇدلارنىڭ سىنىپىدا مەھەللىۋازلىق بارغانسېرى ئەۋج ئې-لىشقا باشلىدى . «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى ۋارىس ، خۇشتار ، بىلال ۋە زىلال قاتارلىقلار ئەنزەرنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى بولغانلى-قىغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى . ئەلقۇد ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشىنى توسىدىغان بولغاچقا ئۇنى ئۆزلىرىگە قاتمىدى .

بىر كۈنى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ۋارىس ئەنزەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى .

— ئۆگىنىش ھەيئىتى مەن دەپ يوغانچىلىق قىلما جۇمۇ ، ئەلقۇد ئۆتۈنۈپ بەرمىگەن بولسا ساڭا نەدە تۇرۇۋېتىكەن ئۇ ھەيئەتلىك ؟

— مەن ساڭا قانداق يوغانچىلىق قىپتىمەن ؟ ئۆزۈڭ مېنى چاپۇتلاۋاتىسەنغۇ ! — ئەنزەر قىزىرىپ كەتتى .

— نەدە سېنى چاپۇتلىدىم ؟ ئۆزۈڭ پۇتۇمنى دەسسىۋالدىڭغۇ . سەن «كۆك تېرەك»لىكلەرنى مېنى بىلمەيدۇ دېمە ، ھەممىڭ قارا نىيەت . پۇتۇمغا دەسسەپ باقە ، ئېڭىكىڭنى چېقىۋېتىمەن ! — ۋارىس پوپاڭلىق بىلەن مۇشتۇمىنى ئوينىتاتتى .

— پونى ئازراق ئاتە ، سەن چاقىدىغانغا چۈشۈپ قالغان ئېڭەك يوق . سەن چاقساڭ مەن قاراپ تۇرامدىمەن ؟ — ئەنزەرمۇ بوش كەلمىدى .

— ھەي ، كۆك تېرەكلىك ، قاراپ تۇرماي قانداق قىلاتتىڭ ؟ كىمنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ ئوقۇۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ . . .

— بۇ مەھەللە سېنىڭ سېتىۋالغان مەھەللەڭمىدى ؟

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭنىڭ مەھەللىسىدە ئوقۇساڭ بولماتتى ؟ ئەمدى بىزنىڭ مەھەللىدە ئوقۇغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي ، — ئۇلار

تاكاللىشىپ ياقىلىشىپ ، مۇشتلىشىپ كېتەي دېگەندە باللار ئۇلار-نى ئاجرىتىۋالدى . ئائغىچە دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى .
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسىدە غالىب مۇئەللىم سىنىپىدىكى باللارنى ئىككىگە بۆلۈپ پۇتبول ئويناتماقچى بولدى .
غالىب مۇئەللىم سىنىپتىكى ئوغۇللارنى ئىككى كوماندا قىلىپ بۆلدى . ئەلقۇد بىر كوماندىنىڭ ، ئەنزەر يەنە بىر كوماندىنىڭ باشلىقى بولدى . ۋارىس ، بىلال ۋە زىلالمۇ ئەنزەرنىڭ كوماندىسىغا كىرىپ قالغانىدى . ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن نارازى بولسىمۇ ، غالىب مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا بىرنەرسە دېيەلمىدى .
مۇسابىقە باشلىنىپ بىر مەيدان تۈگىگىچە بىلال ، زىلال ۋە ۋارىسلار تازا قىزغىن ئوينىمىدى . ئۇلار گەرچە ئەنزەرنىڭ كوماندى-سىدا بولسىمۇ ، ئۆزلىرىنى ئەلقۇدنىڭ كوماندىسىدىكىدەك ھېس قىلدى . ئەلقۇدلارنىڭ ۋاراتاسىغا توپ تەپكۈسى كەلمەي چاندۇرماي ئۆتكۈزۈۋەتتى . ئىككىنچى مەيدان باشلانغاندىن كېيىن بىلال بىلەن زىلال ئۆزىدىكى ھېسسىياتنى ئۇنتۇپ قىلىپ زور ئىشتىياق بىلەن ئوينىدى . ئارىلىقتا بىلال ئۆز كوماندىسى ئۈچۈن بىر توپ كىرگۈز-دى . ئەنزەرنىڭ كوماندىسىدىكى باللار بىلالنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەنتە-نە قىلدى . بىراق ، ۋارىس خاپا بولۇپ قالغاچقا بىلالنى تەبرىكلىگەن-دەك بولۇپ ئۇنىڭ بىقىنىغا نەچچىنى مۇشتلىۋەتتى .
ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا ۋارىس ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلەپ كەتتى .
— مەھەللە بويىچە ئوينىمىغان مۇسابىقە قانداق مۇسابىقە بولى-دۇ . ئەنزەر دېگەن «كۆك تېرەك»لىك بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىكەن ، نېمىشقا قاراپ تۇرۇپ ئەلقۇدلار تەرەپكە توپ كىرگۈزىسەن ؟ — دەپ بىلالغا ھۆرپەيدى .
— ئەمىسە ئۆزۈمنىڭ ۋاراتاسىغا كىرگۈزسەم بولامتى ؟ بۇ دېگەن ئويۇنغۇ ، سەن ئەجەب . . . — بىلالنىڭ گېپى تۈگىگىچە دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ غالىب مۇئەللىم پۇشتەك چالدى .
مۇسابىقە يەنە باشلاندى . ھازىر نەتىجە بىردە بىر ئىدى . ئارد-

لىقتا ئەلقۇد ئەنزەرلەرنىڭ ۋاراتاسىغا بىر توپ كىرگۈزۈپ نەتىجىنى تەڭلەشتۈرگەنىدى .

مۇسابىقە ئاياغلىشىدىغانغا يەتتە مىنۇتلا قالدى . ئىككى كوماندا تەپمۇتەڭ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئەلقۇدمۇ تەڭلىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى . ئۇ مۇسابىقە ۋەزىيىتىدىن بىلال ۋە ۋارىسلارنىڭ قانداق ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى . بۇ مۇسابىقىدە قايسىلا تەرەپ يېڭىلىپ قالسا ئۇ يېڭى زىددىيەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالاتتى .

مۇسابىقە ئاياغلىشىدىغانغا ئىككى مىنۇت قالغاندا ئەلقۇد ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى . ۋارىس هودۇقۇپ كەتتىمۇ ياكى قەستەن قىلدىمۇ توپنى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ۋاراتاسىغا كىرگۈزۈۋەتتى . ئەنزەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . ۋارىس يىقىلىپ چۈشۈپ دومىلاپ كەتتى .

ئەمەلىيەتتە ۋارىس يالغاندىن يىقىلىپ قويغانىدى . مۇسابىقە كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن قىقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋارىسقا نارازى بولۇپ ۋارقىراۋاتقانلاردىن باشقا ئۇنى ماختاپ ۋارقىراۋاتقانلارمۇ بار ئىدى . ۋارىسنى قوللىغۇچىلار «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى بالىلار ئىدى . بۇ مۇسابىقىدە ئەلقۇدنىڭ كوماندىسى يەڭدى . شۇ كۈنى ئەلقۇد خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلاندى . بىز بىر سىنىپتىكى 30 نەچچە بالا نېمىشقا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتەلمەيمىز ؟ نېمە ئۈچۈن مەھەللىۋازلىق قىلىمىز ؟ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلاردا قورسىقىمىزنى كەڭ تۇتالمايمىز ؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇ ؟ توساتتىنلا ئۇ بۇ سوئالىغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى .

ھەسەن مۇدىرنىڭ ئېيتىشىچە «كۆكدالا» ، «كۆك تېرەك» قاتارلىق مەھەللىلەر ئەسلىي بىرلا مەھەللە بولۇپ ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرنەچچە مەھەللىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىكەن . بۇ ئالتە مەھەللىدىكى كىشىلەر قارىماققا ئىناقتەك ئۆتسىمۇ ، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئىشلار داۋاملىق بولۇپ تۇراتتى . ئەلقۇدنىڭ دادىسى ئەنۋەر ئاكا مۇشۇ ئالتە مەھەللىگە ئاقىدىغان ئۆستەڭنىڭ

سۇيگە مەسئۇل . ئەلقۇد ئەقلىنى تاپقان چېغىدىلا بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ سۇ تالىشىپ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى .
ئەلقۇد 1 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان يىلى يازلىق تەتىلدە دادىسى بىلەن تاقاق بېشىدا بىللە يۈردى . بۇ قوناق ۋە كېۋەزگە سۇ تۇتىدىغان چاغلار بولغاچقا ، ھەممىلا مەھەللە ئۆزىنىڭ قوناق ، كېۋەزلىرىگە سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئالدىراش ئىدى .
بىر كۈنى سۇ تۇتۇش نۆۋىتى «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكىلەرگە كەلگەنىدى . ئەنۋەر ئاكا سۇنى «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكىلەرگە ماڭدۇرۇپ بەردى . ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئادەم ۋارقىراپ ـ جارقىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى .
— سۇ «كۆكدالا»غا ئېقىپ ، بىزنىڭكىگە ئاقسا بولمامدىكەن ؟ «كۆك تېرەك»لىكلەر نېمە قىلدۇق ساڭا ؟ نۆۋەت بىزگە كەلگەن تۇرسا سۇ يەنە «كۆكدالا»غا ئاققىلى تۇرۇپتۇغۇ ؟ سەن سۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭنىڭ مەھەللىسىگە بەرگىلى تۇرغان ئوخشىمامسەن ؟ — ئەمەلىيەتتە شۇ كۈنى سۇ تۇتۇش نۆۋىتى «كۆكدالا»لىقلارغا كەلگەنىدى . مەھەللىدىكى بەزىلەر بۇرۇندىن ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن مەھەللىۋازلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ جېدەللىشەتتى .
ئەلقۇد ئاخىر سىنىپتىكى بالىلاردا مەھەللىۋازلىقنى يوقاتمىسا ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بوۋىسى ھەسەن مۇدىرغا ئېيتىۋېدى ، ھەسەن مۇدىر خۇشال بولۇپ كەتتى .
— يارايسەن ساقام ، ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن ، بۇ ئىش يالغۇز بىزنىڭ بۇ يەردىلا ئەمەس ، يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ بار ، خەلقىمىز يۇرتۋازلىق ، مەھەللىۋازلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان . ئۇ تارىختىن بېرى بىزنىڭ ئىناقلىقىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ . مەن سىلەرنىڭ غالىب مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىپ ، سىنىپتىكى بالىلارغا بىر سائەت دەرس ئۆتۈپ بەرسەم بولغۇدەك .
بىر كۈنى ھەسەن مۇدىر ئەلقۇدلارنىڭ سىنىپىغا دەرس ئۆتتى :

— بالىلىرىم ، ھەممىڭلار ناھايىتى ئەقىللىق ، زېرەك ، شۇڭا ، سىلەرگە بالىلىق چاغلىرىمدا بوۋامدىن ئاڭلىغان بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي .

بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكان باغۇ بوستانلىق چاغلار(دا سۇمۇرغ دەيدىغان قۇش ياشىغانىكەن . ئۇنىڭ بەستى تۆگىنىڭكىدەك يوغان ، قانات ـ قۇيرۇقلىرى خۇددى گۈللەردەك جۇلالىق ، كۆزلىرى نۇر- لۇق ، سايراشلىرى ياڭراق ۋە يېقىملىق ئىكەن . تەكلىماكان گۈل- زارلىقىدىكى ھەممە قۇشلار ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن . سۇمۇرغنىڭ بىر قانات قېقىپ نەچچە مىڭ چاقىرىم پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىنى مەدھىيىلەيدىكەن . قۇشلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغۇسى كېلى- دىكەن . سۇمۇرغ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق قۇشلارنى كۆزگە ئىلماي- دىكەن . بۇ گۈزەل گۈلزارلىقلاردا پەقەت مەن ياشىشىم كېرەك ، دەپ ئويلايدىكەن . ئۇ ھە دېسە ئۆزىنىڭ باشقا قۇشلاردىن بەستلىك ، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىكەن . ئۆزىنىڭ پەرۋازى بىلەن ھەممىگە ھەيۋە قىلىدىكەن . قۇشلار يەنىلا سۇمۇرغنى ھۆر- مەتلەيدىكەن . بىر كۈنى تەكلىماكان گۈلزارلىقىدىكى قۇشلار سۇ- مۇرغنى ئۆزلىرىگە شاھ قىلىپ سايلاپ ، ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈز- مەكچى بوپتۇ . ئادەتتە سۇمۇرغ ئۆزىدىن باشقا قۇشلار بىلەن پاراڭلا- شمايدىكەن ، ئۇلارنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالمايدىكەن . شۇڭا ، قۇشلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىكەن . ئويان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئاق قۇشقاچ سۇمۇرغنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇپتۇ . قالغانلا- رمۇ ئاق قۇشقاچنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ- تۇ . ئاق قۇشقاچ سۇمۇرغنىڭ گۈلزارلىق ھويلىسىغا كىرگەندە ، سۇمۇرغ قاناتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك كېرىپ ، ياڭراق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقانىكەن . ئاق قۇشقاچ سۇمۇرغنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ماختاپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ .

ئاق قۇشقاچ سۇمۇرغنىڭ ناخشىسى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قۇشلارنىڭ پەخرى ، سۇمۇرغ شاھ ئالىيلىرى ، سىلىنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىم ، تەكلىماكان

گۈلزارلىقىدىكى قۇشلار مەسلىھەت ۋە سايلام ئارقىلىق سىزنى شاھ قىلىپ سايلىدۇق . سىز بىزگە شاھ بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ .
سۇمۇرغ ئاق قۇشقاچنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسخىرىلىك ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ :
— نېمە دەيسەن ؟ ھەرقايسىڭنىڭ مېنى شاھ قىلىپ سايلايدىغان نېمە ھوقۇقۇڭ بار ؟ سەنلەر سايلاشمىساڭمۇ مەن ئەزەلدىن شاھقۇ ، مەن نېمە غەمدە ، سەن خەق نېمە غەمدە ، تەكلىماكان گۈلزارلىقى پەقەت ماڭا مەنسۇپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گەپ قىلمىسام ماڭا تەۋە بۇ يەردە ئەجەب يايرىشىپ كەتتىڭلا ، قارىغاندا سەن خەق بۇگۈن مېنى شاھ دەپ ئېتىراپ قىلغان ئوخشايسەن ، سەن بېرىپ ئاشۇ كالۋالارغا دېگىن ، ئۇلار بۇگۈندىن باشلاپ بۇ يەردىكى گۈلزارلىقلاردىن يوقالسۇن ، تەكلىماكان گۈلزارلىقىدا تەنھا ياشايمەن ، — سۇمۇرغنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان ئاق قۇشقاچ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قايتىپ بېرىپ ، قۇشلارغا سۇمۇرغنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ .
تەكلىماكاندا ياشايدىغان قۇشلار ئىناق - ئىجىل ياشايدىكەن . ئۇلار سۇمۇرغنىڭ ھۆرمەتنى بىلمىگەنلىكىدىن خاپا بولۇپتۇ . بۇر-كۇتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قۇشلارغا :
— دوستلار ، بىز سۇمۇرغنى ھۆرمەتلەپ شاھ قىلايلى دېسەكمۇ ئۇ بىزنى كۆزگە ئىلماي غورۇرىمىزغا تەگدى . ئۇ نورغۇن ئارتۇق-چىلىقتا ئىگە بولسىمۇ ، ئەقىل ۋە پەزىلەتتە يەردىكى چۇمۇلىچىلىك-مۇ ئەمەس ئىكەن . ئۇ ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى ئۇقمايدىكەن . بىز بىلەن دوست بولۇشنى خالىمايلا قالماي ، بىزنى تەكلىماكان گۈل-زارلىقىدىن ھەيدىۋەتمەكچى بوپتۇ . ئۇ كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۈچىنىڭ كۆپىنىڭ كۈچىدىن زور ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن . بىز ھازىر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭغا شاھ بولۇش تەلىپىنى قويۇپ باقايلى ، ئەگەر ئۇ بىزنى بۇ گۈلزارلىقتىن كېتىشكە زورلىسا بىز-نىڭمۇ ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىمىز بار ، — بۇركۇتنىڭ سۆزىدىن كېيىن قۇشلار بۇركۇتنىڭ باشچىلىقىدا سۇمۇرغنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ .

سۇمۇرغ تەكلىماكاندىكى ئەڭ گۈزەل گۈلزارلىقنى تەنھا ئىگىلىۋالغانىكەن . بۇ يەردىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرگەن تورغاي، بۇلبۇلغا ئوخشاش ھېسسىياتچان قۇشلار چاڭقىلداپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتۇ . ئۆزىنىڭ گۈللۈك ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان سۇمۇرغ نېمە بولغاندۇ دەپ ھويلىسىغا چىقىپتۇ . ئۇ ھويلىسىدا ۋە ئىشىك ئالدىدا قۇشلارنىڭ قاتارلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، غەزەپ بىلەن چالۋاقاپتۇ :

— مەن ھەرقايسىڭنى بۇ گۈلزارلىقتىن تېز يوقال دېگەنتىمغۇ !

بۇركۇتنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە لاچىن سۇمۇرغقا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ .

— ھۆرمەتلىك سۇمۇرغ ئالىيلىرى ، بىز سىلىنى شاھ قىلىپ سايلاپ ، سىلىنىڭ ھىمايىلىرىدە ياشايلى دېسەك سىلى ئەجەب تەلدۈرمىزنى رەت قىپتىلىغۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنى بۇ تەكلىماكان گۈلزارلىقىدىن يوقالسۇن دەپلا ، بىز بۇ يەردىن ئايرىلالمايمىز ، سىلى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىمىسىلا بىزمۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمايمىز . سىلى شاھ بولمىسىلىغۇ مەيلى ، بىز بىلەن دوست بولۇشىمۇ خالىمامىلا ؟ سىلىنىڭ بىزگە شاھ بولمايمەن دېگەنلىرىمۇ توغرا ، ئەسلىي بىزگىمۇ شاھ كېرەك ئەمەس ، دوستلۇق ، ئىناقلىق كېرەك . شۇڭا ، بۈگۈندىن باشلاپ سىلى بىز بىلەن دوست بولۇپ ياشىسىلا ، سىلىنى ئەڭ يېقىن دوستىمىز دەپ بىلەيلى ، بىراق ، بىزنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتەلمەيلا ، بىزنى بەك خالىمىغان بولسىلا ئۆزلىرى بۇ يەردىن كېتىپ تېخىمۇ گۈزەل يەرلەردە ياشىسىلا ، — لاچىننىڭ سۆزىدىن كېيىن بۇ يەرگە توپلاشقان قۇشلار تەڭ ۋارقىراپتۇ :


— ئۆزلىرى بۇ يەردىن كەتسىلە !

— ئۆزلىرى بۇ يەردىن كەتسىلە ! !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇمۇرغنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ . ئۆزىچە مەن نېمىشقا بۇنداق چۇپرەندىلەر ياشىغان يەردە ياشىغان بولغىيدىتىم ، مەن ئاسماندا ئاي ، يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدا ياشىشىم كېرەك

دەپ ئويلاپ ، غەزەپ بىلەن سايراپ كېتىپتۇ :
— ھەرقايسىڭلار بىلەن بىر يەردە تۇرۇشتىنمۇ خىجىل بولۇۋا-
تىمەن . بولدى ، بۇنداق سېسىق يەرنى سىلەرگە بەردىم . مەن ئاس-
ماندا ئاي ، چولپانلار بىلەن ياشايمەن ، — ئۇ قانات قېقىپ تېزلا
ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . بەستى شۇنچە يوغان سۇمۇرغ بىردەمدىلا
ئاسماندا تۇگمىچىلىك كۆرۈنۈپ ئاخىرىدا يوقاپ كېتىپتۇ .
سۇمۇرغ ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدىن مەڭگۈلۈك غايىب
بوپتۇ . باشقا قۇشلار تەكلىماكان گۈلزارلىقىدا ئىناق - ئىچىل
ياشاپتۇ . تەكلىماكاندىكى گۈزەل گۈلزارلىقلار تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ .
بۇ يەردە تۈرلۈك قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋالىرى ياڭرايدىغان بولۇپتۇ .
بىراق ، بۇ ئىناقلىق ئۇزۇنغا بارماپتۇ . ئاي ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ ، ئورۇن-
سىز ئىشلار ئۇچۇن جېدەل قىلىدىغان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ كېتىپ-
تۇ . بۇرۇنقى دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ ئورنىنى دۈشمەنلى-
شىش ، ئىناقسىزلىق ئىگىلەپتۇ . تەكلىماكان گۈلزارلىقىدىن قۇش-
لارنىڭ شادلىق ناۋاسى ئەمەس ، جېدەللىشىپ قىلغان قىقاس -
چۇقانلىرى ئاڭلىنىپتۇ . ئۇلار گۈلزارلىقلاردا ئۆز پەرزەنتلىرى
ئۇچۇن ئەجىر - مېھنەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ، غەيۋەت - شىكايەت
قىلىپ ، باشقىلارنىڭ رىزقىغا قول سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولۇپتۇ .
قۇشلار بۆلۈنۈپ ئۆزئارا ئۇرۇش ، جېدەل باشلاپتۇ . ئۇلارنىڭ بۇ
ئىشىغا زېمىننىڭ غەزىپى كەلگەن بولسا كېرەك ، بىر كېچىسى
تۇيۇقسىزلا بوران ۋە قۇيۇن چىقىپ ، تەكلىماكاندىكى گۈلزارلىقلار-
نى يەر يۈزىدىن غايىب قىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇم بارخانلىرىنى
پەيدا قىلىپتۇ . . . . . .
ھەسەن مۇدىرنىڭ بۇ چۆچىكى سىنىپتىكى بالىلارنى چوڭقۇر
ئويلاندۇرۇپتۇ .





# 28 . باغراشتىكى ھېكايە

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەنە بىر شەنبە يېتىپ كەلدى . ئەلقۇدلار جۈمە كەچ ۋە شەنبە چۈشكىچە تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ تۈگەتتى . ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ، ساياھەتنىڭ باشلىماقچى بولدى . ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا دەرس ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىز . شەنبە ، يەكشەنبىلىك تاپ- شۇرۇقنى ئىشلەپ بولالمىساق ساياھەتكە چىقمايمىز دېگەنىدى . چۈنكى ، بىلال بىلەن زىلال ساياھەتكە قىزىقىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىمەي ، مۇئەللىمدىن بىرنەچچە قېتىم تەنقىد ئاڭلىغانىدى .

ئەلقۇدلار ئۈچقۇلىرىغا مىنىپ باغراش كۆلىنىڭ ئۈستىدە ئۈ- چۈپ يۈرەتتى . ئۇلار سايرام كۆلىنى كۆرگەن چاغدا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ كۆل يوق دەپ ئويلىغانىدى . ئەمدى دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان باغراش كۆلىنى كۆرۈپ ، ئۆزلىرىنى تېلېۋىزورلاردا كۆر- گەن دېڭىزنىڭ ئۈستىدە يۈرگەندەك ھېس قىلدى . باغراش كۆلى- نىڭ دولقۇنلىرى ئۇلارغا تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . كۆلدىكى قومۇشلۇقلار پايانسىز ئورمانلىقلارغا ئوخشايتتى . ئەلقۇد ئاخشام تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ بوۋىسى ھەسەن مۇدىرىدىن ئالغان «ئانا يۇرت جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابتىن باغراش كۆلى ھەققىدى- كى تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشنى ئوقۇغانىدى :

باغراش كۆلى قارا شەھەر ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، يۇرتىمىزدىكى مەشھۇر كۆللەردىن بىرى . ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يىلان قابىرغا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن باش- لىنىپ ، قارا شەھەر دەرياسىنىڭ قۇيۇلىدىغان ئاساسىي ئويمانلىق . يەنە بىر تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا چوڭ يۇلتۇز ، كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقلىرىدىن كېسىپ ئۆتكەن قارا شەھەر دەرياسى باغراش كۆ- لىگە قۇيۇلىدۇ ، باغراش كۆلىدىن كۆنچى دەرياسى ئېقىپ چىقىدۇ .

بۇ ئىككى دەريا سۇ بايلىقىغا ئىنتايىن باي .
باغراش كۆلى رايونىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تۇزسىز كۆل بولۇپ قالماستىن ، هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان بايلىق مەنبەسىگە ئىگە . ئۇنىڭدا ئۇچلۇق تۇمشۇق-لۇق بېلىق ، ئۇچلۇق باشلىق بېلىق ، ياپىلاق بېلىق ، چوڭ باشلىق بېلىق ، ئۇزۇن باشلىق بېلىق قاتارلىق نەچچە تۈرلۈك سورتلۇق بېلىقلار ياشايدۇ . باغراش كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىپار چاشقى-نى ، جەرەن ، ياۋا توشقان ، چىلبۆرە ، قاۋان ، تۈلكە ، غاز ، ئاققۇ-تان قاتارلىق هايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار ياشايدۇ . بۇ يەردىكى مول ئاشتۇزى بايلىقى بىلەن قومۇشمۇ باغراش كۆلىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان مول بايلىقلىرىنىڭ بىرى . ياز كۈنلىرى كۆل يۈزىدە نىلۇپەر گۈلى ئېچىلىپ كىشىگە ئۆزگىچە رومانتىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ .
ئەلقۇدلار ئۇچقۇلىرىنى مۇشۇ كۆل بويىغا قوندۇردى .
— هازىر هاۋا سوۋۇپ قالدى ، ياز بولغان بولسا تازا چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان يەر ئىكەنتۇق بۇ ، — بىلال دولقۇنلاپ تۇرغان كۆل سۈيىنى كۆرۈپ هاياجىنىنى باسالماي قالدى .
— بۇ چوڭ كۆل ، چوڭ كۆلنىڭ ئەتراپىدا يەنە كىچىك كۆل-دىن 10 نەچچىسى بار . ئۇ كىچىك كۆللەرنى مۇشۇ كۆللەرنىڭ بالىلىرى دېسەكمۇ بولىدۇ ، — ئەلقۇد ئاخشام ئوقۇغان كىتابىدىن بىلىۋالغانلىرىغا ئاساسەن شۇنداق دېدى .
— هەي ، بۇ كۆلدە نىلۇپەر گۈلى بار دەۋاتاتتىڭ ، قېنى ، گۈل كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ — بىلال ئەلقۇدتىن سورىدى .
— هازىر كەچ كۈز بولۇپ قالدى ، يازدا كەلگەن بولساق پورەكلەپ ئېچىلغان نىلۇپەر گۈللىرىدىن هۇزۇرلانغان بولا-تتۇق ، — شۇ چاغدا تۇماردىن سادا كەلدى .
— ئەلقۇد ، ئۇچقۇلىرىڭلارنى كۆلگە ئېلىپ چۈشۈڭلار ، ئۇنى كۆلگە ئېلىپ چۈشسەڭلار كاتېرغا ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن باغراش كۆلىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيسىلەر ، — ئەلقۇد تۇمارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى .
— تېز بولۇڭلار ، ئۇچقۇلىرىمىزنى سۇغا ئېلىپ چۈشەيلى ،

ئۇ كاتېرغا ئايلىنىدىكەن ، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇد بىلەن تەڭ ئۇچقۇلىرىنى سۇغا سالدى . ئۇچقۇ سۇغا چۇشۇشى بىلەن تېزلىكتە كاتېرغا ئايلاندى .

ئەلقۇدلار كاتېرلىرى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ ئۈستىدە ئەركىن ئايلاندى . كاتېرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئاق بۇژغۇنلار پەيدا بولاتتى . ساھىللاردىكى بېلىقچىلار كاتېرلارغا ھەيران بولۇپ قاراشتى . ئۆزىنى كۆرستىشكە ئامراق بىلال كاتېرنى بارغانسېرى تېز ھەيدەپ ئەلقۇد بىلەن زىلالدىن ئېشىپ كەتمەكچى بولاتتى . بۇ زىلال ئۇچۇنمۇ ئويۇن بولۇپ بەردى . ئۇمۇ بىلالغا بوش كەلمەي كاتېرنى تېخىمۇ چاپتۇراتتى . ئەلقۇدمۇ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى . . .

— قېنى قايسىمىز تېز چاپىدىكەنمىز ؟ — ئەلقۇدلار خۇشال بولۇپ كەتكەندى . ئەلقۇد كاتېردا كېتىۋېتىپ ئويلاپ قالدى . دېڭىز ، ئوكيان دېگەنلەرمۇ مۇشۇنچىلىك چوڭدۇر ؟ باغراشنى كۆل دېمەي دېڭىز ـ ئوكيان دېسە بولامدۇ ، نېمە ؟

ئەلقۇدلار كاتېرلىرىنى ئاستا ھەيدەپ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە دىققەت قىلدى . چايقىلىپ تۇرغان پايانسىز سۇ ، كۆلگە ئۆزگىچە گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرغان قومۇشلۇقلار ، قومۇشلۇقلار ئارىسىدىكى سۇ يوللىرىدا ئۈزۈپ ، ئۈركۈپ يۈرگەن غاز ، ئۆردەك ، ئاققۇتان قاتارلىق قۇشلار ، سۇدىن باشلىرىنى ھەييارلىق بىلەن چىقىرىپ تېزلا كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقان ئېپار چاشقىنى ، كۆل ئۈستىدە ئۆز نەپسى ئۇچۇن يۈرگەن بېلىقچى قۇشلار ، سۇ يۈزىدىكى نىلۇپەر ياپراقلىرى ، ئەلقۇد نىلۇپەر ياپراقلىرىغا قاراۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى .

— پاھ ، تېخى پورەكلەپ تۇرغان نىلۇپەر گۈلى بار ئىكەن ! بىلال ! زىلال ! — ئەلقۇد ھاياجانلانغان ھالدا ۋارقىرىۋەتتى . كاتېر بىلەن چېپىپ ئويناۋاتقان بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇد يەنە بىر قېتىم توۋلىغاندىن كېيىنلا كاتېرلىرىنى توختاتتى .

— كېلىڭلار ، كۆردۈڭلارمۇ ؟ نىلۇپەر گۈلى ئەنە ، — بىلال بىلەن زىلالمۇ نىلۇپەرگە قىزىقىپ قارىدى . دېگەندەك قىش كېلەي دەپ قالغىنىغا قارىماي نىلۇپەر گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى .

گۇلدىن رەڭگارەڭ نۇر تارايتتى . ئەلقۇدلارنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق چىراغقا قارىغاندەك چىمىلداپ كەتتى .

— نىلۇپەر گۇلى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن ، مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق نۇرلۇق ، چىرايلىق گۇلنى كۆرمەپتىكەنمەن . يازدا كەلگەن بولساق تېخىمۇ كۆپ نىلۇپەر گۇللىرىنى كۆرىدىكەنمىز ، — ئەلقۇد ھاياجانلىنىپ كەتكەندى .

— توۋا ، سۇدىمۇ گۇل ئېچىلىدىكەن ـ ھە ، — بىلال بىلەن زىلالمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي شۇنداق دەپ قويدى . لېكىن ، ئۇلار يەنىلا كاتېر ئويناشقا قىزىقىپ تۇراتتى .

— ماڭايلى ! بىر تال گۇلگە قاراپ بۇ يەردە تۇرغىچە باشقا يەرلەرنىمۇ كۆرۈپ باقايلىچۇ ، — زىلال كاتېرىنى ھەيدەپ ماڭدى . ئەلقۇد بىلەن بىلالمۇ نىلۇپەرگە قىيالمىغاندەك زىلالنىڭ كەينىدىن ماڭدى . شۇ چاغدا زىل بىر ئاۋاز ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى .

— ئەلقۇد ! توختاڭلار ، سىلەرگە گېپىم بار ، — ئەلقۇدلار قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك ئەتراپقا قارىدى ، ئەتراپتا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى . نىلۇپەر گۇلى تېخىمۇ بەك نۇرلىنىپ كەتكەندى .

— توۋا ، نېمە ئاۋاز بۇ ؟ خۇددى قىزلارنىڭ ئاۋازىدەك چىقىدى-غۇ ، ئۇ . . . — زىلال شۇنداق دېگەن بولسىمۇ كۆزلىرى قورقىنى-دىن تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندى . ئەلقۇد بىلەن بىلالمۇ قورقۇپ قالغانىدى . ئەلقۇد ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن چىققانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىدى . ئەلقۇدنىڭ مومىسى ئۇنىڭغا ئادەم يوق يەرلەردە بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇۋلىسا ، ئۈچ قېتىم تۇۋلىغىچە «ھە» دې-مەسلىك كېرەك دېگەندى . جىن ـ شاياتۇنلار بالىلارنىڭ ئىسمىنى پەقەت ئىككى قېتىم تۇۋلايمىش ، ئەگەر جىن ـ شاياتۇنلار ئىككى قېتىم تۇۋلىغاندا بالىلار «ھە» دەپ قالسا شۇ بالىمۇ جىن ـ شاياتۇنغا ئايلىنىپ كېتەرمىش .

— ئەلقۇد ، ئەلقۇد ! ماڭا قاراڭلار ، — ئاۋاز تەكرارلاندى . ئاۋاز ئەسلىدە نىلۇپەر گۇلى تەرەپتىن چىقىۋاتاتتى . ئەلقۇد كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك ئىتتىك گۇلگە قارىدى . گۇل تېخىمۇ نۇرلى-نىپ كەتكەندى . گۇل ئەتراپىدىكى نۇر ھالقىلىرى بارغانسېرى

كېڭىيىپ ۋە چوڭىيىپ، نۇر ئىچىدىن ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز پەيدا بولدى. قىزنىڭ بېشى ۋە بوي - تۇرقى ئەلقۇدلار بىلەن تەڭدەك قىلاتتى. قىزنىڭ چاچلىرى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈلگەن بولۇپ، كۆڭلى خۇددى نىلۇپەر گۈلىنىڭ بەرگلىرىدەك پاكىز ۋە سۈزۈك ئىدى. بېشىدا كىچىككىنە بىر تاجمۇ چاقناپ تۇراتتى. ئەلقۇدلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ئۇ سۇدا خۇددى يەر دەسسەپ تۇرغاندەك ئۆرە تۇراتتى. ئۇ يەردە ماڭغاندەك مېڭىپ ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەلقۇدلار كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ كارامەتتىن داڭ قېتىپ قالغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم دوستلار، خۇش كەپسىلەر، ئىسمىم نىلۇپەر قىز، مەن سىلەردەك ئاق كۆڭۈل باللارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغىلى ئۇزۇن بولدى. يەنە نەچچە كۈن كەلمىگەن بولساڭلار قايتىپ كېتەتتىم. يازدا بۇ يەرگە كېلىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى چوڭلار، باللار كەلگەن تەقدىردىمۇ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن كېلىدۇ، ئاتا - ئانىسىغا ئەگەشمەي ئۆزى بۇ يەرگە كەلگەن باللارنىڭ تۇنجىسى سىلەر، — ئەلقۇدلار يەنە گەپ قىلماي تۇرۇۋالسا ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ئەدەپ بىلەن سالام قايتۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نىلۇپەر قىز، سىز بۇ يەردە يالغۇز نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ئىسمىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — ئەلقۇد ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى.

— مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا ئەمەس، بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلىمەن.

— بۇ، بۇ . . . سىز، بىزنى قانداق تونۇيسىز؟ بىز سىزنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرساق، — ئەلقۇدلار تەڭلا سورىدى. نىلۇپەر قىزنىڭ ئەدەپلىك ۋە يېقىملىق مۇئامىلىسى ئەلقۇدلارنىڭ قورقۇنچىسىنى يوقىتىپ، سىنىپىغا باشقا مەھەللىدىن كەلگەن يېڭى قىز ساۋاقدىشى بىلەن تۇنجى قېتىم پاراڭلاشقاندىكىدەك شوخلۇق بىلەن سۆزلىدى.

— پېشانەڭلەردە ئىسمىڭلار تۇرمامدۇ؟ مەن ئۇنى ئوقۇۋالدىم، — ئۇلار بىر - بىرىگە قارىدى. پېشانىسىدە نەدىمۇ ئىسىم

بولسۇن؟ نىلۇپەر قىز ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ مۇنداق دېدى، — سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنىڭ پېشانىسىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمايسىلەر، بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالماڭلار، مەن قىلغان بەزى ئىشلارنى سىلەر قىلالمىغاندەك، سىلەر قىلغان بەزى ئىشلارنى مەنمۇ قىلالمايمەن. سىلەر بۇگۈن كەلمىگەن بولساڭلار مەن يەنە گۇل پېتى تۇرۇۋەرگەن بولاتتىم. سىلەر مېنى سېھىردىن ئازاد قىلدىڭلار. رەھمەت سىلەرگە، راست گەپنى قىلسام سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. سىلەرنى دادامنىڭ يېنىغا ئاپىراي، قالغان گەپنى شۇ يەردە قىلىشايلى.

— دادىڭىز قەيەردە؟ بىزنى نەگە ئاپىرىسىز؟ — ئەلقۇد نىلۇپەر قىزدىن سورىدى.

— دادام يېشىل ھويلىدا، دادامنىڭ ئىسمى قومۇش سانغۇن. ئۇ قۇم چاچقۇچى، كۆل بۇلغۇچى دىۋىلەر بىلەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئېلىشىپ كەلمەكتە. دادام ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بولمىغان بولسا سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ باغراش كۆلىمۇ يەر يۈزىدىن مەڭگۈلۈك يوقالغان بولاتتى.

ئەلقۇدلار ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمىشقا؟

— سۇ بۇلغۇچى دىۋىلەر كۆل ۋە دەريا ئېقىنلارنى سېھرى بىلەن يوق قىلىۋېتەلەيدۇ. كۆلدىكى سۇلارنى ئۆزىنىڭ «كۆھنقاپ» تۇلۇمىغا سولاپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ يۇرتىمىزدىكى نۇرغۇن كۆللەرنى يوق قىلىۋەتكەن. كۆللەر يوقالسا گۇللەرمۇ يوقايدۇ. ئادەملەر ياشايدىغان بوستانلىق مەھەللىلەرمۇ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا مەڭگۈلۈك كۆمۈۋېتىلىدۇ، — نىلۇپەر قىزنىڭ ئاۋازى خۇددى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك تولىمۇ مۇڭلۇق چىقتى، — مېڭىڭلار، مەن سىلەرنى دادام قومۇش سانغۇننىڭ يېنىغا ئېلىپ باراي.

— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ، ئېچىڭلار دېگەندە ئېچىڭلار.

ئەلقۇدلار كۆزلىرىنى يۇمدى.

# 29 . باغراشتىكى يېشىل هويلا

ئەلقۇدلار كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى قومۇشلۇقتىكى گۈزەل چىمەنزاردا كۆردى . ئەتراپتا چەشمە بۇلاقلار بۇلدۇقلايتتى . تەبىئىي فونتانلار ئوقچۇپ تۇراتتى . رەڭگارەڭ گۈللەر ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك جىلۋە قىلاتتى . ئەلقۇدلار كۆرۈپ باقمىغان قىزىل ، يېشىل ، سېرىق ، قارا ۋە سۆسۈن رەڭدىكى چوڭ - كىچىك قۇشلار گۈل - گىياھلارغا قونۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى . ئەلقۇدلار نىلۇپەر قىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن چىمەنلەر ئارىسىدىكى كىچىك يولدا كېتىۋاتاتتى . ئاسماندا قۇياش سېخىيلىق بىلەن نۇر سەپمەكتە ئىدى . گۈل - گىياھلاردىكى شەبنەملەر قۇياش نۇرىدا جۇلالايتتى . ئۇلار ئاشۇ چىمەنزارلارنى ئايلىنىپ گۈل - چېچەكلەردىن سېلىنغاندەك ئېگىز بىر يېشىل هويلا ئالدىغا كەلدى . هويلىنىڭ يېشىل دەرۋازىسى ئېتىك ئىدى . نىلۇپەر قىز يېشىل دەرۋازىغا سالام قىلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، مەن نىلۇپەر قىز ، سېھىردىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كەلدىم . دادام قومۇش سانغۇنغا خەۋەر قىلىڭلار ! — نىلۇپەر قىزنىڭ سۆزىدىن كېيىن يېشىل دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى . نىلۇپەر قىز ئەلقۇدلارنى يېشىل هويلىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى :

— مەرھەمەت ، سىلەر مېھمان ، ئالدى بىلەن سىلەر كىرىڭلار ! — ئەلقۇدلار تارتىنىپ كىرگىلى ئۇنىماي بىردەم تارتىشقاندىن كېيىن يېشىل هويلىغا كىرمەكچى بولدى . بىراق ، دەرۋازا تېزلا ئېتىلىپ قالدى . نىلۇپەر قىز يېشىل دەرۋازىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ قالغىنىغا ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭغا :

— مېنى تونۇمايۋاتامسەن ياكى قەستەن ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتامسەن ؟ مەن قومۇش سانغۇننىڭ قىزى نىلۇپەر قىز ، تېز ئېچىل ،

بۇلار يېقىن دوستلىرىم، بىلىسەنغۇ، مەن كۆل يۈزىدە گۈلگە سېھىرلىنىپ، دوستلىرىمنى كۈتۈۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولدى. بۇ خۇشاللىقىمنى داۋامغا يەتكۈزىمەن. تېز ئىچىلغىن!

— خاپا بولماڭ، چىرايلىق نىلۇپەر قىز، داۋىڭىزدىن بۇيرۇق بار، بىزنىڭ يېشىل ھويلىغا ئوغرىلار كىرسە بولمايدۇ. بۇ ئۈچ دوستىڭىز بۇرۇن ئوغرىلىق قىلغانىكەن، — بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەلقۇد نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئەلقۇدلارنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن نې-لۇپەر قىز ئەلقۇدلارغا يان بېسىپ يېشىل دەرۋازىغا ۋارقىرىدى:

— بۇگۈن نېمانچە ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، مەن ئۇلارنى داۋام بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، سەن نې-مىشقا بۇلارغا تۆھمەت قىلىسەن؟

— تۆھمەت قىلغىنىم يوق، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزلىرىدىن سو-راپ بېقىڭ.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىل، يولىمىزنى توسقۇچى بولما! بولمىسا داۋامغا دەپ سېنى... — نىلۇپەر قىزنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلگەچكە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى يېشىل دەرۋازا ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سىز كىرىپ داۋى-ڭىزدىن يېشىل ھويلىغا ئوغرىلار كىرسە بولۇۋېرىدۇ، دېگەن بۇي-رۇقنى ئېلىپ چىقىڭ، بولمىسا مەن ئۇلارنى ھەرگىز كىرگۈزمەيمەن.

نىلۇپەر قىز ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا يېشىل دەرۋازىنىڭ دېگىنى بويىچە ئەلقۇدلارنى قالدۇرۇپ، يېشىل ھويلىغا كىرىپ كەتتى. قومۇش سانغۇن يېشىل ھويلىنىڭ غەربىدىكى يېشىل مەيداندا ئۆزىنىڭ مىڭلىغان قومۇش لەشكەرلىرى-نى قوم چېچىپ، كۆل بۇلغۇچى دېۋىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش مەشىقى قىلدۇرۇۋاتاتتى. قومۇش سانغۇن قىزنىڭ قايتىپ كەلگەن-لىكىنى كۆرۈپ، قومۇش لەشكەرلەرنى ئىختىيارىي پائالىيەتكە قو-يۇپ بېرىپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قىزىم، نېمە بولدى؟ سەن كۈتۈۋاتقان باللار كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — نىلۇپەر قىز خۇشال بولۇپ ئۆزىنى قومۇش ساندۇقنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

— ھەئە دادا، ئەلقۇدلار ئاخىر كەلدى. بىراق، يېشىل دەرۋازا ئۇلارنى ئوغرى دەپ كىرگۈزمەيۋاتىدۇ، بىراق ئۇلار ئوغرى بولمىسا...

— ئوغرىلارنى كىرگۈزمەڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگىنىم راست، بىراق ئەلقۇدلارنىڭ ئوغرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ، — قومۇش ساندۇق بىلەن نىلۇپەر قىز يېشىل دەرۋازىدىن چىقىپ ئەلقۇدلارنى يېشىل ھويلىسىغا ئېلىپ كىرمەكچى بولدى، بىراق، دەرۋازا يەنە ئېتىلىپ قالدى. ئەمدى قومۇش ساندۇقنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— يېشىل دەرۋازا! سەن نېمانچە ئەدەپسىز بولۇپ كەتتىڭ؟ مېنىڭ ئالدىمنىمۇ توسىدىغان بولدۇڭمۇ؟

— ئەدەپسىزلىك قىلغىنىم يوق، سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن. ئۇ باللار بۇرۇن ئوغرىلىق قىلغانىكەن. شۇڭا، ئۇلارنى كىرگۈزەلمەيمەن، ئۇ سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بولۇپلا قالماستىن، مەن يېشىل دەرۋازىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، — ئەلقۇدلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خىجىل بولغانلىقىدىن قىزىرىپ كەتتى. زىلالنىڭ يېشىل دەرۋازىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغۇسى كەلدى. بىلالمۇ ئۇ بىزگە تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ غودۇڭشىپ قويدى. ئەلقۇد يەرگە قاراپ جىم تۇردى.

كىيىم ـ كېچەكلىرى قومۇش يوپۇرمىقىدەك يېشىل، بېشىدىكى يېشىل دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىدە قومۇش پۆپۈكىگە ئوخشايدىغان تاجى بار قومۇش ساندۇق يېشىل دەرۋازىنىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ يېشىل دەرۋازىدىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— بۇ باللارنى ھويلىغا ئېلىپ كىرىشنىڭ باشقا ئامالى يوقمۇ؟

— ئۇلار ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلسا ھەم ئوغرىلىق

قىلماسلىققا ۋەدە بەرسە ئۆزلۈكىمدىن ئېچىلىمەن ، — يېشىل دەر-
ۋازىنىڭ بۇ سۆزى ئەلقۇدلارنى ئەزىز مېھمىنىم دەپ قاراۋاتقان
نىلۇپەر قىزنى ئىنتايىن خىجىل قىلدى . قومۇش سانغۇنمۇ قانداق
قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئەلقۇد ئۇلارنى بۇ ئوڭايسىز
هالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ، — بىز يېشىل دەرۋازىنىڭ دېگىنى
بويىچە قىلايلى ، هەممە گۇناھ مەندە ، ئۇ راست گەپ قىلدى ، مەن
بۇرۇن ئوغرىلىق قىلغان . بىر قېتىم مەھەللىمىزدىكى توختى قو-
غۇنچىنىڭ قوغۇنلۇقىغا كىرىپ قوغۇن ، يەنە بىر قېتىم مەكتەپنىڭ
بېغىدىن ئالما ئوغرىلىغان . ئىككى قېتىم ئوغرىلىق قىلغان ، بۇ-
نىڭدىن كېيىن هەرگىز ئوغرىلىق قىلمايمەن ، — ئەلقۇد قىزىرىپ
يەرگە قارىۋالغان بولسىمۇ ، يېشىل دەرۋازا يەنىلا ئېچىلمىدى .

— ئۇلار سەن دېگەننى قىلدى ، يەنە ئېچىلمايسەنغۇ ؟ —
سانغۇن ئەمدى يېشىل دەرۋازىدىن قوپاللىق بىلەن سورىدى . نىلۇ-
پەر قىز تىت - تىت بولۇپ يىغلىۋېتەيلا دەپ تۇراتتى .

— بىلال بىلەن زىلال تېخى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان
تۇرسا ، — يېشىل دەرۋازىنىڭ بۇ گېپى بىلال بىلەن زىلالنىمۇ
تەمتىرىتىۋەتتى .

— ماقۇل ، ماقۇل ، مەن دەي ، — قورقۇنچاق زىلال راست
گەپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى ، — مەن ، مەن بىر قېتىم
ۋارىسنىڭ بەكىسىنى ئوغرىلىۋالغاندىم . . . — بىلال بىلەن ئەلقۇد
ئىتتىك زىلالغا قارىدى . راست ، بىر قېتىم ۋارىسنىڭ چىرايلىق ،
نەقىشلىك ، پارقىراق بەكىسى سىنىپتا يىتىپ كەتكەندە ۋارىس
خېلى ۋاقىتقىچە قاقشاپ يۈرگەنىدى . هەتتا ئۇ سىنىپنىڭ ئىشىكىنى
ئېتىۋېلىپ هەممە باللارنىڭ يانچۇقىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ چىققا-
نىدى . شۇ چاغدا بىلال دېرىزىدىن قېچىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ،
ۋارىس بەكەمنى بىلال ئېلىۋالدى . بولمىسا نېمىشقا دېرىزىدىن قا-
چىدۇ دەپ بىلال بىلەن پاراڭلاشماي قېيداپ يۈرگەنىدى .

— شۇ چاغدا ۋارىس سىنىڭمۇ يانچۇقىڭنى ئاختۇرغانتىغۇ ؟
بەكىنى نەگە تىقىۋالغاندىڭ ؟ — دېدى بىلال ئاچچىقلاپ .

— ئايغىمنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدىم، — زىلال ئوغرىلىق قىلىپ سوت مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغان جىنايەتچىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى نېلۇپەر قىز ئۈچۈن تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. نېلۇپەر قىزدا ئەلقۇدلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئۆچ كۆرۈش پەيدا بولمىدى. ئۇ خۇددى ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئۈنچىلىك ئىشنى قىلسا نېمە بوپتۇ، دېگەندەك كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. قومۇش سانغۇنمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى شوخلۇقلىرى ئېسىگە كەلگەندەك ئەلقۇدلارغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ قويدى.

— شۇنىڭ بىلەن تۇگىدىمۇ؟ — يېشىل دەرۋازىنىڭ ئاۋازى باش سوتچىنىڭ ئاۋازىدەك سۈرلۈك ۋە سالماق چىقتى. قورقۇپ كەتكەن زىلال تېزلا جاۋاب بەردى.

— مەن يەنە قوشنىمىزنىڭ كاتىكىدىن تۆت تۇخۇمنى ئوغرىلىغانىدىم. يەنە، يەنە... ئەمدى تۈگىدى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايمەن... — بىراق يېشىل دەرۋازا يەنىلا ئېچىلمىدى. دېمەك بىلالمۇ ئۆزى قىلغان ئوغرىلىقنى پاش قىلمىسا بولمايتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى پاش قىلدى:

— مەنمۇ ئۆيدە ئاپام تىقىپ قويغان كەمپۈتلەرنى ئوغرىلاپ يەيتتىم، يەنە بىر قېتىم خەقنىڭ ئېتىزلىقىدىن كۆكۋاش ئوغرىلىغانىدىم... يەنە، مەكتەپنىڭ بېغىدىن ئالما... يەنە... يەنە... تۈگىدى. مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايمەن، — بىلالنىڭ شۇ سۆزىدىن كېيىن يېشىل دەرۋازا ئېچىلدى. يېشىل ھويلا ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. بۇ يەردە بۆكەن، جەرەن، ئارقار، ئاق قۇ، بۇركۇت، توشقان، ئاققۇتان، لەگلەك، ئۆردەك، غاز، مايمۇن، تۆگە، قوتاز، قۇلان قاتارلىق ھايۋانات ۋە قۇشلار خۇددى شوخ باللاردەك ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرەتتى. ئەلقۇدلار نېلۇپەر قىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن يېشىل ھويلىدا خېلى ئۇزۇن ماڭغان بولسىمۇ، ھويلىنىڭ چېكى كۆرۈنمىدى. قومۇش سانغۇن ئەلقۇدلارنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن گۈلزارلىق مېھمانخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، نېلۇپەر قىز

يېشىل هويلىنى خېلى ئۇزۇن ئايلاندۇردى . هويلىنىڭ بەزى يەرلى-
رىدىكى مەيدانلاردا قومۇش لەشكەرلەر مەشىق قىلىۋاتاتتى . ئەلقۇد-
لار قومۇش لەشكەرلەرنىڭ ماھارەتلىرىنى قىزىقىپ كۆردى . يېشىل
هويلا گۈلزارلىق ، بوستانلىق ، ئوتلاقلىق ، تۆرلۈك مېۋىلەر مەي
باغلاپ تۇرىدىغان گۈلباغ ، تۈزلەڭلىك ، تاغ - دەريا ۋە ئويمانلىقلار
بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن پانايىسىز بىر زېمىن ئىدى . بۇ يەردە
تۆرلۈك هايۋانلار ئىناق - ئېجىل ياشايتتى . ئەلقۇدلارغا ئۇچراۋات-
قان هايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەلقۇدلارغا سەمىمىيلىك بىلەن
سالام قىلىشلىرى ئۇلارنى سۆيۈندۈردى . ئەلقۇدنى ئەڭ قىزىقتۇرغى-
نى چىمەنلىكتە بىر - بىرى بىلەن قوغلاشماق ئويناۋاتقان بۆكەن
بىلەن بۆرە بولدى . بىلال بىلەن زىلال دەرەخ ئۈستىدە ھەييارلىق
بىلەن سەكرەپ يۈرگەن مايمۇنلارغا قىزىقىپ قالدى . بۇ يەردىكى
مايمۇنلار ئۇلار ئۈرۈمچى هايۋانات باغچىسىدا كۆرگەن مايمۇنلارغا
ئوخشىسىمۇ ، ئۇ يەردىكى مايمۇنلارغا قارىغاندا شوخ ۋە ئەركىن
ئىدى . يەنە تېخى گەپ قىلالايتتى .

ئەلقۇد تېخىچىلا قوغلاشماق ئويناۋاتقان بۆكەن بىلەن بۆرىگە
قاراپ تۇراتتى . ئەلقۇد بۇ مەنزىرىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى
ئۇۋۇلىدى . بۆكەن بۆرىنى قوغلاۋاتاتتى . ئەلقۇد ئوقۇغان ۋە ئاڭلى-
غان چۆچەكلەردە ۋەھشىي ، ياۋۇز بۆرىلەر بۆكەنلەرنى بوغۇپ ئۆلتۈ-
رۈپ تەسۋىرلىنەتتى . ئەجەب بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش يۈز
بېرىۋاتىدىغۇ ! ئۇلار خۇددى بىلال بىلەن زىلالدەك بىر - بىرى
بىلەن قوغلىشىپ ئويناۋاتىدۇ . بۆرە بۆكەننى قوغلىغان بولسىمۇ
كاشكى ، بۆكەن بۆرىنى قوغلايتتى . ئۇلار شوخ بالىلاردەك ۋىلىقلاپ
كۈلەتتى . ئەنە ، سەل نېرىراقتا بىر ئورانگوتان بىر شىرنى مىنىۋې-
لىپ ، غىدىقلاپ كۈلدۈرۈۋاتاتتى . بۇغا بىلەن يىلپىز بىر يەردە
يېتىپ ئاپتاپسىنىۋاتاتتى . يەتتە - سەككىز توشقان بۈركۈتنى ئوتتۇ-
رىغا ئېلىپ «چۆچۈرە قايناق» ئوينىماقتا . . . ئىشقىلىپ بۇ يەردە
بۇنداق ئىشلار كۆپ ئىدى .

بىلال بىلەن زىلال دەرەخكە چىقىپ مايمۇنلار بىلەن پاراڭلىشى-
ۋاتاتتى . نېلۇپەر قىز ئەلقۇد بىلەن بىللە ئىدى . ئۇ ئەلقۇدنىڭ

خىيالىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەلقۇد نىلۇپەر قىزغا قارىدى. نىلۇپەر قىز تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن بۇ يەر ھەققەتەن يېشىل ھويلىمىكەن دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.


— بۇ يەردىكى ھايۋانلار بىر - بىرى بىلەن سوقۇشامدۇ؟ بۆرىلەر بۆكەنلەرگە چېقىلمامدۇ؟

— ياق، ئۇلار ناھايىتى ئىناق - ئىجىل ئۆتىدۇ.

— ئاۋۇ بۇركۇتمۇ توشقانلارغا چېقىلمايدىكەن - دە!

— ھەئە، ئۇلار دېگەن دوست، كۆرمىدىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ «چۆچۈرە قايناق» ئويناۋاتقىنىنى؟

— چۈشىنەلمىدىم، ئۇلار نېمىشقا... — ئەلقۇد گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى. ئۇ بۆرىلەر بۆكەنلەرنى يېمىسە نېمە يەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچمامدۇ؟ بۆرە، يىلپىزلارمۇ ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېسە بۇغا ياكى قوتازغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ دەپ سورىماقچى ئىدى. بىراق، يېشىل ھويلىدا بۇنداق سوئالنى سوراش ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. شۇ چاغدا ئىككى قومۇش لەشكەر ئەلقۇدلارنى چاقىرىپ كەلدى. قومۇش سانغۇن ئەلقۇدلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە زىياپەت تەييارلاپ، ئۇلارنى چاقىرتقانىدى. ئەلقۇدنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بىلال بىلەن زىلالمۇ مايمۇنلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلار مېھمان بولغاچقا نىلۇپەر قىز بىلەن بىللە قومۇش سانغۇننىڭ مېھمانخانىسىغا ماڭدى. بۇ يەردىكى تەبىئىي پاكلىق ئەلقۇدلارنىڭ قەلبىگە كۆچكەندەك بولدى.





# 30 . قومۇش سانغۇننىڭ ھېكايىسى

ئەلقۇدلار قومۇش سانغۇننىڭ مېھمانخانىسىدا مېھمان بولدى . چوڭ ـ كىچىك ، رەڭدار ، شىرنىلىك ، سۇلۇق مېۋىلەرنى يېدى .

قومۇش سانغۇننىڭ مېھمانخانىسىنىڭ تام ، تورۇسلىرىدا رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى . ئۆينىڭ پولىمۇ تەبىئىي چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەنىدى . ئۆي ئىچىدىمۇ تاغ شامىلىدەك مەيىن شامال ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇراتتى . ئاق بۇلۇتتەك يۇمشاق ئولتۇرغۇلار كىشىگە تۆشەكتە ياتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . تاماقتىن كېيىن قومۇش سانغۇن مۇلازىمەتچى ۋە قومۇش لەشكەرلەرنى ماڭدۇرۇۋېتىپ ئەلقۇدلار بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدى .

— باللىرىم ، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىڭلارنى سوراپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق . نېلۇپەر قىزىمنىڭ سىلەرنى كۈتۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى . قىزىم ھەرقانداق ئىشنى مۇستەقىل قىلىشقا ئامراق ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى قىلىدۇ . قىزىمنىڭ گۈلگە سېھىرلىنىپ ، كۆلدە يولۇڭلارغا قاراپ تۇرغىنىغا ئۇزاق بولغان . باغراش كۆلىگە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن باللار كۆپ بولسىمۇ سىلەردەك باللار ئۆزى كېلىپ باقمىغان . ئەگەر سىلەر كەلمىگەن بولساڭلار قىزىم گۈل پېتى تۇرۇۋەرگەن بولاتتى . ئۇ شۇنداق جاھىل . ئۇنىڭ جاھىللىقى بەلكىم مەندىن ئۇدۇم قالغان بولسا كېرەك . ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار ، بىزنىڭ بۇ يەر يېشىل ھويلا دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنداق يېشىل ھويلىلار قانچە كۆپ بولسا بىز ئۇچۇن شۇنچە پايدىلىق ئىدى . بۇنداق يېشىل ھويلىلار يەر يۈزىدىن يوقاپ كېتىۋاتىدۇ . بۇرۇن بۇنداق يېشىل ھويلىلار كۆپ ئىدى . بۇلاڭچى دىۋىلەر كۆللەرنى ، بوستانلىقلارنى بۇلاپ ، ئۇ يەرنى چۆل ـ باياۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىۋاتىدۇ . بىز بۇ يېشىل ھويلىنى تەستە قوغداپ قالغانىدۇق . بۇ

توغرۇلۇق تەسىرلىك بىر ھېكايە بار . سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىشتىن بۇرۇن بىرنەچچە سوئال سوراپ باقاي . جاۋاب بېرەلەمسىلەركىن ؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلقۇد خۇشال بولدى . چۈنكى ، مۇئەللىم ئەلقۇدتىن دەرس سورىسىمۇ خۇشال بولاتتى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا قاراپ قويدى . بۇ ئۇلارنىڭ سوئاللارغا ئۆزۈك جاۋاب بەر دېگىنى ئىدى .

— ئەمىسە مەن سوئال سورايمەن . ئالدىرىماي ئويلىنىپ جاۋاب بەرسەڭلار بولىدۇ . بۇ سوئاللىرىم ئاساسەن كۆل ھەققىدە بولىدۇ . دىيارىمىزدىكى سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن كۆل قايسى ؟ — بۇ سوئالنى ئاڭلاپ ئەلقۇد خۇشال بولدى . ئۇ يېقىندىلا بۇنى كىتابتىن ئوقۇغانىدى . ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

— تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن ، — قومۇش سانغۇننىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى .

— ئەمدى ئىككىنچى سوئالىمغا دىققەت قىلىڭلار . دىيارىمىزدا ئارىلىقى ئەڭ يېقىن تۇزلۇق كۆل بىلەن تۇزسىز كۆل قايسى ؟

بۇنىڭغىمۇ ئەلقۇد جاۋاب بەردى :

— ئۈرۈمچىنىڭ يېنىدىكى يەنخۇ كۆلى بىلەن سايوپۇ كۆلى ، بۇ ئىككى كۆلنىڭ ئارىلىقى تۆت كىلومېتىرلا كەلسىمۇ يەنخۇ كۆلى تۇزلۇق ، سايوپۇ كۆلى تۇزسىز .

— دىيارىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق ئېچكى قۇرۇقلۇق كۆلى قايسى ؟

ئەلقۇد ئويلانمايلا جاۋاب بەردى :

— باغراش كۆلى .

— ئاق قۇ ئەڭ كۆپ كېلىدىغان كۆل قايسى ؟

— بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى ئاق قۇ كۆلى ، ھەر يىلى باھاردا بۇ يەرگە ھىندىستان ۋە باشقا جايلاردىن چوڭ ئاق قۇ ، كىچىك ئاق قۇ ، سېرىق تۇمشۇقلۇق ئاق قۇ قاتارلىق نەچچە مىڭ ئاق قۇ كېلىدۇ ، بۇ يەر باھار ۋە يازدا ئاق قۇلارنىڭ جەننىتى .

— يارايسەن ئوغلۇم ، ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن ، ئادەم ئۆزى

ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇشى كېرەك . ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى ئوبدان بىلمىگەن ئادەم-نىڭ يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىمۇ چوڭقۇر بولمايدۇ ، سىلەر كىچىك بولغىنىڭلار بىلەن ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنسىلەر ، — جاۋابنى ئەلقۇد بەرگەن بولسىمۇ ماختاش بىلال بىلەن زىلالغىمۇ مەنسۇپ بولۇۋاتاتتى . لېكىن ، بىلال بىلەن زىلال بىزدىن سوئال سوراپ قالارمىكىن دەپ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى . بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى-نى ئەلقۇد بىلگەن بىلەن بىلال بىلەن زىلال بىلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇلار قومۇش سانغۇننى ئالدىراتتى .

— بوۋا ، تېز بولۇڭە ، بىز سىزنىڭ ھېكايىڭىزنى ئاڭلىماقچى ئىدۇققۇ ، بىز ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق .

— ھە ، شۇنداقمۇ ؟ مەن سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانىدىم - ھە ! — قومۇش سانغۇن زىلالغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئۇنداق بولسا سەن جاۋاب بېرىپ باققىن ، باغراش دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە ؟

زىلال ھودۇقۇپ كەتكەچكە ، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر تەپچىپ چىقتى .

زىلال سوئالنى ئاڭلاپلا خۇشال بولۇپ كەتتى . بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېخى تۈنۈگۈنلا ئەلقۇدتىن بىلىۋالغان بولغاچقا مەغرۇرانە ھالدا جاۋاب بەردى :

— باغراش دېگەن بوستانلىق ئەتراپىنى قومۇش ۋە دەل - دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

— يارايسىلەر ، بولدى ، ئەمدى سوئال سورىمايمەن . زىلالمۇ يامان ئىكەن ، ئۇمۇ توغرا جاۋاب بەردى ، — قومۇش سانغۇننىڭ زىلالنى ماختىغانلىقى بىلالنىڭ ئىچى تارلىقىنى كەلتۈردى . ئۇ بۇ جاۋابنى تۈنۈگۈن ئەلقۇدتىن ئاڭلىۋالغان . ئىسىت نېمىشقا بۇ سو-ئالغا مەن جاۋاب بەرمىگەن بولغىيتتىم ؟ زىلالنىڭ مەغرۇرلىنىشى ئۇنىڭ بەكمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى . . .

قومۇش سانغۇن ھېكايىسىنى باشلىدى . ئەلقۇدلار دىققەت بى-

لەن ئاڭلىدى .

— ئەسلىي يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرى سىلەر كۆرگەن مۇشۇ يېشىل ھويلىدەك خاسىيەتلىك ماكان ئىدى . ھەممىلا يەر گۈل ـ گىياھلار ياشناپ تۇرغان ، ھايۋانات ، ئۇچار قاناتلار كۆلۈپ تۇرغان يېشىل ماكان ئىدى . لېكىن ، ھازىر بۇنداق يېشىل ھويلىلار ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ . ھازىرقى چۆل ـ جەزىرە ، قۇملۇقلارمۇ ئەسلىدە يېشىل بوستانلىقلار ئىدى . بۇ ئىشلارنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىنى مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن .

ئەينى چاغلاردا مەن نەچچە تۈمەن لەشكەرلىك قوشۇننىڭ سانغۇنى ئىدىم . ئەل ئىچىدە قومۇش سانغۇن دېگەن نامىم زور ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى . ئەلنىڭ بەختى ۋە ئاسايىشلىقىنى قوغداش بۇرچۇم ئىدى . ئانا دىيارنىڭ ھەربىر چىمدىم تۇپرىقى مەن ئۈچۈن تۈتىيا ئىدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسماننى قارا تۇمان قاپلاپ ، كۈندۈزمۇ گۇگۇمدەك قارايغىلى تۇردى . بۇ نېمىنىڭ ئالامىتىدۇر دەپ ۋەھىمە يەپ بولغۇچە شىددەتلىك بوران چىقىپ ھەممىنى سۈپۈرۈپ كېتىدىغاندەك ھۇۋۇلاشقا باشلىدى . ئورمانلار ، گۈلباغلار ، ھويلا ـ ئاراملار بوران زەربىسىدىن ۋەيران بولۇشقا باشلىدى . ئەلنىڭ نالە‐پەريادىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى . مەن پۈتۈن لەشكەرلىرىمنى ئىشقا سېلىپ ، ئەلنى بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتىم . بوران بىلەن تەڭ پاتمانلاپ ـ پاتمانلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇم بارخانلىرى خۇددى تويماس ئەجدىھادەك بوستان ، گۈلىستانلارنى يەپ كېتىۋاتاتتى . مەنمۇ ئامالسىز قالدىم . لەشكەرلىرىم بىلەن ئەلنى يېتەكلەپ بوستانلىق مەھەللىلىرىمىزنى قۇم ـ بورانغا تاشلاپ بېرىپ ، ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە ، ھەتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ جېنىمىزنى قوغداشقا مەجبۇر بولدۇق . نۇرغۇن يېشىل ھويلىلار قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالدى . ئەلنى قۇتقۇزغان بىلەن يەرنى قۇتقۇزغىلى بولمىدى . چېكىنىۋەرسەك قۇم‐بوران بىزنى قوغلاپ مەڭگۈ ئاراملىق بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى . مەن قۇم ـ بورانغا قارشى جەڭ قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىم .

قۇم ـ بوران ئون نەچچە كۈن ھۇۋۇلاپ نۇرغۇن يېشىللىقلارنى

يۈتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئازراق ئارام ئېلىۋالماقچى بولغاندەك جىمىپ قالدى . ئۇلارنىڭ يەنە قوتراپدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . شۇڭا ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىلىلانغان لەشكەرلىرىمنى ئېلىپ قۇم - بورانىنى كىم پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ، قۇم - بورانىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق . بىز ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ ، ئون نەچچە كۈن قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق قۇم - بورانىنى پەيدا قىلىۋاتقان دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ قالدۇق . دىۋىلەر ماكانى خۇددى چوڭ ئوت ئاپىتىدىن كېيىنكى ئورمانلىقتەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى . كۈچلۈك قۇيقا ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . سۈرلۈك تىمتاسلىق ئىچىدە ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى . بۇ ئاۋازلارنىڭ ئادەمنىڭ ، ھايۋاننىڭ ياكى ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . بىز ئاخىر بۇ ئاۋازنىڭ قارا تاغ قاپتىلىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق . بۇ يەردە ئۈستىنى قارا موي باسقان ، بويى ئادەمدىن نەچچە ھەسسە چوڭلۇقتىكى دىۋىلەرنى كۆردۇق . ئۇلار قارىماققا خۇددى تاغ باغرىغا تۇپلىنىۋالغان سانسىز ئېيىقلاردەك كۆرۈنەتتى . بوي - بەستى ھەممىدىن چوڭ دىۋە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتاتتى . كۆزلىرىدىن چاقماق چاقفاندەك سۈرلۈك ئوت يالقۇنجايتتى .

— بىز ئارام ئېلىۋاتقىلىمۇ ئۇزۇن بولدى ، يەنە يېتىۋېرىدىغان بولساق كۆپ ئۆتمەي ھالاك بولۇشىمىز مۇمكىن ، بىلەمسىلەر ، يېشىللىق ۋە دەريا - كۆللەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ، ئۇ ، ئادەملەرگە ۋە باشقا جان - جانىۋارلارغا پايدىلىق ، ئۇلار كۆپەيسە بىز ھالاك بولىمىز . ئۇخلاپ يېتىۋەرمەيلى . يېشىللىقلارنى ، دەل - دەرەخلەرنى يوقىتايلى . قانداق يوقىتىدىغانلىقىمىزنى دەپ يۈرمىسەمۇ بىلىسىلەر . يانپاشلاپ يېتىشماي ئورنىڭدىن دەس تۇرۇشامسەن ! — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇخلاپ ھۇرۇنلىشىپ قالغان دىۋىلەر چوڭ دىۋىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى ، — ھازىردىن باشلاپ يېشىللىققا قارشى كۈرەشنى باشلىمىساق ھالاك بولىمىز . سىلەرگە يەنە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويااي ، تېخى بايىلا قوڭۇر تاغدىكى دوستلىرىمىزدىن خەۋەر كەلدى . ئۇلارنىڭ

قۇمچاچقۇ قورالى پۇتۇپ بولۇپتۇ ، — چوڭ دۆلىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى تۈگىمەيلا داقا ـ دۇمباق سادالىرى ياڭرىغاندەك بولۇپ قارا دۆلەردىنمۇ كۆپ قوڭۇر دۆلەر پەيدا بولدى . ئۇلار خۇددى ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتكەن بىرلەشمە قوشۇن قايتا كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۇپ كەتتى . ئۇلار چوڭ بىر جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . مەن ئېلىپ كەلگەن ئازراق لەشكەرلەر بىلەن ئۇلارغا تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئىككى خەۋەرچى لەشـ ـكەرنى ئارقا سەپتە قالغان قوشۇنغا جىددىي تەييارلىق قىلىش ھەقـ ـقىدە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتىم .

كۆپ ئۆتمەي قارا ۋە قوڭۇر دۆلەر بىز تەرەپكە قاراپ سەپەر قىلىشقا باشلىدى . خەۋەرچى لەشكەرلەر ماڭغىلىمۇ ئۇزۇن بولمىغاـ ـنىدى . دۆلەر ئاشۇ سۈرئەتتە ماڭسا خەۋەرچى لەشكەرلەرگىمۇ بىردەمدە يېتىشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا سەپـ ـتىكىلەر تەييارلىقسىز چاغدا دۆلەر يېتىپ بارسا ئۇلار نۇرغۇن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايتتى . شۇڭا ، مەن ئۇلارنىڭ مېڭىش يولىـ ـنى توستۇم . قارا دۆلەر ئالدىدا ، قوڭۇر دۆلەر كەينىدە ماڭغانـ ـدى . مەن ئالدى بىلەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ باقماقچى بولۇپ ، دۆلەرگە قاراپ توۋلىدىم .

— قەدىمىڭلارنى توختىتىڭلار ، يەنە ئالدىڭلارغا ماڭساڭلار بىزـ ـدىن ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر ، — مەن بىرنەچچە قېتىم توۋلىغاندىن كېيىنلا دۆلەر قەدەملىرىنى توختىتىپ بىزگە ۋارقىرىدى .

— ھەرقايسىڭ كىم بولىسەن ؟ ئالدىمىزنى توسىدىغانغا بېشىڭ ئۇن ئوخشىمامدۇ ؟ ياخشىسى بىزگە پۇتلاشماي جېنىڭنى ئېلىپ يولۇڭغا مېڭىش ! بولمىسا دۆۋە ئاكاڭنىڭ مۇشتۇمى ئاياشنى بىلمەيـ ـدۇ ! — چوڭ دۆۋە شۇنداق دەپ ئالدىدىكى تاغنى بىر مۇشتلىغانـ ـدى ، تاغ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى . بىزمۇ قورالىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ زەربىگە ئۆتتۇق . قورالىمىزنىڭ ئوت كۈچى خېلى كۈچلۈك بولسىمۇ ، دۆلەر ھۇجۇمىمىزدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىـ ـدى . ئۇلار ئازراق چېكىنىپ بىزنىڭ ئوت كۈچىمىز پەسلىگەن ھامان يەنە بىزگە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئۇلار پۈركۈگەن ئوت

ۋولقان ماگىنلىرىدەك يوپۇرۇلۇپ بىز تەرەپكە كېلەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بىزنىڭ سۇ پۇركۈگۈچلىرىمىزدىن ئېتىلىپ چىققان سۇ ئۇلارنىڭ ئوت يالقۇنلىرىنى چېكىندۈرەتتى. لېكىن، دۈشمەن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالماي قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان كۈچلۈك ئوت يالقۇنىغا بىزنىڭ سۇ پۇر-كۈگۈچلىرىمىز بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. بىز پۇركۈۋاتقان سۇ ئۇلارنىڭ ئوت يالقۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ۋاراقشىپ قاي-ناپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پارغا ئايلىنىپ غايىب بولاتتى. ئۇلار ئوت ـ يالقۇنلىرىنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋاتاتتى. بىز چاچقان سۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمىدى. چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق، — قومۇش سانغۇن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئەلقۇدلارنىڭ مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلگەن بولۇپ، دۈش-مەن بىلەن ھازىرلا ئېلىشىدىغاندەك ئولتۇرالماي قالدى.

— نېمىشقا چېكىندىڭلار؟ ئۇنداق دۈشمەننىڭ ياخشىقىنى ئېزىد-ۋەتسەڭلار بولمامدۇ! — ئەلقۇد ئوڭ قولىنىڭ مۇشتۇمى بىلەن سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇردى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن بولسام ئۇلارنىڭ قورسىقىغا پىچاق تىقىۋەتكەن بولاتتىم! — ئاچچىقى كېلىپ قىزىرىپ كەتكەن زىلال ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلەپ كەتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، پو ئاتماي ھېكايىنى ئاڭلايلىچۇ، ئۇ دۈشمەن-نىڭ قانچىلىك يوغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ دېگەن سەن بوزەك قىلىپ ئوينايدىغان خۇشتار ئەمەس. قومۇش سانغۇن تەڭ كېلەلمى-گەن دۈشمەنگە سەن تەڭ كېلەلەمتىڭ؟ — بىلال زىلالنى سىلكىش-لىدى. زىلال باشقا گەپ قىلالماي ئەلقۇدقا قارىدى. ئەلقۇدمۇ ھاياجىنىنى باسالماي ئارتۇق گەپ قىلىپ قويغاچقا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى. قومۇش سانغۇن ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ئامالسىز چېكىندۇق، بولمىسا ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قۇم پۇركۈگۈچلىرى بىزنى بىردەمدىلا قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن مەڭگۈ قوپالمايدىغان قىلىۋېتەتتى. ئۇلار رەھىمسىز قۇم چاچقۇلىرىنى ئىشقا سالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆل بۇلىغۇچ، ئوت پۇركۈگۈچ-

لىرىمۇ بىزنىڭ قورالىمىزدىن كۈچلۈك ئىدى . ئۇلار كۆز ئالدى-
مىزدىلا نۇرغۇن كۆل ۋە كۆلچەكلەرنى ، يېشىللىقلارنى مەڭگۈلۈك
غايىب قىلىۋەتتى . بىز چېكىنىۋەردۇق . تۇرۇپ - تۇرۇپلا ھۇجۇم
قىلغان بولساقمۇ ھۇجۇمىمىز كارغا كەلمىدى . نۇرغۇن لەشكەرلى-
رىم ئۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولدى . ئۇرۇش خېلى ئۇزۇن داۋاملاش-
تى . مەنمۇ نۇرغۇن يېشىل ھويلىلىرىمنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ
چېكىندىم . نۇرغۇنلىغان كۆل ۋە ئېقىنلارنى ئاشۇ رەھىمسىز دىۋى-
لەر بۇلاپ كەتتى . يەنە كۆپلىگەن يېشىل ھويلىلارنىڭ نەگە غايىب
بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم . ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ ھۇجۇمنى بىر
كۈنمۇ توختاتمىدى . مەن لەشكەرلىرىم ۋە يېشىل ھويلىلىرىمنى
قوغداش ئۈچۈن ھەرقانچە قارشىلىق قىلغان بولسامۇ ماڭا پەقەت
ئاراملىق بەرمىدى . بىر كۈنى قارا دىۋە بىلەن قوڭۇر دىۋىلەر ماڭا
ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى . لەشكەرلىرىم ئاز قالغاچقا جاننى
ساقلاپ قېلىشقىمۇ ئامال بولمىدى . مەن ھالاكەتنى كۈتۈپ تۇرغى-
نىمدا باغراش كۆلى خۇددى مېھرىبان ۋە ئۆلمەس ئانىدەك مېنى
قوينىغا ئالدى . ئامراق قىزىم ۋە ئاخىرقى لەشكەرلىرىم ئۇ-
لۇغ ئانا — باغراش كۆلىنىڭ قۇچىقىدا ئامانلىقىمىزنى تاپتۇق .
شۇنىڭدىن كېيىن مەن لەشكەرلىرىم بىلەن كۆل يۈزىدە قومۇش
بولۇپ ، قىزلىرىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى نىلۇپەر بولۇپ نامايان
بولدۇق . . .

ئەلقۇدلار ھېكايە ئاڭلاۋاتاتتى . بىراق ، ئۇلار ھېكايىنى قومۇش
سانغۇندىن ئەمەس ھەسەن مۇدىردىن ئاڭلاۋاتاتتى .

# 31 . بايىنبۇلاقتىكى يىغىلىش

ئەلقۇد گۈزەل يايلاقتا كېلىپ قالدى . ئۇ يەردە ئات ، تۆگە ، كالا ، قوتاز ، قوي ، ئۆچكە ، بۇغا ، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلار يايلىشىپ يۈرەتتى . يايلاقتا سانسىز گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ تۇراتتى . بۇ قېتىم ئەلقۇد بايىنبۇلاقتا يالغۇز كەلگەنىدى . نېمە ئۈچۈن يالغۇز كەلگەنلىكىگە ئەلقۇد ھازىرمۇ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان باغاق سەۋەب بولغانىدى . ئەلقۇد يايلاقتىكى ھايۋانلارنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باغاقتىكى خەتنى قايتا ئوقۇدى :

«ھۆرمەتلىك ئەلقۇد ئەنۋەر !

بىز سىزنى يايلىقىمىزدىكى مۇھىم بىر سۆھبەتكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىمىز . بۇ باغاق پەقەت ئۆزىڭىزگىلا خاس . بىز سىزنى پۈتكۈل ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چاقىردۇق .

ھۆرمەت بىلەن : بايىنبۇلاقتىكى بارلىق ھايۋانلار »

ئەلقۇدنىڭ يايلاقتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ ، ئەتراپتا يۈرگەن ھايۋانلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئەلقۇدقا قاراپ قويمىدى . ئەلقۇد قولىدىكى باغاقتىن ئازراق گۇمانلىنىپ قالدى . دېمىسىمۇ بۇ باغاقنى مەھەللىدىكى بالىلار ئەلقۇدنى ئەخمەق قىلىپ يازغان بولسىچۇ ، بۇ خەتنىڭ بىر يەرلىرى زىلالنىڭ خېتىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ . ياق ، بۇ خەت زىلالنىڭ خېتىگە ئازراق ئوخشىغان بىلەن چىرايلىق ، رەتلىك تۇرمامدۇ . زىلال ھەرگىزمۇ بۇنداق چىرايلىق خەت يازالمايدۇ . ئەلقۇد ئوتلاقتا مەززە قىلىپ چۆپ يەۋاتقان ئۆچكىدىن قولىدىكى باغاقنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلەمسىز دەپ سورىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، ھايۋانلار تۇيۇقسىز ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە پىتىراپ قاچتى . ئەلقۇدنىڭ ئالدىدىلا تۇرغان ئۆچكىمۇ بەدەر تىكىۋەتتى . بىردەمدىلا بىرمۇ ھايۋان قالمىدى . ئەلقۇد نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەل-

مەي تۇرغاندا ئارقىسىدىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەلقۇدجان ، خۇش كەپسىز !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ئاۋاز يېقىملىق ۋە مۇلايىم ئىدى . ئەلقۇد كەينىگە قاراپ يولۋاس ، ئېيىق ، يىلپىز ، تۈلكە ، بۈركۈت ، لاچىن قاتارلىقلارنى كۆردى . ئەلقۇد ئۇلارنى كۆرۈپ قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . شۇ چاغدىلا بايىقى ھايۋانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قاچقانلىقىنى بىلدى .

— يايلىقىمىزغا كەلگىنىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ! ئەلقۇدجان ، بىز سىزنى كەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدۇق . ھېلىمۇ ياخشى باغىقىمىز قولىڭىزغا تېگىپتۇ . بىز بەزىدە ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىغا باغاق ئەۋەتىپ تۇرىمىز ، بۇنىڭغا كۆپ يىللار بولدى . باغىقىمىزنىڭ ئادەملەرگە تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرەتتۇق . بۇ قېتىمقى باغىقىمىز سىزگە تېگىپتۇ ، — ئەلقۇدنىڭ ئالدىدا مۇلايىم زىل ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتقىنى تۈلكە ئىدى .

— شۇنداق ، تۈلكىجان توغرا ئېيتتى . بىز ئادەملەرنى دوستىمىز دەپ بىلىمىز ، — يولۋاس ئەلقۇد بىلەن مۇلايىم كۆرۈشۈپ سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى ، — سىز ئادەملەر ئارىسىدىن چىققان ياخشى بالا ئىكەنسىز ، مۇشۇ يايلاق ھەم ئاۋۇ تاغلاردا ياشاۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى . بۇ يەرلەرگە ئادەملەر قولىغا مىلتىق ئالماي كەلمەيتتى . تاسادىپىي مىلتىق ئالماي كېلىپ قالغانلىرى بولسىمۇ بىزنى كۆرسە قېچىپ كېتەتتى . . . .

— ھەئە ، بىزنى كۆرسە قاچماي قالمايتتى ، — تۈلكە يولۋاسنىڭ گېپىنى بۆلۈپ مۇغەمبەرلىك بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قويدى . بۇنى كۆرۈپ ئېيىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى :

— بىرسى گەپ قىلىۋاتقاندا ، سەۋر قىلىپ ئاڭلاشنى ئۆگىنەلمىچۇ ، يېنىڭدا بىز بولمىساق ئادەملەر سەندىن قېچىپ قالمىسۇن . گەپكە ئۇستا دەپ قويساق ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان بولۇپسەنغۇ ، مېھمان بىلەن چىرايلىق ئەھۋاللىشايلى ، — ئېيىق شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئەلقۇدنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانلار ئازراق ئۆزىنى بېسىۋالدى . يولۋاس گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

— بىز ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ كەلگىنىڭىز. بىز سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر ئىشنى ھەل قىلايلى دېگەن، يۈرۈڭ، بۇ ئىش توغرىسىدا جىرادا ئولتۇرۇپ ئارامخۇدا پاراڭلىشايلى...

— مەن، مەن... بۇ، بۇ... — ئەلقۇد قورقۇپ ۋە ھودۇقۇپ كەتكەچكە، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ كەتتى.

— ماڭا مىنىۋېلىڭ، — يولۋاس ئۇنىڭ ئالدىدا يېتىپ بەردى. ئەلقۇد يولۋاسقا خۇددى ئاتقا مىنگەندەك مىندى. بۈركۈت، لاچىن قاتارلىقلارمۇ ئۇچماستىن يولۋاسقا ئەگىشىپ ماڭدى. ئەلقۇد يولۋاسنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى يايلاقنىڭ پادىشاھى بولغاندەك ھېس قىلدى. بەلكىم ئاسماندىكى قۇشلار ۋە ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ ئوتلاۋاتقان ھايۋانلارنىڭ ئەلقۇدقا ھەۋىسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھەي، ئىسىت، بىلال بىلەن زىلالمۇ بىللە كەلگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇلار كەلگەن بولسا يولۋاسقا مىنگىنىمنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بولاتتى. يولۋاسقا مىنگەنلىكىمنى ۋارىسلارغا دەپ ھەرگىز ئىشەندۈرەلمەيمەن. ئۇغۇ مەيلى، بۇ گېپىمگە بىلال بىلەن زىلالمۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، مەن باغاقنى ئېلىپلا پالاقلاپ يېتىپ كەلگۈچە، دوستلىرىم بىللە كەلمىسە بارمايمەن، دېسەم بولماسمىدى. بۇ گۈزەل يايلاق نەدۇ؟ قاناس بويلىرىدىكى يايلاقمىدۇ؟ نارات ياكى بايىنبۇلاقتىكى يايلاقمىدۇ؟ سايرام بويىدىكى يايلاقمىكىن دېسەم ئەتراپتا كۆل ۋە قارىغاي، شەمشادلىق تاغلار كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. يۇرتىمىزدا نەچچە مىليون مو يايلاق تۇرسا بۇ يايلاقنىڭ قايسى يايلاق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولسۇن! ئەلقۇد شۇنداق خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا ئەلقۇدنى مىندۈرۈۋالغان يولۋاس پەخىرلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈۋاتاتتى.

ھەرقايسىڭ كۆرگەنسەن، ئادەملەر ھاكاۋۇر بولسىمۇ يەنىلا مېنى چوڭ كۆرىدۇ، تارىخىمدا بىرەر قېتىم پادىشاھ بولۇپ باقمىغان بولسامۇ، ئۇلار مېنىڭ تارىخىمنى نەچچە خىل قىلىپ يېزىپ بولدى. ئۇلار چۆچەك توقۇشقا ئۇستا، مەن ئۇلارنىڭ چۆچەكلىرىنى

بەك ياخشى كۆرىمەن . ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن چۆچەكلىرىدە مەن پادى-
شاھ بولىمەن . مەن بىر بۇيرۇق قىلسام جىمى ھايۋانلار تەق بولۇپ
ئىجرا قىلىدۇ ، ھەتتا شىرمۇ ئالدىمدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ .
شۇڭا ، ئەلقۇد دېگەن ماۋۇ بالىمۇ مېنى مىنگەنلىكىدىن پەخىرلىنى-
ۋاتقان بولسا كېرەك . بىراق ، ئادەملەر چۆچەكلىرىدە مېنى پادىشاھ
قىلىپ قويغان بىلەن ھەممىلا يەردە ئۆزلىرى پادىشاھ بولۇۋاتىدۇ .
ئاڭلىسام ئادەملەر ھايۋانات باغچىسى دېگەن باغچىلارنى ئېچىپ ،
بىزنى سولاپ قويۇپ كۆرگەزمە قىلارمىش . مېنىڭ بىر تاغام ئۇلار-
غا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۇلارنىڭ تۆمۈر قەپىسىدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن
بولدى . بولمىسا ئۇ تاغام بەكمۇ باتۇر ئىدى . ئادەملەر ئۇنى قانداق
باشقۇرغاندۇ . . . پەقەت بىلەلمىدىم ، قارىغاندا ئادەملەرگە تەڭ كې-
لىش تەس ئىش ئوخشايدۇ ، مەنمۇ ئەلقۇدنى تاغ ئۆڭكۈرىگە سولاپ
قويۇپ ، ئادەملەرگە تاغامنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار ئەلقۇدنى بېرى-
مەن ، بولمىسا ئەلقۇدنى ھايۋانلارغا كۆرگەزمە قىلىمەن ، دېسەم
قانداق بولار ؟ ياق ، ياق ، ئادەملەر بىلەن تولا ئېيتىشماي جۇمۇ ،
ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ بالا ئارقىلىق بەزى ئىشلارنى قىلىۋالاي ، بول-
مىسا مەنمۇ تاغامدەك ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ كۈنۈم
ھايۋانات باغچىسىدا ئۆتمىسۇن . ئادەملەرنىڭ چىشىغا تېگىپ نېمە
قىلىمەن .

يولۋاسنىڭ خىيالى تۈگىگۈچە ئۇلار گۈزەل تاغ جىراسى ئىچىد-
گە كىرىپ بولدى . جىرانىڭ تەسكەي تەرىپىدە يېشىل قارىغايلار
ئاسمانغا بوي سوزغانىدى . كۈنگەي تەرىپىدە تۈرلۈك ياۋا گۈللەر
پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ ، كېپىنەك ، ھەسەل ھەرىسى ، خانقىز ،
يىڭناغۇچلار گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ يۈرۈشەتتى . كۈنگەي تەرەپنىڭ
ئېگىزرەك قاپتاللىرىدا ئالما ، ئۆرۈك ، دولانە ، قارىقات قاتارلىق
ياۋا مېۋىلەر بار ئىدى . جىرانىڭ بىر تەرىپىدە تاغ سۇلىرىدىن
شەكىللەنگەن تەبىئىي بىر ئېقىن ئاپئاق بۇژغۇنلاپ ، ئويناقشىپ
ئاقاتتى . ئۇلار ئەنە ئاشۇ شوخ ئېقىننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .
ئەلقۇدمۇ يولۋاستىن چۈشتى . بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ھايۋانلار ئۇلار-
نىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىكەن . گۈلدەستىلەرنى تۇتۇۋالغان تىيىن ،

توشقان ، ئاغمىخان قاتارلىق ھايۋانلار گۈللەرنى پۇلاڭشىتىپ ئەل-
قۇدنى قارشى ئالدى . ئەلقۇد گۈللۈك ئولتۇرغۇدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى
قارشى ئېلىشقا چىققان ھايۋانلارغا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، تەزىم
قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى . بەزى ھايۋانلار قوللىرىدىكى گۈلچەمبى-
رەكلەرنى ئەلقۇدنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى . قارشى ئېلىش ئاياغلا-
شقاندىن كېيىن ئەلقۇدنى ئېلىپ كەلگەن ھايۋانلار گۈللۈك ئولتۇر-
غۇلاردا ئولتۇردى . يولۋاس بىلەن ئېيىق ئەلقۇدنىڭ ئوڭ ۋە سول
تەرىپىدە ئولتۇردى . يىلپىز ئېيىق مىنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇۋالدى
دەپ نارازى بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئامالسىز ئېيىقنىڭ نېرىسىدا
ئولتۇردى . باشقا ھايۋانلار ئېقىن بويلىرىدا ، گۈللۈكلەردە ، قاپتال-
لاردا ، قارىغايلىقلاردا ئىختىيارى ئولتۇردى . يولۋاس گېلىنى قى-
رىپ قويۇپ گەپ باشلىدى :
— ھۆرمەتلىك دوستلار ، قەدىرلىك بۇرادەرلەر ، بۇ يەرگە
ئەزىز بىر مېھمىنىمىز كەلدى . ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتۈشتىن بۇ-
رۇن ئەلقۇدنىڭ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالايلى ، —
ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرى سەكرەپ ، بەزىلىرى قوللىرىدىكى گۈللەرنى
پۇلاڭشىتىپ ، يەنە بەزىلىرى تۈرلۈك ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئەلقۇدنى
قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . قىقاس - چۇقانلار بې-
سىققاندىن كېيىن يولۋاس گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۈگۈنكى
يىغىلىشىمىز ئەھمىيەتلىك يىغىلىش ، بىز ھەل قىلماقچى بولغان
ئاشۇ ئىش نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن ،
مېنىڭچە ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى ئەلقۇد بىزگە ياردەم قىلسىلا بۇ
ئىشىمىز چوقۇم ھەل بولىدۇ . بىز ئالدى بىلەن ئەلقۇدقا ياردەم
سورايدىغان ئىشىمىزنى دەپ باقساق ، قېنى ئەمىسە ، ئىشىمىز ئۆز
تەرتىپى بويىچە مېڭىۋەرسۇن ، — شۇ چاغدا سەھنىگە قوڭۇر بىر
مايمۇن چىقىپ كۆپچىلىككە سالام قىلغاندىن كېيىن ، قولتۇقىغا
قىسىۋالغان توم بىر كىتابنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئوقۇدى .
ئەلقۇدنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھايۋانلار خېلى بۇ-
رۇنلا ھايۋانلارنىڭ ئادەملەرگە قويىدىغان تەلىپىنى كىمنىڭ ئوقۇشى
ھەققىدە خېلى ئۇزۇن دەتالاش قىلىشقان بولسىمۇ بىراق ، ئاخىرقى

ھۆكۈمنى يەنىلا يولۋاس چىقارغانىدى. يولۋاس مۇنداق دېگەنىدى:

— مايمۇن بىلەن ئادەملەر ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلاردا يىراق بولسىمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بار، مايمۇن ئوقۇسۇن، — يولۋاسنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بولغاچقا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلغانىدى.

مايمۇن ئاۋازىنى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش چىقىرىشقا تىرىشتى.

— بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز، ئادەملەر ۋەكىلى ئەلقۇدقا سالام، سىزنىڭ بىزنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. بىزنىڭ بۇ يەرگە ئوۋ مىلتىقى كۆتۈرمەي كەلگەن تۇنجى ئادەم سىز. بىزگە مەلۇم، سىز تەبىئەتنى، سۇنى، تاغ ۋە زېمىننىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز، ھەتتا بىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايسىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە تۇمارىڭىز دەپ بەرگەن. ئەگەر شۇ تۇمارىڭىز بولمىغان بولسا سىزمۇ بۇنچىۋالا ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيتتىڭىز، ئەكسىچە خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىڭىز، جېنىڭىزدىن ئايرىلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. بىز تۇمار ئارقىلىق سىزنىڭ بىزگە ياخشىلىق قىلىدىغان پەزىلەتلىك بالا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۇق. شۇڭا بىز گېپىمىزنى سىزگە دېمەكچى.

بىرىنچى، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ مىلتىقى ئىشلەتمىسەڭلار، بىز سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئوۋ مىلتىقى بولۇشىنى خالىمايمىز. ئالدى بىلەن مۇشۇ بىرىنچى تەلىپىمىزنى ئورۇندىغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز.

ئەلقۇد ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىگەندەك ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىدىمۇ بىر ئوۋ مىلتىقى بار ئىدى. شۇ مىلتىق ئەلقۇدنىڭ بوۋىسىغا بوۋىسىدىن قالغانىكەن. ئۇ مىلتىق ئۆيىنىڭ تۆرىدە ئېسىقلىق تۇرغىنىغا كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەلقۇدنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۇ ئوۋ مىلتىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدى. بىراق، زىلالنىڭ دادىسىنىڭ ئوۋ مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلايدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. قىش كېلىپ تۇنجى قار ياغقاندىن كېيىن زىلالنىڭ ئۆيى باياشات بولۇپ

كېتىدۇ . ئۇ چاغدا زىلالنىڭ ئۆيىدە توشقان ، قىرغاۋۇل ، غاز ، ئۆردەك ، بۇغا ، جەرەن ، ئارقار ، بۆكەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۆشى تېپىلىدۇ . يەنە مەھەللىدە بىرنەچچە ئوۋچىنىڭ ئۆيىدە بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك ئوۋ مىلتىقلىرى بار . ئۇلارغا بۇلارنىڭ تەلپىنى يەتكۈزسەم قوشۇلارمۇ . . . ئەلقۇد ئەنە شۇ خىيال بىلەن بۇ يەردىكى ھايۋانلارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالمىدى . شۇنداقتىمۇ ، جاۋاب بەرمەي بولمايتتى . شۇڭا ، ئەلقۇد بىرنەرسىلەرنى دەپ باقماقچى بولدى .

— ئوۋ مىلتىقىنى دەمسىلەر ؟ ئۇ بوۋامنىڭ ئۆيىدىمۇ بار ، بوۋام ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ ، زىلالنىڭ دادىسى ئىشلىتىدۇ ، مەھەللىدە يەنە بەزى بالىلارنىڭ دادىسىدىمۇ ئوۋ مىلتىقى بار ، ئۇلار ئوۋ مىلتىقىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ ، ئۇلار گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ ، قاسىم ئوۋچى دېگەن ئادەم ئوۋ مىلتىقىنى ئۆزى ياساپ ساتىدۇ ، ئۇلارغا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى چوقۇم يەتكۈزىمەن . گېپىمنى ئاڭلىمىسا باشقا ئامال قىلالمايمەن .

— بوپتۇ ، — دېدى مايمۇن سەل ئۈمىدسىزلەنگەندەك تەلەپپۇزدا ، — ئۇ ئىش قولىڭىزدىن كەلمەيدىكەن ، قولىڭىزدىن كېلىدىغان بىر ئىشنى دەپ باقاي ، سىز بۇنىڭدىن كېيىن گۆش يېمەسلىككە ۋەدە بېرەلەمسىز ؟

— مەن ، مەن ، — ئەلقۇد ھودۇقۇپ كەتكەچكە ئويلاشمايلا جاۋاب بەردى ، — مەن كاۋاپقا ئامراق تۇرسام ، مەن ھەر بازار كۈنى كاۋاپ يەيتتىم .

— كاۋاپ ؟ ! — خېلىدىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي بىر چەتتە تۇرغان يولۋاس ئەلقۇدقا ئالىيىپ قارىدى ، — كاۋاپ بىلەن گۆشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟ كاۋىپىڭىزنى يېسىڭىز يەۋېرىڭ ، بىز سىزنى گۆش يېمەڭ دەۋاتىمىز .

— ھە ، سىلەر كاۋاپنىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر ـ دە ، كاۋاپ دېگەنمۇ گۆش ، ئوخشىمايدىغان يېرى گۆشنى قاقتەك ـ قاقتەك توغراپ ، تۆمۈر زىخ ياكى يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈپ ، دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرىدىغان بولسا ، — ئەلقۇدنىڭ قورسىقى ئېچىپ

قالغان بولغاچقا، ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئېقىپ كەتتى.

يولۋاس ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەلقۇدنى چاقىرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قىلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— گۆش دېگەننىمۇ ئوتتا پىشۇرۇپ يەيدىغان گەپمۇ؟ قېنى تامچىپ تۇرمىغان گۆشنى گۆش دېگىلى بولامدۇ؟ مەن قېنى سوۋۇپ قالغان گۆشنى ھەرگىز ئاغزىمغا ئالمايمەن. گۆشنى گۆش پېتى يېمەي، سىلەردەك قالايمىقان نەرسىلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگەننى كۆرمەپتىكەنمەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، — يىلپىزمۇ يولۋاسنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى، — گۆش دېگەننى قان ۋە سۆڭەك، يىلىكلىرى بىلەن قوشۇپ يېمىسە قانداق مەززە قىلغىلى بولىدۇ؟ سىلەر ئالدى بىلەن گۆش يېيىش ئۇسۇلىڭلارنى ئۆزگەرتسەڭلار بولغۇدەك.

— مەنمۇ يولۋاس بىلەن يىلپىزنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن، — بۆرە كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇر تارقىتىپ، ئىجازەتسىزلا سۆزلەپ كەتتى، — باشقا گەپنى قويۇپ گۆشنى قانداق يېيىش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشسەك بولىدۇ، مەن ئادەملەرنىڭ گۆشنى ھەر خىل ئۇسۇلدا يەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. مەن يولۋاس بىلەن يىلپىزنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن. ئويلاپ باقسام ئازراق ئوخشىمايدىغان پىكرىم باردەك قىلىدۇ، بىز نېمىشقا ئادەملەرنىڭ گۆشنى تۈرلۈك ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ يېيىشنى سىناپ باقمايمىز؟ يولۋاس جانابلىرى، سىزمۇ دائىم ئادەملەر ئەقىللىق، ئۇلار ھەممىگە ھۆكۈمران بولۇپ كەتتى دەيسىز. خام گۆشتىن پىششىق گۆش تەملىك بولمىسا، ئۇلار گۆشنى خام يەۋەرمەي پىشۇرۇپ ئاۋارە بولامتى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ گۆشنى پىشۇرۇپ يەپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىز پىششىق گۆشنى تېتىپ باقماي پىششىق گۆشتىن خام گۆش تاتلىق دەپ يۈرسەك قانداق بولىدۇ، — بۆرىنىڭ گېپى تۈگىگىچە تاغ قاپتىلىغا يىغىلغان ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى قېچىپ كەتكەنىدى. بۆرە ئەلقۇدقا قىزىقىپ بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلماي ئولتۇرغان توشقاننى بويىنىدىن چىشلەپ چىرقىرتىۋەتتى. يولۋاس بۆرىگە ۋارقىرىدى:

— ھەي ، توشقانغا چېقىلغۇچى بولما ، بىز بۇ يەردە گۆش يېمەسلىك ھەققىدە مەسلىھەت قىلىۋاتساق سەن . . .


— كەچۈرۈڭلار ، مەن بۇنى بالىلىرىمغا ئاپىرىپ بېرەي ، — بۆرە توشقاننى چىشلىگىنىچە تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . يولۋاس شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭمۇ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى .

— ئارقار ، بۆكەنلەر نەگە كەتتى ؟ قورساقنى تويغۇزۇۋالسام بولاتتى . ئۇلار بىردەمدىلا قېچىپتۇ - دە ! ئەمدى ئەلقۇدجاننى يەپ تۇرسامۇ بولغۇدەك ، — يولۋاس ئەلقۇدقا ئېتىلدى ، ئەلقۇد ۋارقى- رىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى .

— بالام ، نېمە بولدۇڭ ؟ ئەجەب سەت ۋارقىراپ كەتتىڭ ، قارا بېسىپ قالمىغاندۇ ؟ بۈگۈن ئېلىش كۈنى دەپ ئويغاتمىسام ئەجەب ئۇخلاپ كەتتىڭ ، تۇرە بالام ! داداڭ ساڭا بازاردىن پاقلان گۆشى ئالغاچ كەپتۇ ، — ئەلقۇد ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ «خۇداغا شۈكۈر» دېدى . ئۇ شۇ چاغدىلا قورسىقىنىڭ كورۇلداپ ئېچىۋاتقان- لىقىنى ھېس قىلىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، يۇمشاق پاقلان گۆشىنى مەززە قىلىپ يېگەچ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى .

— گۆش يېمىسەك قانداق بولىدۇ ، بىزغۇ مەيلى ، سەن يول- ۋاس ، بۆرىلەر گۆش يېمەي ياشىيالامسەن ؟





# 32 . جىن راست بارمىدۇ

ئەلقۇدلارنىڭ مەكتىپى ياتاقلىق مەكتەپ بولغاچقا ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى . بۇرۇن ئىسكىلات قىلىنغان بىرنەچچە ئېغىزلىق ئۆيلەر ياتاق قىلىندى .

بىر كۈنى مەكتەپتىكى باللارنىڭ ئارىسىدا مەكتەپتە جىن بار ئىكەن ، جىنلار مەكتەپكە كېلىپ ، غەيرىي ئاۋازلارنى چىقىرىپ باللارنى قورقۇتۇۋېتىپتۇ دېگەن گەپ تارقالدى . ئەلقۇد جىننىڭ بار - يوقلۇقىغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمىسىمۇ ياتاقتا يېتىۋاتقان باللارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىشىنىپ قالدى .

ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىردىن جىن ھەققىدە تەپسىلىيرەك بىرنەرسە بىلىۋالماقچى ئىدى .

— بوۋا ، جىن راست بارمۇ ؟

ھەسەن مۇدىر قولىدىكى كىتابنى بىر چەتكە قويۇپ ، جاۋاب بەردى :

— سەن بار دېسەڭ بار ، يوق دېسەڭ يوق .

— نېمە دەيدىغانسىز ، مەن بار دېسەم بار بولىدىغان ، يوق دېسەم يوق بولىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ ؟ سىز جىننى كۆرۈپ باققانمۇ ؟

— كۆرگەن ھەم كۆرمىگەن .

— مۇشۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ ، گېپىڭىزنى پەقەت چۈشەنمىدىم . ۋاي - ۋۇي تۇزۇكرەك سۆزلەپ بېرىڭە ، — ئەلقۇد ئەركىلەپ ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ دۈم يېتىۋالدى . ئەلقۇدنىڭ ئاچچىقى كەلسە دائىم شۇنداق قىلاتتى . بۇ ئۇنىڭ 4 — 5 ياش چاغلىرىدىكى ئادىتى بولۇپ ، 10 نەچچە ياشقا كىرگەندىمۇ تاشلىيالمىدى . بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە شۇ ئەركىلىكلىرىنى يەنە قىلغۇسى كېلىپ قالاتتى . ئەلقۇد سۇپىدا دۈم ياتقان چاغدا مومىسى گۈلخان ئۆيگە كىرىپ

قالدى .
— ۋاي بۇنىڭغا يەنە نېمە بوپتۇ ؟ دۇم يېتىۋاپتىغۇ ، سىلى يەنە چېشىغا تەگكەن ئوخشىمامىلا ! مۇشۇ ئادەم زېرىكمەي قالغاندەك ھەدې-سە كىچىك بالا بىلەن ئېيتىشىدىكەن . نېمە دېگەنتىلە بۇ ساقامغا ؟ تۇرە ساقام ، گېپىڭ بولسا ماڭا دېگىنە ، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن ، — مومىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەلقۇد قاپاقلىرىنى تۇر-گىنىچە ئورنىدىن تۇردى .
— موما ، بوۋام ماڭا جىن ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەيۋاتىدۇ ، سىز سۆزلەپ بېرىڭە ، بولامدۇ ؟
— ھە ، شۇ گەپمىتى ، بوۋاڭ جىن كۆرۈپ باقمىغان ، جىن دېگەننى مانا مەن كۆرگەن ، ماڭە ، ئاۋۇ ئۆيگە چىقىپ بوۋاڭ يوق يەردە سۆزلەپ بېرەي ، بولمىسا بوۋاڭ گەپ قىلغىلى قويمايدۇ ، — ئەلقۇد مومىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ياندىكى ئۆيگە چىقتى . ئەلقۇدنىڭ مومىسى كۆپ ئوقۇمىغان بولسىمۇ سۆزمەن ئىدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ پىلىموتنىڭ ئوقىدەك راۋان چىقاتتى . قولى ئەپچىل بولۇپ ، ياستۇق قېپى ، داستىخان قاتارلىق نەرسىلەر-گە تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى كەشتىلەيتتى . ئۇ كەشتىلى-گەن گۈل شېخىدا سايراپ تۇرغان بۇلبۇل ، قىيغىتىپ تۇرغان تۇلپار ، تۇرلۇك گۈللەر تولىمۇ چىرايلىق ئىدى . شۇڭا ، مەھەللى-دىكىلەر گۈلخان مومايغا گۈل كەشتىلىتىمىز دەپ ئۆچىرەت بولۇپ كېتەتتى .
ھازىرمۇ موماي گۈل كەشتىلىگەچ جىن ھەققىدە سۆزلىدى .
— ساقام ، ئاۋۇ چولپان مازارنىڭ يېنىدىكى تۆت ئاچىنى بىلىسەنغۇ . ئاشۇ تۆت ئاچىنىڭ يېنىدىكى توپىلىق يول جىنلارنىڭ يولى ، ئۇ يەردىن ھەر چارشەنبە كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا جىنلار داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ ، مەپە ـ تەختىراۋانلاردا ئۆتى-دۇ . كېچىلىرى ھەرگىز ئۇ يەرگە بېرىپ قالماڭلار ، جىنلار سى-لەرگە چېقىلىپ قالسا كۆزۈڭلار ئالىغاي ، ئاغزىڭلار مايماق ، پۇت-قولۇڭلار باسماس ، تىلىڭلار كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدۇ .
— جىنلار بەك ئەسكىمۇ ، موما ؟

— جىنلارنىڭ ئەسكىلىرىمۇ ، ياخشىلىرىمۇ بار ، ئەسكى جىن-
لارغا ئۇچراپ قالساڭ مەن دېگەندەك بولۇپ قالىدىغان گەپ ، خۇدا-
يىم ساقلىسۇن ! — ئۇ قولىدىكى كەشتىنى قويۇپ دۇئاغا قول
كۆتۈرۈپ پىچىرلىدى . ئاندىن چىرايىغا ئېخىمۇ سۇرلۇك تۇس بې-
رىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ياخشى جىنغا ئۇچراپ قالساڭ
تەلىيىڭنىڭ كەلگىنى شۇ ، مەن كىچىكىمدە ياخشى جىنغا ئۇچرى-
غان ، قانداق ھۈنىرى بار جىنغا ئۇچرىساڭ شۇ ھۈنەرگە ئۇستا
بولۇپ كېتىسەن . مەن كەشتىچى جىنغا ئۇچراپ قاپتىكەنمەن ،
شۇڭا كەشتىچى بولۇپ قالغان ، — گۈلخان موماي ئەلقۇدقا مەغ-
رۇرلانغان ھالدا قاراپ قويدى . ئەلقۇد مومىسىنى يالغان گەپ
قىلمايدۇ دەپ ئويلىغاچقا ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندى ۋە قىزىقىپ
قالدى . شۇڭا ، ئۇ مومىسىدىن سورىدى :

— سىز جىننى كۆرگەنمۇ ؟

— كۆرگەن .

— ئۇنداق بولسا جىن دېگەن قانداق بولىدىكەن ؟

— جىن دېگەننىڭ چىرايلىقلىرىمۇ ، سەتلىرىمۇ بار ، خۇددى
مەن چىرايلىق ، بوۋاڭ سەت بولغانغا ئوخشاش ، — بۇ گۈلخان
مومايىنىڭ دائىملىق گېپى ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈلخان مومايىنىڭ
ھەسەن مۇدىرغا قىلىدىغان دائىملىق چاقچىقى ئىدى ، — ماڭا
ئۇچرىغان جىن بەك چىرايلىق جىن ئىدى ، قارىغاندا چىرايلىقلارغا
چىرايلىق جىن ، سەتلەرگە سەت جىن ئۇچرايدىغان ئوخشايدۇ ،
بوۋاڭغىمۇ سەت جىنمۇ ئۇچرىماپتۇ .

— ۋاي - ۋۇي ، كەچكىچە بوۋامنىڭ گېپىنى قىلماي جىننىڭ
گېپىنى قىلىڭە ، — ئەلقۇد مومىسىنى ئالدىراتتى .

— 15 — 16 ياشقا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى . چولپان مازار-
نىڭ يېنىدىكى ئاشۇ تۆت ئاچىغا قانداق بېرىپ قالدىمكىن ، ھە
راست ، كىچىك ئىنىمنى ئىزدەپ بارغانىدىم . ئۇ چاغدا ئۇ يەرلەردە
خۇددى دەرەخلەردەك بوي تارتقان قومۇش ، يېكەنلەر بولىدىغان ،
ھازىر ئېتىز بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يەرلەردە سازلىق ۋە كۆللەر بار
ئىدى . غاز ، ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرى كېچە - كۈندۈز ئاڭلى-

ىنىپ تۇراتتى . ئاشۇ يول شۇ چاغدىمۇ بار ئىدى . بىراق ، هازىرقىدەك توپىلىق ئەمەس ، پاتقاقلىق ئىدى . مەن ئاشۇ پاتقاقلىق يولدا ئىنىمنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇقماپتىمەن ، ئۇ كۈنى ئاسماندا تولۇن ئاي نۇر چېچىپ تۇرغاچقا ، ئەتراپمۇ كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى . مەن ئىنىمنى تاپالماي پاتقاقلىق يولدا يالغۇز قايتىپ كېلىۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز يىراقتىن نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىنىپ كۆپ ئۆتمەيلا ، ئۇ شىۋىرغاننىڭ هوشقۇيتقىنىغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئاۋازغا ئايلىنىپ كەتتى . بوران چىقىۋاتامدىكىن دېسەم ئازراق شامالمۇ يوق ئىدى . ئۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى . يېقىنلا يەردىن ئاق ، قىزىل ، سېرىق رەڭدىكى ئوت ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . مەن قورقۇپ مەهەللە تەرەپكە قاراپ كۈچەپ يۈگۈرۈۋاتقان بولساممۇ ئالدىمغا بىر قەدەممۇ ماڭالمىدىم . هېلىمۇ ياخشى جىنلار ماڭىدىغان يولدىن چىقىۋاپتىكەنمەن . بولمىسا نېمە بولىدىغانلىقىنى هازىرمۇ بىرنەرسە دېيەلمەيمەن . هەي ئۆزۈمدىنمۇ كەتكەن ، ئۇلار ئەكېتىمەن دېسە كەتمەپتىكەنمەن ، كەتكەن بولسام ئۆيدە ئولتۇرۇپ تالادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشنىڭ هەممىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىدىكەنمەنتۇق . ئالدىمغا چامدىسام كەينىمگە كېتىپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرغان چېغىمدا ئالدىمدا ماڭا ئوخشاش ناهايىتى چىرايلىق بىر ئايال پەيدا بولدى (گۈلخان موماي چاقچاقچى بولغاچقا ، ئۆزىنى چىرايلىق دەپ تەسۋىرلىسە ناهايىتى يۇمۇرلۇق تۇيۇلاتتى ) .

«گۈلخانقىز ، قاچماڭ ، سىز چىرايلىق ، ئەقىللىق قىز ئىكەنسىز ، مەن سىزدەك قىزلارغا هۈنەر ئۆگىتىدىغان جىن ، مەڭ ، ماۋۇ يىپ بىلەن بېگىزنى ، سىز ئەمدى ئۇستا كەشتىچى قىزغا ئايلاندىڭىز » ئەسلىي ئۇ چىرايلىق ئايال جىن ئىكەن . ئۇ ماڭا شۇنداق دەپلا قۇشتەك پۇررىدە ئۇچۇپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇستا كەشتىچى بولۇپ قالدىم . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، مېنى «كەشتىچى» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق . ئاشۇ جىنلار يەنە بىر قېتىم مېنى ئەكېتىمىز دېگەنىدى . مەن ئۇنىمىدىغان ، ئەگەر كەتكەن بولسام ، ئۇستا پالچى ، پۈتۈن كېسەلنى بىر

ھۆرۈپلا ساقايتالايدىغان بولۇپ كېتەتتىم . بوۋاڭغا ئېشىپ قالغان موماڭ يوق ئىدى ، — گۈلخان موماي خىرىلداپ كۈلدى . ئەلقۇد مومىسىنىڭ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلەلمىدى . چۈنكى ، گۈلخان موماي ھېكايە ، چۆچەكلەرنىمۇ مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن دەپ ئادەم ئىشەنگۈدەك قىلىپ سۆزلەۋېرەتتى . ھەسەن مۇدىرمۇ بەزىدە ئەلقۇدقا موماڭنىڭ گېپىگە ئىشەنمە ، موماڭ ئاشۇنداق يوقنى بار ، يالغاننى راست قىلىپ سۆزلەۋېرىدۇ ، دەپ قوياتتى .

ئەلقۇد ئەتىسى ياتاقتىكى بالىلاردىن ھەر چارشەنبە كۈنى كېلىدىغان ئىككى جىننىڭ تەقى - تۇرقى ۋە ھەرىكەتلىرى ھەققىدە سورىدى .

— ئۇ جىنلار سائەت توققۇزلاردا كېلىدۇ ، ئۇلار باشتا تورۇستىكى لاي لەمپىنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ . بىز ياتاقتا تۇرۇپ لاي لەمپىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن يوچۇقلاردىن ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ لاپىلداۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . لەمپىنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئادەم ماڭغاندەك غاراسلىغان ئاۋاز ، كېيىن ئادەمنى قورقۇتقۇدەك ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ ، ئازراق ئۆتمەيلا قىزلار ياتىقىدىمۇ شۇنداق ھالەت تەكرارلىنىپ قىزلار بىزنىڭ ياتاققا قېچىپ چىقىدۇ . بۇ ئىشنىڭ ھەر چارشەنبە كۈنى تەكرارلىنىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى . بەزى بالىلار بىزگە بۇنداق ئىشنى ئوقۇتقۇچىغا دېمەڭلار ، ئەگەر دەپ قالساڭلار ئاشۇ جىنلار سىلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ ، دېگەچكە ئوقۇتقۇچىلارغا دېمىدۇق .

— ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىدىڭلارمۇ ؟ — ئەلقۇد ياتاقتىكى بالىلاردىن سورىدى .

— كۆردۇق ، — دېدى ھېلىقى بالا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — قىزلار بىزنىڭ ياتاققا چىقىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇلار بىزنىڭ ياتاقنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدا پەيدا بولىدۇ . ئۇلار ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ . تېخى دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاغزىدىن بىرنەچچە قېتىم ئوت پۈركۈپ بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ يوقاپ كېتىدۇ .

— ھەر قېتىم مۇشۇنداقمۇ؟ — ئەلقۇد كۆڭلىدە نىمىندۇر ھېسابلاۋاتقان ئادەمدەك ئويلىنىپ تۇرۇپ سورىدى.
— ھەر قېتىم شۇنداق.
— ئۇنداق بولسا كەچتە جىن تۇتىمىز. كەچتە بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ كەلسەم بولامدۇ؟
— بولىدۇ! — دەپ قورقۇپ تۇرغان باللار تەڭلا جاۋاب بەردى.
ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ مەكتەپكە كېلىپ ئوغۇللار ياتىقىدا ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوقتەك ئۇلار بىلەن بىللە دەرس تەييارلىدى، تاپشۇرۇق ئىشلىدى، بىردەم قارتىمۇ ئوينىدى. ئەلقۇد ياتاقتىكى باللارغا بۇ ئىشنى ھازىرچە مەخپىي تۇتۇش ھەققىدە تاپىلىغانىدى. «جىنلار» كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.
جىن كېلىدىغانغا ئاز قالغاندا باللار قارتا ئويناشنىمۇ يىغىشتۇرۇپ جىن تۇتۇشقا تەييارلىق قىلدى.
— باللار، مۇنداق قىلايلى! — دېدى ئەلقۇد، — سىلەر ياتاقتا ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ تالادا جىنلار ئاغزىدىن ئوت پۈركۈيدىغان يەرنىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇراي. بىز چوقۇم جىننى تۇتۇۋالىمىز.
— ئۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ — ياتاقتىكى باللاردىن بىرى قورقۇپ تۇرۇپ سورىدى.
— جىننى تۇتقان ئادەمنىڭ پۈتى باسماس، قولى تۇتماس، ئاغزى مايماق، كۆزى ئالغاي بولۇپ قالارمىشقۇ!
— ياق، ئۇنداق ئىش يوق. مەن دېگەندەك قىلايلى، — ئەلقۇد شۇنداق دېگەندىن كېيىن بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ دەرەخلەر ئارىسىغا يوشۇرۇندى. كۆپ ئۆتمەي ياتاقتىن باللارنىڭ قىيا - چىياسى ئاڭلاندى. دېمەك، جىن كەلگەنىدى. جىن ياتاقنىڭ لاي لەمپىسىنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغانىدى. ئارىدىن 20 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئالدىدا، ياتاقنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن قورقۇنچلۇق ئىككى «جىن» پەيدا بولدى. ئۇلار باشتا ئاغزىدىن غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىر-

-رىپ ، تۇيۇقسىزلا ئاغزىدىن ئوت پۈركىدى . ئەلقۇدلار باشتا جىنلا-
ردىن ئانچە قورقمىغان بولسىمۇ ، ئۇلار پۈركۈگەن كۈچلۈك ئوتتىن
بىرئاز قورقۇپ قالدى . زىلال نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن دېگەندەك
جىمىپ كەتتى .

ئەلقۇدلار دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ جىنىنىڭ كەينىدىن پەم
بىلەن كېلىشكە باشلىدى . ئىككى جىن يەنىلا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈ-
ۋاتاتتى . ئەلقۇد جىنلارغا يېقىنلاشقانسېرى غەيرەتكە كېلىپ جىن-
نىڭ بىرىنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى . يەنە بىرىنى بىلال بىلەن
زىلال قۇچاقلاپ بېسىۋالدى . باشقىلارنى قورقۇتمىز دەۋاتقان ئىك-
كى «جىن» قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى . «ۋايجان !» بۇ ئاۋاز ئەلقۇدلار-
غا تونۇش ئىدى . ياتاقتىكى بالىلارمۇ يۈگۈرۈپ ئەلقۇدلارنىڭ يېنىغا
چىقتى .

ئەلقۇدلار ئاخىر بۇ ئىككى «جىن»نى تۇتۇۋالدى . باشقا بالى-
لارمۇ ئەلقۇدلارغا ياردەملىشىپ بۇ ئىككى «جىن»نى ياتاققا ئېلىپ
كىردى . ئەسلىدە بۇ ئىككى جىن ۋارىس بىلەن خۇشتار ئىدى .
ئۇلارنى كۆرۈپ ئەلقۇدلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى . باشقا بالىلارمۇ
ۋارىس بىلەن خۇشتارنى ئەيىبلەپ كەتتى . ۋارىس بىلەن خۇشتار
كىچىك بوتۇلكىغا ئېلىۋالغان كىرسىننى ئاغزىغا ئېلىپ ئوت يېقىپ
پۈركۈگەنىكەن . خۇشتار ئادەتتە تۈرلۈك قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى دو-
راشقا ئۇستا بولغاچقا ، غەلىتە ئاۋاز چىقارغانىكەن .

## 33 . تەكلىماكان

بۈگۈن ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يۈرەتتى . پايانسىز قۇم بارخانلىرى پاكىز ۋە يۇمشاق ئىدى . بۇ يەردە بىرەر تال گىياھ ياكى ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە كۆرۈنمەيتتى . بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇد قاياقتا ماڭسا شۇ ياققا كېتىۋاتاتتى . تۇماردىن تەكلىماكان ۋە قۇملۇقلار ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ئاڭلىنىپ تۇراتتى :

تەكلىماكاندىكى بوستانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا كەڭ كەتكەن قۇملۇق بولۇپ ، بۇ تەكلىماكان قۇملۇقى دەپ ئاتىلىدۇ ، سىلەر قۇملۇق رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرۇۋاتىسىلەر ، بۇ قۇملۇق يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ قۇملۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 500 كىلومېتىر ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئېقىپ تۇرىدىغان قۇم بارخانلىرى تەشكىل قىلىدۇ .

ئەلقۇدلار ئورنىدىن تۇرۇپ قۇم مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلماقچى بولدى . تەبىئەت پەيدا قىلغان ئاجايىپ سىرلىق قۇم ئەسەرلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى . ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى سىرلىق مەنزىرىلەرگە ھەيران قىلىپ بىرنەچچە سائەت سەيلە قىلدى .

بۇ يەردە باشقا يەردىكى قۇملۇقلاردا كەم ئۇچرايدىغان قۇم توسما ، شاخسىمان قۇم توسما ، ھەرە كۆنىكسىمان قۇم بارخانلىرى ، يېڭى ھىلال ئاي شەكىلدىكى قۇم بارخانلىرى ، ئېھرامسىمان قۇم بارخانلىرى ، بېلىق تەڭگىسىمان قۇم بارخانلىرى ، بىرىكمە تىپتىكى يېڭى ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم بارخانلىرى بار ئىدى . . . ئەلقۇدلار بۇلارنى كۆرۈپ ، گۈزەل قۇم كۆرگەزمىسىگە كىرىپ قالغاندەك بولدى .

— ئەلقۇد ، ئاۋۇ قۇم دۆۋىسى كالىغا ئوخشايدىكەن .

— ماۋۇ ئېگەرلىك ئاتقا ئوخشايدىكەن .
— ماۋۇغۇ ئايروپىلانغىلا ئوخشايدىكەن .

ئەلقۇد بۇ سىرلىق ماكاندا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەنمەكتە ئىدى . ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خۇشال ئىدى . بىلال بىلەن زىلال قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ ، دومىلاپ ئويناۋاتاتتى . ئەلقۇدلار تەكلىماكاندا سۇ يوقلۇقىنى بىلگەچكە سۇدانلىرىغا سۇ ئېلىۋالغانىدى . بىلال بىلەن زىلال سۇدانلىرىدىكى سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىپ يېرىملاشتۇرۇپ قويغانىدى . ئەلقۇد ئۇلارغا سۇنى ئاياپ ئىچىڭلار ، بۇ يەردە سۇدىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ ، دېگەندىن كېيىن غالىب مۇئەللىمنىڭ تەكلىماكان ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىدى .

تەكلىماكان قۇملۇقىدا كۆمۈلۈپ ياتقان مول كان بايلىقلىرى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرى بار . مەسىلەن ، قۇملۇق رايونلاردىكى شامال ئېنېرگىيىسى بىلەن قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلانغاندا توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ . . . تەكلىماكاندا كۆمۈلۈپ قالغان كروران ، پىشامشان قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئابىدىدۇر .

ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزلىرى داۋاملىق مىنىدىغان ئۇچقۇنىڭ بىرنەچچە يېرىنى باسقانىدى ، ئۇ قۇملۇقتا ماڭىدىغان قۇم كېمىسىگە ئايلاندى .

ئۇلار قۇم كېمىسى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى قانغۇدەك سەيلە قىلماقچى بولدى . ئۇلار قۇم كېمىلىرى ئۈستىدە ۋارقىرىشىپ - چۇرقىرىشىپ ئۇچقاندەك مېڭىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ قۇم كېمىلىرى قۇملۇقلاردا مېڭىشقا ماسلاشقان بولۇپ ، قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە سۇ دولقۇنلىرىنى يېرىپ كېتىۋاتقان كاتېرلاردەك بىمالال ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . پايانسىز قۇملۇقتا ئۇلارغا توسالغۇ بولىدىغان ھېچنەرسە بولمىغاچقا ، ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇچقاندەك ماڭدى . خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەلقۇد قۇم كېمىسىنى توختىتىپ ، قۇملۇقلار ئارىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى . توغراقنىڭ تۈۋى خېلىلا

سالقىن ئىدى . ئەلقۇد ئۇسساپ كەتكەچكە سۇدانىدىكى سۇيىنى ئىچ-تى . قۇملۇقنىڭ ئوتتەك تەپتى سۇدانىدىكى سۇنىمۇ قايناقسۇدەك قىلىپ قويغانىدى .

— كۆردۇڭلارمۇ ، ئاۋۇ توغراقلىقلارنى ، توغراق قۇملۇق ، چۆللۈكلەردىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ياشايدىغان دەرەخ . . .

— ھەي ، ئەلقۇد ، تولا گەپ قىلىشۋەرمىگىنە ، مەن ساڭا نىمە دەۋاتىمەن ؟ — توغراقلارنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئەلقۇد زىلالنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قارىدى :

— نىمە بولدى ؟

— بىلال قېنى ؟ ئۇ يوقاپ كەتتىغۇ !

— نىمە دەيدىغانسەن ؟ ھازىرلا بىز بىلەن كېلىۋاتاتتىغۇ .

— نەدىكىنى ، ئۇ يېقىن ئەتراپتا كۆرۈنمەيدۇ .

— تېز بول ! كەينىمىزگە يانايلى ، ئېزىپ قېلىپ باشقا يەرگە كېتىپ قالمىسۇن ، — ئۇلار قوم كېمىلىرىگە چىقىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى .

ئەلقۇد بىلەن زىلال بىلالنى خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى . شۇڭا ، ئۇلار بەكلا ئەنسىرەپ ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى .

— بىلال !

— بىلال سەن قەيەردە ؟

ئۇلار كۈچەپ توۋلىغان بولسىمۇ ئاۋازى خۇددى پايانسىز قۇم-لارغا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى . بۇ ھالاكەت دېڭىزىدا بىلال يوقاپ كەتسە ئەلقۇدلار ئۆيگە قانداق قايتىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا نىمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ ؟ بىلال زادى قانداق خەۋپكە ئۇچرىغاندۇ ؟ ئۇنىڭ سۇدانىدا سۇمۇ تۈگەي دەپ قالغان . ئەگەر ئۇ سۇدىن ئايرىلسا بۇ پايانسىز قۇملۇقتا بىردەمدە . . . ئەلقۇد خىيالىنى داۋاملاشتۇرال-مىدى . زىلالمۇ ئادەتتە بىلال بىلەن چىقىشالمىغان بىلەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ يىغلىغىلى تۇردى .

— بىلالنى تاپالمىساق قانداق قىلارمىز ؟ بۇ يەرگە كەلمىسەك بوپتىكەن ، ھى ـ ھى ـ ھى ! — زىلال ھۆكۈرەپ يىغلىدى .

— ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بىردەم يىغلىماي تۇرغىنە، — ئەلقۇدنىڭ يىغلىغۇسى بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ زىلالنى سىلىكىشلىدى، — يىغلاش دېگەن ئاسان. بىراق يىغا بىلەن ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئوغۇل بالىدىن قان چىقسا بولىدۇكى، ھەرگىز ياش چىقماسلىقى كېرەك! — ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىر كۆپ دەيدىغان بۇ گەپنى زىلالغا ياكى ئۆزىگە دېگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئۇلار بىلالنى تاپالمىدى. بۇ پايانسىز چۆللۈكنىڭ ھەممىلا يېرى ئوخشاشلا ئىدى. ئەلقۇدلارنىڭ قۇم كېمىسىدىن قالغان ئىزلارمۇ بىردەمدىلا غايىب بولاتتى. ئەلقۇد بىلەن زىلال ئامالسىز تۇماردىن ياردەم سورىماقچى بولدى.

— خاسىيەتلىك تۇمارىم، بىلال ھازىر نەدە؟ بىزگە دەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ — ئەلقۇد بۇ گەپنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ تۇماردىن جاۋاب چىقمىدى. دېمەك، تۇمار بۇ ئىشقا ياردەم قىلالمايتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى يەنىلا ئەلقۇد ئۆزى قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەممىلا ئىشنى تۇمار قىلسا ئەلقۇد ھۇرۇن، كاللا ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان، قورقۇنچاق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تۇماردىن ئادەتتە ئىككى خىل ئەھۋالدا سادا چىقمايدۇ، بىرى، ئەلقۇدلاردىن رەنجىپ قالغاندا، يەنە بىرى، ئەلقۇدلار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىمۇ تۇمارغا قىلدۇرماقچى بولغاندا. ئەلقۇد ئويلاپ قالدى. بۈگۈن تۇمارنى رەنجىتكۈدەك ئىش قىلمىدۇق، قارىغاندا بىلالنى ئىزدەش ئەلقۇد بىلەن زىلال قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەن ـ دە...

يىراقلاردىن قانداقتۇر قورقۇنچلۇق سادالار كېلىشكە باشلىدى. زىلالنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ تۇمارنىڭ ياردىمىسىز، ئەلقۇدنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ يەردىن كېتەلمەيتتى. ۋەھىمىلىك ئاۋاز كۈچەيگەنسېرى زىلالنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلدى. ئەلقۇد بىلالنى تاپمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەسلىككە نىيەت قىلدى. راست ئەمەسمۇ، يېقىن دوستىنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ كەتسە ئۇنى قانداقمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولسۇن!

— ئەلقۇد ، بۇ يەردىن كېتەيلىچۇ !
— بىلالنى تاپماي قانداق كېتىمىز ؟
— ئۇنى نەدىن تاپىمىز ؟ ئۇنى تاپىمىز دەپ ئۆزىمىز يوقاپ كەتسەك قانداق قىلىمىز ؟
— بىلالنى تاپماي كەتسەك ئاتا ـ ئانىسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز ؟ بىلالنى مۇشۇ چۆلگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە يۈرىكىڭ چىدامدۇ ؟
— بىلالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇنى كۆرمىدۇق دېسەك بولمىدىمۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلىكىمىزنى ھېچكىم كۆرمىگەن تۇرسا . . .
— ئاغزىڭنى يۇم ، سەن بەك شەخسىيەتچى ئىكەنسەن ، سەن بىلەن دوست بولغانلىقىمدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن .
ئەلقۇدنىڭ بۇ گېپى زىلالنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . راست ئەمەسمۇ ، بۇنداق چاغدا شەخسىيەتچىلىك ، قورقۇنچاقلىق قىلسا قانداق بولىدۇ ! زىلال ئويلىنىپ قالدى . مەن نېمانچە قورقۇنچاقتىمەن ؟ ئەلقۇدنىڭ دېگىنى توغرا . مەن بەك شەخسىيەتچى ئىكەنمەن . مەنمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن دوستۇم بىلالنى تاپمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن . بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي . زىلال خىجىل بولغان ھالدا ئويلىغانلىرىنى ئەلقۇدقا دېدى . ئەلقۇد ئۇنىڭغا مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ قويدى .
ئۇلار يەنە بىلالنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇلار جان ـ جەھلى بىلەن توۋلايتتى .
— بىلال !
— بىلال سەن قەيەردە ؟
ئەلقۇدلار قۇم كېمىلىرىنى غۇيۇلدىتىپ ئەتراپنى شۇنچە ئىزدەپمۇ ، بىلالنى تاپالمىدى . بايىقى قورقۇنچلۇق ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى . تۇيۇقسىز ئەلقۇدلارنىڭ كۆز ئالدىدا قارا بۇلۇت ياكى تۇمان ، تۈتەككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مونار پەيدا بولدى . ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ قۇياشنى كۆرگىلى بولماي قالدى . ئەلقۇدلار نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە تۈتەك مونار شىددەت بىلەن

ھۆركىرەپ ۋە پىرقىراپ كېلىپ ، ئەلقۇدلارنى يۆگەپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئەلقۇدلار ئۆزلىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى . ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ھوشىنى يوقاتتى . ئۇلارنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققىنى ئەسلىدە قۇيۇن ئىدى . ئەلقۇدلار بۇرۇن مەھەللىدە ئانچە ـ مۇنچە چىقىپ قالىدىغان قۇيۇننى كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۇ قەغەز پارچىلىرىغا ئوخشاش يەڭگىل نەرسىلەرنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىلەن ئادەمنى ھەرگىز ئاسمانغا چىقىرالمايتتى . ئەلقۇد نەچچە قېتىم ئاشۇنداق پىرقىراپ چىقىۋاتقان قۇيۇنلارنىڭ ئارىسىغا قەستەن كىرىپ باققان بولسىمۇ ، كۆز ۋە بۇرۇنلىرىغا توپا كىرىپ كەتكەندىن باشقا ھېچ ئىش بولمىغانىدى .

خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەلقۇد ئۆزلىرىنىڭ ئاسماندىن پەسكە قاراپ لەيلەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلدى . خۇداغا شۈكۈر ، ئۇلار قۇم كېمىسى بىلەن بىللە يۇمشاق قۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشتى .

ئەلقۇد قۇم دەستىدىن كۆزىنى مىڭ تەستە ئېچىپ ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى قېقىۋېتىپ ، قۇم كېمىسىنىڭ يېنىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى . ئۇ تېخىچىلا كۆزىنى ئاچالمايۋاتقان زىلالنى تۇرتۇپ :

— ھەي زىلال ، تۇرە ، سەن ساقمۇ ؟ بىزنى قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى ، ھېلىمۇ ياخشى خەتەرگە ئۇچرىماپتۇق ، — دېدى .

— مەن بىلال ، سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ؟ — ئەلقۇد ئالدىدىكىنىڭ بىلال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى .

— بىلال ! سەن راست بىلالمۇ ؟ ! — ئەلقۇد خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى .

— راست بولمايچۇ ، سېنىڭچە يالغان بىلالمۇ بار ئوخشىمامدۇ ؟ — ئەلقۇد بىلەن بىلال قۇچاقلىشىپ ، يومىلاقلىشىپ كەتتى . زىلال ئۇلاردىن نېرىراقتا چۈشكەنىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ،

ئۇستىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى قېقىپ ئەلقۇدنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىلال بىلەن ئەلقۇد يومىداقلىشىپ دومىلىشىۋاتاتتى. زىلال ئەلقۇد بىلەن يومىداقلىشىۋاتقاننىڭ بىلال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇشال بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار بىر توغراقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار توغراقلىقلارغا سەپسېلىپ قارىدى. قۇم بارخانلىرى ئۇستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقلار بۇ باياۋاننىڭ مەڭگۇ ئۆچمەس ھاياتلىق مەشئىلىدەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەنە، ئاۋۇ قېرى توغراقنىڭ غول شاخلىرى تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك زەربىسىدىن سۇنغان، زېدە بولغان بولسىمۇ، ئۆلمەس جەڭچىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— بىلال، سەن بايا قەيەرگە كەتتىڭ؟! — ئەلقۇد بىلەن زىلال تەڭلا سورىدى.

— ئۆزۈڭلار نەگە باردىڭلار؟ سىلەر بىلەن بىللە كېتىۋاتات-تىم، بىر چاغدا قارىسام سىلەر يوق، سىلەرنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. راست گەپنى قىلسام قورقۇپ يىغلىۋەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى قۇم كېمىسى بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا...

— شۇنداقمۇ، بىزمۇ سېنىڭ بىزدىن قانداق ئايرىلىپ قالغان-لىقىڭنى بىلەلمەي قالدۇق. سېنى تاپالماي قانداق قىلارمىز دەپ تىت ـ تىت بولۇپ تۇرساق قۇيۇن كېلىپ...

— شۇنداق، — بىلال ھاياجانلانغان ھالدا ئەلقۇدنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى، — بىز قۇيۇنغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. مەنمۇ سى-لەرنى تاپالمىغاندىكىن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دەپ قۇم كېمى-سى بىلەن بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىۋاتسام تۇيۇقسىز بىر قارا تۇمان كېلىپ...


ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇشۇ ئىشمۇ ئەلقۇدلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز خۇشاللىق ئاتا قىلدى. ئۇلار شۇ چاغدىلا ئۇسساپ گالىلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەجەب ئۇسساپ كەتتىم، سۇداندا سۇ بار ئىدى، قەيەردە قالغاندۇ؟ — ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدىكى سۇدانلار يوق تۇراتتى. قۇ-يۇن ئۇلارنىڭ سۇدانلىرىنى ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇلار سۇدانلىرىنى

تاپالماي جىمىپ قالدى. بۇ باياۋاندا سۇ بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەممە شادلىقلىرى نۆلگە تەڭ بولاتتى. ئۇلار سالقىنداش ئۈچۈن قېرى توغراقنىڭ سايىسىغا كېلىشۋالغانىدى.

ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتىن چاك ـ چاك بولۇپ تۇرغاندا ئەلقۇدنىڭ ئېسىگە بوۋىسىدىن ئاڭلىغان بىر گەپ كەلدى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يېنىدىن قەلەمتىراچنى ئېلىپ توغراقنىڭ تۆۋەن غولىغا پەم بىلەن سانجىدى. توغراقتىن شەربەتتەك سۈيۈقلۇق ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەلقۇدلار سىرغىپ چىقىۋاتقان شەربەتنى ھۇزۇر بىلەن شوراشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قېرى توغراق خۇددى بالىلىرىنى ئېمىتىۋاتقان مېھرىبان ئانىغا ئوخشاپ قالغانىدى.





# 34 . تەكلىماكاندىكى ئالۋۇن

ئەلقۇدلار قۇم كېمىلىرىگە چىقىپ تەكلىماكاندا يەنە سەيلە قىلىشقا باشلىدى . زىلال كېتەيلى دەپ بىردەم غودۇراپ باققان بولسىمۇ ئەلقۇد بىلەن بىلال كېتىشكە ئۇنىمىدى .

— كىچىككىنە خەتەرنى كۆرۈپ قورقساڭ بىز بىلەن كەلمىسەڭ بولغۇدەك ، بىر يەرگە كېلىپ كۆرە ـ كۆرمەيلا كەتسەك سەيلە قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى ؟ «ئاتقا مىنگەشمە ، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە» دەيدىغان گەپ بار . سەنمۇ چىدىغىنا زىلال ، — ئەلقۇد خاپا بولۇپ شۇنداق دېدى .

— شۇ ئەمەسمۇ ، ماڭا ئوخشاش ئېزىقىپ يالغۇز قالساڭ ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايسەن ، ماڭا ئوخشاش قەيسەر بولە ! — بىلالنىڭ بۇ گېپى زىلالنى تېرىكتۈردى .

— كىم قورقۇپتۇ ؟ قورقمىغاچقا سېنى ئىزدەپ تاپقاندىمىز ؟

— سەن مېنى تاپتىڭمۇ ؟

— تاپتۇققۇ مانا ، تاپمىغان بولساق قۇملۇققا يەم بولاتتىڭ .

— چوڭ سۆزلىمىگىنە ، قويۇن بولمىغان بولسا مېنى ھەرگىز تاپالمايتتىڭ .

— تاپالمايتتىڭ دەپ مۆكۈۋالغانمىدىڭ ؟ بىز بىلەن تەڭ ماڭالماي ئېزىقىپ قالغان نەرسە سەن .

— كىم ماڭالماپتۇ ؟

— سەن ماڭالمىدىڭغۇ ، ماڭالماي ئېزىقىپ قالغان سەنغۇ !

— بولدى ، بولدى ، بايىقى خۇشاللىقنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ ؟ بايا بىر ـ بىرىڭلارنى قۇچاقلاپ ، ئامراقلىشىپ كېتىۋاتاتتىڭلار ، ئەمدى جېدەللەشكىلى تۇردۇڭلارغۇ ! — ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇلار بېسىقىپ قالدى .

توغراقلىق ئىچىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر ئەلقۇدلارنى جەلپ قىلىۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ جەرەن بەخىرامان ئوتلى-

ماقتا . ئۇلار ئەلقۇدلارغا يېقىملىق قاراپ قويدى . . . ئەنە ، بىرىنچ-
چە تۈلكە ئەلقۇدلار بىلەن سالاملاشقاندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىردەم
توختاپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى . ئەلقۇدلارنى ھەيران قالدۇر-
غىنى بۇ يەردىكى ھايۋانلار ئەلقۇدلاردىن ئۈركۈپ قاچمىدى . بۇغا ،
بۆكەنلەر ئەلقۇدلارنىڭ قول ـ يۈزلىرىنى يالاپ ، سەمىمىي دوستلۇ-
قىنى بىلدۈردى . ئەلقۇد بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن سۆيۈندى . بۇ
يەردىكى ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۈركۈمەي ، يېقىنچىلىق قىلىش-
لىرى ئۇنى چەكسىز سۆيۈندۈردى . ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي دوستلۇقىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ئۇ-
زۇن بولغانىدى .
ئەلقۇدلار قۇم كېمىسى بىلەن ئۇچقاندەك مېڭىپ توغراقلىقلار-
دىن ئۆتۈپ ، چاكاندا ، يانتاقلار چوقچىيىپ تۇرغان يېڭى قۇملۇققا
كەلدى . زىلالنىڭ يەنە ئۆيىگە قايتقۇسى كەلدى .
— ھەي بالىلار ، ئەمدى ئۆيگە قايتايلىچۇ ! — شۇ چاغدا بىلال
تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى .
— ئاۋۇ يەردىكى نېمە ، كۆردۈڭلارمۇ ؟ سۇ ، كۆل ، بۇ يەردە
باغراش كۆلىدىنمۇ چوڭ بىر كۆل تۇرىدۇ . پاھ ، نېمىدېگەن كۆپ
قۇشلار ئۇ ! ئەنە ئاۋۇ ئاق قۇ ، ماۋۇ تەرەپتىكىلىرى ئاققۇتان ، ئەنە
ئاۋۇلار لەگلەكلەر ، غاز ، ئۆردەكلەرمۇ كۆپ ئىكەن . بولۇڭلار ،
ئەمدى قۇم كېمىمىزنى كاتېرغا ئايلاندۇرۇپ ، كۆلدە چاپتۇرۇپ
ئوينايلى . . . — بىلال چۆل ـ باياۋاندىن زېرىكىپ قالغاچقا گۈزەل
كۆلنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي ۋاتىلداپ سۆزلەپ كەتتى .
ئەلقۇد بىلەن زىلالمۇ كۆز ئالدىدىكى قۇشلار ناۋا قىلىپ تۇر-
غان كۆلنى كۆرۈپ ئىشەنمەي قالدى . بايىقى توغراقنىڭ سۈيى
ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى ئاز ـ تولا باسقان بولسىمۇ ، يەنە بىردەم-
دىلا ئۇسساپ ، چاكىلدىغىلى تۇرغانىدى . سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىنى
كۆرۈپ تېخىمۇ چاڭقاپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئەلقۇد بىلال بىلەن
زىلالنى تۇتۇۋالدى .
— توختاپ تۇرۇڭلار ، ئەگەر بىز كۆل بويىغا بارساق قۇشلار
ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن . بىردەم جىم تۇرايلى . ئولتۇرۇپ
كۆلنى ۋە قۇشلارنى تاماشا قىلايلى ، — ئەلقۇدلار قۇم كېمىلىرىنى

بىر چەتكە قويۇپ ، ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆلنى تاماشا قىلدى .
زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆل قۇياش نۇرىدا غايەت زور يېشىل ياقۇتتەك جىمىرلايتتى . كۆلنىڭ پايانى زەڭگەر ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئاسمان بىلەن كۆلنىڭ پاسىلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى . يېقىندىكى قۇشلارنىڭ قوغلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرگىلى بولسىمۇ ، يىراقتىكى قۇشلار يېشىل ياقۇتنىڭ ئۈستىدىكى ئاق چېكىتلەردەك جىمىرلايتتى . كۆل ئاسمىنىدا لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن لەگلەكلەر سۇغا ئوقتەك شۇڭغۇيتتى ـ دە ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر تال بېلىقنى چىشلىگىنىچە سۇ يۈزىدە پەيدا بولاتتى . كۆل ساھىلىدا بىر ـ بىرىنى قوغلاپ يۈرگەن بەزى قۇشلار نېمىدىندۇر ئۈركۈگەندەك پالاقلاپ ئۇچۇپ يەنە قايتىپ چۈشەتتى . قۇشلارنىڭ شاد سايراشلىرى مەڭگۈلۈك كۈيدەك تىنىمسىز جاراڭلايتتى . كۆل ساھىلىدىكى قومۇش ، يېكەن ۋە باشقا يېشىللىقلار ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولىدەك كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى . ئەمدى ئەلقۇدلارنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ كۆلگە قاراپ چاپتى . ئۇلار كۆلگە چۈشۈپ قۇشلار بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىماقچى ئىدى . ئەلقۇدلارنىڭ كۆلگە قاراپ يۈگۈرەۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ ، ئۇلار كۆلگە يېتەلمەيۋاتاتتى . ئۇلار ئادەتتە 100 مېتىر ئارىلىقنى بىردەمدىلا يۈگۈرۈپ بولىدىغان تۇرسا ، بۈگۈن ئەجەب . . .
ئەلقۇد يەنە كۈچەپ چاپقاندىن كېيىنمۇ كۆلنىڭ يەنىلا 100 مېتىر نېرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ يۈگۈرۈشتىن توختاپ ، بىلال بىلەن زىلالنىمۇ توختاتتى . كۆل يەنىلا بايىقىدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى . ئەلقۇد كۆلگە يەنە بىردەم سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :
— باللار ، سىلەر بۇ كۆلگە بارالمىغانلىقىمىزدىن ھەيران قالمىدىڭلارمۇ ؟ بۇ كۆلدە چوقۇم بىر سىر بار .
— شۇ ئەمەسمۇ ، ئۇ كۆلگە قاراپ چېپىۋاتقىلى نىكەم .
— ۋاي ـ ۋۇي كېتـەيلىچۇ ، ئـۇسـساپ گالـلىرىم قۇرۇپ كەتتى ، — زىلالنىڭ ئاۋازى ئاران چىقتى .

— كەتسەكقۇ ئۆزىمىزنى ھازىرلا مەھەللىدە كۆرىمىز . بۇنداق گۈزەل كۆلدە سۇ ئۈزۈپ ئويناش پۇرسىتىگە مەڭگۇ ئىگە بولالماسلىقىمىز مۇمكىن . شۇڭا . . . — ئەلقۇد گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى . بايىقى پايانسىز كۆل غايىب بولغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىدا قۇم بارخانلىرى تۇراتتى .

— كۆل قېنى ؟ — بىلال ئەلقۇدتىن بۇرۇن ۋارقىرىۋەتتى . زىلالنىڭ خىيالى ئۆيگە كېتىشتىلا قالغاچقا ، ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشنى ھېس قىلالمىغانىدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆل تەرەپكە قاراپ چۆچۈپ كەتتى .

— ئوبدان بولدىمۇ ، ئۆيگە كېتەيلى دېسەم سۇغا چۆمۈلەيلى دەپ تۇرۇۋالدىڭلار ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — زىلالنىڭ گېپى ئەلقۇدنى سەگەكلەشتۈردى . ئۇلار ئالدى بىلەن قۇم كېمىسىنى تېپىۋالمىسا بولمايتتى . ئەلقۇد كەينىگە يېنىپ خېلى ئۇزۇن ماڭغان بولسىمۇ قۇم كېمىسىنى تاپالمىدى . ئۇلار ئىزنىپ قالغانىدى .

قۇملۇق بەك ئىسسىپ كەتكەچكە ئەلقۇدلارنىڭ كالپۇكلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتتى . ئەمدى بۇ يەردە پاك - پاكىز قۇملۇقتىن باشقا بىر تالمۇ گىياھ كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار ماغدۇرسىزلىنىپ قۇمغا ئۆزىنى تاشلىدى . يۇمشاق قۇم ئۇلارغا خۇشياقىقان بولسىمۇ ، قۇمدىن كېلىۋاتقان تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق ئۇلارنىڭ چاڭقاقلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئۈمىدسىزلەندۈردى .

— ئەلقۇد ، تۇمارغا دېگىنە ، مەھەللىگە كېتەيلى ! — بۇ زىلالنىڭ ئاۋازى ئىدى .

— مەن ھازىر تۇمارغا كېتەيلى دېيەلمەيمەن ، — دېدى ئەلقۇدمۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ، — مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن تۇمارغا دېگەن . تۇمار ماڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇ يەرگە بارمىغىن . بارساڭ مۇشەققەتلىك تىلسىملارغا بەرداشلىق بېرىشىڭ كېرەك ، ئۇنداق قىلالمىساڭ ساڭا مەڭگۇ ياردەم قىلالمايمەن دېگەنىدى .

دېمەك ، ھازىرچە ئەلقۇد تۇماردىن ياردەم سورىيالمايتتى . ئۇ كىتابلاردىن بۇ قۇملۇقنىڭ «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ئوقۇغانىدى . ئۇ بىلال بىلەن زىلالنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى . شۇڭا ، ئۇ قوللىرى بىلەن

كالپۇكلىرىنى سىلىغانىدى ، قاقتەك قۇرۇق ۋە يىرىك سىيزىلدى . ئەلقۇدقا يىغا ئولاشتى . مەھەللىگە ئەمدى بارالمايدىغاندەك ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە مەھەللىدىكى باللارنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى . ئۇ ، بىلال بىلەن زىلالغا قورقماڭلار ، بىردەمدىلا ئۆزىمىزنى مەھەللىدە كۆرىمىز دېگەن بولسىمۇ يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى . ئەلقۇد بۇنداق يېتىۋېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئورنىدىن تۇردى . شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ ، ئەلقۇدنى خۇشال قىلدى . ئەلقۇد تۆگە كارۋانلىرى كولدۇرمىلاردىن سادا چىقىرىپ ماڭىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدى . يېقىن ئەتراپتا كارۋان كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى تۇرغۇزۇپ ۋارقىرىدى .

— قوپۇڭلار ، ئاڭلاۋاتامسىلەر ، كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ، كارۋاننى تېپىۋالساقلا ئۇلار بىللە بىلەن چىقىپ كېتىمىز ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىلال بىلەن زىلالمۇ ئورنىدىن تۇردى . بىراق ، ئۇلار ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدى .

— كارۋان كولدۇرمىسى دېگەن نېمە گەپ؟ بىز ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىمىدۇققۇ ، — بىلال بىلەن زىلال راستتىنلا كولدۇرما ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى .

— بولۇڭلار ، تېز بولۇڭلار ! قۇلىقىڭلار گاس بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ . قوم كېمەڭلەرگە چىقىپ كەينىمدىن مېڭىڭلار ! — ئەلقۇدلار قوم كېمىسىگە چىقىپ ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى . ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر كارۋان پەيدا بولدى .

يۇزگە يېقىن تۆگىدىن تەشكىللەنگەن بۇ كارۋان خېلىلا يىراقتىن كەلگەندەك قىلاتتى . تۆگىلەرنىڭ ئۇستىگە ساندۇق ـ ساندۇق مال ئارتىلغانىدى . تۆگىلەرنىڭ ئۇستىدە يەنە ساقاللىق ، ساقالسىز ، سەللىلىك ۋە تۇماقلىق ئادەملەر ئولتۇراتتى . يۇزگە پەرەنجە تارتىۋالغان قىز ـ ئاياللارمۇ بار ئىدى . ئەلقۇدلار كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇپ دېگۈدەك تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي كېتىۋەردى . ئەلقۇد بۇ مەنزىرىلەرگە ئىشەنمىگەندەك بىلال بىلەن زىلالغا قاراپ قويدى .

— كارۋاندىكىلەر بىزگە قاراپمۇ قويمايدىغۇ، قارىغاندا ئۇلار چەت ئەلدىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ مېنىڭچە ئۇلار گېپىمىزنىمۇ ئۇقمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلاردىن سۇ ئېلىپ ئىچەيلىچۇ، — بالالىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئەلقۇد ئۇلارنىڭمۇ بۇ كارۋاننى كۆرگەندىلىكىگە ئىشەندى. بىراق، كارۋان بىردەم يېقىنلىسا، بىردەم يىراقلايتتى. ئەلقۇد قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كارۋاندىكىلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. ئۇلار قۇم كېمىلىرىگە مىنىپ ناھايىتى تېز ماڭغان بولسىمۇ، سالماق قەدەملەر بىلەن ئاستا كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنىغا يېتىشەلمىدى. كارۋان خۇددى سىرلىق سۈرەتتەك ئۇلارغا ئۆزىنى يېقىنلاشتۇرمايۋاتاتتى. ئەلقۇدلار كارۋاننىڭ كەينىدىن مېڭىپ باغۇ بوستانلىق بىر شەھەرگە كېلىپ قالدى. يىراقلارغا سوزۇلغان شەھەر سېپىلىدىن بۇ شەھەرنىڭ كاتتا بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. شەھەر تەرەپتىن شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەلقۇدلار ئادەملەر بار يەرگە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. شەھەردىكى قايناق مەنزىرە ئەلقۇدلارنى خۇشال قىلىۋەتتى. بىراق، بۇ شەھەردە ئاپتوموبىل، ماشىنا دېگەندەك نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى. كەڭرى شەھەر كوچىلىرىدا سۆلەتلىك پەيتون ھارۋىلار غۇيۇلدايتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئارغىماقلارغا مىنگەن سۆلەتلىك ئەزىمەتلەر ئۆتۈپ قالاتتى. پىيادە ئويان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. رەستىلەر ئاۋات بولۇپ، مىسكەر، زەرگەر، ناۋاي، قاسساپ، مالچى، بېدىك، دوغاپچى، كاۋاپچى، باققال ۋە باشقا سېتىقچىلارنىڭ خېرىدار توۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەردىكىلەرنىڭ كىيىنىش - ياسىنىشلىرى ئەلقۇدلار ھازىر كىيىدىغان كىيىملەرگە ئانچە ئوخشىمىسىمۇ، بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ كىيىنىشىدىن بىر خىل نازاكەت، يىگىت، ئەرلەرنىڭ كىيىنىشىدىن بىر خىل جاسارەت چىقىپ تۇراتتى. ئەلقۇدلارنى ھەيران قالدۇرغىنى ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، ئارغىماقلىرىغا مىنىپ نەيزە، قالقان، قىلىچ، ئوقيالىرىدىن سۈر - ھەيۋە ياغدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن لەشكەرلەر بولدى. ئەلقۇدلار ئالدى بىلەن دوغاپچىلاردىن مۇزدەك دوغاپ ئېلىپ ئىچمەكچى بولدى. بىراق، ئۇلاردا پۇل يوق ئىدى. راست، بۇ يەردىمۇ دوغاپ-

نى پۇلغا ساتىدىغان گەپ ـ تە . ئۇلاردا پۇل بولمىغاچقا دوغاپچىنىڭ سوغۇق سۈيىنى سوراپ ئىچمەكچى بولدى . ئۇلار ھەۋەس بىلەن دوغاپ سېتىۋاتقان دوغاپچىنىڭ ئالدىغا كەلدى . بىراق ، ئۇلارنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى . . . بۇ يەردە نەدىمۇ كارۋان ، شەھەر ، دوغاپچى ، كاۋاپچىلار بولسۇن ! ئۇلار كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۇۋۇلاپمۇ بايا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى .

— بالىلار ، بىز بايا بىر شەھەردە يۈرەتتۇق ، ئەمدى يەنە باياۋاندا تۇرىمىزغۇ ، بۇ زادى نېمە گەپتۇ ؟ — ئەلقۇد ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بىلال بىلەن زىلالدىن سورىدى .

— بىزمۇ بىلەلمىدۇق ، قارىغاندا كاللىمىزدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ ، — بىلال بىلەن زىلال يىغلامسىرىدى .

— مەن بوۋامدىن تەكلىماكان بەكمۇ سىرلىق ، ئۇنىڭ سىرىنى يېشىمىز دەۋاتقانلار كۆپ بولسىمۇ ، تېخى ھېچكىم يېشىپ بولالمىدى . ئاڭلىشىمچە تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر پەيدا بولۇپ ، بىر غايىب بولۇپ تۇرىدىغان شەھەر بارمىش دېگەنىدى . قارىغاندا بىز بايا ئۇچرىغان شەھەر ۋە كارۋانلار شۇلار بولۇشى مۇمكىن ، — ئەلقۇد شۇنداق دەپ بىلال بىلەن زىلالغا قاراپ قويدى .

— بىز كۆرگەن شەھەر كروران شەھىرىمۇ يا ؟ — بىلال ئەلقۇدتىن كروران شەھىرى ھەققىدە ئاڭلىغاچقا ، شۇڭا ، مەغرۇرانە ھالدا سوراپ قويدى .

— ياق ، — دېدى ئەلقۇد ، — ئېزىتقۇ بىزگە شۇنداق كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن . بوۋام دېگەن چۆل ئالۋۇنى ئادەمگە شۇنداق سۈرەتلەرنى كۆرسىتەرمىش .

— ئەمدى كېتەيلىچۇ ! — زىلال ئەلقۇدقا يالۋۇردى .

ئەلقۇد تۇمارغا قارىدى . تۇمار نۇرلىنىپ سىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە مەن تەييار دەۋاتقاندەك قىلاتتى . . .

# 35 . تارىم دەرياسى

ئەلقۇدلار تەكلىماكانغا بارغان بىلەن تارىم دەرياسىنى كۆرمەي يېنىپ كەلدى . ئەلقۇدنىڭ تارىم دەرياسىنى كۆرگۈسى ، ئۇنىڭ دولقۇنلۇق سۈيىدە چۆمۈلگۈسى بار ئىدى . تەكلىماكاندا يۈز بەرگەن غەلىتە ۋەقەلەر ، بولۇپمۇ زىلالنىڭ چىدىماسلىقى ئۇنى قايتىشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇلار تەكلىماكاندا خېلى ئۇزۇن يۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە 20 مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىگەنىدى . زىلال مەھەل-لىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن :

— تەكلىماكان ھەقىقەتەن سىرلىق ئىكەن ، ئۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرغان بولساق نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرىدىكەنمىز ، — دەپ سۆزلەپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلالنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلدى .

— بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەرگە بارساق سېنى ئالمىساق بولغۇ-دەك . بەك چىدىماس ئىكەنسەن .

زىلالمۇ بوش كەلمىدى .

— بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئېلىۋالمىساق بولغۇدەك ، ھەممىنى قىلغان سەن ، يېتىپ كەتمىگەن بولساق بىز يەنە نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرۈۋالاتتۇق . سېنى ئىزدەپ بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتۇق . بىزگە يېتىشىپ ماڭالمايدىكەنسەن ، — ئۇلار خېلى ئۇزۇن تاكاللاشقان بولاتتى ، ئەلقۇد توسۇپ قويدى .

— بولدى قىلىڭلار ، ساياھەتتە بولغان ئىشلارنى مەھەللىدە دېمەڭلار دەپ سىلەرگە قانچە قېتىم دېدىم ، بۇنىڭدىن كېيىن سايا-ھەتكە چىقامدۇق - چىقمامدۇق ؟ سىلەر مۇشۇنداق بولغاچقا تۇمار بەزىدە بىزگە ياردەم قىلمايۋاتىدۇ . باشقا گەپنى قويۇپ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىڭلار ، كېلەر ھەپتە تارىم دەرياسىنى كۆرۈپ كېلى-مىز ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىلال بىلەن زىلالمۇ جىمىپ قالدى .

ئەلقۇد دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە تارىم دەرياسىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ خاتىرە يازدى . ئۇ غالىب مۇئەللىمدىن ئالغان ماتېرىياللار ۋە بوۋىسىنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىن تارىم دەرياسىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئوقۇپ خاتىرىسىگە تۆۋەندىكىلەرنى يازدى .

«شىنجاڭدا جەمئىي 320 دەريا بار ، بۇ دەريالارنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 77 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ . بۇ دەريالار ئىچىدە ئېقىن مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغانلىرى 80 گە يېتىدۇ .»

«تارىم دەرياسى ئېلىمىز بويىچە بىرىنچى چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2179 كىلومېتىر كېلىدۇ . تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئاساسەن خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ دەريالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ . تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدىغان يۇقىرىقى دەريالارنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى تارىم دەرياسىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ . كەلكۈن مەزگىللىرىدە بۇ تارماق ئېقىنلارنىڭ سۈيى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . تارىم دەرياسى نۇرغۇنلىغان چوڭ ۋە كىچىك تارماق ئېقىنلاردىن ھاسىل بولسىمۇ ، ئۇ لاتقىلىق تۇزلەڭلىكلەرگە كەلگەندە تاشقىنلىنىپ كۆل ۋە سازلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ . . .»

ئەلقۇد تارىم دەرياسى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردى ، ئۇنىڭ تارىم دەرياسىغا بولغان قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئاشتى .

ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى تېپىپ ئۆستەڭ بويىنىڭ ئادەم بارمايدىغان يېرىدىكى دەرەخ كۆتەكلىرىدە ئولتۇردى . ئۇلار يېقىندىن بېرى ساياھەتكە مۇشۇ يەردىن يولغا چىقىدىغان بولۇۋالغانىدى .

— بۇ قېتىم نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلىدىغانسىلەر ؟

— تارىم دەرياسىنى كۆرىمىز دەۋاتاتتىڭغۇ ، — بىلال بىلەن زىلال تەڭلا جاۋاب بەردى .

— توغرا ، بۇ قېتىم تارىم دەرياسىنى كۆرىمىز . ئۇ يەردە قانداق ئىشلارغا يولۇقىمىز ، ھازىر مەنمۇ بىلمەيمەن . بىز ھەر

قېتىم ساياھەتكە چىققاندا يېڭى - يېڭى ئىشلارغا ئۇچراۋاتىمىز . بۇ قېتىممۇ ئويلاپ باقمىغان خەتەرلىك ئىشلارغا يولۇقۇشىمىز مۇمكىن . شۇڭا ، ئازراق جاپاغا ئۇچراپلا قاقشاپ ، زارلىساڭلار بارمايلا قويۇڭلار . ئىناق - ئىتتىپاق بولمىساق تۇمارمۇ بىزگە ياردەم قىلمايدۇ ، تۇمار بىزنى نەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇردى . ئەمدى يەنە ئۇرۇشساڭلار تۇمار بىزگە مەڭگۈ ياردەم قىلماسلىقى مۇمكىن ، بىلدىڭلارمۇ ؟

— بىلدۇق ، — بىلال بىلەن زىلال خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى .

— مەن سىلەرگە تاپشۇرغان تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇڭلارمۇ ؟

— قايسى تاپشۇرۇقنى ؟ — زىلال بېشىنى قاشلاپ سورىدى .

— يۇرتىمىزدىكى دەريالار ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى سىلەرگە بەردىمغۇ .

— ھە ، بىلدىم ، بىز ئۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىنى ئوقۇپ چىقتۇق .

— ئۇنداق بولسا سىلەردىن سوراپ باقاي ، يۇرتىمىزدىكى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان دەريا قايسى ؟

— ئېرتىش دەرياسى .

— يۇرتىمىزدا يەر ئاستى دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان دەريا بارمۇ ؟

— بار ، ئۇ كارىز .

— كارىز ھەققىدە كىم قىسقىچە سۆزلەپ بېرىدۇ ؟

— مەن سۆزلەپ بېرەي ، — زىلال ئەلقۇد مەن بىلىدىغاننى دەۋالمىسۇن دەپ ئىتتىك جاۋاب بەردى ، — كارىزنى يەر ئاستى دەرياسى دېيىشكە بولىدۇ ، ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل ۋە ئەمگىكىدىن بارلىققا كەلگەن مۆجىزە . يۇرتىمىزدا 1600 دىن ئارتۇق كارىز بار . كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ . كارىز سۇلىرىنىڭ يىللىق مىقدارى 900 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ . كارىز يۇرتىمىزنىڭ ئۆزىگىلا خاس سۇغى-

ـرىش سىستېمىسى . كارىزنى سۇنئىي دەريا دېيىشكىمۇ بولىدۇ ، — زىلال ئەلقۇد بىلەن كارىزغا بارغان بولغاچقا كارىز ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئەلقۇد بەرگەن ماتېرىياللاردىن يادلىۋالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا ئەلقۇد بىلەن بىلالغا قارىدى . ئەلقۇد ئۇنى ماختاپ قويدى . بىلالنىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ زىلالغا قايىل بولمىدـ غاندەك غودۇڭشىپ كەتتى .

— ئۇنىڭ جاۋاب بەرگىنى ھېساب ئەمەس ، سەن دەريا ھەققىدە سورايمەن دەپ كارىز ھەققىدە سورىغىلى تۇردۇڭغۇ ؟

— بايا ئاڭلىمىدىڭمۇ ، زىلال كارىزنى يەر ئاستى دەرياسى ، سۇنئىي دەريا دېدىغۇ ، — ئەلقۇد بىلالغا چۈشەندۈردى .

— سۇنئىي دەريا دەپمۇ دەريا بولامدۇ ، ھېساب ئەمەس ، مەندىن دەريا ھەققىدە سوراپ باقە ، ھەرقانداقىغا جاۋاب بېرىمەن .

ئەلقۇد بىلالنىڭ زىلالدىن ئاشۇرۇپ جاۋاب بەرمىگۈچە ئۇنىمايـ دىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى .

— بىز بۇ قېتىم بارىدىغان تارىم دەرياسىدىكى «تارىم» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ؟ — ئەلقۇدنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ بىلال بەك خۇشال بولدى .

— ئەجەب ئوبدان سورىدىڭ ، بۇ سوئالغا زىلال ھەرگىز جاۋاب بېرەلمەيدۇ . مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈملا جاۋاب بېرەي ، — بىلال شۇنداق دەپ يادلىۋالغىنى بويىچە جاۋاب بېرىشكە باشلىدى .

— بىرىنچىدىن ، «ئېكىنـزار» ، «تېـرىقـچىلىق قىلىدىغان يەر» ، «مۇنبەت تۇپراق» دېگەن مەنىگە ئىگە . ئىككىنچىدىن ، «كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى» دېگەن مەنىدـ دە . ئۈچىنچىدىن ، چاغاتاي تىلىدىكى «پەلەك ، ئاسمان» مەنىسىدىـ كى «تارىم» سۆزىدىن كەلگەن . تۆتىنچىدىن ، تارىم — «تەڭرىم» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭدىن باشقا قاراشلارمۇ بار ئىكەن . مـەن ھازىـرچـە مۇشـۇنچىلىكىدـىنى بىلىمەن ، — بىلال جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئىتتىك زىلالغا قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن مەن ئۇلارنىمۇ بىلىمەن دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . ئەلقۇد بىلالنىمۇ ماختاپ قويدى . زىلال جىمىپ كەتتى .

دېمىسىمۇ بىلال ھازىر جاۋاب بەرگەن سوئالغا زىلال جاۋاب بېرەلمەيتتى.

— بولۇشلار ! ئەمدى يولغا چىقايلى، — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنى قۇچاقلاپ كۆزىنى يۇمدى. ئۇلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. بىر چاغدا يەرگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى ـ دە، ئۆزلىرىنى دولقۇنلۇق تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا كۆردى. ئەلقۇدلار ئىلى دەرياسىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇنداق چوڭ دەريانى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

تارىم دەرياسى ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ سەپەردىن مەڭگۈلۈك توختىمايدىغان ئۇلۇغ ئانىدەك زېمىننى باغرىغا بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. دەريانىڭ تەبىئىي شاۋقۇنى مۇقەددەس ھايات ناخشىسىدەك ئۆزۈلمەي ناۋا قىلاتتى. بۇ ئۇلۇغ دەريا قانچىلىك كەچمىشلەرگە شاھىت بولغاندۇ ـ ھە ! كۆپلىگەن تارماق ئېقىنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، پايانسىز زېمىنغا ھاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئانا دەريا ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغاندەك ئويناقشىپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ ئۇنچە چاچرىتىپ شىلدىرلاشلىرى، ئۆركەشلەشلىرىدىن «باللىرىم، خۇش كەپسىلەر» دېگەن ياڭراق بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

— پاھ، بۇ دەريا ھەقىقەتەن چوڭكەن ! — زىلال ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىۋەتتى.

— شۇنداق، بۇ ئانا يۇرتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ دەريالارنىڭ بىرى. ئەگەر بۇ دەريا بولمىسا بۇ زېمىندىكى مېۋىزارلار، ئېكىنزارلار، گۇلزار ـ گۈلىستانلار، يايلاق ۋە بوستانلىقلار، تۇرلۇك سۇ قۇشلىرى يايراپ يۈرۈيدىغان كۆللەر بولمايتتى، — ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنى دوراۋاتقاندەك ئاۋازىنى تومراق چىقىرىپ سۆزلىدى.

— ھەي، باللار، بۇگۈن نېمە بولدۇڭلار ؟ پروفېسسورلاردەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپسىلەرغۇ، ئۆگىنىدىغاننى مەكتەپتە ئۆگەندۇق، بۇ يەردە مەكتەپتىكى، كىتابتىكى گەپنى قىلماي نەق گەپنى قىلايلىچۇ، — بىلالنىڭ گېپىدىن كېيىن ئەلقۇد بىلالدىن سورىدى.

— سېنىڭ نەق گەپ دېگىنىڭ نېمە ؟

— دەرياغا چۈشۈپ، سۇ ئۈزۈپ ئوينىمامدۇق، — بىلال كىيىملىرىنى سېلىپ، سۇغا چۈشمەكچى بولغاندەك چاپىنىنى سېلىۋەتتى. زىلال تېخىچىلا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ دەرياغا قاراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇدىن بەك قورقاتتى. بىلالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ، خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— سۇغا ئۈزۈڭلار چۈشۈڭلار، مەن چۈشمەيمەن.

— ياق، سۇغا چۈشمەيمىز، بۇ سۇنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمەيمىز. دەريانى بويلاپ، ئۇنىڭ بويلىرىدىكى تۈرلۈك مەنزىرىلەرنى كۆرەيلى، — ئەلقۇدنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۇلار تارىم دەرياسىنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭدى. ئەلقۇدلار دەريا بويىدا كېتىۋاتقاندا ئالدىدىكى يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىقلار ئارىسىدىن ۋىژىلدىغان، گىژىلدىغان ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئاۋازنى تىڭشىدى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا ۋە كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ ئاۋاز دەريانىڭ شاۋقۇنىنىمۇ بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن چوڭ ئادەملەرنىڭ يانپىشىدەك كېلىدىغان ئىككى يىلاننىڭ بېشى كۆرۈندى. زىلال قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى. بىلال ۋارقىرىمىغان بولسىمۇ زىلال بىلەن تەڭ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەلقۇدمۇ قورقۇپ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى. تىك ئۆسكەن ئىككى تال يۇلغۇنغا يۆگىشىپ، ئۆرە تۇرغاندەك ھالەتكە كەلگەن بىر جۈپ يىلاننىڭ كۆزىدىن ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان نۇر چاقنايتتى. ئېغىزىدىن تىلى كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى يىلاننىڭ گەۋدىسى بىر - بىرىگە چىرماشقىنىچە نەچچە مېتىر يەرگە سوزۇلغانىدى. قارىماققا ئۇ، خۇددى ئىككى باشلىق يىلانغا ئوخشايتتى. ئەلقۇد قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا يىلاندىن سادا كەلدى:

— ھەي، ئەلقۇد دېگەن سەنمۇ؟ — ئەلقۇد بۇ سوئالنى يىلاننىڭ سوراۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي، بىرەر ئادەم كېلىپ قالدىمۇ دەپ ئويلاپ ئارقىسىغا قارىدى. بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەتراپقا قارىدى.

ئەتراپتا ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . يولغۇنغا يۆگىشىپ ئۆرە تۇرغان بىر جۈپ يىلاننىڭ بېشى ئەلقۇدلارنىڭ بويىدىنمۇ ئېگىز ئىدى .

— ئەلقۇد دېگەن سەنمۇ دەۋاتمەن ؟ — ئەلقۇد ئەمدى بۇ گەپنى يىلاننىڭ دەۋاتقانلىقىنى بىلدى .

— ئەجەب ئوبدان تۇتۇلدۇڭ ، سەن بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . سېنى ئۆلتۈرمىسەك بولمايدۇ . ماۋۇ ئىككى قور- قۇنچاق دوستۇڭدا بىزنىڭ ھېچقانداق ئۆچىمىز يوق . ئۇلار يولىغا ماڭسا بولىدۇ . سەن بىز بىلەن ماڭ ! — خىرىلداق مومايلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بۇ ئاۋازنىڭ راستتىنلا مۇشۇ يىلانلاردىن چى- قىۋاتقانلىقىغا تازا ئىشەنمەيۋاتقان ئەلقۇد قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇردى .

بىلال بىلەن زىلال سېھىرلەنگەن ئادەمدەك قېتىپلا قالغانىدى . يىلانلار تىللىرىنى ۋىژىلدىتىپ ئۆزلىرى يۆگىشىۋالغان يۇلغۇن بى- لەن تەڭ ئېگىلىپ ئەلقۇدلار تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى .

— ئەلقۇد ، بىز بىلەن ماڭ ، بولمىسا ماۋۇ ئىككى دوستۇڭنى كۆز ئالدىڭدا ئۆلتۈرۈپ كۆرسىتىپ قويايلىمۇ ؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ زىلال ۋارقىرىۋەتتى :

— مەن يىلاننى كۆرۈپمۇ باقمىغان ، بۇ ئىككىسى بىر يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ، تېرىسىنى بەلۋېغىغا ئۆتكۈزۈۋالغان . مەن ئۇ چاغدا يوق ئىدىم . ئۇلار ماڭا دەپ بەرگەن . . .

زىلالنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئەلقۇد ئۆزىنىڭ بىر يىلاننى ئۆلتۈر- گەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى . بۇ يىلانلار ئۇنى قانداق بىلگەندۇ دەپ ھەيران بولدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يىلان ئۆلتۈرگەنلىكى راست ئى- دى . ئەمدى بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يىلانلار بىلەن بىللە ماڭماقچى بولغاندا ، بىلال بىلەن زىلالمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى . يىلانلار يۇلغۇندىن ئايرىلىپ يەرگە چۈ- شۈپ ئەلقۇدقا يۆگەشتى . ئەلقۇدنىڭ بەلۋېغىدا ھازىرمۇ يىلاننىڭ تېرىسى بار ئىدى . ئەلقۇد ئاشۇ يىلاننى ئۆلتۈرگەندە ئۇنى قەھرىماز- لىق ، باتۇرلۇق دەپ ئويلىغانىدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىنى سىلىپ

بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . بىلال بىلەن زىلال ئەل-
قۇدقا قاراپ تۇراتتى . زىلال ھۆكىرەپ يىغلاۋاتاتتى . ئىككى يىلان
ئەلقۇدنىڭ بەل ۋە پۇتلىرىغا تەڭ يۆگىشىپ چىرماشقان بولۇپ ،
يىلاننىڭ ئىككى بېشى ئەلقۇدنىڭ بېشىنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى .
ئەلقۇدمۇ قورقۇپ كەتكەچكە چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى . يىلانلار
ئەلقۇدنى يىقىتىپ ئۇنى سۆرەپ ماڭدى . ئەلقۇدنىڭ بىچارىلەرچە
ھالىتى بىلال بىلەن زىلالغا بۇنداق قاراپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى
بىلدۈردى . بىلال يەردە ياتقان يوغان بىر توغراق ياغىچىنى قولغا
ئالدى .

— زىلال ، قىز بالىدەك يىغلاۋەرمەي رەگەتكەڭنى ئالە ، ئەلقۇد
بولمىسا بىزمۇ تىرىك قالمايمىز . تېز بول ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋا-
لايلى ! — بىلالنىڭ سۆزىدىن كېيىن زىلالمۇ ھوشىنى تاپتى . ئۇ
بويىنىدىكى رەگەتكىنى مۇشۇنداق چاغدا ئىشلەتمەي قانداق چاغدا
ئىشلىتىدۇ ؟ زىلال رەگەتكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا تاش سېلىپ
يىلاننىڭ بېشىغا چەنلەپ ئاتماقچى بولغان بولسىمۇ ، قوللىرى تىت-
رەپ پەقەت ئەپلەشمىدى .

— تېز بول ! ئاتە ، بېشىغا قارىتىپ ئات ! قورقما ، ئۇلار
ھۇجۇم قىلسا تاياق بىلەن ئۇرىمەن . تېز بول ! بولمىسا ئەلقۇدتىن
ئايرىلىپ قالىمىز ، — بىلال ۋارقىرىغىنىچە قولىدىكى تاياقنى ئېگ-
ىز كۆتۈرۈپ يىلانلارغا يېقىنلاشتى .


زىلال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ رەگەتكىسىنى غەزەپ بىلەن كۈچەپ
ئاتقان بولسىمۇ تاش يىلاننىڭ بېشىغا تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى . زىلال
ئادەتتە ھەرقانداق تاشنى دەل جايىغا تەگكۈزەتتى . بۈگۈن ئۇ قور-
قۇپ كەتكەچكە قولى تىترەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلاننىڭ
بېشى تىنىمسىز ئويناقشىيتتى . ئىككى يىلان ئەلقۇدنى سۆرەپ
ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلار ئەلقۇدنى يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى كامارغا
سۆرەپ ئەكىرىپ كەتمەكچى بولغاندا زىلال رەگەتكىگە يەنە تاش
سېلىپ كۈچەپ ئاتتى . تاش چوڭ باشلىق يىلاننىڭ بېشىنىڭ تۆۋەن-
رەك قىسمىغا تەگدى . بىلالمۇ يىلانلارنى تاياق بىلەن ئۇرماقچى
بولۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى . يىلانلار ئەلقۇدنى تاشلىۋېتىپ بىلال


بىلەن زىلالنى قوغلىدى . يىلانلارنىڭ پۇتى بولمىغان بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈۋېلىپ لۆمۈلدەپ تېز ماڭاتتى . ئەمدى ئىككى يىلان بىلال بىلەن زىلالنى قوغلىدى . بىلال بىلەن زىلال جان ــ جەھلى بىلەن قاچتى . يىلانلار ئۇلارغا يېتىشىۋالاي دەپ قالدى . ئەلقۇدمۇ يەردىن بىر توغراق ياغىچىنى ئېلىپ يىلانلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى . ئۇ يىلانلارغا يېتىشىۋالاي دېگەندە ئىككى يىلان بىلال بىلەن زىلالنى بېسىۋالدى . ئەلقۇد قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي ۋارقىرىۋەتتى . دەل شۇ چاغدا بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ، قولىدىكى ھاسىنى بىر سىلكىگەنىدى ، ئىككى يىلان كەينىگە يېنىپ ، ئەلقۇدقا قاراپمۇ قويماي ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى . بوۋاي بىلال بىلەن زىلالنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، كىيىملىرىنى قاقتى . ئۇلار خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك قېتىپلا قالغانىدى . ئۇلارنىڭ بوۋاينى كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئەلقۇد بوۋاينى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى . بوۋاينىڭ سارغۇچ ساقاللىرى كۆز پەسلىدىكى توغراق ياپراقلىرىدەك جۇلالىق ئىدى . كىيىۋالغان كىيىملىرى كىشىگە قېرى توغراقنىڭ قوۋزاقلىرىنى ئەسلىتەتتى . بېشىغا قەدىمىي ئۇيغۇر قالپىقىنى كىيىۋالغان بولۇپ ، قولىدىكى ھاسىسىنى مۇرىسىگە ئالغىنىچە تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى . بوۋايغا يەنىلا ئەلقۇد ئالدى بىلەن سالام قىلدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، بوۋا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بالىلىرىم ، — بوۋاي ئەلقۇدنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى . بىلال بىلەن زىلالمۇ بوۋايغا سالام قىلدى . ئەلقۇد بىلال ۋە زىلال بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— رەھمەت بوۋا ، بىزنى يىلاندىن قۇتقۇزۇۋالدىڭىز ، نېمىدېگەن چوڭ يىلانلار ئۇ . تېخى ئادەملەردەك سۆزلىيەلەيدىكەن ، — ئەلقۇدلار خۇشاللىقىدا ۋىچىرلاپ سۆزلەپ كەتتى . بوۋاي بالىلارنى دەريا بويىغا ئېلىپ كېلىپ ، نان ۋە تالقانلار بىلەن مېھمان قىلدى . بوۋاي ئەلقۇدلارنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى .





# 36 . لوپنوردىكى ئۇتاقتا

يىلاننىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان ئەلقۇدلار بوۋاينى ئۆزىنىڭ بوۋىسىدەك ھېس قىلدى. بوۋاي دەريا سۈيىنى سۇدانغا ئېلىپ گۈپۈلدىتىپ ئىچكەندىن كېيىن ئەلقۇدلارغا تەڭلىدى. ئۇلارمۇ سۇ-نى قانغۇدەك ئىچتى. دەريانىڭ سۈيى ئانچە سۈزۈك بولمىسىمۇ، ئەلقۇدلارغا بەك تاتلىق تېتىپ كەتتى. ئۇلار بوۋاينىڭ نان ۋە تالقانلىرىنى مەززە قىلىپ يېدى.

— باللىرىم، — بوۋاي ئاغزىدىكى ناننى چايناپ يۇتۇۋېتىپ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلماقچى بولغاندەك گېلىنى قىرىۋېتىپ جا-راڭلىق ئاۋازدا سۆزلىدى، — بۇ تارىم دەرياسى، ئۇ بىزنىڭ ئانى-مىز، ئۇ بولمىسا بىزمۇ بولمايمىز. ئۇ بىزگە تومۇرىمىزدىكى قاننى بەرگەن. ئۇ بولمىسا دىيارىمىزدا ھاياتلىق مەشئىلى نۇرلىنالمايدۇ، ئۇ بولغاچقا... — بوۋاي بەك ھاياجانلانغاچقىمۇ گېپىنى داۋاملاش-تۇرالماي قالدى. ئۇ ئالدىدىكى بۇ گۆدەك باللارغا ئۇنچىۋالا سۆز-لەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىدى.

— باللىرىم، ئىسمىڭلار نېمە؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ — بوۋاينىڭ سوئالىغا ئەلقۇد جاۋاب بەردى.

— يارايسىلەر، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ تاغۇ دەريالىرىنى سەيلە - ساياھەت قىلىشىمۇ مۇقەددەس ئىش، ماكانىمىزدا قانداق تاغۇ دەريالارنىڭ بارلىقىنى بىلمەسلىك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. سى-لەرنىڭ بۇ دەريانى سەيلە قىلىپ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. تارىم دەرياسى ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولۇپ قالماستىن، مۇشۇ زېمىندىكى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ ۋە بارلىق جانلىقلارنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭ ئانىلارغا خاس مېھرىبانلىقى يەنە ئۆزىگە خاس قەھرى ۋە غەزىپىمۇ بار. ئۇ بولمىغان بولسا يۇرتىمىزنىڭ نۇرغۇن بوستانلىق-لىرى تەكلىماكاندەك قۇملۇق ئاستىدا قالاتتى. ئۇ بىزگە مەڭگۈلۈك

مېھرىبانلىق يەتكۈزۈۋاتىدۇ . لېكىن ، بىز بۇ دەرياغا ، مېھرىبان ئانىمىزغا توغرا مۇئامىلە قىلالمايۋاتىمىز . ئۇنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرالمايۋاتىمىز . ئۇنىڭ شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سالساڭلار بىر خىل مۇڭ - ھەسرەتنى ئاڭلايسىلەر . بىز ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلساق ئۇمۇ بىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلساق ئۇ بىزنى . . . — بوۋاينىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە كۈچلۈك قىيا - چىيا ئاڭلاندى .

— كەلكۈندىن قېچىڭلار ، ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار ! — بۇ ئاۋازنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ ، ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان قارا تۇمانغا ئوخشايدىغان كەلكۈننى كۆرگىلى بولاتتى .

— بالىلىرىم ، تېز قېچىڭلار ! — بوۋاي خۇرجۇن ، سۇدانلىرىنىمۇ قويۇپ ھاسىسىنىلا ئېلىپ بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ دەريانىڭ نېرىسىدىكى قۇم بارخانلىرىغا قاراپ يۈگۈردى . كەلكۈنمۇ ئۇلارنى قوغلاۋاتقاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى . بوۋاي ئەڭ ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، ھاسىسىنى قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە سانجىپ ، نېمىلەرنىدۇر دەپ ھۆرىگەندى ، ھاسا تېز يوغىناپ ، ئاجايىپ چوڭ بىر توغراققا ئۆزگەردى . ئەلقۇدلار ئۆزىنى بوۋاي بىلەن توغراقنىڭ ئۈستىدە كۆردى . يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كەلكۈن توغراقنىڭ يېنىغا كەلگەندە ياۋاشلاپ يەرگە سىڭىپ كەتتى .

— كۆردۈڭلارمۇ بۇ دەريانىڭ غەزىپى ، بەلكى بۇ تەبىئەتنىڭ بىزگە قىلغان چاقچىقى بولۇشىمۇ مۇمكىن . بىزنى قۇتقۇزۇۋالغان مۇشۇ توغراق ، ئانا ماكانىمىزنىڭ مۇقەددەس قاراۋۇلى .

ئەلقۇدلار بوۋاي بىلەن قويۇق توغراقلار ئارىسىدا يۈرەتتى . بۇ توغراقلىقلاردىن قەدىمىي مەھەللىلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى . قېرى توغراقلار نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنىڭ ئۆلمەس شاھىتىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ يەردىن ھاياتلىقنىڭ ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ پۇرىقى كېلەتتى . ئۇلار توغراقلىقلاردىن ئۆتۈپ يەنە بىر توغراقلىققا كىرگەندە يېقىنلا يەردە ئاسمانغا ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ ئىسنى كۆردى .

— ئاۋۇ ئىسنى كۆرگەنسلەر، مېنىڭ ئوتىقىم ئاشۇ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان يەردە. مەن ئۇ يەردە بوۋام ۋە دادام بىلەن تۇرىمەن. سىلەرنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇرىمەن.

80 ياشتىن ئاشقان بوۋاينىڭ دادام، بوۋام دېيىشى ئەلقۇدلارغا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. شۇڭا، مەرى ئىسسىق ۋە سىرلىق بۇ بوۋايدىن سورىدى.

— بوۋا، ئوتاق دېگەن نېمە؟

— شەھەر ۋە مەھەللىدىن يىراق تۇرالغۇ ئورنىمىزنى ئوتاق دەيمىز. ئۇ يەردە بىزنىڭ ئۆيىمىز بار.

— بوۋا، بۇنداق دېسەم خاپا بولۇپ قالماڭ، 80 ياشتىن ئاشقان ئادەمنىڭمۇ دادىسى ۋە بوۋىسى بولامدۇ؟ — ئەلقۇدنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ بوۋاي دەرھال جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بۇ يەردىكى يۈزنەچچە ياشلىق بوۋايلارمۇ ساغلام ۋە تېمەن، بۇ مۇشۇ زېمىنىنىڭ خاسىيىتى، — ئۇلار ئاشۇنداق پاراڭلار بىلەن ئوتاققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئوتاققا كەلگەندە ئەلقۇد- لارنى باشلاپ كەلگەن بوۋايغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر بوۋاي يوغان پالتا بىلەن ھەدەپ كۆتەك يېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەركەتلىرى چەبدەس بولۇپ، پالتا بىلەن كۆتەكنى پارە ـ پارە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەلقۇدلارنى باشلاپ كىرگەن بوۋاينى كۆرۈپ كايىپ كەتتى.

— يائاللا، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭ، تۈنۈگۈن مۇشۇ كۆتەكلەرنى يېرىۋەت دېسەم يارماپسەن، ئۆزۈم يېرىۋاتىمەن، بۇ باللارنى نەدىن باشلاپ كەلدىڭ؟ — ئەلقۇدلار بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. بوۋايمۇ ئەلقۇدلارنى بۇرۇن تونۇيدىغاندەك ئەركىلىتىپ كۆرۈشتى.

شۇ چاغدا ئۆيدىن ناھايىتى تېتىك، چەبدەس ئىككى موماي چىقىپ ئەلقۇدلارنى ئۆيگە باشلىدى.

ئەلقۇدلار پاكىز ۋە ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيگە كى- رىپ، مومىسىنىڭ ئۆيگە كىلىپ قالغاندەك ئىللىقلىق ھېس قىلدى.

— قېنى باللىرىم، تۆرگە چىقىڭلار، سىلەر بىزنىڭ مېھمى- نىمىز، «مېھمان خاندىن ئەزىز» دېگەن گەپ بار، — كۆتەك

يارغان بوۋاي ئەلقۇدلارنى تۆرگە باشلىدى . مومايلار ئەلقۇدلارغا ئالاھىدە كۆرپە سېلىپ بەردى .

ئەلقۇدلار كىرگەن بۇ ئۆي قەدىمىي ئۇسۇلدا سېلىنغان لاي چاپلىما ئۆي ئىدى . ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا داستىخان تارتىلىپ چاي كەلتۈرۈلدى . بايا ئەلقۇدلارنى باشلاپ كەلگەن بوۋاينىڭ ئىسمى توغراق ئىدى . ئۇ ئەلقۇدلار بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان-دىن كېيىن ، بايا ھويلىدا كۆتەك يارغان بوۋاينى ئەلقۇدلارغا تونۇشتۇردى .

— بۇ بوۋاڭلار دادام بولىدۇ ، بۇ يىل خۇدايىم بۇيرۇسا 100 ياشقا كىردى .

— بىز 100 ياشقا كىرگەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان ، بۇ يەردە 100 ياشقا كىرگەن بوۋايلارمۇ كۆتەك يارالايدىكەن - ھە ، — بوۋايلارغا ئۆزلىشىپ قالغان ئەلقۇد كۈلۈپ قويىدى .

— سىلەر دادام بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرۇڭلار ، دادام-نىڭ ئىسمى يۇلغۇن ، مەن بوۋامنىڭ ئالدىغا چىقىپ باقاي ، بېلىق تۇتقىلى كېتىپتىكەن .

— شۇنداق قىلغىن بالام ، بوۋاڭنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، بېلىق ئەكەلسە بۇ ئەزىمەتلەرگە پىشۇرۇپ بېرەيلى .

— بۇ يەردە بىز بېلىقنى كۆپ يەيمىز ، بۇمۇ بىزنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشىمىزدىكى بىر مۇھىم سەۋەب بولسا كېرەك . ئادەتتە يېڭى بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ يېگەندىن باشقا ، بېلىقنى تىلىپ ، ئىچ - قارنىنى ئېلىپ ، تۇزلاپ ياكى تۇزلىماي قاق قىلىپ قۇمغا كۆمۈپ ساقلايمىز . بېلىقنى قۇرۇتۇپ قۇمغا كۆمگەندە ئۆز تەمى بىلەن ساقلىنىشلى بولۇپلا قالماي ، ئۇنىڭغا چاشقان ۋە باشقا زىيان-داشلار چېقىلالمايدۇ .

ئەلقۇدلارنىڭ ئالدىغا «ئەتكەنچاي» كەلتۈرۈلدى . ئەسلىدە ئۇ ئەتكەنچاي بولماستىن ، بېلىق تالقىنىنى قايناق سۇدا چېلىپ ، بې-لىق يېغى ، قايماق ، سېرىقماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان ئالاھى-دە «چاي» ئىدى . بۇ چاي ئەلقۇدلارغا تېخىمۇ تېتىپ كەتتى . ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي توغراق بوۋاي بىلەن يۇلغۇن بوۋايدىن ئانچە

پەرقلەنمەيدىغان مەڭزىلىرى قىپقىزىل ، ساقاللىرى ئاقارغان يەنە بىر بوۋاي توغراق بوۋاي بىلەن ئۆيگە كىرىپ ، ئەلقۇدلار بىلەن كۆرۈشتى . توغراق بوۋاي ئۇنى ئەلقۇدلارغا تونۇشتۇردى .

— بۇ مېنىڭ بوۋام ، بۇ يىل 120 ياشقا كىردى . ئىسمى ئۆردەك ، ئۆردەك چوڭ بوۋا دېسەڭلار بولىدۇ ، — توغراق بوۋاي ئەلقۇدلارنى بوۋىسىغا قىسقىچە تونۇشتۇردى ، — بۇلار مەن ساڭا گېپىنى قىلغان ئەزىمەتلەر شۇ ، — توغراق بوۋاينىڭ گېپىدىن كېيىن ئۆردەك بوۋاي ئۇنى ئىشقا بۇيرۇدى .

— بولۇڭلار ، هازىر مەن ئەكەلگەن بېلىقلارنى كاۋاپ قىلىڭ- لار ، بۇ بالىلار بىزنىڭ بېلىق كاۋپىمىزغىمۇ ئېغىز تېگىپ باق- سۇن ، — ئەلقۇدلار هويلىغا چىقىپ توغراق بوۋاينىڭ بېلىق كاۋىپى تەييارلىشىغا قاراپ تۇردى .

بۇ بېلىقلار چوڭ ئادەمنىڭ يوتىسىدىنمۇ چوڭ ئىدى . توغراق بوۋاي بىلەن يۇلغۇن بوۋاي بېلىقلارنىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىۋېتىپ ، پۇتۇن پېتى ئىككى تال يۇلغۇن زىخىغا ئۆتكۈزدى . بېلىققا تۇزدىن باشقا نەرسە سەپمەي تەييار قىلىۋالدى . هويلىنىڭ بىر تەرىپىگە يۇلغۇن بوۋاي يارغان ئوتۇندا گۇلخان تەييارلاندى . بېلىقلار گۇلخاد- نىڭ ئەتراپىغا يۇلغۇن زىخ بىلەن يەرگە سانجىپ تىكلەندى . چۆل ئوتۇنىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى بېلىققا تېگىشى بىلەن ئۇنىڭدىن پىژىل- دىغان ، پاژىلدىغان ئاۋاز چىقىپ بېلىقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلدى . خېلى كۆپ نەرسە يېگىنىگە قارىماي بېلىقنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن ئەلقۇدلارنىڭ ئېغىزلىرىغا سېرىق سۇ يىغىلدى .

ئەلقۇدلار بۇنداق مەززىلىك ، تەملىك بېلىقنى يەپ باقمىغاند- دى . ئۇلار بېلىقنىڭ قىلتىرىقىدىن قورقۇپ تازا يېيەلمەيۋاتاتتى . بوۋايلار بېلىق يېيىش ماھىرلىرىدىن ئىدى . ئۇلار بېلىقنى مۇنەك - مۇنەك پېتى ئاغزىغا سېلىپ قىلتىرىقلىرىنى ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىرىۋېتەتتى . ئەلقۇدلار ئۇلارنى دوراپ باققان بولسىمۇ ، پەقەت قاملاشتۇرالمىدى . شۇڭا ، بوۋايلار ئۇلارغا بېلىقنى قىلتىرىقلىرىدىن ئايرىپ بەردى . ئەلقۇدلار بۇ يەردە شاھانە مېھ- مان بولدى . بۇ يەردە ئۇلار يەنە «كۆممە كاۋاپ» ، «ئۇجۇل هالۋ-

سى» قاتارلىقلارنى يېدى .
ئەلقۇدلار بوۋايلاردىن ئايرىلىپ دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدى . زىلال يەنىلا غودۇڭشىپ كېتەيلى دەپ جېدەل قىلىۋاتاتتى .
— بولدى ، ئەمدى كېتەيلىچۇ ، تۇمارنىڭمۇ بىز بىلەن كارى بولمايدىغان بولدى .
— تۇمارنىڭ قاچان بىز بىلەن كارى بولماپتۇ . گېپىم بار دەپ گەپ قىلىۋېرىدىكەنسەن ، — ئەلقۇدنىڭ ئاچچىقى كەلدى .
— كارى بولسا سېنى يىلان قىيناۋاتقاندا قۇتقۇزۇۋالغان بولاتتى . ئەگەر توغراق بوۋاي كېلىپ قالمىغان بولسا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق .
— كىچىككىنە بىر ئىش بولۇپ بولغۇچە بەل قويۇۋېتىدىغانغا ئاران تۇرىدىكەنسەن . دوست دېگەننى باشقا خەۋپ ـ خەتەر كەلگەندە سىنايدىغان گەپ .
— مەنمۇ رەگەتكەم بىلەن يىلانغا تاش ئاتمىدىممۇ ، يىلانلار ئەلقۇدنى سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتسا ، سەن ئەلقۇدقا نېمە قىلىپ بەردىڭ ؟ — زىلالمۇ بوش كەلمىدى .
— بولدى قىلىڭلار ، بىز تېخى سەپەر ئۈستىدە ، تۇمار بىزگە ياردەم قىلمىدى دەپ خاپا بولۇشنى بىلىسىلەر ، بىراق ، تۇمارنىڭ دېگەنلىرى ئېسىڭلاردا بارمۇ ؟ سىلەر مۇشۇنداق ئۇرۇشۇپ ، جېدەل-لىشىپ تۇرساڭلار تۇمار سىلەرگە قانداق ياردەم قىلىدۇ ؟ ئېسىڭلار-دا بولسۇن ، بىز قانچە پەزىلەتلىك ۋە ئەخلاقلىق بولساق ، تۇمارنىڭ بىزگە قىلىدىغان ياردىمى شۇنچە كۆپىيىدۇ . پەزىلەتتىن ، ئەخلاق-تىن يىراقلاشساق ، ئۇنىڭ بىزگە قىلىدىغان ياردىمى ئازلاپ كېتى-دۇ . مەن بۇ گەپنى سىلەرگە نەچچە قېتىم دېدىم . ئاڭلىمىدىڭلار ، تۇمار بىزگە ھازىرمۇ ياردەم قىلىۋاتىدۇ . ئەگەر ئۇ ياردەم قىلمىغان بولسا توغراق بوۋايمۇ ياردەم قىلمىغان بولاتتى . يۈز نەچچە ياشلىق ئۆردەك بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسىلەر ، مەن ئۇنىڭ گېپىنى يادلىۋالدىم ، — ئەلقۇد ئۆردەك بوۋاينى دوراپ ئاۋازىنى بوم چىقى-رىپ سۆزلىدى :
— دەريامۇ خۇددى يىلانغا ئوخشايدۇ ، سەن ئۇنىڭغا چېقىلمى-

ساڭ ئۇمۇ ساڭا چېقىلمايدۇ ، سەن ئۇنىڭغا چېقىلساڭ ئۇمۇ ساڭا چېقىلىدۇ . شۇڭا ، تەبىئەتكە قاملاشمىغان چاقچاقنى قىلماسلىقىمىز كېرەك . ئۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق ، يامانلىققا يامانلىق قىلىدۇ .

— بولدى ، بالىلار ، ئەمدى ۋاقتىدا كېتەيلىچۇ ، يەنە بىر ئىشقا يولۇقۇپ قېلىپ كۆرمىگەننى كۆرۈپ قالمايلى ، — زىلال يەنە غودۇڭشىدى .

— راست ، ئەمدى قايتايلىچۇ ، كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ ، بۇ يەردە يەنە بىر ئەر خەۋپكە ئۇچراپ قالمايلى ، — بىلالمۇ بۇ قېتىم زىلالنىڭ گېپىنى ياقلىدى .

ئەلقۇد تۇماردىن ياردەم سوراي دەپ تۇرغاندا ، كىملەرنىڭدۇر تونۇلغان ، ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— نەگە قاچىسەن ؟ !

## 37 . قارا ئۆمۈچۈك

— نەگە قاچىسەن؟ ھەرقايسىڭ بىلەن قىلىشىدىغان ھېساب ـ كىتاب بار، — ئەلقۇدلار دەريادىن نېرىراقتىكى يولغۇن-لۇق ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر تالمۇ گىياھ ئۈنمىگەن پايانسىز شېغىللىق باياۋاندا كۆردى. بىر يەرلىرى ئادەمگە، بىر يەرلىرى قارا ئۆمۈچۈككە ئوخشايدىغان غەلىتە مەخ-لۇقلار نەيزە، قالقانلىرىنى تۇتۇپ ئەلقۇدلارنى قورشاۋغا ئېلىۋالغا-نىدى.

قارا ئۆمۈچۈكلەر غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ قورشاۋنى بارغان-سېرى تارايتىپ، ئەلقۇدلارغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. قارا ئۆمۈچۈك-لەرنىڭ كۆزلىرىدىن قاپقارا نۇر چاقنايتتى. زىلال قاتتىق ۋارقىراپ قورققىنىدىن ئەلقۇدقا چاپلىشىۋالدى. بىلال زىلالدەك ۋارقىراپ كەتمىگەن بولسىمۇ، قورقۇپ ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. ئەل-قۇدمۇ چاندۇرمىغان بىلەن قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تۇماردىن يېلىنىپ تۇرۇپ ياردەم سورىدى..

— خاسىيەتلىك تۇمارىم، بۇ نېمە ئىش؟ ئەمدى بىزگە ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى. بىز بۇ قارا ئۆمۈچۈكلەر قولىدا جېنىمىز-دىن ئايرىلىپ قالمايلى. تېز بولۇڭ تۇمارىم، بىزنى مەھەللىگە ئاپىرىپ قويۇڭ! — ئەلقۇد زىلال بىلەن بىلالنى باغرىغا بېسىپ، يېلىنىپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا غۇيۇلدىغان، غو-ڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلانماستىن قارا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەلقۇد كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى مەھەللىدە ئە-مەس، قارا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئارىسىدا كۆردى. ئۇلار ئەلقۇدلارنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ، قىل ئارقانغا ئوخشايدىغان ئارقان بىلەن باغلىدى. يوغانراق قارا ئۆمۈچۈك بۇيرۇق چۈشۈردى.

— بۇلارنى «يامانلىق غارى»غا ئېلىپ بېرىڭلار، سوراقنى

ئاشۇ يەردە قىلىمىز ، — ئەلقۇدلارنىڭ ئاغزى قارا ماسكىدەك نەر-
سىدە ئېتىۋېتىلگەچكە تەستە نەپەس ئېلىۋاتاتتى . قارا ئۆمۈچۈكلەر
ئۇلارنى سۆرەپ ، ئىتتىرىپ ماڭدى . ئەلقۇدلار بىر قاراڭغۇ غارغا
ئېلىپ كىرىلدى . غار گۈلخان بىلەن يورۇپ تۇراتتى . گۈلخان
ئەتراپىدا چۆرقىرىشىپ يۈرگەن قارا ئۆمۈچۈكلەر ئەلقۇدلارنى كۆ-
رۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى .

— ھەي ، بىزنىڭ سوراقچىمىز نەگە كەتتى ؟ ئادەمزاتتىن
بولغان بۇ بەغەرەزلەرنى تازا بىر سوراق قىلىپ ، گۇناھىغا ئىقرار
قىلدۇرۇپ جازالىساق بولاتتى .

— مەن مانا ، ماۋۇ يەردە ، ئۇلارنى سوراق قىلىشقا ئاللىبۇرۇن
تەييار بولۇپ بولغانمەن ، — سوراقچى قارا ئۆمۈچۈك پەيدا بولدى .

ئەلقۇدلار بىردىن تاش ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلۇپ ، تاش ئو-
رۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈككىگە باغلاندى .

— خەپشۇك ! بىردەم تىنچلىنىڭلار ، — سوراقچى قارا ئۆمۈ-
چۈك شۇنداق دېيىشىگە ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ چۆرقىرىشىپ كەتكەن
قارا ئۆمۈچۈكلەر بىرئاز بېسىقتى .

— بۇلارنى نەدىن تۇتۇپ كەلدىڭلار ؟

— دەريا بويىدىكى قارا سايدىن .

— ئۇلارنى سوراق قىلدىڭلارمۇ ؟

— ياق تېخى .

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم سوراق قىلىپ باقاي ، سىلەر ئىشىڭ-
لارنى قىلىڭلار ، بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ نىمە قىلماقچىسىلەر ؟ —
ئەلقۇدلارنىڭ قولىنى باغلىغان ئىككى قارا ئۆمۈچۈك ئۇلارنىڭ ئاغ-
زىدىكى قارا نەرسىنى ئېلىۋەتتى .

سوراقچى قارا ئۆمۈچۈك غار ئىچىدىكى ئېگىز سۇپىغا چىقىپ ،
تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ئۇنىڭ كەيپى چاغ ، خۇشال
كۆرۈنەتتى .

— لەشكەرلىرىمىز سىلەرنى بىكاردىن ـ بىكار ئېلىپ كەلمە-
دى ، سىلەر تۇرۇۋاتقان بۇ غارنىڭ ئىسمى «يامانلىق غارى» .
بۇرۇن يامان ئىش قىلمىغان بولساڭلار بۇ غارغا كىرەلمەيتتىڭلار .

غارىمىزنىڭ سىلەرنى دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىپ قوبۇل قىلغىنىغا قارىغاندا سىلەردە يامانلىق يېتىپ ئاشىدىغاندەك قىلىدۇ . سىلەرنى سوراق قىلىمەن . قېنى ، قايسىڭلار ئالدى بىلەن ئالدىغا چىقىسىدىلەر ؟ — سوراقچى قارا ئۆمۈچۈكنىڭ گېپىدىن كېيىن ئەلقۇد :

— مەن چىقاي ، ئاۋۋال قولۇمنى يېشىۋېتىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

سوراقچى ئۆمۈچۈكلەر لەشكەرلىرىگە ئىشارەت قىلىپ ئەلقۇدنىڭ قولىنى يەشتۈرۈۋەتتى . ئەلقۇد ئورنىدىن تۇرۇپ بىرقەدەم ئالدىغا چىقتى .

— سەن دەپ باققىن ، قانداق گۇناھلىرىڭ بار ؟ — سوراقچى ئۆمۈچۈك سۈرلۈك ئاۋازدا سورىدى .

— ھېچقانداق گۇناھىم يوق ، — ئەلقۇد كەسكىن جاۋاب بەردى .

— ئالدى بىلەن ئىسمىڭنى ئېيتىپ بەر ، — سوراقچى ئۆمۈچۈك ئۆرە تۇرۇپ ، قوپاللىق بىلەن سورىدى .

— ئەلقۇد .

سوراقچى ئۆمۈچۈك ئالدىدىكى لۇغەتكە ئوخشايدىغان توم بىر دەپتەرنى ئالدىرىماي ۋاراقلاپ ، تۇيۇقسىزلا توختاپ سورىدى .

— ئەلقۇد ئەنۋەرمۇ ؟

— شۇنداق .

— گۇناھلىرىڭ ۋە يامانلىقلىرىڭ ھەققىدە ئۆزۈڭ سۆزلىگىن ، ئۆزۈڭ تىلغا ئالغان ھەرقانداق گۇناھ ۋە كەمچىلىك ، يېتەرسىزلىكلەر ئۆزلۈكىدىن دەپتەردىن ئۆچىدۇ . بۇ يەردە ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ تارتىپ ئولتۇرمايسەن . ئەگەر قايسى گۇناھىڭنى يوشۇرۇپ قالساڭ ، شۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن ھەسسىلەپ جازاغا تارتىلىسەن ، — سوراقچى ئۆمۈچۈك بىلال بىلەن زىلالغا قاراپ ، ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرىراق چىقاردى ، — ئىككىڭمۇ ئويلىشىپ ئولتۇر ، ھېلى تىلىڭنى چايناساڭ مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن ، — ئورۇندۇققا باغلانغان بىلال بىلەن زىلال قورققىنىدىن نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي چەكچىيىپ ئولتۇراتتى . سوراقچى ئۆمۈچۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان زىلالنىڭ

كۆزلىرى تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى .

— ئويلاپ باقسام مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق ئىكەن . گۇناھ-سىز ئادەمنى قويۇپ بېرىمەسىز دەۋاتاتتىڭلار ، مېنى قويۇپ بېرىڭلار ! — ئەلقۇد غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى .

— سەندە زادى گۇناھ يوقمۇ ؟

— يوق .

— سەن بۇرۇن يىلان ئۆلتۈرگەنمۇ ؟ يەنە قانچە بىلىقنىڭ بېشىغا چىققان ؟ قانچە ئاق قۇشقاچنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن ؟ قىسىماق ، توقماقلىرىڭ بىلەن قانچە چاشقاننى ئۆلتۈرگەن ؟ قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ تۇخۇمىنى چاققان چاغلىرىڭ يوقمۇ ؟ — سوراقچى ئۆمۈچۈكنىڭ سوئاللىرى ئەلقۇدنى تەمتىرىتىپ قويدى . ھازىر سوراقچى ئۆمۈچۈك دېگەن ئىشلار ئەلقۇد قىلغان ئىشلار ئىدى . شۇڭا ، ئۇ خىجىل بولۇپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى .

— جاۋاب بېرە ، سەن ئاشۇ ئەسكى ئىشلارنى قىلغانمۇ ـ قىلمىغانمۇ ؟ ! — سوراقچى ئۆمۈچۈك ئالدىدىكى ئۈستەلنى شاپىلاقلىدى ، — بۇ ساڭا بېرىلگەن ئاخىرقى پۇرسەت ، ئەگەر يۇقىرىقى گۇناھلىرىڭ ھەققىدە چۈشەنچە بەرسەڭ كەچۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى كەچۈرۈشىمىز مۇمكىن ، لېكىن ئەسكىلىكلىرىڭ ئۈچۈن يەنىلا تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايسەن .

— سىز ، — ئەلقۇد ئەمدى سوراقچى ئۆمۈچۈكنى سىزلىگىلى تۇردى ، — سىز دېگەن بايىقى ئىشلارنى مەن قىلغان ، بىراق ئۇنى سىلەر قانداق بىلدىڭلار ؟

— بۇ دەپتەرنى كۆرۈۋاتامسەن ؟ بۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر قىلغان ئەسكىلىك ۋە يامانلىقلار خاتىرىلەنگەن . شۇنىڭ قاتارىدا سىلەرمۇ بار .

— ئەمىسە مەن بەزى خاتالىقلىرىمنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويسام بولامدۇ ؟

— بولىدۇ .

— مەن ئەسلىي يىلاننى ئۆلتۈرمەيتتىم ، ئۇ چۈجىسى بار بىر قىرغاۋۇلنى يېمەكچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن ، قىرغاۋۇلنى قۇتقۇزۇش

ئۈچۈن يىلاننى ئۆلتۈرگەنىدىم .

— يىلاننى ئۆلتۈرمەيمۇ قىرغاۋۇلنى قۇتقۇزغىلى بولاتتىمۇ ؟

— شۇ چاغدا ئالدىراپ كېتىپ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ساپتىكەنمەن .

— بوپتۇ ، بۇ گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم . يەنە چۈشەندۈرىدىغىنىڭ بارمۇ ؟

— بېلىق تۇتۇشنىمۇ گۇناھ ھېسابلىساڭلار يەر يۈزىدە گۇناھسىز ئادەم قالمايدۇ ، شۇڭا ، ئۇنى دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋەتكەن بولساڭلار .

— ئۇنداق قىلالمايمەن ، بېلىق تۇتۇشمۇ گۇناھ ، بۇرۇن دەريا ، كۆللەردە ئەركىن ياشايدىغان نۇرغۇن نوچى بېلىقلار يەر شارىدىن مەڭگۈلۈك يوقالدى ، — سوراقچى ئۆمۈچۈك ئەلقۇدقا ھومىيىپ قاراپ قويدى .

— ئۇنداق بولسا ئاق قۇشقاچ بىلەن چاشقاننى ئۆلتۈرگىنىم گۇناھ بولماس ؟

— نېمىشقا گۇناھ بولمايدىكەن ؟ ئاق قۇشقاچ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان ؟ سەن ھەر يىلى قىشتا دوستلىرىڭ بىلەن ئاق قۇشقاچنى تۇتۇپ ، بىچارە جانىۋارنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، مەشكە قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيسەن ، شۇنداقمۇ ؟

ئەلقۇد بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئاق قۇشقاچنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى يېمىسەڭ ، قورسىقىڭ ئاچ قالامتى ؟ ساڭا يەيدىغان باشقا نەرسە تېپىلمامتى ؟ — ئەلقۇد بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سوراقچى ئۆمۈچۈكتىن سورىدى :

— ئۇنداق بولسا چاشقاننى ئۆلتۈرگىنىممۇ گۇناھمۇ ؟ ئۇ بىزگە نۇرغۇن زىيانلارنى يەتكۈزگەن تۇرسا ، — بۇ گەپتىن كېيىن سوراقچى ئۆمۈچۈك ئالدىدىكى ئۈستەلنى قولى بىلەن چېكىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— چاشقانلارغۇ ئىنسانلارغا كۆپ زىيان يەتكۈزگەن ، ئۆزۈڭلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرگىنىڭلارنى گۇناھ ھېسابلاپ

كەتكىلى بولمايدۇ ، بىراق ، سىلەرنىڭ چاشقاننى مۈشۈك ، تاختىمۇ-شۈكلەر بىلەن ئۆلتۈرگىنىڭلار يەتمىگەندەك زەھەرلىك دورا بىلەن ئۆلتۈرۈۋاتىسىلەر . سىلەر زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن چاشقاننى يەپ ئۆلۈپ كەتكەن مۈشۈكلەرنىڭ ساننى ئالماقمۇ تەس ، ھازىر يەر شارىدا ئاشۇ چىرايلىق مۈشۈكلەرنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى . چاشقاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشمۇ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ساڭىمۇ گۇناھ يېزىلغان . يەنە نېمە گېپىڭ بار ؟ گۇناھلىرىڭدىن باشقا كەمچىلىك ، خاتالىق دېگەنگۇ شۇنداق كۆپ خاتىرىلىنىپتۇ . ھازىرچە سەن جايىڭغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تۇرغىن . ماۋۇ دوستلىرىڭنى سوراق قىلاي ، — سوراقچى ئۆمۈچۈك بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويغانىدى . لەشكەر ئۆمۈچۈكلەر زىلالنى ئارقاندىن يېشىپ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى . ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەچكە پۇت - قوللىرى تىترەيتتى .

— ئىسمىڭ زىلال ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇ . . . شۇ . . . شۇنداق . . .

— بوينۇڭدىكى نېمە ئۇ ؟ ئۆز گۇناھىڭغا پاكىت بولىدىغان نەرسىنى بوينۇڭغا ئېسىپ كەلگىنىڭ قىزىق ئىش بوپتۇ . ئۇنىڭ بوينىدىكى ئاۋۇ نەرسىنى ئەكېلىڭلار ! — لەشكەر ئۆمۈچۈكلەر زىلالنىڭ بوينىدىكى رەگەتكىنى ئېلىپ ، سوراقچى ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى .

— سەن بۇ نەرسەڭ بىلەن قانچە قۇشقاچنى ئۆلتۈرگەنسەن - ھە ؟ ئۆزۈڭ دەمسەن ياكى مەن دەپ بېرەيمۇ ؟ — زىلال قورقۇپ كەتكەچكە ھېچنەرسە دېيەلمىدى .

— قارىغاندا گۇناھىڭنى يۇيىدىغان پاكىت تاپالمايدىغان ئوخشايسەن ، يەنە بىرىنى ئەكېلىڭلار ! — لەشكەر ئۆمۈچۈكلەر سوراقچى ئۆمۈچۈكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە زىلالنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇپ ، بىلالنى ئەكەلدى . سوراقچى ئۆمۈچۈك ئالدىدىكى دەپتەرنى ۋاراقلاپ قويۇپ بىر بەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى .

— پاھ ، كىچىككىنە تۇرۇپ نېمانچە كۆپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن نەرسە سەن ؟ ئىسمىڭ بىلال شۇنداقمۇ ؟ — سوراقچى ئۆمۈچۈكنىڭ

كۆرەڭلىكىنى كۆرۈپ بىلالنىڭ ئاچچىقى كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ لىپىلداپ كەتتى .

— سەن زادى نېمە قىلماقچى ؟ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ـ ئۆتكۈزمىگەنلىكىمنى بىلەن نېمە ئىشىڭ بار ؟ مەن ساڭا ئوخشاش بەتبەشىرە مەخلۇقلاردىن نەچچە ئوننى ئۆلتۈرگەن . يىلان ئۆلتۈرگەن بولساق نېمە بوپتۇ ؟ ئۇ سېنىڭ داداڭ ياكى تاغاڭمىدى ؟ ئۇلار ئادەملەرنى چېقىپ ئۆلتۈرسە ، باشقا جان ـ جانىۋارلارنى چاينىماي يۇتسا گەپ يوقمىكەن ؟ سەن مۇشۇ دۇنيانىڭ خوجا ئاكىسىدەك گەپ قىلىسەن ـ غۇ ، قولۇڭدىكى ئۇ پاخپاخ دەپتىرىڭگە خەقنىڭ گۇناھىنى خاتىرىلەيمەن دېگۈچە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى خاتىرىلىگىنە ، سەن بىزنى بۇ قارا ئۆڭكۈرگە ئەكىرىۋېلىپ نېمە قىلماقچى ؟ نوچى بولساڭ قولۇڭـ دىن كەلگەننى قىل ! — بىلال بۇ گەپلەرنى قانداق دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى . زىلال ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران قالدى . ئەلقۇد قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . سوراقچى ئۆمۈچۈك بىلالنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، بۇنىڭ باشقىچە كارامىتى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ، خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالمىدى .

— بايىقى گەپنى قىلغان سەنمۇ ؟ — خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن سوراقچى ئۆمۈچۈك دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئاران مۇشۇ گەپنى قىلالىدى .

— مەن بولماي سېنىڭ داداڭمىتى ؟ — بىلال يەنە قورقماي تۇرۇپ تېخىمۇ كۈچەپ ۋارقىرىدى ، — بايا گەپ قىلمىسام ، خالىغىنىڭلارنى قىلدىڭلار ، سىلەردىن قورقمايمەن ، كېلىشە ، قېنى بىر ئېلىشىپ باقايلى ، — بىلالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان لەشكەر ئۆمۈچۈكلەر قاچقىنىچە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . يالغۇز قالغان سوراقچى ئۆمۈچۈك قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئالدىدىكى دەپتىرىنى قولتۇقلىغىنىچە ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا يامىشىشقا باشلىدى . ئەمدى ئۇ بەستى قوڭغۇزچىلىكمۇ كەلمەيدىغان كۆپ پۇتلۇق قارا ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قالغانىدى . يەردىمۇ ئاشۇنداق كۆپ پۇتلۇق ئۆمۈچۈكلەر ئۆمىلەپ يۈرەتتى . بۇنى كۆرۈپ ئەلقۇد بىلەن زىلال بىلالنى كۆتۈرۈۋېلىپ «يارايسەن» دېيىشىپ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ

كەتتى . ئەلقۇدلار ئۆڭكۈردىن چىقتى . شۇ چاغدا ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىكى بىر تاختايغا يېزىپ قويۇلغان خەتنى كۆردى :


«بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەم قارا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرايدۇ . ئەگەر سىز يامانلىقنى كۆپ قىلغان بولسىڭىز ، قىلغان يامانلىقىڭىزنى كۆزىڭىزگە كۆرسىتىدۇ . ياخشىلىقلىرىڭىز يامانلىقىڭىزدىن كۆپ بولسا ، سىز ئۇلاردىن غالىب كېلىسىز ، ئەگەر سىز بەك قورقۇنچاق بولسىڭىز ، ئۇلار سىزنى ئۆلگۈچە جازالايدۇ . ئەگەر قورقماس باتۇر بولسىڭىز ، ئۇلار سىزگە تەڭ كېلەلمەي ، ئاجىزلاپ ئەسلىگە قايتىدۇ .»

— بىلال ، سەن بۇ خەتنى باشتا ئوقۇۋاپتىكەنسەن ـ دە ؟ — زىلال بىلالدىن سورىدى .

— مەن بۇنى كۆرمىگەن ، ئۆزۈم نېمە كۆرسەم كۆرەي دەپ شۇنداق قىلغانىدىم ، — بىلال ئەلقۇدقا قاراپ قويدى .

— قانداقلا بولمىسۇن بىز قارا ئۆمۈچۈكنىڭ گېپىدىن نېمىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق ، زىلال سەن بىلالغا پەقەت قايىل بولمايسەن ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالساق بۇمۇ بىر گۇناھ بولىدۇ . بىلال باتۇرلۇق قىلمىغان بولسا ، بىز ئۇ قارا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايتتۇق .

— خەتنى ئوقۇۋالغان بولسام ئۇنچىلىك ئىشنى مەنمۇ قىلالايتتىم ، — زىلال قايىل بولمىغاندەك غودۇڭشىدى . ئەلقۇدلار ئۆڭكۈردىن يىراقلاپ يەنە قارا سايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى . شۇ چاغدا ئۇلار يەنە غەلىتە ئاۋازلارنى ئاڭلىدى . ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ نۇرغۇن چايانلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى .





# 38 . ياخشىلىق غارى

— كۆردۈڭلارمۇ باللار ؟ ! — زىلال قورقىنىدىن ۋارقىرىدۋەتتى . ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئاتتەك ، كالىدەك چايانلار قورشىۋالغانىدى . چايانلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى قارا ئۆمۈچۈكلەرنىڭكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى . ئۇلارنىڭ قولىدا پىلمۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللار تۇراتتى . چايانلار سەت ئاۋازى بىلەن ۋارقىراۋاتاتتى :

— ئۆلۈمتۈك قارا ئۆمۈچۈكلەرنى قورقۇتالىغىنىڭلار بىلەن بىزنى قورقۇتالمايسىلەر ! بىز سىلەرنى سوراق قىلىپ يۈرمەيمىز . قولىمىزدىكى «زەھەر چاچقۇ» بىلەن بىردەمدىلا زەھەرلەپ ئۆلتۈرىمىز . ئادەملەرنىڭ بىزگە قىلغان ئەسكىلىكى ئاز ئەمەس .

بىر قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىنكى بۇ تۇيۇقسىز زەربە ئەلقۇدلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى . زىلالنىڭ كۆزلىرى ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ ، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى . ئەلقۇد بۇنداق خېيىمخەتەرلەرگە كۆنۈپ قالغاچقىمۇ تەمكىن تۇراتتى . بىلالنىڭ چىرايىدا بايىقى مەغرۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .

— قانداق قىلىمىز ؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — زىلال جاقىلداپ تىترەپ كەتتى .

— ئەمدى ئۆزلىرىڭ بىر ئامال قىلىش ، — دېدى بىلالمۇ خاپا بولۇپ ، — بىر قېتىم قۇتقۇزدۇم ، ئەمدى ئىككىڭ بىر ئامال قىلمامسەن ، — چايانلار ئەلقۇدلارغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى .

شۇ چاغدا ئاسماندىن ئۈچ قاناتلىق بۆكەن ئۇلارنىڭ يېنىغىلا چۈشتى . بۆكەنلەر قىزلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :

— ئەلقۇد ، بولۇڭلار ، بىزگە مىنىڭلار ، — ئەلقۇدلار ئىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيلا قاناتلىق بۆكەنلەرگە مىندى . بۆكەنلەر قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېز ئاسمانغا

كۆتۈرۈلدى . ئەلقۇدلار ئۇچقۇ بىلەن ئۇچقاندەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى .

بۆكەنلەر ئىگىز ئۆرلەپ خېلى ئۇزۇن ئۇچقاندىن كېيىن پەس-لىدى . ئاپئاق بۇلۇت ، تۇمانلار ئاستىدىن يەر - زېمىن غۇۋا كۆرۈن-دى . ئەلقۇدلار پارقىراق شەمشەردەك جۇلالىنىپ تۇرغان مۇزلۇق ، قارلىق چوققىنىڭ يان باغرىغا چۈشتى . بۆكەنلەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قاناتسىز بۆكەنلەرگە ئايلاندى . بۆكەنلەر ئەلقۇدلارغا تونۇش ۋە يېقىملىق تۇيۇلدى . بۆكەنلەر ئەلقۇدلارنى مۇزلۇق چوققىنىڭ يان باغرىدىكى خرۇستالدەك چاقناپ تۇرغان مۇز دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . مۇز دەرۋازا ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ ئۆزلۈكىدىن ئې-چىلدى . بۆكەنلەر ئەلقۇدلارنى غار ئىچىگە تەكلىپ قىلدى .

— قېنى ، مەرھەمەت ، تارتىنماي قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار !

ئەلقۇدلار ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلدى . غار-نىڭ ئىچى چاقناپ تۇراتتى . غارنىڭ تام - تورۇسلىرى خرۇستالدەك سۈزۈك ۋە پارقىراق ئىدى . غارنىڭ پەس تەرىپىدە ئاپئاق بۇلۇت ، تۇمانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . ئەلقۇدلار يەرنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ يۇمشاق پاختىغا دەسسىگەندەك كېتىۋاتاتتى . ئۇلار بۇ يەردە تۈرلۈك جان - جانىۋارلارنىڭ شادلىق ئىچىدە يۈرگەنلىكىنى كۆردى . بۆ-كەنلەر ئەلقۇدلارنى غار ئىچىدىكى كىچىك بىر غارغا ئېلىپ كىردى . ئۇ يەردە ئەلقۇدلارنى بىر ئانا بۆكەن قىزغىن قارشى ئالدى .

— ئاپا ، سىز گېپىنى تولا قىلىدىغان بۇ مېھمانلارنى تېپىپ كەلدۇق ، سىز ئۇلارنى ئىككى دەۋاتاتتىڭىز ، ئۈچ ئىكەن ، شۇڭا ، بىز ئۈچىلىسىنى قايتۇرۇپ كەلدۇق ، — بۆكەنلەرنىڭ بىرى ئانا بۆكەنگە شۇنداق دېدى .

— ناھايىتى ياخشى قىپسىلەر ، باللىرىم ، — ئانا بۆكەن ئەلقۇدلارنى كىچىك غارنىڭ بىر تەرىپىدىكى بۇلۇتتەك يۇمشاق ئو-رۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزدى .

— سىلەر مېنى تونۇيالىدىڭلارمۇ ؟ سىلەر ئەجەب ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرۇپسىلەرغۇ ؟ سىز ئەلقۇد ، سىز بىلال ، سىز . . . توغرا سىز زىلالغۇ ، مەن زىلالنىمۇ سىلەردىن ئايرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى

كۆنى كۆرگەن . مەن سىلەرنى بەك سېغىندىم . سىلەرنى ئىزدەپ بېرىپ نەچچە قېتىم كۆرۈشمەكچى بولغان بولساممۇ ، قانداق كۆرۈشۈشنى بىلەلمەي يۈرەتتىم . مەن يېقىندا مۇشۇ «ياخشىلىق غارى» غا قايتىپ كەلگەن ، بۇ غارغا كىرمەكمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن . بۇ غارغا كىرگۈچىلەر ھەرقانداق ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتەلەيدىكەن . مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم باللىق بولۇش ئىدى . مەن بۇ ياخشىلىق غارىدا ئارزۇيۇمغا يېتىپ ، بىر قېتىمدىلا ئۈچ پەرزەنتلىك بولدۇم . ئۆزۈڭلار كۆرگەنسىلەر ، ئۇلار قاناتلىق بولۇپ ئاسماندا ئۇچالايدۇ . مەن ئۇلارغا سىلەرنى تېپىشنى تاپشۇرغانىدىم . سىلەر ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرۇپسىلەر ، مەن بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم .

ئەلقۇدلار شۇ چاغدىلا ئالدىدا تۇرغان بۇ ئانا بۆكەننىڭ ئۆزلىرى ئوۋچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ تاغقا قويۇپ بەرگەن بۆكەن ئىكەنلىكىنى بىلدى . ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئەلقۇد بىلەن بىلال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— بىز سىزنى تونۇدۇق ، سىز گەپ قىلالايدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ ، بىز سىزنىڭ دائىم گېپىڭىزنى قىلاتتۇق . سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنىدۇق ، — بۆكەن ئۇلار بىلەن يەنە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . بۆكەننىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش تاراملايتتى . ئەلقۇدلارمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىدى . بۆكەن ئەلقۇدلارنى بەزلىدى :

— يىغلىماڭلار ، بۇ يەردە ئۇچراشقانلىقىمىز بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق بولدى . مېنىڭ شۇنداق ئارمىنىم بار ئىدى . ياخشىلىق غارىدا ياخشى تىلەك ، ياخشى ئارمانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئەمەلگە ئاشىدىكەن ، — ئەلقۇدلار ئەمدى بۆكەن بىلەن كۆپ يىل ئايرىلىپ كەتكەن قەدىناس دوستلار قايتا ئۇچراشقاندەك ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن پاراڭلاشتى .

— سىز قانداق قىلىپ ، بىزدەك گەپ قىلالايدىغان بولۇپ قالدىڭىز ؟ — ئەلقۇد بۆكەندىن سورىدى .

— ياخشىلىق غارىغا كىرگەن ھەرقانداق جانىۋار قايسى تىلدا

سۆزلىگۈسى كەلسە شۇ تىلدا سۆزلەيدۇ. ئادەمدەك سۆزلەش بۇرۇن-
دىن كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەن ئارزۇيۇم بولغاچقا، ياخشىلىق غارد-
غا كىرگەن كۈنۈملا ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم. بۇ يەردە
پاكلىق ۋە ياخشىلىقلا مەۋجۇت. ھەرقانداق جان - جانىۋارلار
بىر - بىرىگە ياخشىلىقلا قىلىدۇ. ئۇلار يامانلىق ۋە ئەسكىلىكلەر
ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. بۇ ياخشىلىق غارىنىڭ قانچىلىك كەڭ
ۋە پايانسىز ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىلەر، چۈنكى ئۇ كۈن-
دىن - كۈنگە كېڭىيىدۇ. ئالدى بىلەن سىلەرگە بۇ پاكلىق غارىنى
سەيلە قىلدۇرۇپ كېلەي. ئاڭغىچە بالىلىرىمۇ قايتىپ كېلىپ،
سىلەرنى بۇ يەردە قانغۇدەك ئوينىتىدۇ، — بۆكەن ئەلقۇدلارنى
ئۆزىنىڭ خاس غارىدىن ئېلىپ چىقتى. بۆكەننىڭ بالىلىرىمۇ قاي-
تىپ كەلدى.

— بالىلىرىم، — دېدى ئانا بۆكەن، — دوستلىرىمىزغا غارنى
سەيلە قىلدۇرۇپ كېلىڭلار، ئۇلار بۇ يەردىمۇ قانغۇدەك سەيلە
قىلىۋالسۇن! — ئانا بۆكەن ئەلقۇدلارنى تارتىنىپ قالمىسۇن دې-
گەچكە ئۇلارنى بالىلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى خاس غارىغا كىرىپ
كەتتى.

ئەلقۇدلارنىڭ كۆڭلىدە غەم - ئەندىشە، ئەنسىرەش ۋە باشقا
تەشۋىشلەر قالمىغانىدى. ئەلقۇدلار غار دېگەن كۈن چۈشمەيدىغان،
ئېيىق ۋە باشقا ئۆچەككە كىرىدىغان ھايۋانلار ئۇخلايدىغان، تام -
تورۇسلىرىدا شەپەرەڭلەر پالاقلاپ يۈرۈيدىغان قورقۇنچلۇق يەر دەپ
ئويلايتتى. لېكىن، بۇ غار كېچە - كۈندۈز نۇرلىنىپ، چاقناپ
تۇرىدىكەن. بۇ يەردە دۇنيادا بار ۋە بۇرۇن بار بولغان جان -
جانىۋارلار، گۈل - گىياھلار ئىناق - ئېجىل ياشايدىكەن.

ئەلقۇدلار بۆكەنلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن چەت ياقىسى تۇر-
لۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان خرۇس-
تالدەك سۈزۈك يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزلىرىنى بەكمۇ راھەت ھېس
قىلدى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئۆزلۈكىدىن تاشلىنىپ، ئۇچۇپ كې-
تىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى.

— سىلەرنى شادلىق مەيدانىغا ئېلىپ بارايلى، ئۇ يەرگە

جان ـ جانۋارلار يىغىلىپ، تۇرلۇك شادلىق ئويۇنلىرىنى ئويناي-دۇ. بىزمۇ خالىغان ئويۇنلارنى ئوينايمىز.

ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەلقۇدلار ئىنتايىن خۇشال بولدى. شادلىق مەيدانى دېگىنى رەڭگارەڭ گۇل ـ چېچەكلەر ۋە مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر بىلەن رەڭلىنىپ تۇرغان پايانسىز بىر بوشلۇق ئىدى. بۇ يەردە سانسىزلىغان جان ـ جانۋارلار ئۆز خىللىرى بىلەن تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئويناۋاتاتتى. ئەلقۇدلار بۇ يەردىكى ئويۇنلار-غا قىزىقىپ قانداق ئويۇن ئويناشنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

— قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلار بار؟ — بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدقا قارىدى. ئەلقۇد سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىز ئاۋۋال بۇ يەردىكى ئويۇنلارنى كۆرەيلى، بىزنىڭ مەق-ستىمىزمۇ كۆپلىگەن يېڭىلىقلارنى كۆرۈش.

— بولىدۇ، بۇ يەردە يېڭىلىقلار ناھايىتى كۆپ.

ئەلقۇدلار بۆكەنلەرگە ئەگىشىپ شادلىق مەيدانىنى سەيلە قىلـ-دى. سۇزۇك كۆلدە ئاق قۇلار تەبىئىي مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، نەپىس ۋە لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئاق قۇلارنىڭ ئۇسسۇ-لىغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان جۇشقۇن كۈينى كىمنىڭ چېلىۋاتقانلىقى-نى بىلگىلى بولمايتتى. كۆپلىگەن ئاق قۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا تەكشى ۋە رەتلىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر تەبىئەتنىڭ بۇ سەنئەتكارلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايتتى. پاھ، سانسىزلىغان ئاق قۇلار پاكلىق ۋە نەپىسلىك ئىچىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئاسماندىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چىرايلىق ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئەلقۇدلار ھەممىنى ئۇنتۇپ ئاق قۇلارنىڭ پەرۋازىغا دىققەت قىلماقتا ئىدى. بۆكەنلەر ئەلقۇدلارنى سەگىتتى:

— بۇ يەردە سىلەر كۆرىدىغان ئويۇنلار تېخى كۆپ، بۇنداق كۆرگىلى تۇرساڭلار، بوۋاي بولغىچىمۇ كۆرۈپ بولالمايسىلەر، يەنە باشقا ئويۇنلارنى كۆرەيلى.

ئۇلار بىر مېۋىزارلىقتىن ئۆتۈپ، قۇشلار ۋىچىرلاپ سايراپ تۇرغان يەرگە كەلگەندە بۆكەنلەر ئەلقۇدلارغا تونۇشتۇردى.

— بۇ يەر قۇشقاچلار سەيلىگاھى، ئاق قۇشقاچ، قارىغۇجا،

تۆمۈر تۇمشۇق ، قارلىغاچ دېگەندەك كىچىك قۇشلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ماكانى ، — ئەلقۇدلار قۇشقاچلار سەيلىگاھىغا قەدەم قويۇش بىلەنلا :

— خۇش كەپسىلەر ، قىزغىن قارشى ئالىمىز ! — دېگەن سادالار ياڭرىدى . ئاق قۇشقاچ ئەلقۇدقا گۈل تۇتۇپ ، قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . بۇ ئاق قۇشقاچ ئەلقۇدلارنىڭ مەھەللىسىدىكى ئاق قۇشقاچقا ئوخشاش بولسىمۇ ، بوي - بەستى ئەلقۇدلار بىلەن تەڭ ئىدى . ئەلقۇدلار كىچىكلەپ قالدىمۇ ياكى قۇشقاچلار يوغىناپ كەتتىمۇ ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى .

— ئەلقۇد ، كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ، مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن ، مەن سىزنىڭ ئىشىك ئالدىڭىزدىكى تېرەكنىڭ ئۈستىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇچۇرما بولمىغان چاغدا ئۆزۈمنىڭ كەپسىزلىكىدىن ئۇۋامدىن چۈشۈپ كېتىپ ، دەرەخ تۈۋىدە قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا ، بىر مۈشۈك مېنى يەۋەتكىلى تاس قالغانىدى . شۇ چاغدا مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ، تېرەككە يامىشىپ چىقىپ ئۇۋامغا سېلىپ قويغانىدىڭىز ، سىزنىڭ بۇ ياخشىلىق غارىغا كېلىشكە شەرتىڭىز توشىدۇ . مەن سىز ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشقا ھەر قاچان تەييار ، — ئەلقۇد بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى شۇنداق ئىش بولغانلىقىنى. ئاران ئەسكە ئالدى . ئەلقۇد ئاق قۇشقاچنىڭ ماختاشلىرىدىن خىجىل بولۇپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا ، قارلىغاچ ئەلقۇدنى قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى :

— جېنىم دوستۇم ئەلقۇد ، بۇ ئوڭۇممۇ ، چۈشۈممۇ ؟ قانىتىم سۇنۇپ كەتكەن ئاشۇ كەچ كۈزدە مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ، قانىتىمنى ساقايتىپ ، قىش ئۆتۈپ كەتكۈچە مېنى ئۆيىڭىزدە باققانىدىڭىز ، مەن شۇ يىلى ئاتا - ئانام بىلەن يىراقتىكى گۈلزارلىقلارغا كېتەلمىگەن بولسامۇ ، دېرىزىدىن ئاپئاق قارنىڭ لەپىلدەپ ياغقانلىقىنى ، باللارنىڭ قار بوۋاي ، قار باللارنى ياساپ ئوينىغانلىقىنى ، چانا ، كانكى ، ئۇر ئوينىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم . بىزنىڭ قارلىغاچلار جەمەتىمىزدە قىشنى ۋە قارنى كۆرگەن مەندىن باشقا بىرمۇ قارلىغاچ

يوق ، شۇ يىلى باھار يېتىپ كېلىپ ئىللىق شامال دېرىزىدىن غۇيۇلداپ كىرگەندە ، تەنلىرىم بۆلەكچە يايراپ كەتكەنىدى . ھەرقان- داق باھار مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئىللىق ، سۆيۈملۈك بىلىنمىگەنىدى .

ئەلقۇدلار بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ياخشى مۇئامىلە ۋە رەھمەتلەرگە ئېرىشتى . ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئاشۇ ئىشلىرى ئۈچۈن بۇنداق تەشەككۇرگە ئېرىشىمىز دەپ ئويلىمىغانىدى .

بۆكەنلەر ئەلقۇدلارنى يەنە نۇرغۇن يەرلەرنى سەيلە قىلدۇردى . ياخشىلىق غارى دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ يەر ئەلقۇدلار ئۈچۈن پاياد- سىز پاكلىق دۇنياسىدەك تۇيۇلدى . ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقان- داق جان - جانىۋارلارغا ياخشىلىق قىلىمىز دەپ ئويلىدى .

# 39 . مەھەللىدىكى ھېكايە

ئەلقۇدلار «ياخشىلىق غارى»دىن قايتىپ كېلىپ دەرسكە كىرىشىپ كەتتى . دەرسلەر بېسىپ ئۆتۈلۈۋاتقاچقا ، ئويۇن ۋە سەيلە ـ ساياھەتكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى . تۇمارمۇ ئەلقۇدقا «سىلەر سەيلە ـ ساياھەت بىلەن بولۇپ كېتىپ دەرسلەرنى ئانچە ياخشى ئۆگەنمىدىڭلار ، شۇڭا ، ئىمتىھان باشلانغىچە دەرسلىرىڭلارنى تولۇقلاڭلار» دېگەندى . ئەلقۇدلارمۇ ئۆزىنى نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ، كۆپ كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە سەۋەب بولغان تۇمارنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولغانىدى . ئەلقۇدلار ئىككى ھەپتىنى دەرس ئۆگىنىش ، تاپشۇرۇق ئىشلەش ، ياخشى ئۆگىنەلمەي قالغان دەرسلىرىنى پىششىقلاش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى . تۇمارمۇ رازى بولدى . ئەلقۇدلار «ياخشىلىق غارى»دىكى ساياھىتىدىن كېيىن ياخشىلىقنىڭ ھامان مۇكاپاتى بارلىقىنى بىلگەنىدى . ئۇلار دەرس ئۆگىنىشمۇ بىزنى ئەڭ زور مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئىش دەپ قارايدىغان بولدى .

ئەلقۇد بىر كۈنى بىلال بىلەن زىلالنى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى .

— ھەي باللار ، دەرسىمىزمۇ ياخشى ئۆگەندۇق ، ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈشىمىزدە گەپ يوق ، تۇمار قىشلىق تەتىل بولمىغۇچە يىراقلارغا ساياھەتكە چىقىشىمىزغا قوشۇلمىدى . شۇڭا ، بۈگۈن كاللىمىزنى سەگىتكەچ بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلمايلىمۇ ؟

— بولىدۇ ، ماۋۇ ئىككى ھەپتە ھېچ يەرگە بارمىغاچقا ئەجەب زېرىكتىم ، — زېرىكىپ قالغان بىلال ئەلقۇدنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى .

شۇ ئەمەسمۇ ، ئۆزۈم قورقۇنچاق بولغان بىلەن ئادەمنى قورقۇتىدىغان ۋەقەلەرگە ئامراق بولۇپ قاپتىمەن ، — زىلالمۇ كۇ-

لۇپ قويدى .

— سىلەرچە قانداق ئىش قىلساق بولار ؟ — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالغا مەنىلىك تىكىلدى .

— قانداق ئىش قىلساق بولار دەيسەنغۇ ، ئويۇننىڭ گېپىنى قىلە ، دەرس ئۆگىنىپ ھېرىپ كەتكەندە ئىش قىلغۇسى كېلەمدۇ ؟ تازا بىر كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇن ئوينايلىچۇ ، — بىلال ئالدىدىكى قار دۆۋىسىگە كۆچەپ تەپتى .

— قىشتىغۇ ئوينايدىغان ئويۇننىڭمۇ تايىنى يوقكەن . ھەي باللار ، قۇشقاچ تۇتۇپ ئوينامدۇق ؟ كۆردۈڭلارمۇ ئاۋۇ قۇشقاچلارنى ، ھەممە يەرنى قار بېسىۋالغاچقا يەيدىغان نەرسە تاپالماي تېپىرلىشىپ يۈرىدۇ ، ئەگەر ئازراق يەرنى تازىلاپ دان چېچىپ ، ھېلىقىدەك سېۋەتكە كۆمتۈرۈپ تۇتىدىغان بولساق . . . پاھ ، پاھ ، قۇشقاچ گۆشىنى مەشكە قاقلاپ كاۋاپ قىلسا ـ ھە . . . — زىلالنىڭ بۇ سۆزى ئەلقۇدنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى .

— سىلەر خۇددى قارا ئۆمۈچۈكلەرگە تۇتۇلمىغاندەك ، «ياخشىلىق غارى»نى سەيلە قىلمىغاندەك گەپ قىلىسىلەرغۇ ، «ياخشىلىق غارى»دا ئەمدى جان ـ جانىۋارلارغا يامانلىق قىلمايمىز دەۋاتاتتىڭلار ، بۇ گەپنى . . . — ئۇنتۇغاق زىلال «ياخشىلىق غارى» ، قارا ئۆمۈچۈك دېگەنلەرنى ئۇنتۇپلا كەتكەندى . ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى . بىلالمۇ قىزىرىپ كەتتى .

— بىز مەھەللىدىكى باللارنى بىر يەرگە يىغىپ ، ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان رەگەتكە ، قىسماق ، قاپقان ، سالغا دېگەندەك نەرسىلەرنى يوق قىلساق قانداق ؟ بىز نېمە ئۇچۇن ئۆزىمىزگە ياخشىلىق قىلىدىغان ھايۋان ۋە قۇشلارغا ئەسكىلىك قىلىمىز ؟ «ياخشىلىق غارى»دىكى ئاق قۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ ؟

— تازا ئېسىمدە يوققۇ ، ئاق قۇ نېمە دېگەنىدى ؟ — زىلال پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى .

ئەسلىدە ئاق قۇ بۆكەنگە مۇنداق دېگەنىدى :

— بۆكەن دوستۇم ، سىلەر بۇ باللارنى نېمىشقا «ياخشىلىق

غارى»غا ئېلىپ كىردىڭلار؟ بۇ يەرگىمۇ ئادەملەر كەلگەن بولسا، بۇ يەرنى «ياخشىلىق غارى» دېمىسەكمۇ بولغۇدەك. بىلىپ قويغىن دوستۇم، ئۇلار يەر شارىدىكى بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا ئەسكىلىك قىلىپلا قالماي، بىر ـ بىرىگىمۇ ئەسكىلىك قىلماقتا. ھەرقانداق ھايۋانات ۋە قۇشلار بىر ـ بىرىمىزنى قىرغىن قىلمايمىز. بىراق بۇلار... — شۇ چاغدا ئاق قۇ ئەلقۇدنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىۋالغانىدى.

— ئۇلار راست دەيدۇ، بىز ھايۋان ۋە قۇشلارغا كۆپ ئەسكىلىك قىپتۇق، بىز ئالدى بىلەن رەگەتكە، قىسماقلىرىمىزنى يوقىتايلى، — بىلال زىلالنى تېرىكتۇرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىقلىق رەگەتكىسىنى تارتىپ قويدى. زىلال بىلالنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ گېپى بويىچە مەھەللىدىكى بالىلارنى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قارىياغاچلىققا يىغدى. ئەلقۇدلار باللارغا قىزىقارلىق ئويۇن ئوينايمىز دېگەچكە، يىغىلغان باللار خېلى كۆپ ئىدى.

قارىياغاچلىقنىڭ نېرىسى ئېتىزلىق بولۇپ، ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. كۆچلۈك قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغاچقا قاردىن رەڭدار نۇر چاقنايتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە ئەنزەرمۇ كەلگەنىدى. ھازىر بۇ ئەتراپتىكى نەچچە مەھەللىنىڭ باللىرى ئايرىمچىلىق قىلمايدىغان، دائىم بىللە ئوينايدىغان بولغانىدى. ئەلقۇدنى ئۆز مەھەللىسىدىكى باللارلا ھۆرمەتلەپ قالماي، باشقا مەھەللىدىكى باللارمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. ئەلقۇد قارىياغاچلىقنىڭ يېنىدىكى ئېرىقنىڭ قىرىغا چىقىپ گېپىنى باشلىدى:

— باللار، بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلىشتا مۇنداق بىر ئىش بار. مەن گېپىمنى قىلىشتىن بۇرۇن «قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەن ناخشىنى بىرلىكتە ئېيتايلى. بۇ ناخشىنى ھەممىمىز مەكتەپتە ئۆگەنگەن، — ئەلقۇد ناخشىسىنى باشلاپ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەنىدى، داڭلىق ئوركېستىرنىڭ دىرىژورىغا ئوخشاپ قالدى. باللارنىڭ ناخشا ئاۋازى قارىياغاچلىقتىن چىقىپ يىراققا سوزۇلغان

قارلىق دالاغا تاراپ كەتتى . قارىياغاچنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان ئاق قۇشقاچلارمۇ ناخشا تىڭشاۋاتقاندەك جىمجىت تۇراتتى . ئەلقۇدلا-رنىڭ ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاغىلارمۇ بالىلارنىڭ ناخشىسىدىن مەمنۇن بولغاندەك قاقىلداپ قويدى .

— بۇگۈنكى ئىشىمىز مۇشۇ ناخشا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، بىز بۇ ناخشىمىزدا قۇشلارنى دوستىمىز دېدۇق ، بىراق ئارىمىزدا ئۆزد-مىزنىڭ ئاشۇ دوستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەر يوقمۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ جاۋاب بېرەلمەيمەن . مەنمۇ بۇرۇن رەگەتكەم بىلەن بىرنەچچە ئاق قۇشقاچنى ئاتقان . . . گەپنىڭ قىسقىسى ، بىز ئەمدى قۇشلارغا ، ھايۋانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلمايلى ! بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممد-مىز ئۆز مەھەللىمىزگە قايتىپ ، ئۆيىمىزدىكى قۇشلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان رەگەتكە ، قىسماق ، قاپقان ، سالغا دېگەندەك نەرسى-لەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن مۇشۇ يەرگە يىغىلايلى ! — ئەلقۇدنىڭ گېپى بالىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى .

بالىلار بىردەمدىلا مەھەللىلەرگە تاراپ كەتتى . ئەلقۇد ئۆيىدى-كى رەگەتكە قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى . بىلالمۇ ئىككى رەگەتكىسى بىلەن بىر قىسمىقىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى . قارىياغاچلىقتا ھەممىدىن بۇرۇن قايتىپ كەلگىنى ئەلقۇد بىلەن بىلال ئىدى . زىلال تېخى ئۆيدىن چىقىپ بولالمايۋاتاتتى . ئۇنىڭ قىسماق ، قاپقانلىرى كۆپ بولمىسىمۇ رەگەتكىسى خېلىلا كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ رەگەتكىلىرىنىڭ رېزىنكىسى قارا ، بەزىلىرىنىڭ قىزىل ئىدى . بەزى رەگەتكىلەرنىڭ ئاچىمىقى چىرايلىق نەقىشلىق ئىدى . دېمىسىمۇ رەگەتكە ياساش ۋە رەگەتكە ئېتىشتا زىلالغا تەڭ كېلەلەيدىغان بالا يوق ئىدى . زىلالنىڭ بويىندا دائىم دېگۈدەك رەگەتكە ئېسىقلىق تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رەگەتكد-سىنى ھېلىقى قارا ئۆمۈچۈك ئېلىۋېلىپ يوق قىلدى . ئۇنىڭ رەگەت-كىلىرى بىر - بىرىدىن ئېسىل ئىدى . زىلالنىڭ بۇ ئىشقا تازا قوشۇلغۇسى يوق ئىدى .

— ئەلقۇد دېگەن ئاداشمۇ قىزىق ئىكەن ، بۇ رەگەتكىلەردە نېمە

گۇناھ، بۇلارنى كۆيدۈرىمىز دەپ يۈرگۈچە بۇنىڭدىن كېيىن قۇشلارنى ئاتمىساقلا بولمىدىمۇ؟ — زىلال ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ ئاخىر رەگەتكىسىنىڭ چىرايلىقىدىن ئىككىنى تىقىپ قويۇپ، قالغانلىرىنى ئېلىپ قارىياغاچلىققا كەلدى. قارىياغاچلىقتا «كۆكدالا» مەھەللىسىدىكى بالىلار يىغىلىپ بولغان بولسىمۇ، باشقا مەھەللىدىكى بالىلار كېلىپ بولالمىغانىدى. زىلال ئېرىقنىڭ قىرىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان رەگەتكە، قىسماقلارنى كۆرۈپ ئۆزى ئەكەلگەنلىرىنىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. زىلال قىممەتلىك بىر نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك مەيۈس كۆرۈنەتتى. زىلالنىڭ خىيالىدىكىنى ئاسان بىلىۋالىدىغان بىلال ئۇنى قەستەن تېرىكتۈردى:

— رەگەتكىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلگەنسەن - ھە! — بىلالنىڭ بۇ گېپى زىلالنىڭ يېغىرىغا تەگكەچكە تېرىكىپ كەتتى:

— ئۆزۈڭ قانچە رەگەتكە ئەكەلدىڭ؟ ھېچكىم مەندەك جىق رەگەتكە ئەكەلمىگەندۇ؟ كۆرگەنسەن، مېنىڭ بىر قۇچاق رەگەتكىنى ئەكېلىپ تاشلىغىنىمنى.

— سېنىڭ ئۆيۈڭدە رەگەتكە زاۋۇتى بارمىكىن دەيمەن، ئالدى بىلەن ئۆيۈڭدىكى ئاشۇ زاۋۇتنى كۆيدۈرۈۋېتەيلىمىكىن، — بىلال زىلالنى تېخىمۇ سەكرىتىۋەتتى.

— ئەسلى بىز بۇ يەردە رەگەتكە كۆيدۈرىمىز دەپ ئولتۇرماي، بوۋاڭنىڭ ئوۋ مىلتىقلىرىنى كۆيدۈرسەك بولاتتى. بۇ مەھەللىدە ھايۋانلارنى سېنىڭ بوۋاڭدەك كۆپ ئۆلتۈرگەن ئادەم يوق.

بۇ گەپ بىلالغا ئەجەللىك زەربە بولغاچقا، ئۇ پەسكويغا چۈشۈپ دۇدۇقلىدى:

— ھازىر بوۋامنىڭ نەدە ئوۋ مىلتىقى بار؟ بۇرۇنقى گەپ ئۇ. خەقلەر مەنسۇر ئوۋچى دېسە راست ئوۋچىمىكىن دەپ قالما، ئۇ دېگەن كونا بىر لەقەم، بوۋام ھازىر چىۋىنىنىمۇ ئۆلتۈرمەيدۇ، — بىلال بىلەن زىلالنىڭ تالاش - تارتىشى تۈگىگۈچە باشقا مەھەللىلەردىكى بالىلارمۇ رەگەتكە، قىسماقلىرىنى ئېلىپ كەلدى. قۇشلار ۋە ھايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان سايمانلار بىر دۆۋە بولغانىدى. بالىلار ئۆيدە بار رەگەتكە، قىسماقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلگەن-

ىدەك قىلغان بىلەن زىلالغا ئوخشاش يوشۇرۇپ قويغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى .
ئەلقۇد رەگەتكە ، قىسماقلار دۆۋىسىگە بىر بوتۇلكا كىرسىننى چېچىپ ، سەرەڭگە ياقتى . ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى . باللار ئوتنىڭ گۇرۇلدىشىگە تەڭكەش قىلىپ «قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەن ناخشىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتتى . زىلال ناخشا ئېيتىۋاتقان بولسىمۇ ، كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ مەڭزىگە چۈشتى .
ئەلقۇد كىملەرنىڭ ئۆيىدە ئوۋ مىلتىقى بارلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولدى . بۇ مەھەللىدە بىلالنىڭ بوۋىسىنى خەقلەر مەنسۇر ئوۋچى دېيىسە تونۇمايتتى . بۇرۇن مەنسۇر ئوۋچى قاشقىلىق جەرەن تورۇقىنى مىنىپ ، قوش ئاتارىنى ئېسىپ ، نەمۇنەلەرگە بېرىپ قىرغاۋۇل ، غاز ، ئۆردەك ، بۆكەن ، بۇغا ، ئارقار ، جەرەنلەرنى ئوۋلاپ كېلەتتى . ئۇ دائىم ئوۋ نېمەتلىرى بىلەن مەھەللىدىكىلەرنى مېھمان قىلاتتى . يوغانراق بۇغا ، ئارقارلارنى ئېتىۋالسا گۆشلىرىنى خام تالاش قىلىپ مەھەللىدىكىلەرگە تارقىتىپ بېرەتتى . يېقىندىن بېرى ھۆكۈمەت ئوۋچىلارنىڭ مىلتىقلىرىنى يىغىۋالغاچقا ، ئوۋچىلىق قىلىدىغانلارمۇ ئازلاپ كەتتى . لېكىن ، بىلالنىڭ بوۋىسى مەنسۇر ئوۋچىدا يەنە بىرنەچچە ئوۋ مىلتىقى بارمىش . بىلال زىلالنىڭ رەگەتكىلىرىگە چىدىماي يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى . ئەسلى زىلالنىڭ قانچە رەگەتكىسى بارلىقىنى بىلالدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى . ئۇنىڭ كۆپ رەگەتكىسى بارلىقىنى بىلال ئەلقۇدقا دەپ قويغانىدى . شۇڭا ، زىلال كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان رەگەتكىلەردىن كۆز ئۈزۈپ ، بىلالغا «خەپ !» دېگەندەك ئالىيىپ قويدى .
— بىزنىڭ مەھەللىدە كىمنىڭ ئۆيىدە ئوۋ مىلتىقى بار ؟ — ئەلقۇد باللارغا تەكشى قاراپ چىقتى . زىلالغا بىلالدىن ئۈچ ئېلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى كەلگەنىدى . ئۇ بىلالنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئوۋ مىلتىقى بارلىقىنى ھەمدە قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلەتتى . بىلال زىلالغا كۆز ـ كۆز قىلغاندەك ئاشۇ ئوۋ مىلتىقلىرى يوشۇرۇنغان يەرنى زىلالغا كۆرسىتىپ قويغانىدى . باللار

«ھازىر نەدە ئوۋ مىلتىقى بار ، ھەممىنى يىغىۋالغان تۇرسا» دەپ غودۇڭشىپ كەتتى . بىلالنىڭ بايىقى خۇشاللىقى يوقاپ ، ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى . زىلالغا دەپ قويمىغىن دېگەندەك تىكىلدى . رەگەتكىلىرىگە چىدىمايۋاتقان زىلال ئەلقۇد تۇرغان ئېرىق قىرىغا چىقىپ ، مۇھىم بىر ئىشنى جاكارلايـ دىغاندەك بىردەم تۇرۇپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— مەن تېخى يېقىندىلا بىلالنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئوۋ مىلتىقىنى كۆرگەن ، ئۇنى ماڭا بىلال ئۆزى كۆرسەتكەن ، بىلال ! سەن گەپ قىلمايسەنغۇ ، — زىلالنىڭ گېپىدىن كېيىن باللار بىلالغا قارىدى . بىلالنىڭ يۈزى قىزىرىپ ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . شۇنداقتىمۇ بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە مىلتىق بارلىقىنى ئېيتقۇسى كەلمىدى .


— سەن قاچانقى گەپنى قىلىۋاتىسەن ، ئۇنى بوۋام بىرىنچى نەۋاق ، بۇرۇن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىدە مىلتىق بار ئىدىغۇ ، خەقلەر ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغاندەك بوۋاممۇ تاپشۇرۇۋەتكەن ، — بىلال مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ باھانە تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى .


— يالغان ! ئىزا تارتماي يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى ماۋۇ ئاداشنىڭ ! مەن تېخى ئۇنى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كۆرگەن تۇرسام ، بوۋاڭ ئۇنى نەدە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ . راست گەپ قىل ، مەنمۇ شۇنداق ئېسىل رەگەتكىلىرىمنى كۆيدۈرۈۋەتتىمغۇ ، — زىلال بىلالغا رەددىيە بەردى .

— سەنمۇ رەگەتكەڭنىڭ ھەممىسنى ئەكەلدىڭمۇ ؟ چوقۇم تىقىۋالدىڭ . بوۋامنىڭ ئوۋ مىلتىقى بولغان بىلەن ئوۋغا چىقمايدۇ ، سېنىڭ بوۋاڭچۇ ؟ ئاتنى ھارۋىغا قېتىۋېلىپ كۈندە ئۇرۇپ دۇمبالايدۇ ، مەنچە ھايۋانلارنى قورۇ ـ قوتانغا سولىۋېلىپ ، بىر ـ بىرلەپ سويۇپ يېيىشمۇ جىنايەت ، داداڭمۇ كۈندە نەچچە قوي ، كالىنى سويىدىغان قاسساپقۇ . داداڭنىڭ قاسساپلىق پىچىقى بوۋامنىڭ ئوۋ مىلتىقىدىن يامان ، — ئەلقۇد ئۇلارنى ئاجرىتىۋالمىغان بولسا مۇشتلىشىپ قالغان بولاتتى . ئەلقۇد شۇ كۈنى كەچتە ئۇزۇنغىچە

ئۇخلىيالمىدى .

— رەگەتكە ، قىسماقلارنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىم بىلەن ئۇنى بالىلار ئۆزى يەنە ياسىۋېلىشى مۇمكىن ، بىزنىڭ مەھەللىدەك بۇنداق مەھەللىلەر ساماندەك كۆپ تۇرسا ، ئاشۇ نۇرغۇنلىغان مەھەللىدىكى باللارنىڭ رەگەتكە ، قىسماقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتەلەمدىم ؟ ئوۋ ملتىقلىرىنى ھۆكۈمەتمۇ تۈگىتەلمەيۋاتسا مەن تۈگىتەلەمدىم ؟ مەھەللىدىكى قاسساپلارغا بۇنىڭدىن كېيىن قوي ، كالىلارنى سويماڭلار ، ئۇلارنى قورۇ ـ قوتانلارغا سولىۋالماڭلار ، هارۋىغا قاتماڭلار ، قامچىدا ئۇرماڭلار ، مىنمەڭلار دېسەم خەقلەر مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دېمەمدۇ ؟ بۇ مېنىڭ خام ـ خىيالىم ئىكەن . مەن ئويۇنۇمنى ئوينىماي نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيمەن . بولدى ، بۇنداق خىياللارنى قىلمىسام بولغۇدەك . تېخى قورۇ ـ قوتاندىكى قوي ، كالا ، ئات ، ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەرمەكچى ئىدىم . خەقلەر بۇنداق قىلىشىمغا يول قويامدۇ ؟ يېرىم كېچىدە خەقنىڭ قورۇ ـ قوتانلىرىغا كىرسەم ئوغرى دەپ تۇتۇۋالامدۇ ، ئەلقۇد خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئۇخلاپ قالدى . . .





# 40 . قىشلىق تەتىلدىكى ئىشلار

ئەلقۇدنىڭ قىشلىق تەتىلمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى . ئۇ مەۋسۇم-لۇق ئىمتىھاندا ھەممە دەرسلەردە يەنە بىرىنچى بولدى .

ئەلقۇد قىشلىق تەتىلدە قانغۇدەك بىر ئوينىۋالماقچى بولۇپ ، باشقا يەرلەرگە ساياھەتكە چىقىشنى خالىمىدى . ئۇ ئالدى بىلەن مەھەللىدە دوستلىرى بىلەن قانغۇدەك ئوينىۋالماقچى بولدى . ئۇ بىلال ، زىلال ، ۋارىس ۋە خۇشتار قاتارلىق بالىلارنى يىغىپ قانداق ئويۇن ئويناش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى . ئۇ بىلال بىلەن زىلالغا :

— ھازىر قىش كەلدى ، ھاۋامۇ بەك سوغۇق بولۇۋاتىدۇ ، بىز ھازىرچە يىراققا بېرىپ ساياھەت قىلىدىغان ئىشنى قىلمايلى ، بو-ۋامنىڭ ئېيتىشىچە ، يۇرتىمىزدىكى نۇرغۇن يەرلەرنىڭ ئالاھىدىلى-كىنى قىشتا تازا بىلگىلى بولمايدىكەن . ئەمدى بارىدىغان يەرلىرى-مىزگە نورۇز بايرىمىدىن كېيىن بارايلى . قىشلىق تەتىلنى مەھەل-لىدە ئۆتكۈزەيلى ، سىلەرچە مەھەللىدە نېمە قىلساق بولار ؟ — دېدى .

— ئوينايدىغان ئويۇنغۇ تولا ، ئەنە ، ئاۋۇ كۆۋرۈك بېشىدىكى دۆڭدىن چانا بىلەن سىيرىلىپ ئوينىساقمۇ بولىدۇ ، كۆك ئۆستەڭگە بېرىپ كانكى بىلەن مۇز تېيىلساقمۇ ، نۇر ئوينىساقمۇ بولىدۇ . يەنە قار ئادەم ، قار بوۋايلارنى ياساپ ئوينىساقمۇ بولىدۇ ، — زىلالنىڭ بۇ گېپى ئەلقۇدنى خۇشال قىلدى .

— ئەجەب ئېسىمگە سالدىڭ ، ئاداش ! تۈنۈگۈن كۆك ئۆستەڭگە بەك سىلىق مۇز قاتقانلىقىنى كۆردۈم . ئەگەر ئۆستەڭدە مۇز تېيىل-ساق ، ئاشۇ ئاق تاغقا يېتىپ بارغۇچە مۇز تېيىلغىلى بولىدىكەن . باشقا مەھەللىدىكى بالىلارنىمۇ يىغساڭلار ، بىز مۇشۇ ئۆستەڭدە كانكى تېيىلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزسەك قانداق ؟ — بالىلار ئەل-قۇدنىڭ گېپىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى . بىراق ، بىلال

قوشۇلمىدى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، كانكى تېپىلمىدىغان ئىشنى قىلمايلىچۇ ، خۇددى باشقا ئويۇن تاپالمىغاندەك كانكى تېپىلمىزلا دەيدىكەن . مەن كانكى تېپىلىشقا قاتناشمايمەن ، — بىلال تۇگۇلۇپ بىر چەتكە ئۆتتى .

— نېمىشقا قاتناشمايسەن ؟ كانكى تېپىلىشنىڭ قەيەرى يامان ؟ بۇ ياخشى ئويۇن ، بۇنىڭدا بىز قانغۇچە كانكى تېپىلىۋېلىپلا قالماي ، كۆك ئۆستەڭنى بويلاپ مېڭىپ يەنە نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرۈۋالىمىز ، باشقا مەھەللىدىكى باللار بىلەنمۇ بىرگە ئوينىيالايمىز ، — ئەلقۇد بىلالغا قاراپ قويدى .

— ھە ، بۇنىڭ كانكىسى بولمىغاچقا ، شۇنداق قىلىۋاتقان گەپ ، بولدى ، مەندە ئۈچ جۈپ كانكى بار ، ئۇنىڭدىن بىرنى ئۆزۈڭ تاللىۋال بولامدۇ ؟ — مۇز تېپىلىشقا ئامراق زىلال بىلالغا شۇنداق دېدى . بىلالنىڭمۇ مەقسىتى شۇ ئىدى . ئۇنىڭدا كانكى بولمىغاچقا مۇز تېپىلىشقا قاتناشمايمەن دېگەنىدى .

— مېنى قاتناشسۇن دېسەڭلار ئەلقۇدنىڭ كانكىسىنى ماڭا بېرىڭلار ، ئەلقۇد زىلالنىڭ كانكىسىدىن بىرنى تاللىۋالسۇن بولامدۇ ؟ — بىلال ئەلقۇدقا خۇدۇكسىرەپ قارىدى .

— مەيلى ، سەن مەندىكى كانكىنى ئال ! مەن زىلالنىڭ كانكىسىنى ئىشلەتسەممۇ بولىدۇ ، — ئەلقۇد پەرۋاسىزلا شۇنداق دېدى . مەھەللىدىكى كۆپلىگەن باللارنىڭ كانكىلىرى ياغاچ بىلەن سىمدىن ياسالغان ئىدى . ئۇنى پۇتقا تانا يىپ بىلەن چىڭ باغلىمىسا بولمايتتى . بەزىلەرنىڭ تۆمۈر كانكىلىرى بولسىمۇ ، ئۇنى يەنىلا تانا يىپ بىلەن پۇتقا باغلايتتى . بۇلتۇر ئەلقۇدنىڭ تاغىسى ئەكرەم ئەلقۇدقا چىرايلىق ئاياغلىق كانكى ئەكېلىپ بەرگەنىدى . شۇ چاغدا باللار ئەلقۇدقا ھەۋەس قىلىشىپ قالغانىدى . بىلالمۇ ئۆزىنىڭ دادىسى ياپىلاق تاختايغا توم ئىككى تال سىمنى بېكىتىپ ياساپ بەرگەن كانكىنى ياقتۇرمىغاچقا ، دادىسىنىڭ ئالدىدىلا مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ھەم ماڭا ئەلقۇدنىڭكىدەك كانكى ئېلىپ بەر دەپ يىغلىغانىدى . بىراق ، بىلالنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئەلقۇدنىڭكىدەك كانكى

ئېلىپ بەرمىگەنىدى .
بىلال ئەلقۇدنىڭ ئىككىلەنمەيلا كانكىنى سەن ئىشلەت دېگىنىدىن خۇشال بولۇپ :
— ماقۇل ، ئۇنداق بولسا ئويۇنغا قاتنىشىمەن ، — دېدى .
باشقا مەھەللىدىكى باللارنىڭ كانكىلىرىمۇ زىلالنىڭ كانكىسىدەك بىر پارچە تاختايغا ئىككى تال سىمنى بېكىتىپ ياسالغان كانكىلار ئىدى . ئەنزەرنىڭ پۈتىدىمۇ ئەلقۇد بىلالغا بەرگەن ئاياغلىق كانكىدىن بىرى تۇراتتى . مەھەللە بىلەن ئاق تاغنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ تەرەپ ئېگىز بولغاچقا كانكى بىلەن تېيىلىپ مېڭىش تەسرەك ئىدى . مۇسابىقە باشلىنىپ ئون نەچچە بالا مۇز تېيىلىپ ئاق تاغ تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى . بىلال ئەلقۇدنىڭ ئاياغلىق كانكىسى بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى . پەللىنىڭ خېلى يىراقلىقىنى بىلىدىغان ئەلقۇد سالماقلىق بىلەن باشقىلارغا يول بېرىپ ماڭدى . ئاق تاغقا يېقىنلاشقانسېرى باللارنىڭ بەزىلىرى ئارقىدا قالدى . بەزىلىرى ئازراق ماڭا - ماڭمايلا ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالدى . ئەڭ ئالدىدا ئەلقۇد ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەنزەر كېتىۋاتاتتى . بەزى چاغدا ئەنزەرنىڭ ئەلقۇدتىن ئېشىپ كېتىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا بىلال ، زىلال ۋە باشقا مەھەللىدىكى باللار يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى .
ئاق تاغقا بىر كىلومېتىردەك قالدى . ئەلقۇد بىلەن ئەنزەرگە يېتىشىپلا كېلىۋاتقان بىلال ، زىلاللارمۇ خېلىلا كەينىدە قالدى . ئەلقۇد بىلەن ئەنزەر بىر - بىرىگە بوي بەرمەي كېتىۋاتاتتى . پەللىگە يېقىنلاشقانسېرى ئەلقۇد پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ، ئەنزەرنى بىرنەچچە مېتىر ئارقىغا تاشلىۋەتتى . ئەنزەر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەلقۇدقا يېتىشەلمىدى . ئاق تاغقا 200 مېتىر قالغاندا ، ئەلقۇدنىڭ پۈتىدىكى كانكىنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى . ئەنزەر ئەلقۇدنى يۆلەپ قويماقچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن بىرىنچى بولۇش ئارزۇسى ئۇنى پەللىگە قاراپ توختىماي مېڭىشقا ئۈندىدى . شۇڭا ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئەل-

قۇدنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى . ئەلقۇد كانكىنىڭ يىپىنى تېزلىكتە ئوڭشاپ ، پەللىگە ئوقتەك ئېتىلغان بولسىمۇ ، ئەنزەر پەللىگە كېلىپ بولغانىدى . ئەلقۇد كانكىنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتـ-كەنلىكى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئۇ ئىككىنچى بولۇپ قالغانىدى . ئەلقۇد بىلەن ئەنزەر پەللىگە كېلىپ بولۇپ خېلى ئۇ-زۇندىن كېيىن باشقا باللار يېتىپ كېلىشكە باشلىدى . بىلال ئەلقۇدنىڭ ئاياغلىق كانكىسىنى ئېلىۋالغان بىلەن 10 نەچچىنچى بولۇپ كەلدى .

باللار پەللىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن زىلال ئەلقۇدتىن سورىدى :

— ئەلقۇد ، سەن پەللىگە قانچىنچى بولۇپ كەلدىڭ ؟

— مەن ئىككىنچى بولدۇم ، ئەنزەر بىرىنچى بولدى ، ئەنزەرنى تەبرىكلەيلى ! — باللار ئەنزەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ چۇرقىرىشىپ كەتـ-تى . ئەلقۇدمۇ ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتاتتى . بۇ ئىش ئەنزەرنى خىجىل قىلىپ قويدى . ئەنزەرنى تەبرىكلەش خېلى ئۇزۇنغىچە دا-ۋاملاشتى . بەزى باللار ئاق تاغنىڭ قاپتىلىدىكى ئاپئاق قارغا ئۆزلى-نى تاشلاپ ئارام ئېلىشماقتا . بەزى باللار بىر - بىرىگە قار چېچىپ ئوينىماقتا . بىراق ئەنزەر خىجىل بولۇپ ئويلاپ قالدى : ئەلقۇد مەندىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى ، ئۇنىڭ كانكىسىنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن بولسا ، مەن ھەرگىزمۇ بىرىنچى بولالمايتتىم ، مەن ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، يۆلەپ قويماي ئۆتۈپ كەتتىم . بۇ چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ، مەنمەنچىلىك بول-دى . باللارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەلقۇدنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلى-ۋالدىم . ئۇ كانكىسىنىڭ يىپى ئۈزۈلگەنلىكىنى ھېچكىمگە دېمىدى . ئۇ يەنە مېنى خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلىدى . ئۆزىنىڭ ئاياغلىق كانكىسىنى بىلالغا بېرىۋەتتى . مەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ بىرىنى قىلالمىغۇدەكمەن .

— ھەي باللار ! — «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى باللار-دىن بىرى مەغرۇرلانغان ھالدا ۋارقىرىدى ، — مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار ئاڭلامسىلەر ؟ — باللار ئۇنىڭغا قارىدى .

— بۈگۈن كانكى تېيىلىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغۇچىغا «كانكى شاھى» دېگەن نامنى بەرسەك بولارمۇ ؟ — بالىلار ، بولۇپمۇ «كۆك تېرەك» مەھەللىسىدىكى بالىلار بۇ گەپنى بەك قۇۋۋەتلىدى .

— بولىدۇ ، بىزنىڭ ئەنزەر كانكى شاھى بولسۇن ! بۇ يىلقى كانكى شاھىمىز ئەنزەر بولسۇن ، بىز بۇ مۇسابىقىنى ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزەيلى ! — بالىلار يەنە ئەنزەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋارقىراشتى .

— كانكى شاھى ! !

— بىزنىڭ كانكى شاھىمىز ! ! !

ئەنزەر چىداپ تۇرالمىدى . خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ئازابلاندى . ئۇ ئاخىر غەيرەتكە كەلدى .

— بالىلار ، — دېدى ئەنزەر ھاسىراپ تۇرۇپ ، — سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار ، — بالىلار ئەنزەرگە قارىدى ، — مەن كانكى شاھى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ، ھەقىقىي كانكى شاھى بولۇشقا تېگىشلىكى ئەلقۇد ، بىز بەكلا يىراقلاپ كەتكەچكە كۆرمىدىڭلار ! ئەسلىي ئەلقۇد مەندىن خېلىلا ئۈزاپ كەتكەنىدى ، توساتتىن كانكىسىنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ، يىقىلىپ چۈشتى . مەن ئۇنى يۆلەپ قويماي ، پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتتىم ، — بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىلالمۇ قىزىرىپ كەتتى . ئەگەر بىلال ئەلقۇدنىڭ ئاياغلىق كانكىسىنى ئېلىۋالمىغان بولسا . . . بالىلارنىڭ ئارىسىدا نەچچە سېكۇنتلۇق تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن بالىلار ئەلقۇدنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەبرىكلىدى .

ئەلقۇد خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى . ئۇ بالىلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ مۇنداق دېدى :

— كانكى شاھى دېگەن نام يەنىلا ئەنزەرگە مەنسۇپ ، تېلېۋىزوردىن كۆرمەيۋاتامسىلەر ، ئاپتوموبىل مۇسابىقىلىرىدىمۇ ئاپتوموبىلى بۇزۇلۇپ قالغانلارغا ئېتىبار قىلىدىغان ئىش يوق ، — مۇشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن تالاش - تارتىش بولغاندىن كېيىن ، ھەر ئىككىسىگە كانكى شاھى دەپ نام بېرىلدى .

بالىلار ئاق تاغدىن مەھەللىگە قاراپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغاند-

دا ، تاغنىڭ قاپتىلىدىكى بىر توپ بۆكەنلەرنى كۆردى . بۆكەنلەر ئاز دېگەندىمۇ 15 ~ 20 ئىدى . قوي ياكى ئۆچكىگە ئوخشايدىغان بۇ جانىۋارلار ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى . قېلىن قاردا ئۇزۇقلۇق تاپالمايۋاتقان بۆكەنلەرنىڭ قورساقلىرى ئىچىگە كىرىپ ، كۆزلىرىدىن مۇڭ ۋە بىچارىلىق چىقىپ تۇراتتى . ئەڭ باشتا كېلىۋاتقان يوغان مۈڭگۈزلۈك بۆكەن ئەلقۇدنى تونۇيدىغاندەك ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . بۆكەنلەرنىڭ ئاخىرىدا ئورۇقلاپ ، ئاجىزلاپ كەتكەن بىرنەچچە بۆكەن ئاقساپ - مۈدۈرۈپ دېگەندەك ئاران كېلىۋاتاتتى .

— بالىلار ، كۆردۈڭلارمۇ ، بۇ بۆكەنلەر ئاچ قاپتۇ ، ئۇلار بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ، — بالىلار ئەلقۇدنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك جىمىپ كېتىشتى .

— بولۇڭلار بالىلار ، مەھەللىگە بېرىپ چوڭلارغا دەيلى ، تاغ ئىچىدە قار بەك قېلىن ياغقاچقا ، ھايۋانلار ئوزۇقلۇق تاپالمايۋاتقان گەپ ، بىز چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشىنىڭ ئامالىنى قىلايلى ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن بالىلار كانكىلىرى بىلەن مەھەللىگە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . مەھەللە تەرەپ پەس بولغاچقا كانكىلار غۇيۇلداپ ماڭاتتى .

ھەسەن مۇدىر ئەلقۇدلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى .

— ھە بالىلار ، بۈگۈن نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭلار ؟ سورايدىغان سوئالىڭلار باردەك قىلىدىغۇ ؟ — مەشنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ چاي ئىچىۋاتقان بالىلار ئەلقۇدقا قارىدى . ئەلقۇد بوۋىسىغا مەقسىتىنى ئېيتتى :

— بوۋا ، بۈگۈن بىز ئاق تاغقا بارغانىدۇق ، ئۇ يەردىكى بۆكەنلەر ئاچ قاپتۇ ، ئۇلارغا ياردەم قىلايلىمىكىن دېگەن ، شۇڭا ، سىزدىن ياردەم سوراپ . . . — ھەسەن مۇدىر ئەلقۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلاندى .

— شۇنداقمۇ ، سىلەر بۆكەنلەرنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ بۇ يىل قار قېلىن ياغدى ، ئۇلارنىڭ تاغ ئىچىدىن چىقىۋالغىنىغا قارىغاندا ئاچ قالغان گەپ ، بىز ئۇلارغا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرەيلى . بولۇڭلار

بالىلىرىم ، هازىرلا ھەرىكەتكە كېلەيلى ، — ھەسەن مۇدىر جىددىيلىشىپ ھويلىغا چىقتى . ئۇ قوتاننىڭ ئۈستىگە بېسىپ قويۇلغان بېدە ، سامانغا قاراپ قويدى .

كۆپ ئۆتمەي ھەسەن مۇدىر باشچىلىقىدىكى بالىلار تراكتورنىڭ كوزۇپىغا لىق بېسىلغان بېدە ، سامان ، قۇرۇق چۆپ ، قوناق شېخى ، يەم - خەشەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاق تاغقا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇلار ئوت - چۆپ ، يەم - خەشەكلەرنى ئاق تاغ قاپتىلىنىڭ بىرنەچچە يېرىگە بۆلۈپ تۆكتى .

ئەلقۇدلار تراكتور بىلەن قايتقاندا تاغ ئىچىدىن بۇغا ، بۆكەن ، توشقانلار چىقىپ ، بۇ قىممەتلىك سوۋغىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى .

# 41 . مېھرىبانلىق

ئەلقۇدنىڭ تۇغۇلغان كۈنى شەنبە كۈنىگە توغرا كەلگەچكە ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىمەكچى بولدى .

جۈمە كۈنى چۈشتە ئەلقۇدنىڭ ئەنزەر باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە ساۋاقدىشى ئايرىم مەسلىھەتلەشتى .

— بىز ئەلقۇدقا قانداق سوۋغا ئالساق بولار ؟ — ئەنزەرنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن باللار بىردەم مۇزاكىرىلىشىپ بىلالنىڭ گېپىدىنى توغرا تاپتى :

— تورت ئالساق ئەلقۇدنىڭ بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ ئاچچىقى كېلىدىكەن ، بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ بىزدە تۇغۇلغان كۈندە تورت يەيدىغان ئادەت يوق ، بىز بۇرۇن ئۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتۇق ، بىزدە تۇغۇلغان كۈندە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ، ئۇزۇن سوزۇلغان لەغمەن يەيدىغان ئادەت بار دېگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تورت ۋە باشقا سوۋغا - سالام ئېلىش ئۇچۇنمۇ شەھەرگە كىرمىسەك بولمايدىكەن ، شۇڭا ، ھەممىمىز قانچىلىك قىلالىساق شۇنچىلىك پۇللا قىلمامدۇق ، — بۇ گەپ باشقا ساۋاقداشلارغىمۇ يەتكۈزۈلدى .

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەلقۇدنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەسەن مۇدىرنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى . ئەلقۇدمۇ قانداقتۇر بىر مەقسەت بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرغانىدى . ئەلقۇدنىڭ مومىسى گۈلخان ئانا بىلەن ئەلقۇدنىڭ ئاپىسى جەۋھەرگۈل لەغمەنگە تەييارلىق قىلدى . ئەنۋەر ئاكا ئۆزى ئايرىم پولۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى . ھەسەن مۇدىر مەھەللىدىكى دۇكاندىن باللار ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئەكەلدى .

ئەلقۇدنىڭ تۇغۇلغان كۈن پائالىيىتىگە يېقىن - يىراقتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى . غالىب مۇئەللىممۇ ھەممىدىن بۇرۇن كەلگەنىدى .

ئەلقۇدنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ھەسەن مۇدىرنىڭ سوقا ئۆيى چوڭ ھەم ئازادە ئىدى. ئۆيگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، بالىلار گىلەم ئۈستىدىكى يېكەندازلاردا ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا پاكار شىرە قويۇلدى. بالىلار تۈرلۈك تاتلىق - تۈرۈملەرنى يېگەندىن كېيىن ئوخشىغان لەڭمەن بىلەن مېھمان بولدى. لەغمەندىن كېيىن ئەنۋەر ئاكا ئەتكەن پولۇمۇ تارتىلدى. پولۇ بەك ئوخشىغاچقا بالىلار ماختاپ كەتتى. خۇشال بولغان ئەنۋەر ئاكا نەچچە قېتىم پولۇ ئېتىشكە ئۈستىمىكەنمەن، دەپ سورىدى. يەپ - ئىچىشتىن كېيىن ئۈستەل ئېلىۋېتىلىپ بالىلار پۇتلىرىنى سوزۇپ ئازادە ئولتۇرۇشتى.

بىلال بىلەن زىلال ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان تۈرلۈك كۈلدۈرگە، ئىتوتلىرى بىلەن سورۇننى قىزىتىۋەتتى. ئەلقۇدمۇ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتتى. قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار ئۇسسۇل ئوينىدى. ھەسەن مۇدىر بىلەن گۈلخان ئانىمۇ ئۇسسۇل ئويناپ بەردى.

سورۇن بىرئاز تىنچىغاندىن كېيىن ئەنزەر بالىلارنىڭ سوۋغىسىنى ئەلقۇدنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەلقۇد كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكىسىدىنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ «مەن بۇنى قەتئىي ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. بالىلار بىزنىڭ كىچىككىنە كۆڭلىمىز، ئالمىساڭ خاپا بولىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. ئەلقۇد خۇشتارنىڭ بۈگۈنكى پائالىيەتكە كەلمىگەنلىكىنى بىلدى. شۇ چاغدا ئەلقۇد بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىدىكى كونۋېرتنى قولىغا ئالدى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن، — بۈگۈن خۇشتار بۇ يەرگىمۇ كېلەلمەپتۇ. ئۇ يېڭى مەۋسۇم باشلانغاندىن بېرى مەكتەپكىمۇ بارمىدى. خەۋەرىڭلار بارمىكىن، ئۇنىڭ دادىسى ئاغرىق ئىكەن، شەھەردىكى دوختۇرخانىدىن يېقىندىلا چىقىپتۇ. خۇشتار مەكتەپتە ئوقۇمايمەن دېگەن ئوخشايدۇ، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇشتار قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا، بىز خۇشتارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى، بولامدۇ؟ — بالىلارنىڭ بۇ ئىشتىن ئاز - تولا خەۋىرى بولسىمۇ، خۇشتارنىڭ ئوقۇمايدىغان بولغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

يەكشەنبە كۈنى ئەلقۇد باشچىلىقىدىكى 5 ~ 6 بالا خۇشتارنىڭ

دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەھەللىسىگە كەلدى. خۇشتار ئاپىسى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چۇشۇرۇلگەن ئىككى تونىدەك كۆمۈرنى ھويلىغا توشۇۋاتاتتى. خۇشتارنىڭ يۈز - كۆزلىرى كۆمۈرنىڭ قارىسى بىلەن بويالغانىدى. خۇشتار ئەلقۇدلارنى كۆرۈپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى، خۇشتارنىڭ ئاپىسى بالىسىغا ئەسكەرتتى:

— بالام، ساۋاقداشلىرىڭنى ئۆيگە باشلىمامسەن!

خۇشتار شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ، ئەلقۇدلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە، — ئەلقۇدلارنىڭ خۇشتارنى كۆرمىگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، خۇشتار ئۆزگىرىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. خۇشتارمۇ ئادەتتە ئەلقۇدلار بىلەن چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ بىللە يۈرەتتى. بىراق بۈگۈن ئۇ خۇددى ئەلقۇدلاردىن قورۇنۇۋاتقاندەك ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى.

— ئۆيگە كېيىن كىرىمىز، ھازىر ھەممىمىز كۆمۈر توشۇيلى، — ئەلقۇدنىڭ گېپى بىلەن بالىلار ھەرىكەتكە كېلىپ بىردەمدىلا كۆمۈرنى خۇشتارلارنىڭ ئامبار ئۆيىگە ئەكىرىپ بولدى.

ئەلقۇدلار يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردى. خۇشتارنىڭ دادىسى سۇپىغا سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئەلقۇدلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بىز ئاغرىپ قالغانلىقلىرىنى بىلمەي قاپتۇق. بىلگەن بولساق بۇرۇنلا يوقلاپ كېلەركەنمىز، — بالىلار سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى.

— ھېچقىسى يوق، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئازراق ئاجىزلاپ قاپتىمەن، قىشنى چىقىرىۋالسام
لا ئوبدان بولۇپ كېتىمەن، — بىراق، خۇشتارنىڭ دادىسى خېلىلا كېسەل تارتقاندەك قىلاتتى. تېخى 45 ياشلارغىمۇ كىرمىگەن بۇ ئادەم مۈكچىيىپ بوۋايلاردەك ئولتۇراتتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئېچى يوغىناپ، قارىسى كىچىكلەپ كەتكەنىدى.

ئەلقۇدلار خۇشتارنىڭ دادىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا خۇشتارنىڭ ئاپىسى بىلەن خۇشتار نېمىگىدۇر تەمتىرەۋاتقاندەك تېپىرلاپ

بىر يەردە جىم تۇرالمىدى . چۈنكى ، دادىسىنىڭ خۇشتارنىڭ مەك-تەپكە بارمايۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى .

— خۇشتار مەكتەپكە بارمىغاچقا ، سىلىنىڭ ئاغرىپ قالغانلى-رىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق . خۇشتار ئوقۇمايدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ، كۆڭلۈمىز ناھايىتى يېرىم بولدى . . . — ئەلقۇدنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاسىم ئاكا ياستۇقىدىن ئىتتىك بېشىنى كۆ-تۈردى . نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلەپ ، بوغدىيەكلىرى لىكىلداپ ، خىرقىراپ قالدى . بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن قاسىم ئاكىدىكى بايىقى ھالەت يوقاپ ئەلقۇدلاردىن سورىدى :


— خۇشتار ئوقۇمايدىكەن دېگەن گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭلار ؟ ئۇ مەكتەپكە بېرىۋاتىدىغۇ ، — قاسىم ئاكا خۇشتارنىڭ ئاپىسى ئايخان ھەدىگە ۋارقىرىدى ، — خۇشتار مەكتەپكە بارمايۋاتامدۇ ؟ سىلەر مېنى ئالدىغان ئوخشىماسىلەر ؟ ! — قاسىم ئاكا گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى .


ئايخان ھەدە خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى .

خۇشتار ياخشى ئوقۇيتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەسىم سىزىش ، خۇشخەت يېزىشتا ئۆزگىچىلىكى بار . غالىب مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى ماختايتتى . خۇشتار بالىلارنى ئالدىغا ئول-تۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئوخشاش قىلىپ سىزالايتتى . قاسىم ئاكىمۇ خۇشتاردىن پەخىرلىنەتتى . خۇشتار بەزى چاغدا «دادا ، رەسىمىڭىزنى سىزاي ، ئولتۇرۇپ بەر» دېسە خۇشتار ئۈچۈن بىرنەچچە سائەت ئولتۇرۇپ بېرەتتى . ئۇ خۇشتارنى ياخشى ئوقۇتۇپ رەسسام قىلىمەن دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈر-مەيتتى . بىرنەچچە يىلدىن بېرى قاسىم ئاكا ئاغرىقچان بولۇپ ، ئاجىزلاپ كەتتى . بۇلتۇر كۆزدىن باشلاپ ، پەقەتلا ئېتىزغا چىقالمى-دى . ئېتىز - ئېرىقنىڭ ، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى ئايخان ھەدىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى . خۇشتار مەكتەپتىن قايتقان بوش ۋاقىتلىرىدا ئاپىسىغا ياردەملىشىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا يېتىش-مەيۋاتاتتى . ئۇ ئاپىسىنى قايىل قىلىپ يېڭى مەۋسۇم باشلانغان ئون نەچچە كۈندىن بېرى مەكتەپكە بارمىغانىدى . غالىب مۇئەللىم خۇشتار ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن نەچچە قېتىم پاراڭلىشىپ ، خۇش-

تارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ خۇشتارنى قايىل قىلالمىغانىدى .
ئايخان ھەدە يىغلاپ باشقا گەپ قىلمىدى . خۇشتار يەرگە قارد- غىنىچە تىرنىقىنى تاتىلىدى . ئۇلارنى ئوڭايسىزلىقتىن ئەل- قۇد قۇتۇلدۇردى .
— قاسىم ئاكا ، خاپا بولمىسىلا ، خۇشتار ئەتىلا مەكتەپكە بارىدۇ ، ئايخان ھەدەمدىمۇ گۇناھ يوق ، خۇشتار ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىمەن دەپ مەكتەپكە بارمىغىلى 10 نەچچە كۈن بولدى . مەن ئارىلىقتىكى دەرسنى تولۇقلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىمەن ، — ئەلقۇد شۇنداق دەپلا يانچۇقىدىن بالىلار ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلغان 500 يۈەنگە يېقىن پۇلنى ئالدى - دە ، ئۇنىڭغا بوۋىسى ھەسەن مۇدىر بەرگەن پۇلنى قوشۇپ ، قاسىم ئاكىنىڭ ئالدىغا قويدى .
— ماۋۇ بىزنىڭ سىلىنى يوقلىغىنىمىز ، بۇ خۇشتارنىڭ سا- ۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلى ، سىلى ئوبدان داۋالىنىپ خاتىرجەم ئارام ئالسىلا ، بۇنىڭدىن كېيىن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار خۇشتارنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقىنى تەڭ ھەل قىلىمىز ، — ئەلقۇدنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى . ئايخان ھەدىمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئېسەدەپ يىغلىدى . خۇشتارمۇ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى .
— رەھمەت بالىلىرىم ، رەھمەت ، ئىنساپ ، پەزىلىتىڭلارغا رەھمەت ، سىلەر خۇشتارنىڭ ھەقىقىي دوستلىرى ئىكەنسىلەر ، — قاسىم ئاكا ئەلقۇد ۋە باشقا بالىلارنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلىدى .
ئايخان ھەدە بىردەمدىلا ئەلقۇدلار ئۈچۈن داستىخان راسلىدى . خۇشتارمۇ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىدىن خۇشال بولدى .
— تۈنۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى . بالىلار بىلەن بىزنىڭ ئۆيدە كۆڭۈل ئېچىپ ئوينىغاندۇق ، سەن يوق بولۇپ قالدىڭ ، بۈگۈن سەن بىلەن بىردەم كۆڭۈل ئاچايلى ، — ئەلقۇد ئۆينىڭ تۆرىدىكى تامغا ئېسىپ قويۇلغان دۇتارنى ئېلىپ شوخ بىر پەدىگە چالدى . بالىلار بىر - بىرىنى تارتىپ ، ئىتتىرىشىپ ئۇس- سۇلغا چۈشتى . بالىلارنىڭ كۆڭلىدىكى خاتىرجەمسىزلىك تۈگەپ ، خۇشال كەيپىيات ئىگىلىدى . خۇشتارنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈ-

رۇپ ، بىلال بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدى . ئۇسسۇلدىن كېيىن ھەربىر بالا بىردىن يۇمۇر سۆزلىدى . يۇمۇرنى يەنە ئەلقۇد باشلاپ بەردى .
— بىر كۈنى بىر بالا ئاكىسىغا مۇنداق دەپتۇ :
— ئاكا ، قۇياش بەك قورقۇنچاقكەن جۇمۇ .
ئاكىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :
— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟
— ئۇ قورقۇنچاق بولمىسا كېچىسى نېمىشقا تالاغا چىقالمايدۇ ؟ — باللار پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى ھەمدە ئەلقۇدنى يەنە بىر يۇمۇر سۆزلەپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى . شۇڭا ، ئەلقۇد يەنە يۇمۇر سۆزلىدى .
— بىر كۈنى بىر بالىغا دادىسى بىر ھېسابنى ئىشلىتىپتۇ .
— بالام ، ماۋۇ ھېسابنى ئىشلىيەلىسەڭ مەن سېنى پۇل بىلەن مۇكاپاتلايمەن .
بالا پۇلغا قىزىقىپ ھېسابنى بىردەمدىلا ئىشلەپ بوپتۇ .
— ئىشلەپ بولدۇم نەتىجىسى 5 چىقىدىكەن .
— مە ماۋۇ ، بەش موچەننى كەمپۈت ئېلىپ يە ، — پۇلنى ئاز كۆرگەن بالا دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ :
— دادا ، ئەمدى نەتىجىسى 100 چىقىدىغان ھېسابتىن بىرنى ئىشلىتىڭە ، — باللار يەنە پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
ئەلقۇدنىڭ يۇمۇرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ قالغان بىلال باشقىلارنىڭ تەكلىپىنىمۇ كۈتمەي يۇمۇر سۆزلىدى :
بىر كۈنى كەچتە ئۈچ ياشلىق ئۇكام ئاپامغا ۋارقىراپ كەتتى .
— ئاپا ، دېرىزىنى تېز ئېتىۋېتىڭ .
ئاپام ئۇنىڭغا :
— نېمە بولدى ، ھاۋا سوغۇق ئەمەسقۇ ، دېسە ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر !
— دېرىزىنى ئېتىۋالمىساق قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىۋالىدۇ . . .
ئەلقۇدلار خۇشتارنىڭ ئۆيىدىن خېلى كەچ قايتتى . خۇشتار بۈگۈن ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپ ، تاتلىق چۈشلەرنى كۆردى .





# 42 . نورۇز سەيلىسى

ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىردىن نورۇز بايرىمى ھەققىدە مۇنۇلارنى ئاڭلىغانىدى :

باھارنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملاردىن بىرى نورۇز بايرىمى بولۇپ ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تاتار ، تاجىك قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلىرىگە ئورتاق بولغان بايرام . «نورۇز» ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ «تۇنجى باھار كۈنى» ، «يېڭى يىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . نورۇز بايرىمى مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باھارنىڭ 1 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ . نورۇز بايرىمى ئەسلىي يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە . . . ئەلقۇدقا بوۋىسى نورۇز بايرىمى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ ، ھازىرچە پەقەت شۇلارنىلا ئەسلىيەلىدى .

ئەلقۇد چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ، بوينىدىكى تۇمارىغا قاراپ قويدى . ئۇنىڭ بۈگۈنكى نورۇز بايرىمىنى مۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بىلال ، زىلالنى تېپىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى .

— بالىلار ، بۈگۈن نورۇز بايرىمى ، بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزسەك بولار ؟

— لەگلەك ياساپ ئوينىساقمۇ بولىدۇ ، بىراق ، لەگلەكنى باشقا كۈنلىرى ياسىۋالساقمۇ بولىدۇ .

— مېنىڭچە بۈگۈن نورۇز بايرىمى ئەڭ قىزىۋاتقان بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى ، — ئەلقۇدنىڭ بۇ تەكلىپى بىلال بىلەن

زىلالنى خۇشال قىلىۋەتتى .

— بولىدۇ ، بىز تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئانا يۇرتىمىزدىكى نورۇز بايرىمى ئەڭ قىزىۋاتقان يەرگە بېرىپ قانغۇدەك ئوينىاپ كېلەيلى .

— بولىدۇ ، ئۇنداق بولسا يولغا چىقايلى ، — ئەلقۇدنىڭ گېپىدىن كېيىن بىلال بىلەن زىلال ئۇنى قۇچاقلىدى .

— تۇمارىم ، بىزنى نورۇز بايرىمى ئەڭ قىزىغان يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭ ! — ئەلقۇدنىڭ بۇ خىتابىدىن كېيىن ، ئەلقۇدلار ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك ، غۇيۇلداپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى . ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئۇلار پەسلەشكە باشلىدى . . .

ئەلقۇدلار يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە نۇرغۇن ئادەم يىغىلغان قاينام ـ تاشقىنلىق ، بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن جايغا چۈشتى .

ئادەملەر توپلاشقان بۇ يەردە نەچچە 10 ئادەمنىڭمۇ غولىچى يەتمىگۇدەك بىر ياغاچ دەرىخى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئەلقۇدلار بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى بىلەلمىدى . ياغاچ دەرىخىنىڭ شەرقىي تەرىپى كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىقلار ئىدى . ھېلىقى يوغان دەرەخكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا دەرەخلەرگە نۇرغۇن قۇشلار قونۇۋالغانىدى . ئاسماندا قارلىغاچلار باھارنىڭ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسلەيتتى . كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاپئاق ساقاللىق ، چىرايىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان كۆلگۈنچەك بوۋاي نورۇزنامە ئوقۇماقتا :

ئېتىرا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق ،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق ،
شاتاۋادا تون كىيىپ ، جوۋا ، تۇماقنى تاشلىدۇق ،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ ، نەغمە ـ ناۋانى باشلىدۇق ،
ئات مىنىپ ، ئوغلاق تارتىپ ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر بۇگۈن .

كەلدى نورۇز يىل باشى ، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى ،
ئەل ـ جامائەت كۆلىدۇ بۇگۈن باھارلىق كۈلگىنى .

گۈللەر قىسۇر ، قىز ـ ئوغۇل ئەگرى قويار بۆركىنى ،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر ، ئاچۇر كۆڭۈل مۈلكىنى ،
قايغۇ ـ مەھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۈر بۈگۈن .

ئەلقۇدلار ئويۇننىڭ كۆپلۈكىدىن ئالدى بىلەن قايسى ئويۇننى كۆرۈشنى بىلەلمەي قالدى . ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ ، دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەلدى . بۇ يەرگە بىر توپ ئەلنەغمىچىلەر يىغىلغان بولۇپ ، جۇشقۇن كەيپىياتتا كۈي ـ نەغمىلىرىنى ياڭرىتىۋاتاتتى .

40 ياشلارغا كىرگەن بىر بەستلىك ئادەم راك مۇقەددىمىسىنى ياڭراتماقتا . ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق ، جۇشقۇن بولۇپ ، جەڭگىۋار قوشۇننىڭ زەپەر سىگنالىدەك زېمىننى تىترىتىپ ، يىراق ـ يىراقلارغا تارىماقتا ئىدى . ئەلقۇدلار ئۇچۇن بۇ ياڭراق ناۋا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى . ئۇلار مۇقام نەغمىلىرىگە كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەي قالدى .

ئەلقۇدلار بۇ يەردە بىر ـ بىرىدىن قىزىقارلىق ئويۇنلارنى كۆرۈپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى . كىشىلەرنىڭ يوغان بىر داش قازاننىڭ ئەتراپىدا تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورسىقى ئاچقاندەك بولدى .

كىشىلەر نورۇز ئېشى ئىچىۋاتاتتى . ئەلقۇدلارمۇ نورۇز ئېشى ئىچتى . نورۇز ئېشى ئۇلارغا بەك تېتىپ كەتتى . ئەلقۇدلارنى خۇشال قىلغىنى بۇ يەردىكىلەر ئەلقۇدلارنى نەدىن كەلدىڭلار ؟ سىلەر كىم بولىسىلەر ؟ دەپ سورىمىدى . ھەممىلا ئادەم ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى . ئەلقۇد نورۇز ئېشىنى ئىچكەچ بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ نورۇز ئېشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى .

— نورۇز مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ ، ئالاھىدە تەييارلىنىدىغان ئاش نورۇز ئېشى دەپ ئاتىلىدۇ ، نورۇز ئېشى ئەنئەنە بويىچە يەتتە ياكى توققۇز خىل ئۇرۇقتىن تەييارلىنىدىغان كۆجە بولۇپ ، بۇغداي ، ئارپا ، گۇرۇچ ، تېرىق ،

گۆش ، سۈت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ . بەزىدە گۆش ئورنىغا كاللا - پاقالچاق ۋە قوي - كالىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئىشلىتىدۇ . نورۇز مۇراسىمىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ .

ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بىر توپ ئاتلىقلار يېتىپ كەلدى . ئات مىنىۋالغانلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا ياشلىق ، ياش ھەمدە ئەلقۇدلار بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللارمۇ بار ئىدى . ئاتلىقلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپچىلىك چۇقان سېلىشقا باشلىدى .

— كۆپچىلىك ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، ھازىر ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ . تېز كېلىپ ئات بەيگىسى كۆرۈڭلار ! — نورۇز شادلىقىغا چۆمگەن كىشىلەر ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيداننىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى .

ئەلقۇدنىڭ تاغىسى ئۇنىڭغا ئات مىنىشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى . ئەلقۇد بەزىدە ئات مىنىپ چېپىش دۇنيادىكى ئەڭ ھۇزۇرلۇق ئىشلارنىڭ بىرى دەپ ئويلايتتى . ھازىرمۇ ئاتلىقلارنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدى . ئات بەيگىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تېپىچەكلەپ كەتتى . ئۇ بۇرۇنمۇ ئەكرەم تاغىسىنىڭ ئېتىغا مىنىپ مەھەللىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتناشقانىدى .

ئات بەيگىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئادەم ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى .

— بۈگۈنكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىدىغانلارغا ھېچقانداق شەرت قويۇلمايدۇ ، ئېتى بار ، ئات بەيگىسىگە قاتنىشالايدىغانلار ئىختىيارىي قاتناشسا بولىدۇ ، — ئاتلىقلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى . ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدان 500 مو ئەتراپىدىكى بىر ئېتىزلىق بولۇپ ، ئېتىزلىقنىڭ تۆت ئەتراپى ئات بەيگىسى كۆرىدىغانلار بىلەن توشۇپ كەتتى . كىشىلەر تېخى باشلانمىغان ئات بەيگىسى ئۈچۈن چۇقان سېلىۋاتاتتى . ئەلقۇد تاقىلداپ تۇرالماي قالدى .

— ئىسست ، مېنىڭمۇ ئېتىم بولغان بولسا ئات بەيگىسىگە قاتناشقان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ! — ئەلقۇد بۇ

گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى.
تۇمارمۇ خېلىدىن بېرى ئەلقۇدتىكى ئىنتىزارلىقنى بىلگەچكە، ئەل-
قۇدنىڭ ئالدىدا ئېگەر - جابدۇقلىرى زىننەتلىك، كۆزلىرى نۇر-
لۇق، بېشى ۋە قۇلىقى كىچىك، پۇتلىرى ئۇزۇن بىر چىلانتورۇقنى
پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆزىنى چىلانتورۇقنىڭ ئۇستىدە كۆردى. ئات
ئۇچقاندەك چېپىپ ئاتلىقلار ئارىسىغا قوشۇلدى. بىلال بىلەن زىلال-
مۇ ئەلقۇد ئاتنى نەدىن تاپقاندۇ دەپ بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ
قاراشتى. ئۇلار ئۇچۇن بۇمۇ بىر خۇشاللىق بولدى. ئات بەيگىسى
تېخىمۇ قىزىقارلىق، مەنىلىك تۇيۇلىدىغان بولدى. چۈنكى، ئۆز
يېقىنلىرىڭ قاتناشقان مۇسابىقە سەن ئۇچۇن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك
تۇيۇلىدۇ. بۇنداق مۇسابىقىدە سەن قايسى تەرەپكە يان بېسىشنى،
كىم ئۇچۇن چۇقان سېلىشنى ئوبدان بىلىسەن، مۇسابىقىگە خۇددى
ئۆزۈڭ قاتنىشىۋاتقاندەك جىددىيلىشىسەن، تىركىشىپ تۇرالماي
قالىسەن.

بۇ ئات بەيگىسىدە بەيگە قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلىغان ئا-
ساستا مەيداننى بەش قېتىم ئايلىنىپ، پەللىگە ئەڭ بۇرۇن كەلگەن
ئون ئادەم ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە قاراپ مۇكاپاتلانماقچى ئىدى.
ئات بەيگىسىگە قاتناشقۇچىلار بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىش ئۇچۇن قى-
شىچە تەييارلىق قىلىغانىدى.

ئات بەيگىسى باشلاندى. قىشچە بوغۇزدا بېقىلىپ پارقىراپ
كەتكەن ئاتلار زىرىكىپ قالغاندەك پەللىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىق-
تى. ئەلقۇدنىڭ چىلانتورۇقىمۇ ئاتلار ئارىسىدا كەلكۈندە قۇترىغان
دەريانىڭ دولقۇنلىرىدەك ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئات بەيگىسىگە چۈش-
كەنلەردىن كۆرە بەيگە كۆرۈۋاتقانلار بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.
ئۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. بىلال
بىلەن زىلالمۇ ئېتىز بېشىغا چىقىۋېلىپ، ئەلقۇدقا ۋارقىراپ مەدەت
بەرمەكتە ئىدى.

— بوش كەلمە ئەلقۇد!

— تېز چاپقىن ئەلقۇد!

بىراق، بىلال بىلەن زىلالنىڭ چۇقانلىرى نورۇز ئەھلىنىڭ

ھۆررالىرى ئارىسىدا ئاڭلانماي قالدى . مەيداننى ئىككى قېتىم ئاي-لىنىپ بولغۇچە بەيگىچىلەر بىر توپ بولۇپ بىر ـ بىرىگە بوي بەرمەي چېپىشتى . 3 ـ ئايلىنىشىقا كەلگەندە بەيگىچىلەر ئىلى-گىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئۈچ توپقا بۆلۈندى . ئەلقۇد ئىككىنچى توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى . بۇنى كۆرگەن بىلال بىلەن زىلال جىددىيلىشىپ قالدى .

— ئەلقۇد ، ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىۋالغىن ، تېز بولغىن ! — ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئېتىنى بارغانسېرى تېز چاپتۇرۇشقا باشلىدى . ئەلقۇد كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئالدىدىكى توپقا قوشۇلدى . ئۇ ئەمدى ئۈچىنچى بولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى چەۋەنداز باشقىلارنى كەينىدە تاشلاپ قويغىلى خېلى بولغانىدى . ئۇ ئىككىسى بىردەم بىرى ئېشىپ كەتسە ، بىردەم يەنە بىرى ئېشىپ كېتىپ توختىماي چاپماقتا ئىدى . ئەلقۇدنىڭ يېتىشىۋالغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن بىر خەۋپ بولدى . ئۇلار قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنى يەنىمۇ تېز چاپتۇردى . ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئاغزىدىن ئاپئاق مازغاپلارنى چاچرى-تىپ كۈچەپ چېپىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەلقۇد ئۇلار بىلەن تەپمۇتەڭ كېتىۋاتاتتى . ئەلقۇد ئۇ ئىككىسىنى كەينىگە تاشلاپ ئالدىغا ئۆتتى . ئاتمۇ 5 ـ ئايلانمىغا ئۆتۈپ بولغانىدى . ئەمدى بارلىق تاماشىبىنلار ئەلقۇدقا مەدەت بەرمەكتە ئىدى . بولۇپمۇ بۇ يەرگە ئات بەيگىسى كۆرگىلى كەلگەن باللار ئەلقۇدنى خۇددى ئۆز كوماندىسىنىڭ ئەزا-سىدەك كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى . ئاخىر ئەلقۇد پەللىگە بىرىن-چى بولۇپ يېتىپ كەلدى . كۆپچىلىك ئەلقۇدقا تەنتەنە قىلىشتى . بىلال بىلەن زىلال خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى . ئۇلار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەلقۇدنى قۇچاقلىماقچى بولسىمۇ ، باشقىلار ئەلقۇدنى كۆتۈرۈۋالغاچقا ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلەلمىدى . ئات بەيگىسى-نى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار ئەلقۇدنىڭ ئېتى بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا قىزىل تاۋار ئارتىپ ئالاھىدە تەنتەنە قىلىشتى .

ئەلقۇدلار بۇ يەردە يەنە مەدداھلاردىن ، قىسسە ، داستانچىلاردىن ھېكايىلەر ئاڭلىدى . قوچقار ۋە خوراز سوقۇشتۇرۇش ، ئوغلاق

تارتىشىش ، دارۋازلىق قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆردى .
ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللارنىڭ گۈللۈك تاختىلارغا يېزىلغان «نورۇزنامە»لەرنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇلار نورۇز سەيلىسى جەريانىدا بۇ يەرنىڭ ئاتۇش ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇلار بۇ يەردە نورۇز ئەھلى بىلەن بىللە سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردا خارابىسى قاتارلىقلارنى سەيلە قىلدى .
ئەلقۇد ئاتۇشنىڭ ئەنجۈر ، ئۈزۈم ماكانى ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى . بىراق ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقتى باھار پەسلى بولغاچقا ، ئەنجۈر ، ئۈزۈمگە ئېغىز تېگەلمىدى . ئۇلار بۇ قەدىمىي تاشلىق ماكانىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن بۇ يەرنىڭ يازدىكى گۈزەل قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولدى .
ئەلقۇدنىڭ بوۋىسى ھەسەن مۇدىر ئەلقۇدقا مۇنداق دېگەنىدى : «ئاتۇش خەلقى تىرىشچان ، مەرىپەتپەرۋەر ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشنى مۇقەددەس ئىش دەپ بىلىدۇ ، قەيەردە ئولتۇراقلىشىشتىن قەتئىينەزەر ئىزدىشىپ ، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتىدۇ . جاپا - مۇشەق- قەتتىن زارلانمايدۇ . ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ۋە جاسارىتىگە تايىنىپ بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا ماھىر .
ئۇلار تىجارەت ۋە سودا - سېتىققا كامىللىقى ، سۆزدە مۇلايىم ۋە چېۋەرلىكى ، ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى ، كەمتەرلىكى ۋە سىڭىش- چانلىقى ، ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن تونۇلغان .»
ئەلقۇدلار بۇ يەردە 70 ياشقا كىرىپ قالغان بوۋايلارنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندى . ئەلقۇدلار ئۈچۈن بۈگۈنكى نورۇز سەيلىسى ئۇنتۇلماس سەيلە بولدى .

# 43 . سۇغا چۆمۈلۈش

هايت ـ هۇيت دېگۈچە يەنە بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى . بىرەر ئايدىن بېرى ئەلقۇدلار ئىمتىھان بىلەن بولۇپ كېتىپ بىر يەرگە بېرىشنىمۇ ئويلاشمىدى . تۇمارمۇ ئەلقۇدقا «تەتىلگە قويۇپ بەرگۈچە بىر يەرگە بارىمەن دېسەڭلار ياردەم قىلمايمەن» دېگەندى . ئەلقۇدلار ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىش بىلەن بىللە مەھەللىدىكى تۈرلۈك ئويۇن ـ تاماشىلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى .

غالىب مۇئەللىم ئەلقۇدلارغا :

— ئويۇن ئويناش ، ئويۇنغا ئامراق بولۇش بالىلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ، ئويۇننى قانداق ئويناش ، قانداق ئويۇن ئويناش ناھايىتى مۇھىم . ئويۇن ئويناشنىلا بىلىپ باشقا ئىشلارنى قىلمايدىغان ، دەرس ئۆگەنمەيدىغان بالىلار يارامسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ ، — دېگەندى . شۇڭا ، ئەلقۇد ئىمتىھان ۋاقتىدىمۇ ئويۇن ئويناپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى .

ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى 4 ـ توسمىغا بېرىپ سۇغا چۈشمەكچى بولدى . 4 ـ توسما باشقا توسمىلارغا قارىغاندا چوڭراق بولۇپ ، چوڭقۇر ۋە كەڭرى ئىدى . ئۆستەڭگە سۇ ئاز كەلگەن چاغلاردىمۇ بۇ توسمىنىڭ سۈيى مەۋج ئۇرۇپ ، قايناپ تۇراتتى . 4 ـ توسما ياز كېلىش بىلەنلا بالىلار سۇغا چۈشۈپ ئوينايدىغان ئەڭ ئاۋات يەرگە ئايلىنىپ قالاتتى . بۈگۈن ئۆستەڭدە سۇ خېلىلا كۆپ ئىدى . توسمىدا ئەمەس ، ئۆستەڭنىڭ ئادەتتىكى يەرلىرىدىكى سۇمۇ خۇددى ھازىرلا تېشىپ كېتىدىغاندەك چاپچىپ تۇراتتى . ئەلقۇدلار 4 ـ توسمىغا كەلگەندە توسمىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغان بالىلار خېلىلا كۆپ ئىدى . 4 ـ توسمىنىڭ سۈيى كۆپ بولغاچقا ، ئۇنىڭ شاۋقۇنى ماتورنىڭ ئاۋازىدەك ياڭراپ ، بۇ يەردىكى ھەممە ئاۋازنى بېسىپ كەتكەندى .

توسمىنىڭ قاينام ، دولقۇنلىرى خۇددى تېپىرلاپ تۇرالمايۋاتقان تو-سۇن ئاتلارنى ئەسلىتەتتى . توسما بويىغا ئەلقۇدلاردىن بۇرۇن كەل-گەن باللار يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان بىلەن بىرەرسىمۇ توسمىغا چۈشەلمىگەنىدى . ئەلقۇدلار يېتىپ كېلىش بىلەن باللار ئەلقۇدقا قاراشتى . باللارنىڭ قارىشىدىن ئەلقۇد سەل ئەيمىنىپ قالدى .

— نېمە بولدۇڭلار ؟ ھەممىڭلار ماڭا قارايسىلەرغۇ ؟ — ئەلقۇد كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان باللاردىن سورىدى .

— بۈگۈن توسمىنىڭ سۈيى بەك كۆپكەن ، بۇلار سۇغا چۈشەل-مەيۋاتىدۇ ، ھازىر تېخى گېپىڭنى قىلىشىۋاتقانىدۇق . بىز ئەلقۇدتىن باشقىلار چۈشەلمەيدۇ ، دېگەنىدۇق ، — باللاردىن بىرى ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى . ۋارقىراپ سۆزلىمىسە توسمىنىڭ شاۋقۇنى گەپنى ئاڭلاتمايتتى . ئەلقۇد ھېلىقى باللىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەغ-رۇرانە كۈلۈمسىرىدى . ئەلقۇدنىڭ بەزى چاغلاردا ماختاپ قويسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئادىتى بار ئىدى . ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا توسما بويىغا كەلدى . ئەلقۇد باللارنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي توسمىغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولدى . بالدۇر كەلگەن باللارنىڭ ئارىسىدا ئەنزەرمۇ بار ئىدى . ئۇ ئەلقۇدنىڭ ئالدىنى توستى :

— ئەلقۇد ، سۇغا ئالدىراپ چۈشمە ، بۈگۈن ئۆستەڭنىڭ سۈيى بەك كۆپ ، بىلەمسەن ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى شۆھرەتنىڭ ئاكىسى بۇ يەردە . . . — ئەنزەرنىڭ بۇ گېپى ئەلقۇدنى سەگەكلەشتۈردى .

راست ، بۈگۈن توسمىنىڭ سۈيى ھەرقانداق چاغدىكىدىن كۆپ تۇرامدۇ - نېمە ؟ ئەلقۇد 4 - توسمىنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىدۇ ، ئۇ بەزىدە ئادەمنى تۇتۇۋالسا ، بەزىدە يۆگەپ ئەكىرىپ كېتىپ ئاۋارە قىلىدۇ . سۇ ئۈزۈشنى ئوبدان بىلمىگەن باللارنى ئۇ تېخىمۇ بوزەك قىلىدۇ . 4 - توسمىغا چۈشمەكچى بولغانلار سۇ ئۈزۈشتىن باشقا توسمىنىڭ قۇتراپ تۇرغان قاينام ، دولقۇنلىرى بىلەن ماسلىشىشنى ئۆگىنىشى كېرەك . ئەلقۇد ئۆزىنى بۇ جەھەتتە خېلى كارامىتىم بار دەپ ئويلايتتى . بۈگۈن توسمىنىڭ پەيلى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى . توسمىدىكى سۇ تۇرۇپ قىرغاققا ھەيۋەت بىلەن ئۇرۇلسا ، تۇرۇپ

سەكرەۋاتقاندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى . تۇرۇپلا خۇددى قۇيۇندەك شىددەت بىلەن پىرقىرىسا ، يەنە تۇرۇپلا كەينىگە ياناتتى . شۇڭا ، ئەلقۇدمۇ ئازراق قورقۇپ قالدى .

— ئەلقۇد ، چۇشمە ، بۇگۇن توسمىنىڭ پەيلى يامانراق تۇرىدۇ ، بولدى ، بۇگۇنچە ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۇشسەكمۇ بولىدىغۇ ، — ئەنزەر سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلىدى .

— ئۆزۈڭ چۇشەلمىگەندىن كېيىن خەقنى توسما ، ئەلقۇد دېگەن بۇنىڭدىن جىق سۇ كەلگەندىمۇ چۇشكەن . قاراپ تۇر ـ هە ! بىزنىڭ ئەلقۇد هازىر هەرقايسىڭغا 4 ـ توسمىدا قانداق ئۆزۈشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ ، — بىلال توسمىنىڭ شاۋقۇنىنى بېسىپ چۇشكۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا شۇنداق دېدى .

— شۇ ئەمەسمۇ ، ئۆزى چۇشەلمىگەندىكىن خەقكە نەسىهەت قىلىمەن دېمەي جىم ئولتۇرسا بولىدۇ ، — زىلالمۇ غودۇڭشىدى . ئەلقۇد ئاخىر توسمىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئەلقۇد قايناملار ئارىسىدا غايىب بولۇپ ، نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن يەنە پەيدا بولدى . باللار ئەلقۇدقا بارىكاللا ئوقۇشۇپ چۇرقىرىشىپ كەتتى . ئەلقۇد باللارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۇچۇن توسمىنىڭ قايناملىرىغا خۇددى شوخ پىنگۋىندەك شۇڭغۇماقتا . ئۇ ، قايىنام ، دولقۇنلارنىڭ تەبىئىي رىتىمىغا ماسلىشىپ بەكمۇ چىرايلىق هەرىكەت قىلاتتى . كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ ، پىرقىراپ موللاق ئاتقىنىچە يەنە قايناملار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى . بۇ يەرگە توپلانغان باللارنىڭ بىلال بىلەن زىلالدىن باشقىسى ، باشقا مەهەللىنىڭ باللىرى ئىدى . بىلال بىلەن زىلال مەغرۇرلىنىپ ۋارقىرايتتى :

— ئەلقۇد ، يارايسەن ، ساڭا هېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ ، قانداقكەن ، بىزنىڭ مەهەللە هەرقانداق ئىشتا بىرىنچى ، — بىلال بىلەن زىلالنىڭ يەنە كونا كېسىلى قوزغىلىپ مەهەللىۋازلىق قىلغۇسى كېلىۋاتاتتى . ئەنزەر بىلال بىلەن زىلالنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئەلقۇدتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئەلقۇد قايناملار ئارىسىدا ئويۇن كۆرسەتمەكتە ئىدى . ئەنزەرنىڭ كۆزىگە توسمىدىكى سۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئەمەلىيەتتىمۇ سۇ بار-

غانسىرى كۆپىيىۋاتاتتى . توسمىنىڭ سۇيى تېخىمۇ قۇتراپ ، كۆۋرى-گىلى تۇردى . ئەنزەر ئەنسىرەپ ئەلقۇدقا ۋارقىرىدى :

— ئەلقۇد ، ئۆستەڭنىڭ سۇيى كۆپىيىۋېتىپتۇ ، تېز چىقىۋال-غىن ! — باشقا بالىلارمۇ ۋارقىرىدى :

— راست ، سۇ كۆپىيىۋاتىدۇ ، تېز چىقىۋالغىن ! — بىراق ، بىلال بىلەن زىلالنىڭ ئاچچىقى كەلدى . ئۇلار ئەلقۇدنى كۆرەلمەي شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى .

— ئەلقۇد ، ئۇلار دەۋېرىدۇ ، ئۆزۈڭنى تازا بىر كۆرسىتىپ قوي ، ئۇلار بىزنىڭ مەھەللىنىڭ بالىلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ قويسۇن ! — بىلال بىلەن زىلال توۋلاۋاتاتتى . ئەلقۇد ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايتتى . سۇنىڭ كۈچلۈك شاۋقۇنى بالىلارنىڭ ئاۋا-زىنى بېسىپ كەتكەندىن باشقا ، قاينام ئەلقۇدنى تۇتۇۋالغانىدى . ئەمدى توسمىدىن چىقىمەن دېمۇ چىققىلى بولمايتتى . قاينامنىڭ پىرقىرىشى بىلەن تەڭ پىرقىراشقا توغرا كېلەتتى . ئەلقۇد چاندۇر-ماي يەنە بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن ، توسمىدىن چىقىپ كېتىشكە نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ چىقالمىدى . ئۇ قاينامنىڭ ئېقىشى-غا قويۇپ بەرسىلا ئۆزىنى توسمىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تېيىز ئۆس-تەڭ ئېقىنىدا كۆرەتتى . بىراق ، بۈگۈن قاينام ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، توسما ئىچىدە پىرقىراتماقتا ئىدى . ئۇ قاينامغا قارشى غۇلاچ تاشلاپ باقتى . شۇ چاغدا كۈچلۈك بىر دولقۇن ئۇنى سۇ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ تىزى سۇ ئاستىدىكى تاشقا قاتتىق تېگىپ كەتتى . ئەلقۇدنىڭ تىزىدىن كىرگەن ئاغرىق مېڭىسىگە چىقتى . شۇنداقتىمۇ چىداپ تۇرۇپ ، مىڭ بىر جاپادا قاينامدىن قۇتۇلۇپ ، توسمىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئۆستەڭگە چىقىپ قالدى . توسما چوڭ-قۇر بولغان بىلەن كېڭىيىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى . چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەلقۇد ئۆستەڭدىن چىقماق-چى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدى . ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلدى . خې-لىدىن بېرى ئەلقۇدقا دىققەت قىلىپ تۇرغان ئەنزەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەلقۇدنى ئۆستەڭدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقتى .

— بۈگۈن قاينام بەك يامانكەن ، بايا مېنى قاينام تۇتۇۋېلىپ ،

چىقالماي ئاۋارە بولۇپ كەتتىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىمنى تاشقا ئۇرۇۋالدىم ، — بالىلار ئەلقۇدنىڭ مۇشۇ گېپىدىن كېيىنلا ئەلقۇدنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن قان چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەنزەرنىڭ ئەلقۇدقا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن بىلال بىلەن زىلال توسما بويىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەلقۇدنىڭ بېشىغا يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىرىماي كەلدى .

— ماياققا تۇرۇشە ، بىكاردىن ـ بىكار خەقنىڭ بېشىغا كېلىۋالماي ، — بىلال بىلەن زىلال شۇنداق دەپ ئەلقۇدنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، ئەنزەر يېڭى ئاق كۆڭلىكىنى يىرتىپ ، ئەلقۇدنىڭ تىزىنى تېڭىۋاتاتتى . ئەلقۇد ئەنزەرنىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلەنگەندەك جىمىپ كەتتى . ئۇ بالىلارغا مۇنداق دېدى :

— بالىلار ، ئۆستەڭگە سۇ كۆپ كەلگەندە بۇ توسمىغا چۈشمەيلى ، مەن بايا خەتەرگە ئۇچرىغىلى تاس قالدىم ، — ئەلقۇد ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيمەكچى بولغانىدى ، تىزى سىرقىراپ ئاغرىپ ، يەرگە دەسسىيەلمىدى . قارىغاندا تىزىنىڭ زەخمىسى خېلى ئېغىردەك قىلاتتى .

— نېمە بولدى ، دەسسىيەلمەيۋاتامسەن ؟ — ئەنزەر ئەلقۇدتىن سورىدى .

— پۇتۇم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ، — ئەلقۇد جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى . بىلال بىلەن زىلال ئەلقۇدنىڭ ئىشتان ـ مايكىلىرىنى ئەكېلىپ بەردى . ئەلقۇد كىيىملىرىنى كىيىپ ماڭماقچى بولغان بولسىمۇ ، يەرگە دەسسىسىلا پۇتى سىرقىراپ ئاغرىپ چىدىيالمىدى . كىيىملىرىنى كىيىپ بولغان ئەنزەر ئەلقۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ماڭا ھاپاش بول ، — دېدى .

ئەنزەر ئەلقۇدنى ھاپاش قىلىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ تېز ـ تېز مېڭىشقا باشلىدى . . . . . .

ئەلقۇد شۇ ئىشتىن كېيىن مەكتەپكە بارالماي ئىككى كۈن يېتىپ قالدى .

«ئەنزەر ماڭا ئىزچىل ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، مەن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلماپتىمەن . بۇنىڭدىكى سەۋەب

زادى نېمە ؟ » ئەلقۇد ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويۇپ ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ قالدى .

«ئەنزەر باشقا مەھەللىدىن بولغاچقا ئۇنىڭغا يامان كۆزۈم بىلەن قاراپ كەلگەندىمەنمۇ ياكى ئۇ دەرستە ۋە باشقا ئىشلاردا ماڭا يېتىشىدۇ ئالغان ياكى ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا شۇنداق قىلىۋاتامدىمەن ؟ گەرچە ئەنزەر بىلەن بەسلىشىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ، ئۇنى ئالدىمغا ئۆتكۈزمەي كېلىۋاتقان بولساممۇ ، ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قاپتىمەن . راست ئەمەسمۇ ، ئۇ ماڭا سەممىي ، دوستانە مۇئامىلە قىلىپ كەلدى . بىراق مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قىلالىدىممۇ ؟ » ئەلقۇد بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سورىغاندا ئۇزۇنغىچە بىئارام بولدى .

بۇلتۇر ئەنزەرلەر ئەلقۇدلارنىڭ سىنىپىغا يېڭى كەلگەن چاغلار ئىدى . بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئەلقۇدلار ئۆستەڭ بويىدىكى قوناقلىقتا ئىت ئۈزۈم يەۋېتىپ ، ئەنزەرلەرنىڭ 4 ـ توسمىغا سۇغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئەنزەرلەر ئۆستەڭ بويىدىكى قارىياغاچلىق ئارىسىغا كىيىملىرىنى سېلىپ قويۇپ ، خۇشال ـ خۇرام سۇ ئۈزۈپ ئويناۋاتاتتى . بۇنى كۆرگەن بىلال بىلەن زىلالنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى .

— ھەي ئەلقۇد ، — دېدى زىلال ، — بۇ «كۆك تېرەك »لىكلەر بىزنىڭ 4 ـ توسمىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىلى تۇرۇپتىغۇ ، قارا ، ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشۇپ كەتكىنىنى ، بىز ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمايلىمۇ ؟

— 4 ـ توسما يالغۇز بىزنىڭ توسما ئەمەس ، ئۇنىڭغا باشقا مەھەللىنىڭ بالىلىرى كېلىپ چۈشۈپ ئوينىسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، — ئەلقۇد ئويلاشمايلا جاۋاب بەردى .


— نېمە دەيدىغانسەن ؟ — بىلال نۇرغۇن ئىشلاردا ئەلقۇدنى قوللاپ زىلالغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، بۇ ئىشتا ئەلقۇدقا قارشى چىقىپ زىلالنى قوللىدى ، — بىز مۇشۇ 4 ـ توسمىغا چۈشۈپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇلار نەدىكەنتۇق ، مەن ئەنزەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن 4 ـ توسمىغا باشقا مەھەللىنىڭ بالىلىرىنى چۈشۈرمەيمەن دېگىنىنى ئاڭلىدىم ، — بىلالنىڭ ئاخىرقى گېپى قىپقىزىل

يالغانىدى . ئۇ ئەلقۇدنى ئەنزەرگە قارشىلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدى . ئەلقۇدلار ئاشۇنداق مەسلىھەت قىلىشىۋاتقاندا ، ئەنزەرلەر كالتە ئىشتانلىرىنى سىقىپ ئەلقۇدلار ئىت ئۈزۈم يەۋاتقان قوناقلىق-نىڭ يېنىدىكى قورايغا يېيىپ قويۇپ ، ئۆزلىرى ئۆستەڭ بويىدىكى توپىلىق يولدا ئېغىناشقا باشلىدى .

— بالىلار ، — دېدى ئەلقۇد ، — ئۇلارنىڭ كالتە ئىشتانلىرىنى تىقىپ قويايلىمۇ ؟ — ئەلقۇدنىڭ بۇ گېپى بىلال بىلەن زىلالنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى .

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ ، شۇنداق قىلايلى ، — بىلال بىلەن زىلال گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمايلا ئەنزەرلەرنىڭ قورايغا يېيىپ قويغان كالتە ئىشتانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قوناقلىقنىڭ ئىچ-كىرىسىگە تىقىپ قويۇپ كەتكەنىدى . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەنزەرلەر مەكتەپكە كېلەلمىدى . ئۇلار كالتە ئىشتانلىرىنى تاپالمى-غاچقا ، مەكتەپكە كېلەلمىگەنىدى . بۇلارنى ئويلىغاندا ئەلقۇدنىڭ يارىلانغان تىزى تېخىمۇ ئاغرىپ كەتكەندەك بولدى . . .





# 44 . قەشقەردە بىر كۈن

ئەلقۇدلارنى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەردى . ئۇلار مەھەللىدە بىرنەچچە كۈن قانغۇدەك ئوينىغاندىن كېيىن ، يەنە ساياھەتنى باشلىۋەتتى .

ئۇلار ئانا يۇرتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى قەشقەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى . ئەلقۇدلار قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەممە يېرىنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن ئۇچقۇسىنى پەسلىتىپ ئۇچ- قاچقا مەھەللە ، كوچىلاردا ئويناۋاتقان باللار ئەلقۇدلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى . بەزى باللار ئەلقۇدلارغا قول پۇلاڭشىتتى . ئەلقۇد بۇ گۈزەل ، مەرى ئىسسىق ، ئەزىزانە شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇۋېتىپ تۇمارنىڭ تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى .

قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ، تارىم ئويمان- لىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ ، يۇرتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى .

قەشقەر زېمىنى ئانا يۇرتىمىزنىڭ 1/10 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ .

قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي زېمىندا 11 دەريا بار . ئۇ مۇشۇ خاسىيەتلىك ماكاننىڭ ھاياتلىق مەنبەسى . ئۇنىڭ ئىچىدە تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسى خۇددى قوشماق ئاچا - سىڭىللاردەك توختىماي ئۆركەشلىمەكتە .

ئەلقۇدلار ئاشۇ دەريالارنىڭ ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . قارىماققا ئانچە چوڭدەك كۆرۈنمەيدىغان بۇ دەريالار قەيسەرلىك ۋە چىداملىق- نىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولىدەك بۇ زېمىنغا ھاياتلىق شەربىتى ئاتا قىلماقتا ئىدى .

بۇ قەدىمىي شەھەردە ھايات قاينايتتى . نەچچە مىڭ يىللاردىن

بىرى بۇ ئەزىزانە ماكاندا ئۆلمەس بىر ناخشا جاراڭلاپ ، خەلقىمىز-نىڭ ئۆزىگە خاس جاسارىتىنى ئالەمگە نامايان قىلماقتا ئىدى .
ئەلقۇدلار تۇرلۇك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان گۇلباغلار ئۇس-تىدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ، تۇمارنىڭ چۇشەندۇرۇشلىرىگە قۇلاق سالدى .
قەشقەر تارىختا قەشقەرىيە دەپ ئاتالغان . ئۇ پۇتكۇل ئانا يۇرتى-مىزنىڭ سىمۋولى . قەشقەر خەلقى ئەزەلدىن ئەقىل - پاراسەتلىك ، باتۇر ۋە ئەمگەكچى خەلق . ئۇلار دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، يى-پەكچىلىك ، قول ھۇنەر - سەنئەتى بىلەن ئۆز يۇرتىنى گۇزەل ماكانغا ئايلاندۇرغان . قەشقەرنى زىيارەت قىلغان بىر تارىخچى مۇن-داق دەپ يازغانىكەن .
«بۇ يەردە مېۋە - چېۋىلەر ناھايىتى كۆپ ، ئارپا ، بۇغداي ، قوناقنىڭ كۆپلۇكىدىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ ، باغۋەنچى-لىك ئىشلىرى شۇنداق تەرەققىي قىلغانكى ، ئالما ، ئۆرۈك ، ئامۇتلا-ر يوللاردا چېچىلىپ ياتىدۇ . خۇسۇسەن يىپەكچىلىك ئالاھىدە راۋاج تاپقان . سۇيى مول بولۇپ ، سۇ تېگىدە رەڭگارەڭ ئېسىل تاشلار بار ، يەر ئاستىدا بولسا ئالتۇن - كۇمۇشلەر كۆمۈلۈپ ياتىدۇ . ئۇيغۇرلار بۇ تاشلاردىن زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ ساتىدىكەن . . . گەرچە بۇ مىڭ يىل ئاۋۋالقى بىر تارىخچىنىڭ تەسۋىرى بولسىمۇ ، قەشقەر ھەقىقەتەنمۇ مېۋە ماكانى . شېرىن تەملىك قەشقەر مېۋىلىرى ئەتىيازدىن تا كەچكۇزگىچە ئۇزۇلمەي نۆۋەتلىشىپ پىشىپ تۇرىدۇ . بۇ جەھەتتە قەشقەر ھەقىقەتەنمۇ ‹شېكەر قەشقەر› دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ .»
ئەلقۇدلار قەشقەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۇرۇپ نۇرغۇن گۇلباغلار-نى ، قەدىمىيلىككە ۋە زامانىۋىلىققا تولغان مەھەللىلەرنى كۆرمەكتە ئىدى . ئۇلار ئۇچۇپ يۇرۇپ قەشقەرنىڭ گۇزەل مەنزىرىلىرىنى كۆ-رۈۋاتقان بولسىمۇ ، قايسى يەرگە چۇشۇشنى بىلەلمەي ئايلىنىپ يۇرەتتى . تۇمارمۇ سىلەرگە قەشقەرنى تولۇق چۇشەندۇرمىسەم بول-مايدۇ ، دېگەندەك ئەستايىدىللىق بىلەن چۇشەندۇرۇۋاتاتتى . ئەلقۇد تۇمارنىڭ ئاۋازىنى پۇتۇن زېھنى بىلەن ئاڭلىغاچ ، بۇ قەدىمىي دىيار-

نىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن ھۇزۇر ئالماقتا ئىدى .
قەشقەر شەھىرى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئانا يۇرتىمىزنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى بولۇپ كەل-دى . قەشقەردە ئۆزگىچە شەھەر مەدەنىيىتى مىلادىيىدىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پارا-سىتىنى ئەسىرلەردىن بۇيان نامايان قىلىپ كەلدى . بۇ يەردىكى قەدىمىي مەدەنىيىتىمىز ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغى-نى بىناكارلىق سەنئىتى بولۇپ ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىلىرى ئاساسەن مەقبەرە ، مەسچىت قۇرۇلۇشلىرىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋەت ۋە كۆركەملىكى ، ياسى-لىش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ، نە-قىشلىرىنىڭ نەپىس ، گۈزەللىكى بىلەن جاھان ئەھلىنى تاڭ قالدۇ-رۇپ كەلگەن . قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھېيتگاھ مەسچىتى تۇرلۇك ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىپ سەيلە قىلىدىغان ئور-نى بولۇپ ، ئانا يۇرتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتى ھېسابلىنىدۇ . تۇمارنىڭ چۈشەندۈرۈشى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەلقۇدلار نەگە چۈ-شۈشنى بىلگەندەك ، ئۇچقۇسىنىڭ سول قولىقىنى بۇراپ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا چۈشتى . ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدى قايناپ تۇرغان بازار ، رەستىلەرگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئەلقۇدلار بۇنداق چوڭ ، چىرايلىق ، ھەيۋەتلىك مەسچىتنى كۆرۈپ باقمىغاند-دى . ئەلقۇدلارنى ھېيتگاھ مەسچىتى ئۆزىگە رام قىلىۋالغاچقا ، بۇ يەردىكى بازار ، رەستىلەر ئەلقۇدلارنى ئانچە جەلپ قىلالمىدى .
ئەلقۇدلار تەلىيىگە شۇ كۈنىدىكى مەلۇم بىر ساياھەت ئۆمىكى-دىكىلەر بىلەن ھېيتگاھ مەسچىتىنى بىللە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى . ئەلقۇدلار قەدىمىي ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچىگە كىرگەن-دە ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى . ساياھەت يېتەكچىسى ھېيت-گاھ جامەسىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تونۇشتۇرماقتا ئىدى .
ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرىدىن بىرى بولغان ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاش-قان بولۇپ ، تەخمىنەن 600 يىللىق تارىخقا ئىگە . ئۇ تارىخىي

تەرەققىيات جەريانىدا زورىيىپ، كېڭىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ ماڭغان.

ھېيتگاھ جامەسى چوڭ دەرۋازا، مەدرىسە، مەسچىت قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 600 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى ئەلقۇدلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى.

ئەلقۇدلار ھېيتگاھ جامەسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى قايناق بازار، رەستىلەرنى ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى باققال، ئۈششاق تىجارەتچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەر بىلەن ماللىرىنى ماختاپ سېتىشلىرى ئەلقۇدلارنى ھەيران قالدۇردى.

ئەلقۇدلار بۇ بازار، رەستىلەردە «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ساماۋى شەھەرنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەممىلا نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. باققاللار ئاجايىپ ماھارەت بىلەن گۈل چىقىرىپ تىزىپ سېتىۋاتقان ئالما، نەشپۈت، ئامۇت، ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇل، توغاچ، بېھى، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز، چىلگە، خەمەكلەر ئادەمنىڭ ئاغزىغا سۇ كەلتۈرەتتى. ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى ئەنجۈر ۋە ئانار بىلەن مېھمان قىلدى.

ئۇلار بۇ بازاردا يەنە تۇرلۇك رەخت، كىيىم ـ كېچەكلەرنى، تۇماق ۋە دوپپىلارنى، زەرگەرچىلىك، مىسكەرچىلىك، تۆنىكىچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ يارقىن نامايەندىلىرىنى كۆردى. بۇ يەردە ئۇلار يەنە يىپەكچىلىك، مېتالچىلىق، قۇرۇلۇش، فارفور، غىدىر، چالغۇ ئەسۋابلىرى، ياغاچ سايمانلىرى، توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، كۆن ـ خۇرۇمچىلىق كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملارنى كۆردى.

ئەلقۇدلار بىر ـ بىرىدىن ئۆزگىچە بازار، رەستىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. مەخسۇس تاماق سېتىلىدىغان كوچىغا كىرگەندە ئۇلار قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلدى. بۇ كوچىغا ئادەتتە قورسىقى توق ئادەم

كىرىشىمۇ قورسىقى ئاچقاندەك ھېس قىلاتتى. ئەنە خۇش ئاۋازلىق بىر ئۇستام پېتىر مانتا ساتماقتا.

— ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىدە قىلىنغان مانتا، يېگەنلەرگە دەرمان، يېمىگەنلەرگە ئارمان، يېسەڭ تىلىڭ كۆيىدۇ، يېمىسەڭ دىلىڭ، قاراپ بېقىپ يە، سوراپ بېقىپ يە، قولۇڭ كۆيىشىمۇ پۇلۇڭ كۆيمىسۇن، چاينىمايسەن، ئۆزى ئېرىپ كەتمىسە ھېساب ئەمەس، بەشنى يېسەڭ ئوننى يەيسەن، قاراپ قويۇپ كېتىپ قالما، يېمىگۈچە بىلمەيسەن... بىر مانتا، ئىككى مانتا، مانتا ئون مانتا... — ئەلقۇدلار مانتىپەزنىڭ بۇ قىزىقارلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردىن مانتا يېمەي ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى-دە، ئاشخانىغا كىرىپ يېرىم نان بىلەن تۆتتىن مانتا يېدى. مانتا ئۇلارغا ھەقىقەتەنمۇ تېتىپ كەتتى. ئۇلار مانتىنى يەپ بولغاندىن كېيىن شۇ كوچىنى ئالدىرىماي ئارىلىدى.

ئۇلار بۇ يەردىكى قىزىقارلىق ئويۇنلارغا بېرىلىپ كېتىپ كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالغانىدى. قەشقەردە ئۇلار كۆرمىسە بولمايدىغان يەنە نۇرغۇن يەرلەر بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار ھازىرچە قەشقەردىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## 45 . قەشقەرگە قايتا سەپەر

ئەلقۇدلار قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى .

ئەلقۇد بوۋام قەشقەر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىدىكىن ، دەپ سىناپ باقماقچى بولدى . شۇڭا ، ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدى .

— بوۋا ، سەن قەشقەرگە بارغانمۇ ؟

— ياق ، بالام ، ماڭا تېخى قەشقەرگە بېرىش نېسىپ بولمىدى .

— ئەگەر سەن قەشقەرگە بارساڭ ئاۋۋال قەيەرنى كۆرەتتىڭ ؟

— ئاڭلىسام قەشقەردە بىز كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئەزىزانە ماكان ، مەن قەشقەرگە بارغان بولسام ئالدى بىلەن بۈيۈك ئالىملىرىمىز مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغان بولاتتىم ، — ئەلقۇد بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەشقەرگە بېرىپمۇ ، بۇ ئىككى ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى كۆرمەي يېنىپ كەلگەنلىكىدىن پۇشايمان يېدى .

— بوۋا ، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن قامۇسىدا نېمىلەرنى يازغان ؟

ھەسەن مۇدىر ئەلقۇدنىڭ بۇ سوئالىغا قىسقىچە جاۋاب بەردى :

— «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمي لۇغەتلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ ، ئۇ تىلىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان . ئۇنىڭ روھى ۋە ئىرادىسىنى ئەۋلادلار داۋاملاشتۇرالمىدۇق . بىزگە باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ھەقىقەتەن كۆپ ، ھازىر بەزى سۆزلەرنىڭ باشقا تىللاردىن كىرگەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ .

— ئۇنداق بولسا بىز سۆزلەۋاتقان نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر كۆپمۇ ؟
— شۇنداق ، سىنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭدىكىدىنمۇ كۆپ .
— مەسىلەن ، قايسى گەپلەر باشقا تىللاردىن كىرگەن ؟
— سەن خالىغان سۆزنى دەپ باقە ، ئۇنىڭ قايسى تىلدىن كىرگەنلىكىنى دەپ بېرىمەن .
— مەكتەپ .
— ئەرەبچىدىن كىرگەن .
— خەت .
— ئەرەبچىدىن كىرگەن .
— مەملىكەت .
— بۇمۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن .
— نان .
— بۇ پارسچىدىن كىرگەن .
— ئۇنداق بولسا سەن ئېيتىدىغان چۆچەكتىكى دىۋە دېگەن گەپچۇ ؟
— پارسچىدىن كىرگەن .
ئەلقۇد بوۋىسىغا خاپا بولۇپ قالدى .
— بوۋا ، سىز ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە سۆزلەۋاتامدىغانسىز ؟ سىز مەكتەپ ، خەت ، نان دېگەن سۆزلەرنىمۇ باشقا تىلدىن كىرگەن دەيسىزغۇ ، ئۇنداق دېسىڭىز گېپىڭىزگە كىم ئىشىنىدۇ ؟
— بالام ، ئەمەلىيەت شۇنداق ، بەزى سۆزلەر بىزگە شۇنداق سىڭىپ ئۆزلىشىپ كەتكەنكى ، ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ باشقا تىلدىن كىرگەن دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ .
ئەلقۇدنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى .
— ئۇنداق بولسا يەنە بىرنەچچە سۆزنى دەپ باقايمۇ . . .
— مەيلى ، بىراق بەزى سۆزلەرنىڭ قايسى تىلدىن كىرگەنلىكىنى مەنمۇ ئېنىق بىلەلمەسلىكىم مۇمكىن ، — ھەسەن مۇدىر ئەجدادلارغا ۋاكالىتەن خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى .

— مەسىلەن ، — دېدى ئەلقۇد بىرەر مىسال كەلتۈرمەكچى بولۇپ ، بىراق ھەسەن مۇدىر ئەلقۇد «مەسىلەن» دېگەن سۆزنى سورىغان ئوخشايدۇ ، دەپ جاۋاب بەردى .

— ئەرەبچىدىن .

ئەلقۇد ئەمدى نېمىنى سورىسام بولار دەپ ئويلاۋېتىپ ، بىردىنلا بوۋىسىنىڭ مەيدىسىدىكى قەلەمگە كۆزى چۈشتى :

— قەلەم .

— ئەرەبچىدىن ، — ئەلقۇد قەلەم دېگەن سۆزنىڭمۇ ئەرەبچىدىن كىرگەنلىكىگە ھەيران قالدى . ئۇ يەنە نېمىنى سورىسام بولار دەپ ئەتراپقا قاراپ ، ئۆيدىكى كۆزىگە تاشلانغان نەرسىنى سوراپ باقماقچى بولدى . ھەسەن مۇدىرنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىدىمۇ ، سۇپىدىمۇ گىلەم بار ئىدى . ئەلقۇد گىلەم چوقۇم باشقا تىلدىن كىرگەن سۆز ئەمەس دەپ ئويلاپ ، سوراپ باقماقچى بولدى .

— ئەمىسە گىلەمچۇ ؟ — ھەسەن مۇدىر تېخىمۇ خىجىل بولغاندەك جاۋاب بەردى .

— پارسچىدىن .

ئەلقۇد مەخمەلدىن قىلىنغان ئىشىك پەردىسىگە تىكىلگىنىچە يەنە سورىدى .

— مەخمەل دېگەنچۇ ؟

— ئەرەبچىدىن .

ئەلقۇد كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇ ئالدىدا قويۇلۇپ تۇرغان تېلېۋىزورغا قارىدى . تېلېۋىزوردا «ئادەم ۋە تەبىئەت» دېگەن پروگراما بېرىلىۋاتاتتى . ئۇ تېلېۋىزوردا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سوراپ باقماقچى بولدى . ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى «ئادەم ۋە تەبىئەت» دېگەن پروگراممىنىڭ ئىسمىغا چۈشتى .

— ئادەم .

— ئەرەبچىدىن .

تېلېۋىزوردا بىر توپ شىر كېتىۋاتاتتى .

— شىر دېگەنچۇ ؟

— پارسچىدىن ، — ئەلقۇد پۇتۇنلەي ئۇمىدسىزلەندى . شۇ چاغدا تېلېۋىزوردىن دىكتورنىڭ چۇشەندۇرۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . «شىر قەدەملىرىنى ئاستا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . »
— ئۇنداق بولسا قەدەم دېگەن سۆزچۇ ؟
— ئەرەبچىدىن .
ئەلقۇد يەنە دىكتورنىڭ چۇشەندۇرۇشىدىكى سۆزلەردىن سوراپ باقماقچى بولدى . «شىر پەم بىلەن كېلىپ بىر بۆكەننى تۇتۇۋالدى . »
— پەم دېگەنچۇ ؟
— ئەرەبچىدىن .
ئەلقۇد ئازابلانغاندەك بېشىنى قاشلىدى .
— ئەگەر ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەر بولمىغان بولسا بىزنىڭ سۆزىمىز كەملىك قىلىدىكەنتۇق ـ ھە ؟
— شۇنداق ، ھازىرقى «كەملىك» دېگەن سۆزدىكى «كەم»مۇ پارسچىدىن كىرگەن . بىراق ، سەن ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن قامۇسىنى ئوقۇساڭ ، بىزنىڭ تىلىمىزنىڭمۇ كەم ئەمەسلىكىنى بىلىسەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر مىللەتنىڭ تىلى باشقا مىللەتلەردىن تىل قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ . بۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر قانۇنىيەت . لېكىن ، قوبۇل قىلىش ئىجاد قىلىشنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ ، ئەڭ يامان بولغىنى ئۆزىمىزدە بار سۆزلەرنىڭ ئورنىغىمۇ باشقا مىللەتتىن سۆز قوبۇل قىلىۋېرىش تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ . ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرى تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ قىلىش ئۇچۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ، — ئەلقۇد بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرھال بىلال بىلەن زىلالنى تېپىپ قەشقەرگە قايتا سەپەر قىلدى .
ئەلقۇدلار تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . ئۇلار مەقبەرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئۇلاردىن سەل بۇرۇن كەلگەن بىر توپ ئادەم مەقبەرىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانىكەن . ئەلقۇدلار مۇڭلۇق قىرائەتتىن

كېيىن مەقبەرىنى زىيارەت قىلدى .
ئەلقۇدلار مەقبەرىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئىگىلىگەنلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى :
مەھمۇد قەشقەرى مازارى — ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى (مىلادىيە 1008 — 1105 - يىللار ) ئانا يۇرتى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىن ، 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەردىكى «تاش بېلىق تېغى» (ھەزرىتى موللام تېغى ) باغرىدىكى سۇزۇك بۇلاق ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان . ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيگۈچى كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە خاتىرە ئۈچۈن ئىمارەت ياسىغان . ئالىمنىڭ مازىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، ياسىلىش شەكلى ، قۇرۇلمىسى ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە . 1985 - يىلى ئەسلىي شەكلى بويىچە قايتا ياسىلىپ ، تېخىمۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈلگەن . بۇ مەقبەرە ئالىمنىڭ ئەجىر - مېھنەتلىرى ئۈچۈن يەنىلا كەمدەك قىلاتتى . ئالىمنىڭ بۈيۈك قامۇسى ھەرقانداق بۈيۈك ئابىدىدىنمۇ بۈيۈك ئابىدىدۇر . ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ نۇرلىنىپ تۇرىدۇ .
ئەلقۇدلار ئوپالدىن يېنىپ يەنە قەشقەر شەھىرىگە كەلدى . ئۇلار ئەمدى يەنە بىر ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلماقچى بولدى . ئەلقۇد ئوپالدىن قەشقەرگە بېرىش يولىدا بوۋىسى ھەسەن مۇدىردىن ئاڭلىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ يازغان ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىگ» ھەققىدىكى تۆۋەندىكى دۇردانىلەرنى ئەسلىدى : «قۇتادغۇبىلىگ» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ، شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان . بۇ داستان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يېگانە بەدىئىي ئەسەر ۋە 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى . بۇ داستان پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق ناما-

ياندە بولۇش سوپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ زور قىممەتكە ئىگە .

«قۇتادغۇبىلىگ» ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر . شائىر ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند ـ نەسىھەتكە ئەمەس ، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ، كونكرېت ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئەسەردە تۆۋەندىكى تۆت پېرسوناژنىڭ ئوبرازى ناھايىتى يارقىن ۋە ئۆزگىچە يارىتىلغان :

ئەسەردىكى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى ئايتور تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ ، «ئادىل قانۇن» نىڭ سىمۋولى قىلىنغان .

ئەسەردىكى ۋەزىر ئايتولدى ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئىكەنلىكىنى ، ئەمما بەخت ـ سائادەتنىڭ قارارسىزلىقىنى ، تۇتۇشنى بىلمىسە ، ئۇنىڭ تېز قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . بەخت ـ سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ئەخلاقلىق ئادەم بولۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ .

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوبرازى ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىنمۇ يارقىنراق . ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ، بىلىم ئارقىلىق دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئوبرازدۇر .

ئەسەردىكى قانائەت سىمۋولى ئوغدۇرمىش ھەممىدىن مۇرەككەپ شەخس ، ئۇ ، ئالىم ، دانىشمەن ، پەيلاسوپ ، لېكىن رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زات .

ئەلقۇد ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بولۇپ ، قەشقەر شەھىرىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى . ئەلقۇد بوۋىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ باقمىغانىكەن . ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئالدىرىماقتا ئىدى .

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى مەقبەرىسى ئۆزد-گە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار قەدىمىي بىناكارلىقىنىڭ يەنە بىر روشەن ناماياندىسى ئىدى. ئەلقۇد-لار ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا قەش-قەرنى ھەقىقىي ساياھەت قىلغاندەك بولدى.

ئەلقۇد قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مۇتەپەككۇر شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى مىسرالار خېلى ئۇزۇنغىچە جاراڭلىدى:


بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ، مەھكەم تۇرا.


بىلۇرمەن دېسەڭ، سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز سانالدىڭ، بىلىملىك ئارا.

يولۇڭنى تۈزەتكىن، خۇي پەيلىڭ تۈزەت،
بول ئىككى جاھاندا تۆردە ئولتۇرا.

تىلىڭنى، گېلىڭنى يىغ، كۆپ ئۇخلىما،
كۆزۈڭ يۇم، قۇلاق ئەت بول راھەت تۇرا.

ئەلقۇدلار قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئەڭ يىراقتىكى يۇرت خوتەنگە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.





# 46 . ئەلقۇد خوتەندە

خوتەنگە بېرىشتىن بۇرۇنمۇ ئەلقۇد بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنى خوتەن ھەققىدە سۆزلىتىش ئۈچۈن ئاغزىنى تاتىلىدى .
— بوۋا ، سىز خوتەنگە بېرىپ باققانمۇ ؟
— ياق قوزام ، ماڭا خوتەنگە بېرىش نېسىپ بولمىدى .
— ئۇنداقتا ، خوتەن ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلمەيدىكەنسىز دە ؟
— بارمىغان بىلەن خوتەن ھەققىدىمۇ ئاز - تولا بىرنەرسە بىلىمەن . قانداق ، تۇيۇقسىز بۇ گەپنى سوراپ قالدىڭغۇ ؟
— قارىسام خوتەن ھەققىدە پەقەت گەپ قىلمايسىز ، شۇڭا دەيمىنا .
— ئۇنداق بولسا ساڭا خوتەن ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى دەپ بېرەي .
ھەسەن مۇدىر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى :
— خوتەن قەدىمدە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان بولۇپ ، «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى .
خوتەندە قەدىمىي مەدەنىيەت خارابىلىرى ۋە قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن ، نىيە قەدىمىي شەھىرى ۋە يوتقان خارابىلىقى ، دەندان - ئۆيلۈك قەدىمىي شەھىرى ، ئاق سىپىل قەدىمىي شەھىرى . بۇ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ خارابىلىقىدىن تېپىلغان نۇرغۇن بۇيۇملاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، شانلىق تارىخىي داستان ھېسابلىنىدۇ ، بولۇپمۇ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلى دۇنيادا تەڭداشسىزدۇر . . . — ھەسەن مۇدىر خوتەن ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرگەن بولغاچقا ، خوتەن ھەققىدە خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى ، — خوتەندە ھەيۋەتلىك ئېگىز قارلىق

تاغلار ، گۈزەل مۇزلۇقلار ، سىرلىق غارلار ، قەدىمىي قىيا تاش رەسىملىرى ، سىرلىق چۆل ـ جەزىرە چاتقاللىرى ، ھەيۋەتلىك قۇملۇقلار ، سىرلىق ، ئاجايىپ قىزىلتاغ ، ئاق تاغ ، گۈزەل كۆركەم كۆللەر ، بىپايان ئوتلاق . . . نەچچە يۈز يىللىق ياڭاق پادىشاھى ، چىنار پادىشاھى ، ئەنجۈر پادىشاھى ، ئۈزۈم پادىشاھى بار . شۇنداقلا ، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان قەدىمىي قورغان ، قەدىمىي دەريا-لار ، جەڭگاھلار بار . . .

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ خوتەنگە كەلدى .

ئەلقۇدلار خوتەن شەھىرىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ 500 يىل-لىق ياڭاق پادىشاھىنىڭ ماكانى خوتەن ناھىيىسى باغچى بازىرىنىڭ قارلىغاچ كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتى . ئاپتوبۇس باغچى كەنتىگە يېقىنلىشىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۈزۈم كارىدورلىرىدىن ئۆتتى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بوستانلىقلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ قالىدىغان يوغان دەرەخلەرنى كۆرۈپ بىلال بىلەن زىلال ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ كېتەتتى .

— ئەلقۇد ، سەن گېپىنى قىلغان 500 يىللىق ياڭاق دەرىخى ئاشۇمۇ ؟

ئەلقۇدمۇ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالغاچقا ، ئۇلارنىڭ سوئالىغا قىسقىچە جاۋاب بەردى .

— ئاز گەپ قىلىڭلار ، مۇشۇ ئاپتوبۇس بىزنى ئاشۇ ياڭاقنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ ، بۇ ئاپتوبۇستىكىلەرمۇ ئاشۇ يەرگە بارىدۇ .

ئاپتوبۇس يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ياڭاق پادىشاھىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . ئەلقۇدلار ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ ـ تېنەپ چۈشتى . بۇ قەدىمىي ياڭاقنىڭ غولىغا 5 ~ 6 چوڭ ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتەتتى . ياڭاق دەرىخىنىڭ شاخلىرى ناھايىتى باراق-سان ئۆسكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ سايىسىدا نەچچە يۈز ئادەم سايىدالايتتى .

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ دەرەخ كاۋاكلىشىپ ، دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئۆڭكۈرگە ئوخشايدىغان تۆشۈك پەيدا بولغاند-

ىدى . ئەلقۇدلار ئاشۇ «تۆشۈك»كە كىرىپ خۇددى ياغاچتىن ياسال-
غان ئۆيگە كىرگەندەك ئۇنىڭ تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى «تۈڭلۈ-
كى»گە قارىدى . ياڭاق دەرىخىنىڭ بولۇق شاخلىرى مېۋىلىرىنى
كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ تۇراتتى . بۇ دەرەختىن هازىرمۇ 5 ~ 6 مىڭ
ياڭاق ئالغىلى بولىدىكەن . بۇ ياڭاق پادىشاھىغا 12 مېتىر كېلىدى-
غان يەردە ياڭاق پادىشاھىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ، يەنە
بىر ياڭاق دەرىخى بولۇپ ، ئۇ ياڭاق پادىشاھىدەك چوڭ بولمىسىمۇ ،
ئۇنىڭ غولىغىمۇ ئىككى ئادەمنىڭ غولىچى ئاران يېتەتتى . شاخ -
شۇمبىلىرى ياڭاق پادىشاھىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى بىلەن گىرەلى-
شىپ كەتكەنىدى . ئۇلار بىر قارىماققا كۆيۈمچان ئانا - بالىغا
ئوخشايتتى .

ئەلقۇدلار بۇ ياڭاق پادىشاھىنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئويى-
نىدى .

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي بۇ ياڭاقنىڭ يېنىدا ئەل-
قۇدلاردىن باشقا هېچكىم قالمىدى . شۇ چاغدا بۇ هەيۋەتلىك ياڭاق
بىردىنلا ئاجايىپ زور گەۋدىلىك يېشىل چاچلىق ئانىغا ئايلاندى .

— باللىرىم ، سىلەرنىڭ مېنى شۇنچە يىراق يەردىن يوقلاپ
كەلگىنىڭلارغا رەھمەت ، يولۇڭلارغا قاراۋاتقىلى خېلى بولدى . ئا-
خىر كەلدىڭلار ، هەشقاللا ، — ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاۋازى مېھرىبان
مومايلارنىڭكىدەك ناهايىتى يېقىملىق چىقاتتى .

ئەلقۇد بۇ يېشىل مومايغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، موما ! — دېدى . بىلال بىلەن زىلالمۇ
ئەلقۇدقا ئەگىشىپ سالام قىلدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، باللىرىم .

— موما ، سىلى گەپ قىلالامدىلا ؟ — ئەلقۇد «يېشىل موماي»
دىن سورىدى .

— راست گەپنى قىلسام 500 ياشتىن ئاشقىنىم بىلەن مۇشۇ
ۋاققىچە بىرەر ئىنسان بالىسىغا گەپ قىلىپ باقمىغانىدىم . بۇ ئادەم
باللىرىغا تۇنجى قېتىم گەپ قىلىشىم ، ئەسلىي سىلەرگىمۇ گەپ
قىلمايتتىم ، ئەلقۇدنىڭ بويىنىدىكى تۇمار مېنى گەپ قىلىشقا ئۈندى-

دى ، — ئەلقۇد بويىندىكى چاقناپ تۇرغان تۇمارنىغا پەخىرلىنىپ قاراپ قويدى . يېشىل موماي گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىلەرنىڭ خوتەن دىيارىغا كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمەن ، سىلەر خوتەندە كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ، مەن ئالدى بىلەن ئۆز جەمەتىمدىن بولغان مېۋىدىن سۆز ئاچسام بۇ يەردە ھەر خىل سورتلۇق مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن ، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى ، كىشمىش ئۈزۈم ، سېرىق ئۈزۈم ، مۇناقى ، سەيۋە ئۈزۈم ، چىلگە كۆك ئۈزۈم ، ئۆرۈك سورتلىرىدىن قارا خوۋانە ، قاپاق خوۋانە ، گۆشلۈك ئۆرۈك ، پىلەز ئۆرۈك ، «ئاق ياغلىق» ، «سېرىق ياغلىق» ، «قارا جانانە» ، «ياپىلاق جانانە» ، «مۇرىۋىل ئۆرۈك» ، خەشەك ئۆرۈك قاتارلىق ئۆرۈكلەر بار . شاپتۇل تۈرلىرىدىن يەنە توغاچ ، سېرىق شاپتۇل ، تاتلىق مېغىزلىق شاپتۇل ، يېسسا شاپتۇل قاتارلىقلار بار . ئۇنىڭدىن باشقا ياڭاق ، ئانار ، نەشپۈت ، ئالما ، ئامۇت ، ئەنجۇر ، بېھى ، چىلان ، بادامىلارنىڭمۇ تۈرلۈك سورتلىرى بار ، — ئەلقۇدلار يېشىل مومايىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى . يېشىل مومايىنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ئەلقۇدلارنىڭ خوتەندىكى قىسقىغىنە ساياھىتىنى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىشى مۇمكىن ئىدى .

— ئەلقۇد ، سىلەرگە دەپ قوياي ، خوتەن ناھىيىسى لايقا يېزىسىدا 400 يىللىق ئەنجۇر پادىشاھى بار ، لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگى يېزىسىغا بارساڭلار يۈز ياشلىق ئۈزۈم پادىشاھىنى كۆرىسىلەر ، قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسى گۈلباغ كەنتىگە بارساڭلار يېشى مەندىن ئانچە قېلىشمايدىغان توغراقنى كۆرىسىلەر ، بۇ يەردە سىلەر يەنە نەچچە يۈز چاقىرىملىق ئۈزۈم كارىدورىنى كۆرىسىلەر .

ئەلقۇد ئۆزىنى يەنە ئاپتوبۇستا كۆردى . ھازىرلا گەپ قىلىۋاتقان «ياڭاق موماي»نى چۈشىدە كۆردىمۇ ياكى ئۆزى شۇنداق خىيال قىلىپ قالدىمۇ بىلەلمەي قالدى .

ئەلقۇدلار خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ ، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ بازار ، رەستىلىرىنى سەيلە قىلىپ ، بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ، گۆشگىردە بىلەن قورسىقىنى توقلىدى .

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى زىلال قورسىقى تويغاندىن كېيىن ، كۈتكۈچى قويۇپ بەرگەن چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىپ ئەس-نەپ تۇرۇپ .

— خوتەن بىزنىڭ مەھەللىمىزگە ئەڭ يىراق يەر ، بۇ يەرگە بوۋامۇ كېلىپ باقماپتىكەن ، كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ كېتەيلى ، بىلىسىلەرغۇ ، تۇمار بىزنى بىر يۇرت-قا بىر قېتىملا ئاپىرىمەن دېگەن . ئۇ ئالىملىرىمىز مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەشقەرگە 2 - قېتىم بېرىشىمىزغا قوشۇلدى . ئەمدى كەتسەك خوتەنگە ئىككىنچى كېلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن ، بۇ يەرنى تولۇق كۆرۈپ كېتەيلى ، — بىلال بىلەن زىلالمۇ ئەلقۇدنىڭ گېپىگە قوشۇلدى . ئۇلار ئەمدى نېمىلەرنى كۆرسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى . ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنى بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن ھازىرلا يېتىپ كېلىمەن ، دەپ تۇمار بىلەن مەسلىھەتلەشتى .

— خاسىيەتلىك تۇمارىم ، بىزنى خوتەنگە ئېلىپ كەلگەنلىكى-ڭىزگە رەھمەت ، بۇ يەردە كۆپ نەرسىلەرنى كۆردۇق . يەنە كۆرۈش-كە تېگىشلىك نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، ھەرقانداق قىلىپ-مۇ ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بولالمايمىز . شۇڭا ، بىزگە خوتەندە كۆرمىسەك بولمايدىغان نەرسىلەرنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز .

— خوتەندە سىلەر كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ بولالمايسىلەر ، شۇڭا خوتەندىكى قاشتې-شى ، خوتەن گىلىمى ۋە خوتەن ئەتلىسىنى كۆرۈپ كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ ، مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى كۆرسەڭلارمۇ خوتەن خەلقى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىسىلەر .

ئەلقۇد بىلال بىلەن زىلالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاۋۋال خوتەن گىلەملىرىنى كۆرمەكچى بولدى . ئەلقۇدلار گىلەم بازىرىغا كېلىپ بۇ يەردىكى رەڭگارەڭ ، خىلمۇخىل نۇسخىدىكى گىلەملەرنى كۆ-رۈپ ، خۇددى رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان گۈلزارلىققا كىرىپ قالغاندەك بولدى .

ئەلقۇدلار گىلەم سېتىپ ئولتۇرغان 50 نەچچە ياشلار چامىسى-

دىكى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، تاغا !
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بالىلىرىم ، — ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەلقۇدلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى .
ئەلقۇدلار ئۇ ئادەم بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكى ، ئەگەر خالىسا خوتەن گىلىمى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندى .
— بولىدۇ ، بولىدۇ ، — دېدى مەتتوختى ئىسىملىك كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بۈگۈن سودامىز ياخشى بولغان ، خېرىدارلىرىمىز ئاياغلىشىپ قالغانىدەك قىلىدۇ . سىلەرگە خوتەندە گىلەمنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي . بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويلىرى ئەتراپىدا باھار پەيزىگە چۆمگەن بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي قوش قاناتلىق دۇلدۇلغا مىنىپ ئادەملەر ئارىسىغا چۈشۈپتۇ . بوۋاي مىنگەن دۇلدۇلنىڭ ئېگىرىگە رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ناھايىتى چىرايلىق بىر گىلەم سېلىنغانىكەن . ئاشۇ گىلەمدىن ئۆزگىرىشچان ، نۇرلۇق گۈل نۇسخىلىرى جۇلالىنىپ ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىپتۇ . گىلەمنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولغان كىشىلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ . ھېلىقى ئاق ساقاللىق بوۋاي ئەسلىدە گىلەمچىلىك پىرى (نەقىشۋەن پىرىم ) ئىكەن . شۇ چاغدا خوتەندە ناھايىتى ئۇز ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر قىز بولۇپ ، ئۇ قىزنىڭ ئىسمى گىلەمخان ئىكەن . گىلەمخان نەقىشۋەن پىرىمنى ئۇستاز تۇتۇپ ، گىلەم توقۇشنى ئۆگەنمەكچى بولۇپتۇ . گىلەمخان ناھايىتى تىرىشچان ، زېرەك قىز بولغاچقا ، نەقىشۋەن پىرىمدىن گىلەم توقۇشنى ياخشى ئۆگىنىپتۇ ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىپتۇ . ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە گىلەمچىلىك ئەقىل ـ پاراسەتلىك خوتەن خەلقى تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپتۇ ، — مەتتوختى ئاكا ئەلقۇدلارغا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — يۇقىرىقى گەپ بىر رىۋايەت بولسىمۇ ، بىراق گىلەمچىلىكنىڭ خوتەندە ناھايىتى بۇرۇن بارلىقىغا كەلگەنلى-

كىنى چۈشەندۈرىدۇ . مانا قاراڭلار ، — مەتتوختى ئاكا ئەلقۇدلارغا گىلەملەرنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — خوتەن گىلىمىنىڭ يىپى خوتەن قويىنىڭ يۇڭىدىن ئىشلىنىدۇ . خوتەن قوي يۇڭى تالاسىنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى مۇۋاپىق ، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك ، پارقىراق كېلىدۇ . يۇڭ تاشلىمايدۇ ، توقۇلۇپ پۈتكەن بۇ خىل گىلەملەر سۈپەتلىك ، يۇمشاق ، چىدامىلىق بولىدۇ . ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتسىمۇ رەڭگى ئۆچمەيدۇ ۋە ئۇزاق چىدايدۇ ، چىرىمەيدۇ ، ماۋۇ گىلەملەردىكى گۈل نۇسخىلىرىنى كۆرۈۋاتقانسىلەر ، خوتەن گىلىمىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئۆزگىچە بولۇپ ، نەپىس ، رەڭدار كېلىدۇ . بۇ گۈل نۇسخىلىرىدا مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلەنگەن . قاراڭلار ، ماۋۇ «ئانار گۈلى» ، ئەنە ئاۋۇ «شام نۇسخا چاچما» ، «ئەدىيال نۇسخا» ، مانا ماۋۇ «بەش چېچەك» نۇسخا . ھازىر يېڭى نۇسخىلارمۇ چىقىۋاتىدۇ .

ئەلقۇدلار گىلەم بازىرىدىن يېنىپ قاشتېشى بازىرىنىمۇ زىيارەت قىلدى . ئۇلار خوتەن قاشتېشى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدى .

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، خوتەن قاشتېشى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا دۇنياغا تونۇلغان . خوتەن قاشتېشىنىڭ ھەرقانداق جاينىڭ قاشتېشىدىن ئېسىل ئىكەنلىكى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان .

خوتەندىكى قاشتېشىنىڭ تۈرىنى ئاق قاشتېشى ، زۇمرەت قاشتېشى ، قارا قاشتېشى ، كۆك قاشتېشى ، سېرىق قاشتېشى ، قىزىل قاشتېشى ۋە كاۋاش قاتارلىقلارغا بۆلۈش مۇمكىن . بۇنىڭ ئىچىدە قوي يېغىدەك ئاق ، كاشتاندەك سېرىق ، خوراز تاجىسىدەك قىزىل ، سىياھتەك قارىلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ . ئاق قاشتېشى ئەڭ ياخشى .

ئەلقۇدلار خوتەندە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ۋاقىت يار بەرمىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۇچقۇلىرىغا مىنىپ (تۇمارنىڭ ئەلقۇدلارغا مۇۋاپىق چاغدا ئۇچقۇ پەيدا قىلىپ بېرىدىغىنىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر ) خوتەن ئاسمىنىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ

يۈردى. ئۇلار بۇ قەدىمىي ماكاندا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەلقۇد شۇ چاغدا بوۋىسى ھەسەن مۇدىرنىڭ سۆزىنى ئويلىدى:

— يېڭىلىقلارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كەلگىنى ياخشى، لېكىن ئاشۇ يېڭىلىقلار ئەنئەنە ۋە قەدىمىي خاسلىقنى ئۆزگە يىلتىز قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى يېڭىلىق بولالايدۇ.

ئەلقۇدلار قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن قايتىپ تەڭرىتاغلىرى ئارقىلىق ئۆز مەھەللىسىگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ساياھەتلىرى يەنە داۋاملىشىدۇ. لېكىن، بىز ئەلقۇدنىڭ ساياھىتىگە بېغىشلانغان سەھىپىلىرىمىزنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىمىز. ئەلقۇد ھەققىدىكى باشقا ھېكايىلەرنى مەن سىلەرگە يەنە سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن. ئەلقۇد خوتەندىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ مەيدىسىنى سىلاپ بېقىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خاسىيەتلىك تۇمارى يوق تۇراتتى. ئەلقۇد ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتى.

— خاسىيەتلىك تۇمارىم، سىز نەگە كەتتىڭىز؟! — ئەلقۇد بىرنەچچە قېتىم توۋلىغان بولسىمۇ، ئەتراپتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئەلقۇدنىڭ كۆز ئالدىدا يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي پەيدا بولۇپ، «خەير - خوش ئوغلۇم» دېگىنىچە غايىب بولدى.

**图书在版编目（CIP）数据**

艾勒库特的古乡情：维吾尔文/艾合买提江·库尔班著.—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2008.7

ISBN 978—7—5631—2191—5

Ⅰ．艾… Ⅱ．艾… Ⅲ．新疆—概况—少年读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．K924.5—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 101173 号

策　　划：阿丽雅·阿布都克里木
责任编辑：阿丽雅·阿布都克里木
责任校对：阿达来提·亚合甫
封面设计：努尔买买提·艾买尔
插　　图：图尔逊·依沙克

艾勒库特的古乡情
（儿童长篇小说）

艾合买提江·库尔班·萨比热　著

*　　　　*　　　　*

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编：830046）
新疆翼百丰印务有限公司印刷
新疆新华书店发行
880×1230 毫米　32 开本　12.25 印张
2008 年 7 月第 1 版　2008 年 11 月第 1 次印刷

*　　　　*　　　　*

ISBN 978—7—5631—2191—5
定价：26.00 元